«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا

(ئىككىنچى توم ئۈچىنچى كىتاب)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شىنجاڭدا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە يېقىندىن قوللىشى، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دائىرىسىدىكى 86 توملۇق كەسپىي تەزكىرە، 100 نەچچە توم ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى، يىلدا بىر توم نەشر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

كەسپىي تەزكىرىلەر ۋە جايلار تەزكىرىلىرىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئۆز ئالدىغا پەسىللىك «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ ئاشكارا تارقىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ژۇرنالدا تەزكىرىچىلىككە دائىر مۇھىم ھۆججەتلەر ئېلان قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە تەزكىرە تۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن زور ـ زور ئىش ھەم ۋەقەلەر، بۇ ئىش ھەم ۋەقەلەرگە باغلىنىشلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەر توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق، ئەمەلىي ماتېرىيال ئاساسىدا يېزىلغان، كۆزقاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئوخشاش بولمىغان ماقالىلەرمۇ ئەينەن، كەڭ تۈردە ئېلان قىلىنىپ، تارىخ ـ تەزكىرە ساھەسىدىكى خادىملارغا ھەم كەڭ ئوقۇر-

مەنلەرگە ئوبدان ئەينەك، ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق بولدى. «شىنـ
جاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى كۆزدە
تۇتقان مىللەتلەر نەشرىياتى رەھبەرلىكىنىڭ ھاۋالە قىلىشى ۋە
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى رەھبەر ـ
لىكىنىڭ قوشۇلۇشى ھەم قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، «شىنجاڭ
تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 20 نەچچە يىلدىن بۇ ـ
يانقى سانلىرىنىڭ «تارىخىي شەخسلەر»، «تارىخ سەھىپىسىدە»،
«تارىخىي ئەسلىمە»، «ئىلمىي مۇھاكىمە»، «يەر ـ جاي ناملىرى
تەتقىقاتى» قاتارلىق سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم
ماقالىلەر ئىچىدىكى ئەتىۋارلاپ ساقلاش، تەتقىق قىلىش ھەم پايـ
دىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنى تاللاپ سۇندۇق. «شىنجاڭ
تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئەسلىدە شىنجاڭدىكى تارىخ ـ تەزكىـ
رىچىلەر قوشۇنىنى تەربىيەلەش، ئۇلارنى ھەرقايسى ناھىيە، شە ـ
ھەر، ۋىلايەت، ئوبلاست ھەمدە ھەرقايسى كەسپىي تەزكىرىلەرنى
تۈزۈشتە زۆرۈر بولغان خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش مەقـ
سىتىدە تەسىس قىلىنغاچقا، تارىختا سەلبىي ـ ئىجابىي رول ئويـ
نىغان ھەر خىل شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىمۇ تەزكىرىچىلىك
ئىلمىنىڭ جېنى ھېسابلانغان «بايان قىلىش، مۇھاكىمە يۈرگۈز ـ
مەسلىك» پىرىنسىپى ئاساسىدا ماتېرىيال سۈپىتىدە بېرىلگەن.

شۇڭا كىتابخانلارنىڭ بۇ خىلدىكى ماتېرىياللارغا مۇشۇ زامان
تۇرغۇسىدىن ئەمەس بەلكى ئەينى دەۋر نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامىـ
لە قىلىشى ۋە تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ش
ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، شۇ مۇناسىـ
ۋەت بىلەن بۇ يەردە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

نۇرمۇھەممەد دۆلەتى
2010 ـ يىلى نويابىر

# مۇندەرىجە

«شەرھى شىكەستە»نىڭ لېنىنگراد قولىيازمىسى توغرىسىدا ......
.......... ئابدۇشۈكۈر تۇردى 1
تۆت پارچە كونا كىتاب .......... مائىجىما شىنجى 10
«خوتەن تېكستلىرى» توغرىسىدا .......... خ. ۋ. بايلېي 18
كۆك تۈركچە مەنبەلەردە كۆرۈلىدىغان قەبىلە ۋە قەۋملەردىن
چىكلار .......... سائادەتتىن گۆمەچ 31
ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قول-
يازمىلار .......... ئابلىز ئورخۇن 35
گاۋ جۈخۇينىڭ «ئۇدۇن خاتىرىسى» ناملىق سەپەرنامىسى ........
.......... مەخمۇت نىزامى 49
چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا يولغا قويغان مەنسەپ تەشكىلىي تۈ-
زۈلمىسى .......... ئابدۇساتتار ھامىدىن 58
ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئوسمانىنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشى ..........
.......... خۇاڭ جيەنخۇا 63
موررىسوننىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار خاتىرىلىرى ھەققىدە ..........
.......... سۇگاۋارا جۇن 83
گابرىل بونۋالوت خاتىرىلىگەن لوپنورلۇقلارنىڭ تارىخىي داستا-
نى ھەققىدە .......... غالىپ بارات ئەرك 91
تۇرپان، پىچان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى كۈرەشلىرى
.......... مامۇت غازى 98
نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە ..........
.......... ئوئىشى شىنئىچىرۇ 110
20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋە-

زىيتىدىكى بوران ـ چاپقۇن ۋە ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ........
........................................................ يۈەن شۇ 125
ئۇلار مەڭگۇ هايات ..............................................
..................... ئابدۇۋايىت ئۇلاتايېۇ، ئابدۇرېھىم ياقۇپ 145
ئىلى مۇستەقىل باتالىيونى ....... ھەسەن نۇر ھاجى بولۇس 154
ئەزەن دۆلۈك ......................................... مۇھەممەدىن ۋېلەم 165
خرىستىئان دىنىنىڭ قەدىمكى قەشقەر رايونىدىكى تەسىرى ۋە
شۇۋېتسىيە خرىستىئان دىنى تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ قەشقەردە
تۇرۇشلۇق ۋاكالەتخانىسى ........... ئادىل مۇھەممەت تۇران 169
«تورپاق يېغىلىقى» توغرىسىدا ................ ئوسمان تۆمۈر 176
شىخشۇ يېزىسىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش سەۋەبى ۋە
ئۇلارنىڭ يۇرت ـ ماكان قۇرۇش جەريانى ...... ئابدۇلئەزىز ماموت 181
قەشقەر پۇلى پاجىئەسى ........................ قەمەرجان قابىل 187
غېنىزات خوجا ۋە ئۇنىڭ «تايغان»لىرى ........ ئەخمەت بايىزى 192
كۇچا تەلەمەت داۋىنى ھاشىرى ....... ھۇسەيىن ئىمىن ھاجى 197
شۋېتسىيىدە ساقلانغان شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار ............
..................................................... شىنمەن ياسۇشى 204
مەرىپەت بۆشۈكى ـــ ئىلى بىلىم يۇرتى ........ مىرغىياس يۇسۇپ 224
1949 ـ يىلىدىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان
گېزىت ـ ژۇرناللار ............................. ئەرشىدىن تاتلىق 242
كەلپىن تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ....................
............................................. ئابدۇساتتار ھامىدىن 252
1949 ـ يىلىدىن ئىلگىرى قەشقەردە ئىشلىتىلگەن پۇللار .......
........................................ مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 265
ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر ........................
....................................................... قۇربانجان ئابلىمىت 272
«رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ستاتىستىكىلىق لۇ ـ
غىتى»دىكى شىنجاڭغا ئائىت مەلۇماتلار ..... رەخمەتجان يۇسۇپ 279

ئىلى دەرياسىنىڭ تارىختىكى سۇ قاتناش ئىشلىرى ..............
........ خەپىز ساتتار سالىھ 289
نوشىرۋان يائۇشىپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ..........................
........ ھۇسەيىن ئەبەيدۇللا 300
شىنجاڭدا قۇرۇلغان چەت ئەل كونسۇلخانىلىرى ...................
........ ئابدۇرېھىم ياقۇپ 307
قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىـ
شى.......................... مېي سۇن 328
موڭغۇللار دەۋرىدىكى پولات شەھىرى ....... ئەركىن ئەرشىدىن 340
مارك ئاۋرېل ستەيىننىڭ غەربىي رايوندىكى ئېكسپېدىتسىيە پاـ
ئالىيەتلىرى ........................ ئەركىن ئەرشىدىن 347
مىڭ يىللاپ ئۇيقۇدا ياتقان ئوغاي بالىق قەدىمكى دۆلىتىنىڭ
چۇمپەردىسى ئېچىلدى .......................... فۇ دو 351
ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەڭ دەسلەپ كەلگەن ئەرەب سایاھەتچىلىرى
................................ جەمىلە ئابلا 355
قەدىمىي شەھەر بېشبالىق ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ بېشـ
بالىقنى تالىشىشى ........................ ئابلەت نۇردۇن 358
ئۇرۇمچى ـــ يەنئەن ئارىلىقىدا سىمسىز تېلېگراف ئالاقىسى يولـ
غا قويۇلغانلىقىنىڭ باش ـ ئاخىرى .......... چياۋ رېنشىن 362
1954 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايىتىدە يۈز
بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانى ........
................................................ كاڭ جۇاڭ 369
«غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى»دىن پارچە ..........
........................... س. گ. كلياشتورنىي 379
ئاتالمىش «تۈركىستان» ھەققىدە ................ ۋاڭ جىلەي 398
تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئەچىلىككە قوشقان مۇھىم تۆھـ
پىسى ......................... شى جىنبو، ياسىن ھوشۇر 409
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئۈچ قېتىملىق چوڭ يۇغۇرۇـ

لۇش دولقۇنى ........................... ئەسەت سۇلايمان 419
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا .......
......................................... سەيدۇللا سەيپۇللايېف 453
ئاق گۋاردىيىچى گېنېرال دۇتوفنى كىم ئۆلتۈرگەن؟ ..............
......................................... ھۈسەيىن ئەبەيدۇللا 468
جان تىكىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنى كېسىپ ئۆ-
تۈش ................................................... 475
ئەلەمنىڭ ئورنىغا قەلەم كەتتى ................ مامۇت غازى 489
قاراقاشتا 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان ئەنئەنىۋى
مائارىپ ....................................... مەمتىمىن نۇرى 493
تۇتقىلى كېلىپ تۇتۇلۇپ قېلىش ................ مامۇت غازى 500
دىۋانىلەر ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم ............. مامۇت غازى 503
تازغۇنغا ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىش ۋەقەسى توغرىسىدا ئاڭلىد-
غانلىرىم .................. ئوسمان مۇھەممەدى قاراقۇتلۇق 516

# «شەرھى شكەستە»نىڭ لېنىنگراد قولىيازمىسى توغرىسىدا

## ئابدۇشۈكۈر تۇردى

«شەرھى شىكەستە» ناملىق ئەسەر ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى سېيىت مۇھەممەت بىزگە ئى. پانتۇسوف 1909 - يىلى قازاندا نەشر قىلغان «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلگىلىرى» دېگەن كىتابتىن مەلۇم بولغانىدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا 87 يىل بولدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەسەرنىڭ مۇشۇ باسما نۇسخىسىغا ئاساسەن بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى، شۇنداقلا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە بۇ ئەسەردىن پارچىلار كىرگۈزۈلدى. ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى مەزكۇر ئەسەر ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، بەزى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئەسەر مەتبۇئاتتا تولۇقى بىلەن تونۇشتۇرۇلمىدى، شۇنداقلا ئەسەر ئۈستىدە كەڭ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلمىدى. بىزنىڭ قولىمىزدا پانتۇسوف نەشر قىلىشتا ئاساسلانغان قولىيازما توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات يوق ئىدى. 1962 - يىلى ئا. مۇگىنوفنىڭ «ئاسىيا خەلقلىرى مۇزېيىدىكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار» دېگەن كىتابىدا «شەرھى شىكەستە»نىڭ لېنىنگراد شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قولىيازما نۇسخىسى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ، قولىيازمىنىڭ تەپسىلاتى مەلۇم بولمىغاچقا، ئۇ پانتۇسوف ئاساسلانغان نۇسخا بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىنغانىدى.

مەن 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىلمىي كاماندىروپكا بىلەن بارغىنىمدا، فىلولوگىيە پەنلىرى-

نىڭ كاندىداتى ساۋۇت موللاۋۇتوف بىلەن ئىلمىي سۆھبەتتە بولدۇم. ئۇ مېنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلار توغرىسىدا مول ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىش بىلەن بىللە، لېنىنگرادتا «شەرھى شىكەستە»نىڭ تېخى ئېلان قىلىنمىغان بىر قولىيازمىسى بارلىقىنى ئېيتتى ھەمدە قولىيازمىنىڭ فوتو نۇسخىسى بىلەن تونۇشتۇردى. ئەينى چاغدا ۋاقىت قىس، ئىمكانىيەت چەكلىك بولغاچقا، قولىيازمىنىڭ فوتو نۇسخىسىنى ئېلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئۇنىڭ تېكىستىنى ئۇنلۇك ئوقۇپ، مىكرو ئۇنئالغۇغا ئېلىۋالغانىدىم. 1991 - يىلى يانۋاردا لېنىنگراد شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىنى زىيارەت قىلغىنىمدا، مەزكۇر قولىيازمىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. لېنىنگرادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «شەرھى شىكەستە»نى مىكرو ئۇنئالغۇغا ئېلىنغان نۇسخا بويىچە خاتىرىلەپ چىقتىم. خاتىرىدە ئەسەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى تولۇق تۇرغۇزۇلغان، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بولسىمۇ، لېكىن قولىيازمىنىڭ يېزىق خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇڭا ئەسەرنى رەسمىي رەتلەنگەن ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست سۈپىتىدە ئېلان قىلىش ئىلمىي تېكستولوگىيە پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. 1995 - يىلى ساۋۇت موللاۋۇتوف ئۈرۈمچىگە زىيارەتكە كەلگىنىدە، بىزنى مەزكۇر ئەسەرنىڭ لېنىنگراد قولىيازمىسىنىڭ ئۆزى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان تېكىستى ۋە قازان باسمىسى نۇسخىسى بىلەن تەمىن ئەتتى، ئارقىدىن لېنىنگراد قولىيازمىسىنىڭ فوتو كوپىيىسىنىمۇ ئەۋەتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز مەزكۇر قولىيازمىنىڭ ئۇنئالغۇ بويىچە رەتلەنگەن نۇسخىسىنى ساۋۇت موللاۋۇتوف ئېلان قىلغان نۇسخا ۋە قولىيازمىنىڭ ئەسلىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، بەزى گۇمانلىق سۆز - جۈملىلەرنى ئېنىقلاش، شۇنداقلا پانتۇسوف ئېلان قىلغان باسما نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. نەتىجىدە بۇ ئىككى نۇسخا

ئەسەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن خېلى كۆپ پەرق قىلىدىغان ئىككى
ۋارىيانتى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابخانلار ـ
نى «شەرھى شىكەستە»نىڭ كۆپچىلىككە تېخى تونۇش بولمىغان
لېنىنگراد قولىيازمىسى بىلەن تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتىم.

* * *

«شەرھى شىكەستە»نىڭ قولىيازمىسى ھازىر لېنىنگراد (ھا ـ
زىرقى سانكىت پېتربۇرگ) شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول ـ
يازمىلار فوندىدا «C1929» نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەسەر
ئاق فابرىكا قەغىزىگە نەستەلىق شەكلىدە ئىككى بەتلىك قىلىپ
(ئالدى ـ كەينىگە) كۆچۈرۈلگەن ۋە دەپتەر قىلىپ تۇپلەنگەن.
قولىيازما جەمئىي 14 ۋاراق (28 بەت). ئەسەرنىڭ فورماتى 17 ×
22 سانتىمېتىر، تېكست ئىگىلىگەن فورمات 15 × 19 سانتى ـ
مېتىر، قولىيازمىنىڭ تىتول بېتىگە «ئەزىم ئاخۇندىن» دېگەن
خەت يېزىلغان. بۇ، قولىيازمىنى كۆچۈرگۈچىنىڭ ئىسمىمۇ ياكى
ئۇنى بىرەرسىگە تەقدىم قىلغان زاتنىڭ ئىسمىمۇ، بۇنىسى تازا
ئېنىق ئەمەس. مېنىڭ پەرىزىمچە، قولىيازما ئاۋتوگراف (مۇئەل ـ
لىپ ئۆزىنىڭ قولىيازمىسى) بولماي، دەسلەپ كۆچۈرۈلگەن
نۇسخىلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك. قولىيازمىنىڭ بەزى سۆزلە ـ
رىنىڭ قارا سىياھتا ئۆچۈرۈلۈپ، ئۈستىگە سۇس سۆسۈن سى ـ
ياھتا تۈزىتىلگەنلىكى، بەزى مىسرالارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇپ، رەت
نومۇرى قويۇش يولى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى پىكرى ـ
مىزنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ. ساۋۇت موللاۋۇتوفنىڭ مەلۇماتىغا قا ـ
رىغاندا، مەزكۇر قولىيازمىنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا روسى ـ
يىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا كونسۇل خادىمى
بولۇپ تۇرغان ن. كروتكوف ئەينى ۋاقىتتىكى پېتربورگ ئاسى ـ
يا خەلقلىرى مۇزېيىغا تاپشۇرغان ئىكەن. ئەسەرنىڭ قولىيازما
نۇسخىسى توغرىسىدا بەزى كاتالوگلاردا قىسقىچە مەلۇمات بې ـ
رىلگەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە رەسمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمى ـ

غانىدى، ساۋۇت موللاۋۇتوف «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىدە ئەسەر-نىڭ تولۇق تېكىستىنى قىسقىچە كىرىش سۆز بىلەن تۇنجى قېتىم ئېلان قىلدى.

«شەرھى شىكەستە» ئالتە ۋاقىئاتتىن، يەنى ئالتە قىسىم-دىن تەركىپ تاپقان، 1 ـ، 5 ـ، 6 ـ ۋاقىئاتلار مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ۋاقىئاتلار غەزەل شەكلىدە يېزىلغان (قازان باسمىسى نۇسخىسىدا ۋاقىئات بەش بولۇپ، 3 ـ ۋاقىئات بىلەن 4 ـ ۋاقىئات قوشۇۋېتىلگەن). ئەسەردە 1881 ـ يىلى چارروسىيە ئون يىل بېسىپ ياتقان ئىلى رايونىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدى-كى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان، شۇنداقلا شائىرنىڭ بۇ ۋەقەلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، ھېسسىياتى ۋە روھىي دۇنياسى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.

«شەرھى شىكەستە»نىڭ لىرىكىلىق قولىيازمىسى بىزگە شا-ئىرنىڭ ھاياتى توغرىسىدا پانتۇسوفنىڭ باسما نۇسخىسىدا بول-مىغان يېڭى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ، شۇنداقلا شائىرنىڭ دۇنيا قا-رىشىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئەسەرنىڭ قازان باسمىسىغا تايىنىپ قىلىنغان تەتقىقاتلاردا شائىر ھاياتىنىڭ ئاخىرى قانداق بولغانلىقى توغ-رىسىدىكى خۇلاسە مۇجمەل ئىدى. كۆپىنچە، شائىرنىڭ «ياخشى قال» رادىفلىق غەزىلىگە قاراپ، شائىر يەتتىسۇغا، يەنى چېلەك رايونىغا كۆچۈپ چىقىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان، دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ كەلگەنىدى. ئەسەرنىڭ لىرىكىلىق قولىياز-مىسى بۇ خۇلاسىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە شائىر يەتتىسۇغا كۆچ-مىگەن، ئىلىدا قالغان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىمىزگە ئاساس تېپىپ بېرىدۇ. تۆۋەندىكى مىسرالارغا قاراپ باقايلى:

سەيدمۇھەممەد سەن ئۆزۈڭ كەتسەڭ ئىلەدىن خوشلاشىپ،
بۇندا قالغان خەلقلەرنىڭ ياخشى ـ يامانى ياخشى قال.

قازان باسمىسىدا يوق بۇ غەزەلنىڭ مەزمۇنىدىن شائىرنىڭ تېخى كۆچۈپ كەتمىگەنلىكى، مۇبادا كېتىپ قالسا، ئىلىدا قال-غانلارغا ئامانلىق تىلىمەكچى بولغانلىقى چۈشىنىشلىك.

كەتتىلەر خەلقلەر كۆچۈپ، ئولتۇردى گەمە ئۆيلەردە،
بۇ چېلەكنىڭ يەرلەرىدە كەم ئەمەس ھەردەم شامال.

قازان باسمىسىدا يوق بۇ غەزەلدىن: خەلقلەر كۆچۈپ كەت-تى، چېلەكنىڭ شامالىق يەرلىرىدە ئۆيلىرىدە غەمكىن ئولتۇر-دى، دېگەن مەنە ئاڭلىنىدۇ. دېمەك، شائىر ئەسەرنى يېزىۋاتقان مەزگىلدە ئىلىدىن كۆچۈپ كەتمىگەن، ئەسەر ئاخىرلاشقان مەزگىلدىمۇ ئىلىدا قالغان.

كەتتىلەر فەرزەندلەرىم بۇ ئىلەدە قالدىم غېرىب،
كەتكەلى تاپماي ئىلاج، بۇ يەردە قالدىم ئايرىلىپ.
بۇ جۇدالىق دەردىدە قالدى چىرايىم سارغارىپ،
يول يىراق، ئاتلار ئورۇقدۇر كۆرگەلى بولماس بارىپ.
ئەندەلىبدەك باغ ئارا نالانى قىلمىش مەن بۇ كۈن.

بۇ مۇخەممەسمۇ پانتۇسوف نەشر قىلغان باسما نۇسخىدا يوق. شۇڭا شائىرنىڭ ئاخىرقى ھاياتى ھەققىدە توغرا بولمىغان پەرەزلەر ۋە خۇلاسىلەر مەيدانغا كەلگەن. ئەمما يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان مىسرالارنىڭ مەزمۇنىدىن شائىرنىڭ ئىلىدىن كېتىش ئويى يوقلۇقى ۋە ئاخىرى پەرزەنتلىرى كەتسىمۇ ئۆزى كەتمىد-گەنلىكى، ئىشىنىڭ شائىرنىڭ «چىن تەۋەككۇل ئەيلەبان بۇ يەر-دە تۇرمىش مەن بۇ كۈن» دېگىنىدەك ئاياغلاشقانلىقى ئايان بو-لىدۇ.

سېيىت مۇھەممەت بۇ ئەسەرنى ئاتمىش ياشتىن ئاشقاندا يازغان. شائىر بۇنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

ياشىمىز ئالتمىشدىن ئۆتتى، بولماس ئەمدى شادلىق،
نەۋجۇۋان ياشلىق كېتىپدۇر، ئەمدى تاپمايدۇر كامال.

ئەسەردىن شائىرنىڭ ئىككى قىزى، ئىككى ئوغلى بولغانلىقى مەلۇم:

چۇرۇپ تۇفراغ بولۇپ گۆردە ياتارمىز قاتتىق ھەسرەتتە،
قالۇر جۇفت قىز ـ ئوغۇل فەرزەند يۇرۇرلەر مۇندا ئىشرەتتە.

شائىر بۇلاردىنمۇ ئايرىلىپ قالغانلىقىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن «كەتتىلەر فەرزەندلەرىم» دېگەن مىسرادا ئىپادىلەيدۇ. شائىر ھاياتىنىڭ باشقا تەپسىلاتلىرىنى ئەسەردىن بىلگىلى بولمايدۇ. ئەسەردە ئەكس ئەتكەن بەزى مەزمۇنلاردىن شائىرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئىنتىلگەن ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ سوقرات، جەمشىد، ئىسكەندەر، فەرىدۇن، رۇستەم قاتارلىق شەخسلەرنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ، شائىرنىڭ شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوبدان خەۋەردار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەسەردە ئەكس ئەتكەن شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدىن قارىغاندا، شائىرنىڭ نامراتچىلىقتا ھايات كەچۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

شائىرنىڭ يۇرتى توغرىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. پانتۇسوف شائىرنى «سېيىت مۇھەممەد بىن ھېيىت مۇھەممەد قاشى» دەپ ئاتايدۇ. ئەسەرنىڭ ھەر ئىككى نۇسخىسىدا شائىر «بىن ھېيىت مۇھەممەد قاشى» دېگەن ئىسمىنى قوللانمىغان. بەلكىم پانتۇسوف ئەينى ۋاقىتتىكى باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇنداق ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىزدىكى بەزى ئەستايىدىل بولمىغان ماقالىلەردە «قاشى» تەخەللۇسى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى. نەتىجىدە قاشتا «ئالتۇن ئۆستەڭ» يېزىسى كەشىپ قىلىندى. بۇ، تامامەن تېكستنى خاتا ئوقۇغان.

لىقتىن كېلىپ چىققان خاتالىق. «شەرھى شىكەستە»نىڭ ھەر ئىككى نۇسخىسىدا «ئالتۇن ئۆستەڭ» دېگەن سۆز يوق. بۇ سۆزگە ئالاقىدار مىسرا باسما نۇسخىدا «ئاستىن ـ ئۇستۇن بىز كۆچەرمىز...» دەپ، قوليازمىدا يەنە ئوخشاش مەنىدە «ئاس-تىن ـ ئۇستۇن بىز كۆچەرمىز...» دەپ يېزىلغان. بۇ يەردىكى «ئاستىن ـ ئۇستۇن» دېگەن سۆزنى «ئالتۇن ئۆستەڭ» دەپ شا-ئىرغا جاھاندا بولمىغان بىر يۇرت كەشىپ قىلىپ بېرىش ئەدە-بىيات تەتقىقاتىمىزدىكى قوپال خاتالىق.

*    *    *

سېيىت مۇھەممەتنىڭ ئەسىرىدە ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئەھۋاللار ئەكس ئەتكەن بولسىمۇ، ئەسەرنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىدىن قارىغاندا، ئەسەردە ئانا تۇپراققا بولغان مۇھەببەت ئاساسىي ئو-رۇندا تۇرىدۇ. شائىردىكى مۇنداق ھېسسىيات ۋەتەندىن ئايرىلىش ئازابىنى ئىزھار قىلىش بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شائىرنىڭ كۆچمەستىن ئىلىدا قالغانلىقى-غا ئاساسەن، ئۇنىڭ ئانا تۇپراققا بولغان مۇھەببىتى سەۋەب بولغان، دېيىشكە بولىدۇ.

ئەسەردە شائىر ھېسسىياتىنىڭ داۋالغۇپ، ئۆزگىرىپ تۇ-رۇۋاتقان ھالىتى، شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى بەزى زىددىيەت-لىك ئەھۋاللار، چەكلىمىلىكلەرمۇ ئەكس ئەتكەن. بۇنى ئىلى خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىگە ۋە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە باغلاپ ئىزاھلاشقا بولىدۇكى، ئۇنى ھەرگىز ئەسەر-نىڭ نۇقسانى ياكى شائىرنىڭ سەۋەنلىكى دەپ تونۇشقا بولمايدۇ.

ئەسەردە ئەكس ئەتكەن رېئال ۋەقەلىك ئەسەرنى رومانتىك ھالەتتىن رېئالىزمغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. شۇڭا «شەرھى شىكەس-تە»نى موللا بىلالنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» ناملىق ئەسىرى بىلەن بىر قاتاردا رېئالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر نەمۇنە-لىرى دېيىشكە؛ شائىر سېيىت مۇھەممەتنى موللا بىلال نازىمى

بىلەن بىر قاتاردا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىلىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەدەبىي ئەسەر شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرگەن، بىزگە قىممەتلىك تارىخىي مىراس قالدۇرغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ۋەتەنپەرۋەر شائىرلارنىڭ بىرى دەپ ساناشقا ھەقلىقمىز.

ماقالىنىڭ بېشىدا «شەرھى شىكەستە»نىڭ پانتۇسوف نەشر قىلدۇرغان قازان باسمىسى بىلەن لېنىنگراد قولىيازمىسى ئوتتۇرىسىدا خېلى زور پەرق بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدىم. مۇشۇ جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلەرنى كىتابخانلارنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق تاپتىم.

بىرىنچىدىن، ئەسەرنىڭ لېنىنگراد نۇسخىسى دەسلەپكى ئورىگىناللارنىڭ بىرى بولۇپ، ھېچقانداق تەھرىرلەش، ئۆزگەرتىشنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن. پانتۇسوف نەشر قىلدۇرغان قازان باسمىسى بولسا، خېلى دەرىجىدە تەھرىرلەنگەن، قايتا ئىشلەنگەن، تولۇقلانغان ئاخىرقى نۇسخىدىن ئىبارەت. ئىككىنچىدىن، بەزى مىسرالارنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى بەدىئىي جەھەتتىن تەھرىرلەش دەپ قاراشقا بولسىمۇ، بەزى مىسرالارنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدە مەلۇم بىر سىياسىي خاھىشنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شائىرنىڭ ئىلىدىن كەتمىگەنلىكى توغرىسىدىكى مىسرالار، مۇخەممەسلەرنىڭ باسما نۇسخىدا چۈشۈرۈپ قويۇلۇشى تاسادىپىي بولمىغىنىدەك، تۆۋەندىكى مىسرالارنىڭ ئۆزگەرتىلىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس. مەسىلەن، قولىيازمىدىكى «خۇدادىن ئۆزگە بىزگە باشلاغاي يول رەھنەما يوقتۇر» دېگەن مىسرا باسما نۇسخىدا «ئۇلۇغ ئاق پادىشاھدىن ئۆزگە بىزگە ھېچ ئاتا يوقتۇر» دەپ ئۆزگەرتىلگەن؛ قولىيازمىدا «رەئىيەتكە قىلىپ شەفقەت، يېتىمنى قىلمادى شايان» دېگەن مىسرا باسما نۇسخىدا «ئادالەتلىكدە يەتمەيدۇ بۇ خانغا ئۇ چىنى خاقان» دەپ ئۆزگەرتىلگەن؛ قولىيازمىدىكى «كى بىزلەر قالدۇق جان ساقلاپ، ئۆز پاناھىدا خۇدا ساقلار» دېگەن مىسرا باسما نۇسخىدا پاناھىدا ئىگەم ساقلار»

دەپ ئۆزگەرتىلگەن؛ قولىيازمىدىكى «ئىلەئەھلى يوقالىپكىم ئۆز-گەلەر تولغاي تىنىپ، تۆزمەگەيلەر ھەر كىشى يالغۇز بۇ يەرلەر-دە قېلىپ، كەتكۈسى خەلقلەر ھەمە تۇغقان بۇ جايدىن ئايرى-لىپ» دېگەن مىسرالار «ئىسلام ئەھلى يوقالىپ كافىرلار تولغاي-لەر تىنىپ، تۇرماغايلار بىر كىشى زالىم بۇ كافىرغا قالىپ، خان خەتىگە يوق ئىشەنچە بۇزغاقچى دۆلەر كېلىپ» دەپ ئۆز-گەرتىلگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يۇقىرىقى ئۆزگەرتىشلەر ئا-دەتتىكى تەھرىرلىك ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن سىياسىي خاھىش ئاساسىدا ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا نۇقسان يەتكۈزۈش بو-لۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قولىيازمىنىڭ ئاخىرقى بېتىنى يوقالغان دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بەت ئاخىرىدىكى «كەتتىلەر فەرزەندلەرىم» دەپ باشلىنىدىغان مۇخەممەستىن كېيىن ئەسەر چورتلا ئۈزۈلۈپ قالغان. بۇ يەردە شائىرنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنغان خاتىمە ئورنىدىكى ئاخىرقى مۇخەممەسمۇ بولۇشى كېرەك ئىدى.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

1. «شەرھى شىكەستە»، لېنىنگراد قولىيازمىسى.

2. «شەرھى شىكەستە»، ساۋۇت موللاۋۇتوف نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسى، «ئۇيغۇر ئاۋازى» 1995 ـ يىل 7 ـ دېكابىر سانى.

3. ن. پانتۇسوف: «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرى» 1909 ـ يىلى، قازان.

4. ئا. نارىنبايېف: «ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى» (رۇسچە)، قىرغىز ئېنسىكلوپېدىيىسىنىڭ باش رېداكسىيىسى نەشرى، بىشكەك، 1995 ـ يىل.

# تۆت پارچە كونا كىتاب

## مائىجىما شىنجى (ياپونىيە)

كاتو ئەپەندى ماڭا «شىنجاڭ ئالاھىدە سانى»نى چىقارماقچىمىز، بىرنەرسە يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز، دېدى. بۇ كىشى دائىم بىرنەرسە يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلغىنىدا، نېمە ئۈچۈندۇر، ھەرقانداق مۇھىم ئىشلىرىم بولسىمۇ، تەلىپىنى رەت قىلغۇم كەلمەيتتى. دەسلىپىدە شىنجاڭ توغرىسىدا قىزىقارلىق بىرنەرسە يازالماسمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرىدىم. ئامال قانچە، بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا ئامال بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن كىتاب جازىلىرىمغا كۆز يۈگۈرتۈپ، تۆت پارچە كىتابنى ئىلغاپ چىقتىم. مۇشۇ كىتابلار ئاساسىدا بىرنەرسە يېزىپ چىقىش نىيىتىدە، كىتابلارنى ۋاراقلاپ چىقتىم. تۆت پارچە كىتاب دېگەن بىلەنمۇ، بەكمۇ چوڭ ھەجىملىك كىتابلار ئەمەس ئىدى. بىرەر يەرگە قويۇپ قويسىمۇ كۆزگە چېلىقىپ كەتمىگۈدەك كىچىك كىتابلار ئىدى.

1. «ئوتتۇرا ئاسىيا قاتنىشى ھەققىدە»

بۇ كىتاب 1942 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، 37 بەت ئىدى. بۇ كىتابنى بەلكىم نۇرغۇن كىشى كۆرمىگەن، بازىرىمۇ ئانچە ئىتتىك بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىتاب «ئىمپېرىيە تۆمۈريول ئۇيۇشمىسى» تەرىپىدىن «مەركىزىي ئاسىيانى كېسىپ ئۆتىدىغان تۆمۈريول تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ ماتېرىيالى»نىڭ 1 ـ قىسمى سۈپىتىدە باستۇرۇلغانىدى. بۇنى ماڭا كىمنىڭ بەرگەنلىكىمۇ ئېسىمدە يوق.

«ئىمپېرىيە تۆمۈريول ئۇيۇشمىسى»نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى دېگەندەك چۈشىنىپ كەتمەيمەن. ئىشقىلىپ شۇ چاغلاردا

شىنجاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيانى كېسىپ ئۆتىدىغان تۆمۈريول قۇ-رۇشنى دەسلەپكى قەدەمدە پىلانلىغان ھەم بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تۇنجى ئورۇن ئەنە شۇ «ئىمپېرىيە تۆمۈريول ئۇيۇش-مىسى» بولۇشى مۇمكىن.

بۇ كىتابچىنىڭ كىرىش سۆزىدە «بۇ كىتابچە ئابې ئەپەندى-نىڭ شوۋا 17 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى توكيو تۆمۈريول مېھمانخانىسىدا ئېچىلغان مەركىزىي ئاسىيانى كېسىپ ئۆتىدىغان تۆمۈريول تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ تېز خاتىرىسى ۋە ئۇنىڭ ئابې ئەپەندى تەرىپىدىن قايتىدىن تۈزىتىل-گەن نۇسخىسى» دەپ يېزىلغاندى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: خەن دەۋرى-دىن باشلانغان يىپەك يولى قاتناش تارىخىدىن تاكى ھازىرغىچە بولغان مۇھىم ئەھۋاللار چۈشەندۈرۈلگەن. ئومۇمەن بۇ كىتابتا تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى كۆرسىتىلگەن. ئا-بې ئەپەندى مۇشۇ مەزمۇندىكى ئىشلارنى ناھايىتى تەپسىلىي تەت-قىق قىلغان كىشى بولسا كېرەك.

مەركىزىي ئاسىيانى كېسىپ ئۆتىدىغان تۆمۈريولنىڭ لايى-ھىسىنى جۇڭگودا بىرىنچى قېتىم سۇن جۇڭشەن ئەپەندى پىلاز-لىغان دەپ ئاڭلىغاندۇق.

كىتابتا يەنە سۈيىن ھېبېينىڭ گومىنداڭغا يوللىغان «تۆمۈر-يول قۇرۇلۇشى بەك تەسكە توختىسا، تاشيول قۇرۇلۇشىنى تېز-رەك تاماملاش» ھەققىدىكى پىكىرلىرى يېزىلغاندى. 1938 ـ يىلى سۈيىن ھېبېيىن «ياپونىيە ئەزەلدىن مانجۇرىيە تەرەپتىن شىن-جاڭغىچە بىر تۆمۈريول لايىھىلەپ، ئۇنى رۇسىيىنىڭ سىبىرىيە تۆمۈريولىغا قارشى قويۇپ، غەربىي تۈركىستانغا بولغان بېسىمنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى پىلانلىغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ تونۇش-تۇرغانىدى. كىتابنىڭ ئاخىرىدا 1930 ـ يىللاردىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك مەزمۇنلار يېزىلغانىدى.

2. «قار كېچىپ پامىردىن ئۆتۈش»

بۇ كىتاب 48 بەتلىك بولۇپ، جۇڭگولۇق جاڭ داجۈن دېگەن

كىشى يازغان. 1953 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. تەيۋەن مەركىزىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى چىقارغان چېگرا رايونلارغا ئائىت كىتابلارنىڭ بىرى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ھەقىقەتەنمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئالدىنقى كىتابتا يېزىلغاندەك، ياپونىيىنىڭ ھەربىي قىسىملىرىمۇ بۇ يەرگە ھەر خىل ئارقا كۆرۈنۈشلەرگە ئىگە قىزىقىشلاردا بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بۇ رايونغا دىققەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالە ئارىسىدىمۇ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ھەرىكەتلىرى بولغان ھەمدە ھازىرقى قەشقەردە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىمۇ قۇرۇلغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيەتلىرىنى باستۇرۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. 1949 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. شۇ چاغدا گومىنداڭ تەرىپىدىن كىرگۈزۈلگەن ئادەملەر ئىچىدە خەتەرلىك، جاپا ـ مۇشەققەتلىك پامىردىن ھالقىپ ئۆتۈپ قېچىپ چىققان ئادەملەرمۇ خېلى سانىنى ئىگىلەيتتى. بۇ كىتابنى يازغان جاڭ داجۇنمۇ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ دەسلەپتە پاكىستانغا، كېيىن ئۇ يەردىن تەيۋەنگە بېرىپ پاناھلىنىپ، شۇ جايدا خاتىرە ـ جەملىككە ئېرىشكەن.

«ئوتتۇرا ئاسىيا قاتنىشى ھەققىدە» دېگەن كىتابتا شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتىدىغان قاتناش يولى خەرىتىسى بار ئىدى. جاڭ داجۇن ئەپەندىنىڭ كىتابىغىمۇ قوشۇمچە خەرىتىدىن بەش پارچە كىرگۈزۈلگەن. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، باسما تېخنىكىسىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن خەرىتىلەر ئېنىق چىقمىغان.

**3. «ئادەمخور چۆللۈك»**

ئاپتورى شىمىزى، جەمئىي 259 بەت. شوۋا 33 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «ياپونىيە ھەپتىلىك گېزىتى» رېداكسىيىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئاپتور ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشتا «ئاپتور تايشو 12 ـ يىلى توكيودا تۇغۇلغان. شوۋا 17 ـ يىلى چوڭ قۇرۇقلۇققا

ئۆتكەن. بېيجىڭ ۋە باۋتۇلاردىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا كىرگەن. قـو-
مۇل، ئۈرۈمچى، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خـو-
تەن، كېرىيە، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا بولغان. شوۋا 24 ـ يىـ-
لى ۋەتەنگە قايتقان» دەپ يېزىلغان. يىل ھېسابىدىـن قارىغانـدا،
جاڭ داجۇن پامىردىن ئېشىپ، شىنجاڭدىن قېچىپ چىقـقـان
ۋاقىتتا، بۇ ئەپەندى ۋەتەنگە قايتقان ھەمـدە بىرلا ۋاقـىتتا شىـنـ-
جاڭدا بولغان.
ئاپتور شىمىزى تاكوشوكو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تـەييارلىق
سىنىپىنى يېرىم يولدا توختىتىپ، چوڭ قۇرۇقلۇققا سەرگەردان
بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. باۋتۇدا قەشقەردىن كەلگەن ما فۇشى دې-
گەن سودىگەر بىلەن تونۇشۇپ، سودا كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، تەڭ-
رىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئۆتىدۇ. شوۋا 17 ـ يىلى كەچ كۇزدە قومۇلغا
يېتىپ بارىدۇ. بۇ جايدا «قەشقەردە ھازىر ياپونىيىلىك ياش بىر
قىز بار» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلايدۇ. بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا قومۇلدا
ئاشخانا ئاچقان ئوسمان دېگەن ئادەم ئېيتىپ بەرگەن. بۇ كىشى
شۇ ۋاقىتلاردا ياپونچىنىمۇ، موڭغۇلچىنىمۇ بىلىدىغان غەلىتە
بىر ئادەم ئىدى.
شىمىزى شوۋا 18 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرى قەشقەرگە
بارىدۇ. ما فۇشىنىڭ دۇكىنى مۇسۇلمانلار مەھەللىسىنىڭ مەر-
كىزىي كوچىسىدا بولۇپ، كىيىم ـ كېچەك، مىلىچ مال قاتار-
لىقلارنى ساتاتتى. ما فامىلىلىك بۇ كىشى تۇڭگان سودىگەرلەر
ئىچىدە ھەممىگە تونۇشلۇق ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن ئىدى. بۇ ئا-
دەمنىڭ ئۆيىدە تۇرغان چاغدا شىمىزى يەنە ھېلىقى ياپونىيىلىك
قىز توغرىسىدا تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇماتلارنى ئاڭلايدۇ. ئۇ قىز
شوۋا 30 ـ يىلى ئۆزى يالغۇز ياپونىيىگە قايتقان. ئۇ ھازىر توك-
يودا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، ئاپتور ئۇنىڭ ئەسلىي
ئىسمىنى يوشۇرۇپ، يۇرى دېگەن ئىسمىنى قوللانغان.
يۇرى قىزنىڭ نېمە ئۇچۇن شوۋا 17 ـ، 18 ـ يىللىرى تەڭ-
رىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق شەھەر قەشقەردە تۇرمۇش كە-
چۈرگەنلىك مەسىلىسى، شىمىزىنىڭ سۆزىدىن قارىغاندا، شوۋا

13 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يويوگى ئوئبخارادىكى توكيو مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنگە بېرىپ تاقىلىدىكەن.

ئەينى ۋاقىتتا، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 4 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى يۇرى دادىسى بىلەن بىللە چىرايلىق كىيىنىپ، مۇراسىمغا قاتناشقان. بۇ مۇراسىمغا بېشىغا سەللە ئورىغان كاشراياما، يەمەن دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى ئەلى ھۈسەيىن، سەئۇدى ئەرەبىستان دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئابدۇلئەزىز، پادىشاھ سەئۇدغا ۋەكىل بولغان ھاپىز ۋاھاپ (ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق كونسۇل) قاتارلىقلار بىلەن بىللە قەشقەرلىك دىندار سابىدۇللامۇ قاتناشقان.

بۇ كىتابنىڭ 204 ـ بېتىدە سابىدۇللا توغرىسىدا «ئۇ ھىندىستان ئارقىلىق ياپونىيىگە كەلگەن ۋە بۇ مۇراسىمغا قاتناشقان. ياپونىيىنىڭ ياردىمىدە مۇستەقىل بولۇش سىياسىي ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى بولۇش نىيىتىدە بولغان». يەنە «چىرايلىق كىيىنگەن يۇرىنىڭ گۈزەل قىياپىتى شۇ كۈنكى مۇراسىمدا نۇرغۇن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان» دەپ يېزىلغان.

شۇنىڭدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، كاشراياما ئەپەندى يۇرىنىڭ دادىسىدىن يۇرىنىڭ شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى سابىدۇللاغا ياتلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن يۇرى قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىغلاپ تاشلىغان ھەم بۇ پىكىرگە قوشۇلمىغان. ئاقىۋەت دادىسى تەرىپىدىن قايىل قىلىنغان.

شۇنداق قىلىپ بېيجىڭدا موڭغۇلچە كىيىنگەن يۇرى ئالاھىدە ۋەزىپە ئورگىنىنىڭ ماھىدا دېگەن ئادىمى بىلەن بىللە چۆللۈكتىن ئېشىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى كېسىپ قەشقەرگىچە بىللە بارغان. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا شېڭ شىسەي سىياسىي جەھەتتە ئەڭ چوڭ ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇراتتى. سابىدۇللا بولسا كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر جۇڭخۇيى سۈپىتىدە خىزمەت قىلاتتى. بىراق، ئىسلام مۇرىتى سۈپىتىدە ئىماملىقمۇ قىلاتتى. باي ئائىلىدە ناھايىتى باياشات تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

يۇرى توكيودىن يولغا چىقىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئاشۇ ئائىلىگە كېلىپ چۈشكەن ھەم مۇسۇلمان بولۇش پەرزىنى ئادا قىلغان.

شۇنداق قىلىپ يۇرى بىلەن سابىدۇللا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. كېيىن ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئوغۇل بالا تۇغۇلغان. بەختلىك كۈنلەرمۇ خېلى داۋاملاشقان. شىمىزنىڭ يېزىشىچە، «يۇرىنىڭ بەختى ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ياپونىيىگە قايتىپ كېلىپ ئاڭلىغانلىرىمغا قارىغاندا، ياپونىيە ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭغا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كىرگەن، مۇستەقىللىق چۈشلىرى بەربات بولغان. سابىدۇللا قولغا ئېلىنىپ قەتلى قىلىنغان. يۇرى بولسا ئۇزۇن مەزگىل تۈرمىدە ياتقان. ئىشپىيون دەپ نەزەربەنت قىلىنغان. تۈرمە ھاياتىدا سالامەتلىكىدىن ئايرىلغان بۇ قىز سۆيۈملۈك بالىلىرىدىنمۇ ئايرىلغان. شوۋا 30 ـ يىلى ئۆزى تەنھا ياپونىيىگە قايتىپ كەلگەن. ھازىر ئۇ، ئۆتمۈشتىكى يامان چۈشلىرىنى ئۇنتۇپ، يېڭى ھاياتقا ئىنتىلىپ ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ» دەپ يېزىلغان.

**4. «پەرەنجىلىك ئايال»**

ئاپتورى سىزىكى سىمىكو، جەمئىي 224 بەت. شوۋا 34 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «ياپونىيە ھەپتىلىك گېزىتى» نەشرىياتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان. بۇمۇ تەقدىرنىڭ غەلىتە چاقىچىقىغا يولۇققان، ئۇرۇش مەزگىلىدە چوڭ قۇرۇقلۇقتا سەرگەردان بولغان، پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن گۈزەل بىر قىز ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئىدى. شۇ كىتابنى ئوقۇغاندا، ھەرقانداق كىشىدە شىمىزى دېگەن يۇرى قىزنىڭ تەقدىرىنى يازغان ئاپتور شۇمىدۇ، دېگەن خىيال پەيدا بولىدۇ. ئىككى كىتاب ئوتتۇرىسىدا، قانداقتۇر بىر ئۇقۇشماسلىق باردەك، يەنە بىر قارىماققا، ئۇنداق ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

شىمىزى سۆزلىگەن يۇرى قىز سىزىكى سىمىكو خېنىم

ئۆز كىتابىدا يازغان بەزى ۋەقەلەر بىلەن مەلۇم ئورتاقلىقلا ئىگە:

1) شوۋا 13 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى (ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى) يويوگى ئوئىبخارادىكى توكيو مەسچىتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا دادىسى بىلەن بىللە قاتناشقان ۋەقە.

2) شۇ چاغدا 16 ياشتا ئىكەنلىكى.

3) چوڭ قۇرۇلۇقتا ئۆتۈپ، شىنجاڭدىكى داڭدار ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ بەگزادىسى بىلەن توي قىلغان ۋەقە.

4) 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئېرىدىن ئاير-رىلىپ تۇرمىدە ياتقان ۋەقە.

5) شوۋا 30 ـ يىلى ئامان ـ ئېسەن ياپونىيىگە قايتىپ كې-لىپ، توكيودا تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋەقە.

بىراق يۇرى قىزنىڭ تەقدىرى بىلەن سىزىكى سىمىكو ياز-غان بەزى ۋەقەلەر ئوخشىمايدۇ. «پەرەنجىلىك ئايال»دىكى ئۇ قىز توي قىلغان جاي نەنجىڭ، يولدىشىنىڭ ئىسمى ئوسمان، قەشقەر-لىك يۇقىرى تەبىقىنىڭ بەگزادىسى. شىمىزىنىڭ كىتابىدا يۇرى شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ باشلىقى سابىدۇللا بىلەن قەشقەردە توي قىلىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوباشىرو ۋە يا-سىمەن ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. «پەرەنجىلىك ئا-يال»دا بولسا، ئىككىيلەندىن بىر قىز، ئىككى ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. بۇ كىتابنىڭ بېشىدا شوۋا 33 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئانا ـ بالا تۆتى بېيجىڭدا چۈشكەن رەسىم بېرىلگەن.

«پەرەنجىلىك ئايال»نىڭ باش قەھرىمانى ئۇرۇش مەزگىلىدە نەنجىڭدىن گۇيخۇاچىڭ، بېيجىڭلارغا يۆتكەلگەن. ئاندىن لەنجۇدا ئۇرۇش تۈگىگىچە تۇرغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇل-غىچە بولغان ئارىلىقتا يولدىشىدىن ئايرىلىپ چۆچەك تۇرمى-سىدە ياتقان. شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيىگە قايتىپ كەلگەن. قىسقىسى، قەشقەرگىچە بارغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە شىنجاڭلىق خېلى نۇرغۇن ئادەمنىڭ يويوگىدىكى مەسچىتنى مەركەز قىلىپ ياشىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايدىڭ. بۇ ئادەملەر ياپونىيىنىڭ غەلىبىسىگە ئۈ-

مىد باغلاپ ئۆتكەن. شۇلارنىڭ ئىچىدە هازىر هايات قالغانلىرى بەلكىم بەك ئاز بولسا كېرەك. «ئادەمخور چۆللۈك» ۋە «پەرەنجىد-لىك ئايال» دېگەن كىتابلار ئارىسىدىكى پەرقنى قانداق چۈشەن-دۈرۈش كېرەك؟

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مەن ئوڭايلا ئۆچرىشىش ئىمكانى-يىتى بار ئەھۋالدىمۇ سىزنىكى سىمىكو خانىمدىن ھەر خىل پاراڭلارنى ئاڭلىۋالمىغانلىقىمغا ئىنتايىن پۇشايمان قىلىمەن. بۇ ئىشلارغا 10 نەچچە يىل بولدى، بۇ كىتابلارمۇ بەلكىم ئۇنتۇلۇپ كەتكەندۇ، ئاقىۋەت، نۇرغۇنلىغان تېپىشماقلار تېپىشماق پېتىچە ئەبەدىي قېپقالدى.

40 يىل ئاۋۋالقى ئەتىيازنىڭ بىر كۈنى چىرايلىق گۈمبىزى توكيو ئاسمىنىدا قەد كۆتۈرگەن يويوگىدىكى مەسچىت هازىرمۇ قۇلۇپلانغان پېتى ئاھالىلەر رايونىدا ئۈنسىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرىد-دۇ. بىراق، بۇ يەردە شۇ چاغلاردا مۇشۇ ئەتراپنى ئايلىنىپ، يۇ-قىرىغا قاراپ، غەرب ئاسمىنىغا تەلمۈرۈپ ئۆز يۇرتى شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىق چۈشىنى كۆرگەنلەردىن بىرىمۇ قالمىدى.

5 ـ ئاينىڭ هاۋا ئوچۇق بىر كۈنى مەسچىتنىڭ ئىچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان ياپونىيىلىك ئۆلىمالار، چىرايلىق سەللە ئورىغان ئەرەب شاھزادىسى، ئەلچىلەر، چىرايلىق كوپتا كىيگەن گۈزەل قىزچاقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلغان دۇنياغا مەنسۇپ بولۇپ كەتتى. ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى قۇچاقلاپ تۇرغان ماڭا ئوخ-شاش ياشانغانلار يولنىڭ چېتىدە تۇرۇپ، ئۆتمۇشتىكى ئاشۇ كىد-شىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان چاغدىكى قىياپىد-تىنى ئەسلىمەكتىمىز.

ياپونچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **مەريەم ساقىم**

# «خوتەن تېكىستلىرى» توغرىسىدا

## خ. ۋ. بايلېي

«خوتەن تېكىستلىرى» ئەنگلىيە ئايال پادىشاھ ئىنستىتۇتى-نىڭ ئالىي ئەزاسى ۋە كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى سانسكرىت تى-لى تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور خ. ۋ. بايلېي تەرىپىدىن توپلى-نىپ، رەتلەنگەن بەش توملۇق ئەسەر، ئۇنىڭدىكى تېكىستلەر ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى خوتەننىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە شۇ جايدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى چۈشەن-ىشتىكى ئەڭ مۇھىم ھۆججەتلەردىن ئىبارەت.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى-نىڭ بۇ رايونغا بولغان تەتقىقاتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار دەسلەپتە، بۇددىستلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن باكتېرىيىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھازىرقى قەشقەر، يەكەن، خوتەن، مارالبېشى، كۇچا ۋە كروراندىلارغىچە كېڭەيگەن ھىندىستان مەدەنىيىتىنى باي-قىدى. توپلانغان بۇ ھۆججەتلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قەدىمكى خوتەندە يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگىچە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ساكلار ياكى ھىندى سكتايلىرى تىلىنىڭ بىر دىئالېكتىدا يېزىلغانىدى.

بۇ ھۆججەتلەرنىڭ 1 ـ تومى 1956 ـ يىلى، 2 ـ تومى 1954 ـ يىلى، 3 ـ تومى 1956 ـ يىلى، 4 ـ تومى 1961 ـ يى-لى، 5 ـ تومى 1978 ـ يىلى نەشردىن چىققان. پروفېسسور باي-لېي يەنە 1978 ـ يىلى «خوتەن ساك تىلى لۇغىتى»نى نەشردىن چىقاردى. بۇ ئۇنىڭ 1934 ـ يىلدىن بۇيانقى جاپالىق ئەمگىكى-نىڭ مەھسۇلى ئىدى. «خوتەن تېكىستلىرى»نىڭ 4 ـ تومى پرو-

فېسسور ھېدىن يىغقان ھۆججەتلەردىن رەتلەنگەن بولۇپ، بۇ تـوم باشقا توملاردىكى بۇددا تېكىستلىرىدىن پەرقلىق بولغان، مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق ئەدەبىي پارچىلار، سودا ـ سېتىق ھۆججەتلىرى ۋە ھەربىي پەرمانلاردىن تەركىب تاپقان. پروفېسسور بايلېي بۇ تېكىستلەرنىڭ تەرجىمىسى ۋە ترانسكرىپسىيەلىرىگە بولغان قىسقىچە باھالىرىنى قوشۇپ بۇ تومنى تۈزۈپ چىققان.

بايلېي ئەپەندى «خوتەن تېكىستلىرى»نىڭ 4 ـ تومىدا قەدىمكى خوتەننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگەن، تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى دىققىتىڭىزلارغا سۇنىمىز.

**گائۇستانا: ساكلارنىڭ خوتەندىكى خانلىقى**

1. ھازىر خوتەن دەپ ئاتالغان رايوندىكى بۇ خانلىق تارىختا ھەر خىل ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن. مىلادىيە 3 ـ ئەسىر ئەتراپىدا يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان قارۇشتىچە ھۆججەتلەردە Khotana دەپ يېزىلغان. سەل كېيىنكى دەۋردە يېزىلغان بىراھمىچە ھۆججەتلەردە Hvarana دەپ يېزىلغان. تىل تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ Hva:nna ۋە Hvam دەپمۇ ئېلىنغان. ئەڭ كېيىنكى يەرلىك تېكىستلەردە بولسا Hvamksira (خوتەن زېمىنى) دېيىلگەن. بۇ نام «t» تاۋۇشى ئۆزگەرمىگەن ۋە دەسلەپكى يېڭى پارسچىدا كۆپ ئۇچرىغان چاغلاردىلا غەربكە تونۇلغان. يەرلىك كىشىلەر بۇددىزم سانسكرىت تىلىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا، ھەر خىل سۇپەتلەر بىلەن ئۇنى Gaustana دەپمۇ يازغان. 9 ـ ئەسىردە جۇڭگونىڭ شاجۇدىكى سەلتەنىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە Yuttina دەپ يازغان. 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە تىبەتلەر بۇ زېمىننى Li، ئۇنىڭ پايتەختىنى Hu–ten ,Hu–den ,Hu–then ۋە yvu–then دەپ ئاتىغان.

2. 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماركوپولو بۇ خانلىق توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. يەرلىك تېكىستلەردىن بىز بۇ رايوننىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن Kapaysa (كاپايسا ــ پاختا)،

Kumba (كۇمبا — زىغىر)، Kamba (كامبا — كەندىر)، ganam (گانام — بۇغداي)، gura (گۇرا — ئۈزۈم)، Mau (ماۋ — ئۈزۈم ھارىقى) ۋە باشقىلارنى ئۇچرىتىمىز.

3. خوتەن توغرىسىدىكى مەنبەلەر يازما ھۆججەت ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن ئىبارەت. بۇ مەركىزىي رايوننىڭ ئاسىيا تارىخىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە ئەھمىيىتى گېرمانىيە، روسىيە، ئەنگلىيە، ھىندىستان، فرانسىيە، جۇڭگو، ياپونىيە ۋە شۋېتسىيىلەرنىڭ بۇ يەرگە ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە خادىملىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئەۋەتىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن 1936 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو تۇركىستانىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە ئائىت زور مىقداردىكى يەرلىك ماتېرىياللار يىغىلدى. بۇ ماتېرىياللار بېيجىڭ، فورت ئارتۇر، دېھلى، پارىژ، بېرلىن، لېنىنگراد، ستوكھولم ۋە لوندون قاتارلىق شەھەرلەردە ساقلانماقتا.

خوتەنگە ئائىت مەنبەلەر تىبەت، خەنزۇ ۋە ھىندىچە بۇددا كىتابلىرىدا ساقلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرى كروران (kroraina) دىن چىققان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر، مازارتاغ ۋە نىيەدىن چىققان تىبەتچە تېكىستلەردۇر. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرىكى خوتەن بۇددىزمىغا ئائىت تىبەتچە تارىخىي خاتىرىلەر تېخىمۇ مۇھىمدۇر. بۇ تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يىرتىلىپ كەتكەن. بىراق، تىبەتچە تېكىستتە ئىشلىتىلگەن بەزى يەرلىك سۆزلەر ئەسلىي نۇسخىنىڭ ئېھتىمال خوتەنلىكلەرنىڭ تىلىدا بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. خوتەن، قەشقەر ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىغا ئائىت خەنزۇچە مەنبەلەر ھەرقايسى «سۇلالىلەر تارىخى» ۋە دۇنخۇاڭدىكى ئىبادەتخانىدىن تېپىلغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە ساقلانغان. يېڭىدىن تېپىلغان بۇ خەنزۇچە تېكىستلەرنىڭ بىرىدە Gandragarbha-sutra ۋە surya garbha-sutra ناملىق بۇددا تېكىستلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇماتلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان

خوتەننىڭ ئىلاھىي ھامىيسى توغرىسىدىكى بۇددا ئىدىيىلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

4. خوتەننىڭ تاشقى مۇناسىۋەت تارىخى كىشىنى قايمۇقتۇرىدۇ. بەزى ھۆججەتلەردە قوشنا خانلىقلار بىلەن جۇملىدىن قەشقەر بىلەن بولغان توقۇنۇشلار خاتىرىگە ئېلىنغان. بىراق، خوتەنگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىرلەمچى ئامىل سىرتتىن كېلىدىغان ئۈچ خەۋپ يەنى كۆچمەن چارۋىچىلار (مەسىلەن: ھۇن، تۈرك، سۇپىيا (supiya) ۋە خېيناخوجا (Heina–khoca)، جۇڭگونىڭ كۈچلۈك قوشۇنى ۋە تىبەت بولغان. بىر بۇددا تېكىستىدىكى خوتەنچە شېئىردا خېيناخوجا، ھۇن، خەنزۇلار ۋە سۇپىيالارنىڭ خوتەن زېمىنىنى ۋەيران قىلغانلىقىغا بولغان قاتتىق ئېچىنىش ئىپادىلەنگەن.

ئېچكىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەلۇم بولىدۇ. قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە خوتەن خانلىقىدا 3300 ئائىلە يەنى 19 مىڭ 300 نوپۇس بارلىقى، ئۇلاردىن 2400 كىشى لەشكەر ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. خوتەن بىر مەزگىل قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغاندىن كېيىن، مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قايتا مۇستەقىل بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانغا قەدەر قوشنا دۆلەتلەر بىلەن تىركىشىپ ئۆزىنى ساقلاپ كەلگەن.

شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار 5 ـ ئەسىردە خوتەنگە تاجاۋۇز قىلغان. خوتەننىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە خوتەننىڭ (Druggu) تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغانلىق ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. ئېفتالىت (Heftal)لار 502 ـ يىلىدىن 550 ـ يىلىغىچە خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى خوتەننى تۆت تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ تارىم رايونىدىكى تەسىرى باشلاندى. 659 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنىڭ ھۆججۇمىنى چېكىندۈردى. 714 ـ يىلىدىن باشلاپ كۈچىيىشكە باش-

لىغان تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىبەت ئارىسىدىكى توقۇنۇش 790 ـ يىلى خوتەندىكى تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىشى بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى تىبەتلەر ئىگىلىدى. تىبەتلەر خەنزۇلارنى خوتەندىن 140 يىلغا يېقىن ئايرىۋەتتى. 860 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تۈركلىرى تىبەتلەرگە زەربە بېرىشكە باشلىدى. 938 ـ يىلى خوتەن خانى لى شېڭتيەن جۇڭگوغا يەنە بىر قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. 966 ـ يىلى ئۇنىڭ ئوغلى خانلىق تەختىگە چىقتى. 971 ـ يىلى خوتەن بىلەن قەشقەر ئارىسىدىكى ئاخىرقى ئۇرۇش باشلاندى. 1009 ـ يىلى خوتەننىڭ مۇسۇلمان هۆكۈمرانى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇددا دىنىدىكى خوتەن خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

5. خوتەن تىلىدا يەتتە خىل ئوخشاشمىغان ئېلىپبەنىڭ ئىزىنى بايقاش مۇمكىن. ئەڭ مۇهىم ئېلىپبەنت ئىران تىلى بولۇپ، خوتەندە بۇ تىلنىڭ ساك گۇرۇپپىسى قوللىنىلغانلىقى پاكىت. بۇ تىلغا شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى كىشىلەر خوتەنچە (Hvarana–a) دەپ نام بەرگەن. غەيرىي ئىران تىلىدىكى ئېلىپبەنتلارنىڭ يەنە بىرى تېخى ئىرانچە ئىكەنلىكى بېكىتىلمىگەن كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: Phana (پانا)، Khaukula (خاۋكۇلا)، Buttaka (بۇتتاكا)، Vimgula (ۋىمگۇلا) دېگەن ناملار. سىرتتىن كىرگەن ئېلىپبەنتلارنىڭ بىر قىسمى گرېكچە، كۆپىنچىسى هىندىچە بولۇپ، ماۋزۇلاردا بىر قىسىم خەنزۇچە سۆزلەر ۋە كىشى ئىسىملىرى ئۇچرايدۇ. بۇ خىل غەيرىي ئېلىپبەنتلار تىبەتچە ناملار هەم كۆپلىگەن تۈركچە سۆزلەردە ئۆزئىپادىسىنى تاپقان. arsali (ئەرسەلى)، ttamguysi (تامگۇيسى) دېگەندەك ئىسىملار بەزى چاغلاردا تۈرك بولمىغان كىشىلەرگىمۇ ئىشلىتىلگەن.

دۆلەت بېشى يۇقىرى ئىمتىيازلىق پادىشاھ بولۇپ، 661 ـ نومۇرلۇق قارۇشتىچە هۆججەتتە Maharaya,rayatiraya (ئۇلۇغ پادىشاھ، شاهىنشاھ) دېگەن هىندىچە ئاتالغۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن Azes (ئازېس) ۋە indzavarma (ئىندزاۋارما)نىڭ ئوغلى

(ئاسپاۋارما)نىڭ تەڭگىلىرىدە گېنېرال مەنىسىدى- Aspavarma
كى Hinajha (ھىنايىھا) سۆزى ئۇچرايدۇ. ھۆججەتلەردە يەنە
dheva (دېۋا - ئىلاھ) دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. دېۋا سۆزى خوتەنچە
ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدا jasta (جاستا) شەكلىدە ئىپلىنغان.
خوتەن خانى ۋىسادارما (visa Dharma) شانۇ - شەۋكەتلىك
ئىلاھ، خوتەننىڭ شاھىنشاھى دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەرىپلەن-
گەن. تىبەت خانلىرى ئۇچۇن ئىپتىقاندا خوتەن خانى «خوتەننىڭ
خۇداسى» ئىدى. شاھىنىڭ خانىشى rrina (رىنا) دەپ، شاھزادە ۋە
مەلىكىلەر rraspura (راسپۇرا) ۋە rraysdutar (رايسدۇتار) دەپ
ئاتالغان. ۋىسادارمانىڭ يىلنامى شۇنا (Ksuna) بولۇپ، بىز ئىك-
كى خىل ئەھۋالدىكى شۇنا 36 - يىلى دېگەن ئىككى يىلنامىنى
ئۇچرىتىمىز.
6. خوتەن خانلىرىنىڭ فامىلىسى ۋىسا (Visa) بولۇپ، ئۇ
Vi نىڭ سۈپەت شەكلى. بۇ نام ھەر خىل يەرلىك ھۆججەتلەردە
Vijatta ,Vijita ,Vasa ,Visa دېگەن شەكىللەردە، قارۇشتىچە
يازمىلاردا Vijida، تىبەتچە مەنبەلەردە Biza, Bi – dza – ya ,
خەنزۇچىدا 尉迟 دېگەن شەكىللەردە ئۇچرايدۇ. Byiza, Bzah
بۇلارنىڭ ھەممىسى ھىندىچە ئىككى سۆز Vijaya ۋە Vijita (غە-
لىبە)غا بېرىپ تۇتىشىدۇ.
خوتەن تىلىدىكى تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ تىبەتچە تەرجىمى-
سىدە خان ۋە خانىشلارنىڭ ئۇزۇندىن ئۇزۇن شاھانە سۈپەتلىرى
ئۇچرايدۇ.
تارىخىي مەنبەلەردىن بىز يەنە قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋى-
تىگە دائىر بەزى ئەھۋاللارنى بىلىشىمىز مۇمكىن. Dza – ya
Bi–dza–ya نىڭ بىر ئايالى جۇڭگولۇق مەلىكە Punesvar بول-
غان. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى پادىشاھ Hdon–hdros جۇڭگولۇق مە-
لىكە Sorgra نى ئەمرىگە ئالغان. Bi–dzaya Nanda نىڭ يالغۇز
قىزى نام خانىغا ياتلىق بولغان. Sangrama Bi–dza–ya نىڭ
قىرىندىشىنىڭ ئايالى تۈرك ئايال بولغان. بىجايا بالانىڭ ئايالى
Su–boka يەكەنگە يېقىن بولغان Bcu–gun–pan (قاغىلىق) شا-

ھىندىڭ قىزى ئىدى. Bi–dza–ya Simha نىڭ ئايالى قەشقەرلىق كەنچەكلەردىن ئىدى.

خوتەن شاھلىرى ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزىنى ماھاسامماتا ۋە ئاسوكالاردىن ئىزدەيدۇ.

7. ھۆججەتلەردىن ھەر خىل كىشى ئىسىملىرى نامايان بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ datta بىلەن ئاياغلاشقانلىرى ھىندىچە ئىسىملار، باشقىلىرى يەرلىك ۋە ئىرانچە بولمىغان ئىسىملاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: شاندا، سىرپۆكى، ماداسا، Hvrrividt ۋەھاكازالار.

خوتەن تارىخىي ھۆججەتلىرىدە يەرلىك ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىلەن بىللە نۇرغۇن مۇقەددەس يەرناملىرى ئۇچرايدۇ. ئەينى دەۋر تېكىستلىرىدە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى مەشھۇرناملار كۆزگە چېلىقىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردە بىجايا ساڭرامىكا تەرىپىدىن سېلىنغان گۇزانتا ئىبادەتخانىسى قەيت قىلىنغان. گۇسامدا ناملىق تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان سامانىيانا ئىبادەتخانىسىدا يېزىلغان Jataka–stava ناملىق شېئىرنىڭ شۇ يەردە خوتەنچىگە تەرجىمە قىلىنغانلىقى تىبەت ۋە خەنزۇچە مەنبەلەردىن مەلۇم بولىدۇ.

گىرېكلارمۇ خوتەندە ئاز ـ تولا ئىز قالدۇرغان. بىز بەزى ئۆلچەم بىرلىكلىرىدە گىرېكچە ناملارنى بايقايمىز. دورىلارنىڭ گىرېكچە مىقدار سۆزى Byarnp (قاداق) دەسلەپكى قارۇشتىچە تېكىستلەردە Satera، Sadera تىبەتچىدە sran، خوتەن تېكىستلىرىدە دەسلەپ satira، كېيىن sera شەكلىدە ئۇچرايدۇ. پارسچىدا ister, sater دەپ يېزىلغان. گىرېكچە دراخۇن، قارۇشتىچە دراخما ۋە trakhma، خوتەندە drammaa ۋە drammaja شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

رىمچە دىنار (denarius) خوتەنگە بۇددا تېكىستلىرى ئارقىلىق dinara شەكلىدە يېتىپ كەلگەن ھەم سانسكرىتچە hiranya (تەڭگە ئالتۇن) دېگەن سۆزنى تەرجىمە قىلىشتا ئىشلىتىلگەن. ئاگنىدا بىز «تىنار» شەكلىنى بايقايمىز. ھىندىلار

سانسكرىتچە dinara دەپ يازغان. خوتەنلىكلەرنىڭ يەرلىك كا- لىندارى بولغان ئايالىلارنىڭ ناملىرى ھازىرغا قەدەر مۇستەقىل ھالدا ساقلىنىپ كەلگەن. ئەڭ دەسلەپ قارۇشتىچە ھۆججەتلەردە، كېيىن تۈركلەردە 12 ھايۋان نامىنى ئايلانما بىرلىك قىلغان يىل ھېسابلاش ھادىسىسىنى بايقايمىز.

خوتەندە بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. ھالبۇكى بىز خوتەنلىكلەرنىڭ ئاتەشپەرەسلىك بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇددا دىنىغا چوقۇنغانلىقىنى كۆرىمىز، قەشقەرلىكلەر ئاتەشكە چوقۇن- غان. جۇڭگولۇقلار Hien سۆزى ئارقىلىق قەدىمكى پېرسىيىدە- كى زوروئاستېرلارنىڭ ئاخۇرامازداغا بولغان چوقۇنۇشىنى ئىپا- دىلىگەن. 677 - يىلى سامانىيلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھىنىڭ مۇساپىر ئوغلى پېروز جۇڭگونىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بىر ئىبا- دەتخانا سالدۇرغان. خوتەندىن تېپىلغان تېكىستلەر خوتەنچە ياكى تىبەتچە بولسۇن بۇددا دىنىغا ئائىتتۇر. بۇرۇنقى ئىرانلىقلارنىڭ ئېتىقادىغا ئائىت ئاز - تولا ئاملىلار بۇ بۇددا كىتابلىرىغا سىڭىپ كىرگەن. يەرلىك ھۆججەتلەردە مانى دىنى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات تېپىلمايدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە خوتەننىڭ 961 - يىلى چىن ئوردىسىغا مانى دىنى ئۇستازلىرىنى ئەۋەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. گەردىزىنىڭ تەخمىنەن 1050 - يىلىغا ئائىت ئەسە- رىدە دېيىلىشىچە، خوتەننىڭ ئۆزىدە ئىككى خرىستىئان چېركاۋى بولغان. خوتەن تېكىستلىرىنىڭ بىرىدە Kirastana نامى ئۇچرايدۇ.

ئىرانچە ئاخۇرامازدا دېگەن نام يەككە ئۇلۇغ خۇدانىڭ نامى بولۇشتىن قېلىپ، تەدرىجىي ھالدا urmaysde شەكلىدە «قۇ- ياش» مەنىسىدە قوللىنىلىشقا باشلىغان. ئۇ «سەڭلەخ»تىكى پامىر دىئالېكتىدا ئورموزد، «ئىشكەشىم»دە رىمۇز شەكلىدە ساقلانغان.

«چوقۇنماق» سۆزى gyasta , gyaysna , gyays تۇمشۇقتا jezda دەپ قوللىنىلغان بولۇپ، «ئاۋېستا»دا «ياز» ۋە كونا پارس- چىدا «ياد» دېيىلگەن. «ئالۋاستى» ديۇۋا (dyuva) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ كونا پارسچىدا دەيۋا، «ئاۋېستا»دا daeva دېيىلگەن. بۇ

كونا ئىبارە يېڭى بۇددىستىك ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەشتە قىسمەن قوللىنىلغان. بۇددا دىنىدىكى تەڭدىر ئىلاھەسى شىرى (Sri) خوتەندە Ssandramata (ساندراماتا) دېيىلگەن.

خوتەنگە دائىر تارىخىي خاتىرىلەر ۋە شۇ دەۋرگە ئائىت يەرلىك ھۆججەتلەر پۈتۈلگەن چاغدا خوتەندە بۇددىزم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. بۇددىستلار خوتەندە مول ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. «ستاۋاجاتاكا»غا يېزىلغان كىرىش سۆزدىن بىز خوتەندىكى بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ سانسكرىتچە قوللىنالايدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، بۇددىست Vedyasla بۇددانىڭ قۇدرىتىگە ئائىت «Jatakastava» ناملىق بىر شېئىر يازغان. خوتەننىڭ ئۇلۇغ شاھى Visasura بۇ شېئىرنى خوتەنچىگە تەرجىمە قىلىشنى بۇيرۇغان. خوتەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى پراكرىتتىن مەشھۇر ئەسەر «دارماپادا»غا ئائىت بىر قارۇشتىچە ھۆججەت پارچىسى تېپىلدى. مارالبېشى تۇمشۇقتا قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان بىر Karma–vacana تېكىستى ساقلىنىپ قالغان. كۇچا، ئاگىنىلاردىمۇ بۇ تېكىستنىڭ ھىندىچە ۋە يەرلىك تىللاردىكى ئالاھىدە ئىزاھلار قوشۇمچە قىلىنغان نۇسخىلىرىنىڭ پارچىلىرىغا ئېرىشتۇق.

خوتەن تىلىدىكى بۇددىزمغا ئائىت تولۇق ۋە تولۇقسىز ئەدەبىي تەرجىمىلەر ناھايىتى مول. بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر سانسكرىتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان، بىراق دىنىي تېرمىنلار خوتەنچىدە ئەركىن قىسىملار سۇپىتىدە سانسكرىتچىدىن ئەمەس، غەربىي شىمالىي پراكرىتتىن ئېلىنغان. كرورانديمۇ شۇنداق يېزىلغان.

خوتەن ھەققىدىكى تارىخىي مەنبەلەردىن بىز خوتەندە Mahasanghika مەزھىپىدە 16 ۋىخار بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇلار پراكرىتتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىز غەربىي شىمالىي ھىندىستان پراكرىت يازما ھۆججەتلىرىدىن مەزكۇر مەزھەپنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بايقايمىز. خۇددى شۇنىڭدەك كابۇلنىڭ 30 مىل غەربىدىكى ۋەردەكتىن چىققان لوڭقا ۋە Mathura تۇۋرۇكىنىڭ شىر شەكىللىك بېشىدا ئۇنىڭ نامى ئۇچرايدۇ.

Sarvastivada مەزھىپى خوتەنگە كېيىنرەك كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇددا سانسكرىتچىسىنى قوللانغانلىقى مەلۇم.

ئوخشاش تارىخىي مەنبەلەردىن بىز خوتەندە سەھنە ئويۇنلىرىنىڭ ئوينالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ دراملار na–le دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ خوتەنچە nalai نىڭ تىبەتچە ئېيتىلىشى ئىدى. بۇ سۆز پراكرىتتا «ناداگا»، كونا ھىندىچە «ناتاكا» دېگەن شەكىللەردە قوللىنىلغان. سانسكرىتچە ۋە قەدىمكى پراكرىتچە بۇددا دراملىرىنىڭ پارچىلىرى ۋە ئەڭ دەسلەپكى ھىندىستان دراملىرى جۇڭگو تۈركىستانىدىن تېپىلدى. بۇ دراما پارچىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى خوتەنچە ئەمەس. ئاگنىدىن تېپىلغان تولۇقسىز تېكىستلەر بېسىلىپ چىقتى. باشقا تېخى ئېلان قىلىنمىغان تېكىستلەر كۇچادىن تېپىلغان.

خوتەن بۇددىستلىرى مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقىتتا تەرجىمە بىلەن ھەپىلەشكەن بولۇپ، ئىجادىي ئەسەرلەر ئۇچۇن ناھايىتى ئاز ۋاقىت ئاجراتقانلىقى مەلۇم، بىز مۇشۇ ناھايىتى يېتەرسىز ماتېرىياللىرىمىز ئىچىدە يەنە بەزى چوڭ كىتابلارنىڭ پەقەت بىرنەچچە بېتى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، دىنىدىن خالىي يەرلىك ئەدەبىياتنىڭ ئاز ـ تولا ئىزلىرىنى بايقايمىز. تۆۋەندىكىسى باھار كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن شېئىر (ئەسلىي ترانسكرىپسىيە قىسقارتىلدى).

تەرجىمىسى: باھار كەلدى، جاھان ئىسسىدى، دەل ـ دەرەخلەر رەڭگارەڭ چېچەكلەرگە تولدى. يۆگىمەچلەر ئۆسۈشكە باشلىدى. ئۇلار مەيىن شامالدا يەلپۈنمەكتە. ئورمانلىقتىن كەلگەن شامال شۇنچە ئىللىق، نىلۇپەر كۆللىرى، بۇلاقلار، كۆلچەكلەر، تۆپىلىكلەر گۈللەپ ياشنىدى. قۇشلار ئەڭ يېقىملىق ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى. سۇ فونتانلار ئەتراپىدىكى يېشىل قىرغاقلارغا تېشىپ چىقىشقا باشلىدى. كۈن تۇتۇلۇشقا باشلىدى، جان ـ جانىۋارلار ناھايىتى ئىسسىپ كەتتى.

شاندانىڭ قىزى ـــ شاجۇدا تۇرغۇچى بۈيۈك مەلىكە ئۆز شېئىرىدا خوتەندىكى دادىسى ۋە تۇغقانلىرىغا بولغان چوڭقۇر مې-

ھىر - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك بەزى لىرىك
شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تەرجىمىسى:

سۆيگۈنى نامايىش قىلىدىغان چاغدا گۈللەر ئۆسىدۇ. مەن بۇ
كۆركەم ھەم خۇشپۇراق ئەتىرگۈلگە موھتاجمەن. ئەگەر بۇ ئە-
تىرگۈل قۇللىرىمدا سولىسا، مەندە يەنە سېنى ئەسلىتىپ تۇرغۇ-
چى ئەتىرگۈل قالمايدۇ.

خوتەن — بۇددىزم تەتقىقاتىنىڭ بىر مەركىزى ئىدى. جۇڭ-
گولۇق بۇددىست ۋە ماركىز Ku–King–sang–Tsuv ئەسىرىدە
دىيانانى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش مەقسىتىدە خوتەنگە كەلگەن. بىراق
خوتەنلىك كىشىلەرنىڭمۇ جۇڭگوغا بولغان تېخىمۇ زور قىزىقىش
ئىچىدە پائالىيەت قىلغانلىقى بىزگە مەلۇم. دېۋاپرايىنا
(Devaprajna)، گىتامىترا (Gitamitra)، شىكشاناندا
(Siksananda)، موكشالا (Moksala) ۋە سىلادارمالار
Siladharma خوتەنلىك بولۇپ، ئۇلار بۇددا تېكىستلىرىنى خەن-
زۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ۋىسائىراسانگا (Visairasanga) 7 –
ئەسىردىكى خوتەنلىك داڭلىق بۇددىست رەسسام. ئۇنىڭ رەسىم-
لىرىدىن مائىترى بۇدساتۋا ئاۋالوكىسۇۋارا ۋە باشقىلار جۇڭگو
ئىمپېرىيە مۇزېيىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ بىر پارچە رەسىمى
Devaraja نىڭ رەسىمى بۇگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇ
نامدار ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، جۇڭگودا بەگ ئۇنۋانىغا
ئېرىشكەن.

بۇددىزم ئەدەبىياتىغا ئائىت كىتابلار ئىچىدە دانىشمەن بىلەن
نادان توغرىسىدىكى چۆچەكلەر توپلىمى بار. بۇ چۆچەكلەر 5 –
ئەسىردە خەنزۇچە خاتىرىگە ئېلىنغان. سەككىز جۇڭگولۇق بۇد-
دىست راھىب بىر بۇددا يىغىلىشى ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپ خوتەننى
زىيارەت قىلغان. دىندار زاتلار بۇ يىغىلىشتا سۇترالارنى ياد ئو-
قۇغان. ھەرقايسىسى ئۆز قابىلىيىتى بويىچە ئۆزىنى باشقۇرۇش
توغرىسىدىكى كىتاب ۋىنايانى شەرھلىگەن. جۇڭگولۇق زىيارەت-
چىلەر ئۇنى ئاڭلىغان ۋە جۇڭگوغا قايتىش يولىدا تۇرپاندا توختاپ
خوتەندە ئاڭلىغانلىرى بويىچە «ئاۋاداناس» ناملىق بىر كىتابنى

تۈزگەن.

خوتەندە بىز ساكلارنىڭ نۇرغۇنلىغان قەبىلە ـ ئۇرۇقلىرىنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ تىلى ھىندىستاندىكى ساكلارنىڭ تىلى ۋە كۇسەنچىگە يېقىن مۇناسىۋەتلىك تىل ئىكەنلىكى مەلۇم. خوتەندە ۋە ھىندىستاندىكى ساكلاردا hara (سوۋغا) سۆزىنى بايقايمىز. بۇ سۆز ئارقىلىق بىز تۇمشۇقتىن تېپىلغان پارچىلاردىكى ئۇلارغا زىچ مۇناسىۋەتلىك تىلنى سېلىشتۇرالايمىز. ئۇنىڭدا (بەرمەك) سۆزى ror بولۇپ خوتەن ۋە ھىندىستاندىكى ساكلاردا ha بولۇپ قالغان. خوتەن ۋە تۇمشۇقتىكى بۇ ئىككى ساك دىئالېكتى ئارد-سىدىكى باشقا پەرقلەر ئۇلارنىڭ يۇكسەك ئورتاقلىقى بىلەن بىللە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ.

خەنزۇچە مەنبەلەردە ساكلار قەشقەردىن غەرب تەرەپكە قاراپ تارالغان دېيىلگەن. بىز شۇنى جەزىملەشتۈرىمىزكى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن بۇرۇن بىر ساك قەبىلىسى خوتەنگە، يەنە بىرى تۇمشۇققا كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ ئۇلار-نىڭ ھۆكۈمران سىنىپىغا ئايلانغان.

يۇقىرىقىلار پروفېسسور بايلېينىڭ خوتەن ھەققىدىكى تو-نۇشتۇرۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. ئۇ «خوتەن تېكىستلىرى»نىڭ 5 ـ تومىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا بۇ تېكىستلەرنىڭ ئەھمى-يىتى ۋە قىممىتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىرىن-چىدىن، ئۇ ئىران تىلى تەتقىقاتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ماتې-رىيال مەنبەسى بولالايدۇ. يوقالغان كونا پارسچە سۆزلەرنى ئەس-لىگە كەلتۈرۈشتە ئۇ مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قايتا تېپىلغان كونا ئىرانچە سۆزلەر «ئاۋېستا» ۋە «رىگاۋېدا» تەتقىقا-تىدا كەم بولسا بولمايدىغان قورالدۇر. ئىككىنچىدىن، بۇددىزم تەتقىقاتچىلىرى ھىندىستان سىرتىدىكى ھىندى مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئاجايىپ كەڭ ھەم مول بۇددىزم ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە ئىگە بولالايدۇ. قەدىمىيرەك بۇددىزم تېكىستلىرى خوتەن پروزىلىرى ۋە شېئىرلىرىدا قايتا بايان قىلىنغان. ئۈ-چىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تېخىمۇ

چوڭقۇرلاپ بىلىشتە مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

خوتەن يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ياۋروپا تەت-قىقاتچىلىرى ھېلىھەم كەڭ ھەم چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارماق-تا. ۋەھالەنكى بۇ يادىكارلىقلار توغرىسىدا بىز تېخى ئەمدىلا بىر-قەدەر كونكرېت مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق. ئۇلار ئۇستىدىكى تەتقى-قاتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىدە گەپ يوق.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **دىلمۇرات مەخمۇت**

# كۆك تۈركچە مەنبەلەردە كۆرۈلىدىغان قەبىلە ۋە قەۋملەردىن چىكلار

سائادەتتىن گۆمەچ[1]

كۆك تۈركچە مەنبەلەردە كۆرۈلىدىغان مۇھىم بىر تۈرك قەبىلىسى چىكلار ھەققىدە ئىنچىكە بىر تەتقىقات يوق. چىكلارنىڭ يۇرتلىرى ۋە مەنبەسى ھەققىدە ھەر خىل كۆزقاراشلار بار. چىكلار خەنزۇ مەنبەلىرىدە سىخ (Sih) ياكى سىپ (Sip)[2] دېيىلگەن قەبىلە بولۇپ، باسمىللاردىن كەلگەنلىكى، كىمەكلەرنىڭمۇ چىكلار بولۇشى مۇمكىنلىكى[3] ھەققىدىكى كۆزقاراشلار بار. ئۇلارنىڭ يەنە قىپچاقلارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىمۇ زىكرى قىلىنىدۇ[4]. بۇنىڭدىن باشقا، كىمەكلەر ئىشىم توبۇل ۋادى-

---

① دوكتور سائادەتتىن گۆمەچ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل، تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئومۇمىي تۈرك تارىخى پروفېسسورى.

② ئەسلىي تېكستتە شۇنداق بېرىلگەن بولۇپ، «سىپ»، «سىخ» دەپ ئوقۇلغان قەبىلە ئىسمىنىڭ خەنزۇچە قانداق يېزىلغانلىقى بېرىلمىگەن.

③ ئىبراھىم كافەسئوغلۇ: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 1983 ـ يىلى 2 ـ بېسىلىشى، ئىستانبۇل 177 ـ بەت؛ فارۇق سۈمەر: «ئوغۇزلار (تۈركمەنلەر) — تارىخى، قەبىلە تەشكىلاتى، داستانلىرى»، 1972 ـ يىلى 2 ـ بېسىلىشى، ئەنقەرە، 31 ـ، 32 ـ بەتلەر: E. H. Parker, Inscription de orkhon journal of the China Branc of the Royal Asiatic Society ,Vol. 31(1896–97), Shanghai, P35. ئۇيغۇر قاغانى مويۇنچۇرنىڭ چىكلارغا قارشى ئىككى قېتىم ئەسكىرىي يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇلارغا تۇتۇق، ئىشبارا، تارقانلارنى تەيىنلىشى؛ كىمەك باشبۇغلىرىنىڭ (باش قوماندانلىرىنىڭ) تۇتۇق ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇشى قاتارلىق ئەھۋاللار، كىمەكلەرنىڭمۇ چىكلاردىن بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئوتتۇرىغا چىقارسىمۇ، ئەسكىرىي ئۇنۋان بولغان تۇتۇقنىڭ ئاز قاتارلىق نۇرغۇن قەبىلە ۋە قەۋملەر تەرىپىدىنمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

④ ئابدۇلقادىر ئىنان: «ماقالىلەر ۋە تەتقىقاتلار»، 1987 ـ يىلى، 2 ـ بېسىلىشى، 4 ـ، 5 ـ بەتلەر.

سىدا ياشىغان دەپ پەرەز قىلىنىسىمۇ، كلاۋسون (Clauson) مەڭگۈ تاشلاردىكى يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ماكانلاشقان جايلىرىنى تۇۋانىڭ شەرقىدە دەپ توغرا كۆرسىتىدۇ[1]. مەڭگۈ-تاشلار بەرگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كۆك تۈركلەر 709 ـ يىلى قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرگەن چىكلار ئۈستىگە بىر قوشۇن ئەۋەتكەن. كۆك تۈرك ئەسكەرلىرى چىكلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن يەنسەي دەرياسىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئەھۋال چىكلارنىڭ كۆگمەن تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا، قىرغىز يۇرتلىرىغا ئۆتىدىغان جايدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

ئالتى ئوتۇز ياشىما چىك بۇدۇن قىرقىز بىرلە ياغى بولتى. كەم كەچە چىك تاپا سۇلەدىم. ئۆرپەنتە سۈڭۈشدىم. سۇسىن ساذ-چىدىم[2].

تەرجىمىسى: يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەن يىلىمدا چىك خەلقى قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ ماڭا دۈشمەن بولۇشتى. كەم دەرياسىدىن ئۆتۈپ چىكلارنىڭ ئۈستىگە ئەسكەر ئەۋەتتىم. ئۆر-پەندە ئۇرۇشتۇم. ئەسكەرلىرىنى نەيزىلىدىم.

بۇ جۈملىلەردىن، قىرغىزلارنىڭ چىكلار ئارىسىدا نوپۇزىنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مويۇنچۇرنىڭ چىكلەرگە قارشى تۇنجى ئەسكىرىي يۈرۈشى 750 ـ (بارس) يىلىدا بولغان بولۇپ، يەنسەي دەرياسى بويىدا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانىدى:

ئانچىپ بارس يىلقا چىك تاپا يۇرىدىم. ئىكىنتى ئاي تۆرت يىگىرمىكە كەمدە توقىدىم. ئول يىل ئول بۇدۇن ئىچىكتى[3].

تەرجىمىسى: شۇنداق قىلىپ بارس يىلىدا چىكلارغا قارشى ئەسكەر تارتتىم. ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىدە كەمدە ئۇرۇش-

---

① G. Clauson – E. Tryjarski The Inscription at Ikhe – Khushotu, Roczniks Orientalist yczny, 34/1, Wraszava 1971, P25. بۇنىڭدىن باشقا ئىبراھىم كافەسئوغلۇنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 177 ـ بەت.

② قاراڭ، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، شەرقىي تەرىپى، 26.

③ قاراڭ: «شىنە ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرىپى، 7 ـ 8.

تۇم. ئۇ يىلى ئۇ خەلق ئەل بولدى ···

چىكلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، بېشىدا قاراگاھىنى قۇرغۇزغان مويۇنچۇر قاغان بۇ يەردە مەڭگۇ تېشىنى يازدۇرۇشقا باشلىغان. 752 ــ يىلى ئۇيغۇرلارغا قارشى باشلانغان بىر ھەرد-كەتتە يەنە چىكلار كۆرۈلىدۇ:

توقۇز ئوغۇز... بەگلەرى كەلتى. ئانتا يەمە ياراماتىن ياغىدۇ ئەرمىش. ئۇرۇڭ بەگىگ، قارا بۇلۇقىغ ئانى ئۆلۇرمىش. قىرغىز تاپا ئەر ئىدمىش. «سىز تاشىقىڭ، چىكىگ تاشقارىڭ» تىمىش. «مەن تاشىقايىن» تىمىش. «كۆر بود قال ئىدا قابىشالىم» تىمىش... توقۇز ياڭىقا سۇ يورىتدىم... تۇتۇق باشىن چىك تاپا بىڭا ئىتدىم... چىك بودۇنىغ بىڭام سۇرۇپ كەلتى... چىك بۇدۇنقا تۇ-تۇق بىرتىم، ئىسباراس، تارقات ئانتا ئانچۇلادىم[1].

تەرجىمىسى: توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ھەممە بەگلىرى كەلدى. ئۇ يەردە يەنە ئىتائەت قىلىشماي يەنە دۇشمەن بولۇشۇپتۇ. ئۇرۇڭ بەگمۇ، قارا بۇلۇقمۇ ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈپتۇ. قىرغىزلارغا ئادەم ئە-ۋەتىشىپ شۇنداق دەپتۇ «سىز چىقىڭ، چىكلارنى چىقىرىڭ» دەپ-تۇ. ئۇ «مەن چىقاي» دەپتۇ. «ئىتائەت قىل ۋە قەبىلە بولۇپ قال، ئورماندا بىرلىشەيلى» دەپتۇ... توققۇزىنچى كۈنى ئەسكەر چىقار-دىم... تۇتۇق باشچىلىقىدىكى چىكلارغا قارشى مىڭ ئادەم ئەۋەت-تىم ··· چىك خەلقىنى مىڭ كىشى سۈرۈپ كەلدى ··· چىك خەل-قىگە تۇتۇق تەيىنلىدىم، ئىشبارالارنى، تارقانلارنى ئۇ يەردىلا تە-يىنلىدىم ···

بۇ قۇرلاردىن، ئۇيغۇرلارغا قارشى قوزغىلاڭنى توققۇز ئو-غۇزلارنىڭ باشلىغانلىقىنى ۋە ئۈچ قارلۇقلارنىڭ باشلامچىلىق قىلغانلىقىنى؛ ئۈچ قارلۇقلارغا دەسلەپىدە قىرغىز ۋە چىكلار-نىڭ، كېيىن بولسا ئاپا ئىسى، تۈركەش ۋە باسمىللارنىڭ قاتناش-قانلىقىنى كۆرىمىز.

[1] قاراڭ: «شىنە ئۇسۇ مەڭگۇ تېشى»، شەرق تەرىپى، 11 ــ 10.

چىكلارغا دائىر ئەڭ ئاخىرقى ئۇچۇر، چىك بىلگە چىغشى[①] ئىسمى ئۇچرايدىغان مىران تېكىستىدۇر. ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، مىران تېكىستى دۇنخۇاڭ رايونىدىن تېپىلغانىدى.

يۇقىرىقىلاردىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: 8 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن كېيىنمۇ يەنسەي دەرياسىنىڭ شەرقىدە ۋە سايان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ياشاۋاتقان چىكلار، گەرچە قىرغىزلارنىڭ بىر تارمىقى بولمىسىمۇ، قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدىغان بىر قەبىلە ئىدى. شۇنداقتىمۇ 10 ـ ئەسىرگىچە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارغا تەۋە دەپ قاراپ كەلگەن. 10 ـ ئەسىردىن كېيىن بۇ قەبىلىنىڭ نامى تارىختىن ئۆچكەن ياكى نامى ئۆزگەرگەن.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **رىزۋانگۈل مامۇت**

① قاراڭ: «مىران تېكىستى»، A تەرىپى، 4 ـ 5 قۇرلار.

بۇ يادىكارلىقنى ستەيىن 1907 ـ يىلى مىران قەلئەسى خارابىلىرى ئىچىدىن تاپقان. بۇ قەلئە ستەيىننىڭ پىكرىگە قارىغاندا، تارىم ھاۋزىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن دۇنخۇاڭغا ئۆتىدىغان يولنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ياسالغان ئىكەن. بۇ يادىكارلىق ئۈچ قىسىم بولۇپ، «ئا» نۇسخىنىڭ يالغۇز بىر تەرىپىگىلا يېزىلغان بولسىمۇ، «ب» نۇسخىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە خەت بار. بۇلاردىن باشقا بۇ ھۆججەتنىڭ يەنە «س» نۇسخىسى بار. تېكىستلەر ئۈچۈن قاراڭ: ھۈسەيىن نامىق ئورخۇن «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى»، 2 ـ جىلد، ئىستانبۇل 1938 ـ يىل، 64 ـ، 67 ـ بەتلەر.

# ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار

## ئابلىز ئورخۇن

چاررۇسىيىنىڭ ھەربىي ئوفىتسېرى چوقان ۋەلىخانوف (قازاق، 1835 ـ 1865)نىڭ شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مول مەزمۇنلۇق مەلۇماتلىرى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىنى ۋە شىنجاڭغا كۆز تىكىپ تۇرغان سىياسىئونلارنى قاتتىق قىزىقتۇردى. چۈنكى ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن كېيىنكى شىنجاڭ ياۋروپالىقلار ئۈچۈن بىر سىر ئىدى.

يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى، رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشى، شەرقتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ زەئىپلىشىشى بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا سەۋەب بولدى. نەتىجىدە ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، شۋېتسىيە، رۇسىيە ۋە ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قولىيازمىلارنى ئېلىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە رۇسىيىنىڭ لېنىنگراد (ھازىرقى سانكىت پېتربورگ) ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ قولىيازمىلار رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ن. ف. پېتروۋسكى، ئېكسپېدىتسىيىچى س. ف. ئولدېنبورگ، يا. يا. ليۇتشا ۋە پانتۇسوف قاتارلىقلار تەرىپىدىن 1910 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يىغىۋېلىنغان. ھازىر بۇ قولىيازمىلار فوندىدا تۈرلۈك مەزمۇندىكى 359 پارچە ئۇيغۇرچە قولىيازما ساقلانماقتا. بۇ قولىيازمىلارنىڭ بىر قىسمى يېزىلىپ خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئۆز

ۋەتىنىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەچكە، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ياكى تېپىلمايدىغان قىممەتلىك بايلىق-قا ئايلىنىپ قالغان. ئا. م. مۇگىنوف تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئا-سىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قوليازمى-لار» ناملىق كىتابتىكى مەلۇماتلاردىن بىز مەدەنىيەت تارىخى-مىزدا نامى تا ھازىرغىچە تىلغا ئېلىنماي كېلىۋاتقان نادىر ئە-سەرلەر، پىشقان ئەدىب، تەرجىمان ۋە كاتىپلارنىڭ بولغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ قوليازمىلارنى مەزمۇن جەھەتتە تارىخ، تەزكىرە، ئەدەبى-يات، دىن، ھۈنەر - كەسىپ، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە قا-تارلىق تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قوليازمىلاردىن شىنجاڭدا يېزىلغان، تەرجىمە قىلىنغان ۋە كۆ-چۈرۈلگەن تارىخىي ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە:

«بەدەۋلەتنامە»، ئاپتورى مۇھەممەد ئۆمەر مەرغىنانى، 1890 - يىلى يېزىلغان. ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى شىنجاڭ تارىخىغا بېغىشلانغان شېئىرىي تارىخ، جەمئىي 61 بەت.

«تارىخىي ئەمىنىيە»، ئاپتورى موللا مۇسا سايرامى. 1910 - يىلى موللا مۇھەممەد تۆمۈر قومۇلى ئىبن ئۆمەر ئىبن نۇرموللا توختىنىياز قومۇلى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. جەمئىي 302 بەت.

«تارىخ جەرىدەئى جەدىيدە»، ئاپتورى قۇربان غالى خالىدى (تاتار). شىنجاڭدىكى بىر قىسىم مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسى، نامدار سوپى - ئىشانلارنىڭ تەرجىمىھالى ۋە خۇيزۇلار تارىخىغا دائىر ئەسەر بولۇپ، 1886 - يىلى يېزىلغان. ئاپتور چۆچەكتە ياشىغان ۋە كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان شەھەر ۋە رايونلاردا ساياھەت ۋە تەكشۈرۈشتە بولغان. بۇ قوليازما 1893 - يىلى چۆچەكتە كۆچۈرۈلگەن. جەمئىي 78 بەت.

«تارىخى خەزانەچى»، ئەسلىي نامى «تارىخى بەناكىتى» بو-لۇپ، 1706 - يىلى يەكەنلىك ئەمىن قۇربانبەك خەزانىچىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە شۇ نام بى-

لەن ئاتالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخى بايان قىلىنغان مەشھۇر تارىخىي ئەسەر. ئەسلىي ئەسەر 1317 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا پارس تىلىدا يېزىلغان. كىتابنىڭ ئاخىرىغا ۋافائى، ئەلىبەگ، زاھىرى، جامى، نەۋايى قاتارلىقلارنىڭ شېئىر ۋە غەزەللىرى بېرىلگەن. قولىيازمىدا تەرجىمان ۋە كاتىپنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان، 125 بەت.

«تارىخىي خاۋەندشاھ»، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىي خەلقلەر تارىخىغا دائىر زور ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنى مەشھۇر تارىخچى مىرخاند ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى يېزىپ چىققان. ئەسەرنىڭ ئەسلىي نامى «رەۋزەتۇسسەفا» بولۇپ، 1737 ـ ۋە 1738 ـ يىللاردا ئەمىر قۇربانبېك ئىبىن نىيازبېكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىرفازىل موللا كىچىك ساقى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە «تارىخىي خاۋەندشاھ» دەپ ئات قويۇلغان. مەزكۇر ئىنستىتۇتتا ساقلىنىۋاتقىنى ئەسەرنىڭ 1 ـ تومىدۇر. ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا «مۇھەممەد ئەلى خان خوجامنىڭ خەتى بۇ تۇرۇر»، «ھەزرەت سايرام بېگىمنىڭ كىتابلارى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. ئالدىنقىسى كاتىپنىڭ، كېيىنكىسى كىتاب ئىگىسىنىڭ نامى بولسا كېرەك، 388 بەت.

مەزكۇر ئىنستىتۇتتا كىتابخانىلىرىمىزغا ناھايىتى تونۇش بولغان مەشھۇر ئەسەر «تارىخى رەشىدىي»نىڭ يەتتە خىل ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ساقلانماقتا.

بىرىنچىسى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، جەمئىي 316 بەت. ئەسەرنىڭ 4 ـ بۆلۈمى يوق.

2 ـ نۇسخا ئەسەرنىڭ تولۇق تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ، جەمئىي 245 بەت، تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى، ئورنى ۋە تەرجىمانىنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلمىگەن.

3 ـ نۇسخا «تارىخى رەشىدىي»نىڭ 4 ـ بۆلۈمى بولۇپ، خوتەن ۋاڭى مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1837 ـ

افلاک شامل شرف کواکب ملاک بیان معارف یزدانی لایق سریر سلطانی ممهد قواعد ملت ربانی
موسس مبانی دولت سبحانی خافض جناح عدل و احسان باعث سرور فراغ امن امان
تربیت کرده سعادت اصحاب کهف و شاه الفت دیاری واده عزیزان کاشانه و دوستان
خدا مروج رواج شریعت و رونق افزای ملت دین و سنت شاه عادل سلطان کامل
ظهور ذی القرنین و خلیفه سعید الکونین اعنی حضرت اسکندر زمان حاکم بیکلربیکی خلد الله تعالی
ملکه و زاد جلالته و شوکته بوزدیده باکمال عزیز ارجمند صاحب غیرت جلال گل نوشکفته گلزار جلالت
و ثمره نورسیده نهال عاطفت رافت ملک دین شاهنشاه باج خراجی یعنی حضرت [illegible] تاج بیکلربیکی
یاد ایتدکلری اقبال یوما فیوما ترقی و ترفیع رتبه ساعت [illegible] صاحب رشد فرزند عزیز ارجمندلری
برلو برمسند عزت و سریر سلطنت اوزره اولتوروب بو بنده کمینه دعاگوی
بطریق التفات خطاب ایلایوب ایتدیلر که تاریخ طبری که اول خلقت بنای عالم و ابتدای آفرینش
حضرت آدم صلوات الله علیه دن تا [illegible] اول پیغمبردن اول پیغمبر اول پادشاه دن
اول پادشاه محمد تا حضرت نبینا علیه الصلاة والسلام تولد اولدقی محمد اندن تا آخر
وفات محمد اندن تورت یار خلفاء الراشدین و امام حسن و امام حسین خلافتلری
محمد اندن خلفای مروانیه اندن خلفای عباسیه واقعاتلری تاریخ [illegible] التی یوز یل محمد
اندازه ال [illegible] اوزرنه دای واردر [illegible] مختصر [illegible] الشمس الله [illegible] واقع لار
مذکور در بو تاریخ طبری زبان عربی [illegible] عبارات مشکل [illegible] دیگر اول زماندن
کیم چنگیز خان خروج ایلایب تا آخر خلفاء عباسیه که مستعصم بالله [illegible] شاه دورانی
[illegible]

يىلى يەكەنلىك مۆھەممەد نىياز ئىبن ئابدۇغوپۇر تەرىپىدىن خو-
تەندە تەرجىمە قىلىنغان. جەمئىي 72 بەت.
4 ـ نۇسخا، «تارىخى رەشىدىي»نىڭ 1 ـ بۆلۈمى بولۇپ، جەمئىي 111 بەت.
5 ـ نۇسخا «تارىخى رەشىدىي»نىڭ 3 ـ، 4 ـ بۆلۈملىرى بولۇپ، بۇمۇ مۆھەممەدنىياز ئىبن ئابدۇغوپۇر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. جەمئىي 147 بەت.
6 ـ نۇسخا «تارىخى رەشىدىي»نىڭ تولۇق تەرجىمىسى بولسىمۇ ئەمما ئاخىرى يوق. بۇمۇ يۇقىرىقى تەرجىمانىنىڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىنغان. جەمئىي 212 ـ بەت.
7 ـ نۇسخا «تارىخى رەشىدىي»نىڭ 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ بۆلۈملىرىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، تەرجىمە جەريانىدا مەزمۇن زور دەرىجىدە قىسقارتىلغان. تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى 1747 ـ يىلى دەپ كۆرسىتىلگەن. تەرجىمانى نامەلۇم. 232 بەت. بۇ تەرجىمە نۇسخا يۇقىرىقى تەرجىملەردىن 100 يىل بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمە نۇسخىدۇر.
«تارىخى كاشغەر»، ئاپتورى نامەلۇم. شىنجاڭنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان تارىخى بايان قىلىنغان. جەمئىي 105 بەت. كىتاب ئاخىرىغا «بۇ ياركەنتلىكنىڭ كىتابى ئېرۇر» دېگەن خەت يېزىلغان.
«تارىخى خوتەن»، ئاپتورى مۆھەممەد ئەلەم، 1894 ـ يىلى خوتەندە يېزىلغان. شىنجاڭنىڭ 1864 ـ يىلىدىن 1894 ـ يىلىغىچە بولغان ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن تارىخىي ئەسەر. جەمئىي 61 بەت.
«تارىخنامەئى ياقۇپخان»، ئاپتورى مۆھەممەد ۋەلەد مىر ئەھمەد شەيخ غەرىب. 1898 ـ يىلى يېزىلغان، ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى تارىخىي ئەسەر. جەمئىي 73 بەت.
«جامىئۇتتەۋارىخ»، ئاپتورى ھاجى يۇسۇپ، ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىدىن تاكى ئۇنىڭ ئۆلۈمىگىچە بولغان ۋەقەلەر

سۆزلەنگەن ئىككى توملۇق ئەسەر. 1908 ـ يىلى قەشقەردە يېزىلغان. جەمئىي 352 بەت.

«مۇنتەھەبەتتەۋارىخ»، ھاجى مۇھەممەد ھەكىم تەرىپىدىن پارسچە يېزىلغان، شەيبانىخاندىن ئاتالىق خاننىڭ ئۆلۈمىگىچە بولغان ۋەقەلەر سۆزلەنگەن تارىخىي ئەسەر. موللامىر سەئىد نەسىر تەرجىمە قىلغان. جەمئىي 434 بەت.

«قىسسەسۇل غەرايىب»، ئاپتورى مۇھەممەد نىياز ئىبن ئابدۇغوپۇربەگ. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەر، تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەر سۆزلەنگەن كىتاب. 1851 ـ يىلى يەكەندە خوتەن ۋالىي مۇھەممەت ئەزىزۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان. ئاپتور «تارىخى رەشىدىي»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان كىشىنىڭ ئۆزىدۇر. جەمئىي 129 بەت.

«رىسالەئى خاقان ئىچىدە تۇڭگانلارنىڭ قىلغان ئىشى»، ئاپتورى نامەلۇم، 1863 ـ يىلىدىن 1877 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بايان قىلىنغان ئەسەر. 1924 ـ يىلى يېزىلغان. جەمئىي 32 بەت.

«جەڭنامە»، ئاپتورى قارى ئۆمەرمۇھەممەد ئۇمىدى، 1888 ـ يىلى يېزىلغان.

ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇرۇشلىرى سۆزلەنگەن تارىخىي ئەسەر. 46 بەت.

يۇقىرىقى تارىخىي ئەسەرلەر ئىچىدە لۈكچۈنلۈك شائىر موللامۇھەممەد ئابۇلئەلىم ئىبن ئاخۇن ئارزۇمۇھەممەد (تەخەللۇسى شائىرئاخۇن)نىڭ چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ ئويراتلارغا قارشى كۆرەشلىرى سۆزلەنگەن «ئىسلامنامە» ناملىق بىر شېئىرىي تارىخىي ئەسىرى بار. بۇ ئەسەر 1767 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 95 بەت.

«رەفىقۇتتالىبىن»، ئاپتورى مىرزا شاھ مەھمۇد ئىبن مىرزا فازىل جوراس، ئەسەرنىڭ ئەسلىي نامى «ئەنىسەتتالىبىن» بولۇپ، ئەبۇ مەنسۇر دېگەن كىشى تەرىپىدىن پارسچىدىن ئۇيغۇر-

چىغا تەرجىمە قىلىنغاندا «رەفىقۇتتالىبىن» (تەلەپكارلار دوستى) دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئەسەردە ئاساسەن ئىسلام تارىخىدىكى تۆت خەلىپە، ئىماملار، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىلىرى ۋە شىنجاڭدىكى خوجىلارنىڭ پائالىيەتلىرى مەركەزلىك سۆزلەنگەن. قولىيازما 1864 ـ يىلى موللا ئەھمەد ئىبنى موللا مۇھەممەد سوپى ئىبنى قۇربان سوپى باي تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن، جەمئىي 96 بەت.

«تەرجىمە مەجمۇئەتۇل مۇھەققىن»، شىنجاڭ خوجىلىرىنىڭ پېشۋاسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ھاياتىغا دائىر تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەرنى مۇھەممەد سادىق يېگىسارى دېگەن كىشى 1696 ـ يىلى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان، قولىيازما جەمئىي 110 بەت.

«ئەمىر ئالى»، ئاپتورى ئوشۇر ئاخۇن ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد (غەرىبى). ياقۇپبەگ ۋە خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى داۋۇد خەلىپە توغرىسىدىكى شېئىرىي تارىخىي ئەسەر. 1863 ـ يىلى خوتەن ھۆكۈمدارى نىيازبېك دادخانىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يېزىلغان، 106 بەت. ئاپتور بۇ ئەسەرنى 30 يېشىدا يېزىپ چىققان.

تەزكىرىلەر قاتارىدا «تەزكىرەتۇل ئەسھاب»، «تەزكىرەئى ئىمام ئەفتەھ ۋە ئىمام قاسىم»، «تەزكىرەئى ئىمام جەفىرى سادىق»، «تەزكىرەئى ئىمام زەبىيھۇللار»، «تەزكىرەئى ئىمام زەينۇلئابىدىن»، «تەزكىرەئى ئىمام مۇھەممەد باقىر»، «تەزكىرەئى ئىمام مۇھەممەد غەززالى»، «تەزكىرەئى ئىمام مۇسا كازىم»، «تەزكىرەئى ئەۋلىيا» (مەشھۇر پارس شائىرى ۋە پەيلاسوپى فەرىدىدىن ئەتتار تەرىپىدىن يېزىلغان ئىسلام تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى بولۇپ، مەزكۇر قولىيازما ئەسەرنىڭ نامەلۇم تەرجىمان تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان 2 ـ بۆلۈمىدۇر)، «تەزكىرەئى ئون ئىككى ئىمام»، «تەزكىرەئى بۇغراخان»، «تەزكىرەئى سابىت ئىبنى نوئمان»، «تەزكىرەئى جامباز غوجام»، «تەزكىرەئى ھەز ـ

رەت سۇلتان ئەسھابۇلكەھف»، «تەزكىرەئى ھەزرەت فاتىمە»، «تەزكىرەئى ھەزرىتى موللام»، «تەزكىرەئى ھەكىم ئاتا»، «تەزكىرەئى خوجىگان»، «تەزكىرەئى خوجا ئوبۇلقاسىم»، «تەزكىرەئى خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى»، «تەزكىرەئى خوجا فىقھىيە ئەييۇب»، «تەزكىرەئى خوجا قۇتبىددىن ئىراقى»، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شېرىف»، «تەزكىرەئى سۇلتان ئەبۇ سەئىد قوچقار ئاتا»، «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، «تەزكىرەئى سۇلتان قۇرمىش»، «تەزكىرەئى شەيخ خوجا باھاۋىددىن»، «تەزكىرەئى شەيخ شەمسىددىن تەبرىزى»، «تەزكىرەئى شەيخ ئەللامە ھەققەباز»، «تەزكىرەئى شەيخ مۇھەممەد ئەتتار»، «تەزكىرەئى شەيخ مەنسۇر ھىجازى»، «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلى»، «تەزكىرەئى مەۋلانا فىقھىيە ئىمام زەينۇلئابىدىن قاغراقى» قاتارلىق 35 پارچە تەزكىرە بار. بۇ قولىيازمىلار ئىسلام دىنى تارىخىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر ھاياتىغا بېغىشلانغان تەزكىرىلەر بولۇپ، ئاز بىر قىسمى ئەرەب، پارس تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغاندىن باشقا، قالغانلىرى ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان.

قولىيازمىلار قاتارىدا تەزكىرە دەپ ئاتالمىسىمۇ لېكىن مەزمۇن جەھەتتە تەزكىرىچىلىككە ياتىدىغان، باشقىچە ناملار بىلەن ئاتالغان ئەسەرلەرمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

تارىخ ـ تەزكىرىگە دائىر يۇقىرىقى ئەسەرلەردىن باشقا يەنە «نەسەبنامەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، «شەجرۇل ئەنساب سەئىد مۇھەممەد ھەكىم خان خوجام»، «شەجەرەئى بۇزۇرگان»، «شەجەرەئى خوجىگان»، «شەجەرەئى سىلسىلەئى مەنەۋى قۇتبۇلئەقتاب ھەزرەت ئىشان خوجا ئىسھاق ۋەلى» ... قاتارلىق مەخسۇس شەخسلەر نەسەبىگە بېغىشلانغان قىممەتلىك قولىيازمىلارمۇ بار.

بىز بۇ قولىيازمىلارنى بىۋاسىتە كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىساقمۇ لېكىن، بۇ تىزىملىكتىن بىز 16 ـ ئەسىردىن

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، تەزكىرە يېزىش، نەسەبنامە تۈزۈشتە خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكى ھەتتا بۇ جەھەتتە پۈتۈنلەي ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ياراتقانلىقىنى پەملىۋالالايمىز.

ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدە نەۋائىي، شاھ مەشرەب، ئەھمەد يەسسەۋى، ھۇۋەيدا، فۇتۇھى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە يىچان لۇكچۇنلۇك موللامۇھەممەد ئابدۇلئەلىم بىننى ئاخۇن ئارزۇمۇھەممەدنىڭ «ئىسلامنامە» ناملىق شېئىرىي تارىخىي ئەسىرى، سەئىد مۇھەممەدنىڭ «شەرھى شىكەستە»سى، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مۇخەممەس نىزارى»، «زادۇننەجات» ئەسەرلىرى، «غېرىبلار ھېكايەتى»، «ياريار»، «كىتابى غەرب»، ئەھمەدشا قاراقاشىنىڭ «ئات ھەققىدە قىسسە» قاتارلىقلار ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. نەسرىي ئەسەرلەردىن «كەلىلە ۋە دەمنە»، «مەئارىجۇننەبۇۋۋە»، «شاھنامە»، «يۈسۈپ ـ زىلەيخا جامى»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «قابۇسنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى بار.

ئەدەبىي ئەسەرلەر قاتارىدا يەنە كىتابخانىلارغا مەلۇم بولمىغان «ئەشئاردەرنىئەت ھەزرەت خان خوجام پادشاھ» دەپ ئاتىلىدىغان ئەرەبچە، پارسچە، ئۇيغۇرچە شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن بىر قولىيازما بار. ئەسەر ئاساسەن خان خوجىغا ئوقۇلغان قەسىدىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، پارسچە شېئىرلارنىڭ ئاپتورى نەجمىددىن ۋە غىياسى دەپ، ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە شېئىرلارنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد سالىھ ياركەندىي دەپ كۆرسىتىلگەن. يەنە بىر توركۇم ئۇيغۇرچە شېئىرلارنىڭ ئاپتورى ئۆزىنىڭ بۇخارادا 12 يىل مۇساپىرلىقتا ياشىغانلىقىنى ئېيتقان، بىراق نامىنى قالدۇرمىغان. ئەسەر 1864 ـــ 1865 ـ يىللاردا يېزىلغان بولۇپ جەمئىي 97 بەت.

قولىيازمىلار ئارىسىدا تەزكىرىلەردىن قالسىلا ھۈنەر كەسىپكە دائىر رىسالىلەر ئەڭ زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ يەنى جەمئىي

همه لشکر قالدی حیران اوبو   شهلار همه قالدی ویران اوبو

خطایه یدی کلیب ظلم بیداد   مسلمان همه شکرینه داد احتیب

خدایا اوز زوننگ بیر کیل اللهن   برا اتیب اوز ونگ قاف نیا فتح

ینه ظلم دین یفه یدی قوللاریک   لا ظلم وستم دین قورتدوبدی لار

بوکون کون غنچه بوستان آباد   مسلمان همه شکر بیدیک سایه ادور

خدا ایدلسون دین احمد قوی   بو عالم آباد قیل یا بخشی

وینه تاریخ قیر بیشنک اوچ یوز اون برنجی سیلیدا ماه شعبان

امعظم نشید اون یکنچی بیده یکشنبه کون زوده تصنیف قیلدار

محمد اعلم ساکن ... ۱۳۱۱

33 خىل ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىسى بار.

قولىيازمىلار ئارىسىدا يەنە ئاپتورى نامەلۇم «تىب كىتابى»، موللا ئەيد ئىبىن موللا غەربىنىڭ «جامىئۇل ھېكمەت»، «ئەغراز تىببىيە» (تەرجىمە ئەسەر)، نامەلۇم ئاپتورنىڭ «رىسالەئى تىب» قاتارلىق تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەر ۋە چايچىلىقا دائىر «چاينامە»، ھەر خىل مىنېراللار ۋە ئۇنىڭ خاسىيەتلىرى، تارقى-لىش ئەھۋالىغا دائىر «جاۋاھىرنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بۇلاردىن باشقا ئاسترونومىيە، پالچىلىق، ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئىسلام دىنىغا دائىر قولىيازمىلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

مەزكۇر ئىنستىتۇتتا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلىنىۋات-قان قولىيازمىلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى، خالاس. بۇ قول-يازمىلارنىڭ ئاز بىر قىسمى رۇس ئۇيغۇرشۇناسلىرى تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن زور كۆپ قىسمى تەتقىق قىلى-نىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

# كۆسەندىن ئېلىپ كېتىلگەن قىممەتلىك ئەسەر «بوۋۇر قەدىمىي كىتابى»

## ئۆمەرجان ھەسەن

قەدىمكى كۇسەن يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، غەرب بىلەن شەرقنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ ئەينى دەۋردە مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا بۇ يەردىن تېپىلغان ئىنسانىيەت مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرى بولغان نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلمەكتە. قەدىمكى كۇسەننىڭ قىممەتلىك ئەسىرى — «بوۋۇر قەدىمىي كىتابى» ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

كىتابنىڭ تېپىلىش جەريانى مۇنداق بولغان: ئەنگلىيىلىك بىر ياش لېيتېنانت ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى داگلىشقا زىيانكەشلىك قىلغان قاتىلنى تۇتماقچى بولىدۇ. ئۇ قاتىلنىڭ كۇچا تەرەپلەردە قېچىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كۇچاغا كېلىدۇ. ئۇ رازۋېتكا قىلىش ئارقىلىق قاتىلنىڭ كۇچا شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقى سىرتىدىكى دەڭدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قاتىلنى تۇتالمايدۇ. تازا تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغاندا، بىر ناتونۇش كىشى قېلىن بىر كىتابنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ ساتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېيتېنانت كىتابقا تەپسىلىي قاراپ چىقىپ، ئۇنىڭ ناھايىتى قەدىمىي كىتاب ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ناھايىتى زىچ ئىمىر ـ چىمىر خەتلەر يېزىلغانلىقىنى، كىتاب ۋاراقلىرىنىڭ قېيىن دەرىخى قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى ئىتتىكلا سېتىۋالىدـ

دۇ ـ دە، كۇچادىن تېز كېتىپ قالىدۇ.
1890 ـ يىلى بۇ لېيتېنانت ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىدىكى دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ قىممەتلىك كىتابنى ئەنگلىيىلىك مەشھۇر شەرقشۇناس خېئارنلېي ئەپەندىگە كۆرسىتىپ بۇ ئەسەر مەنسۇپ بولغان دەۋر ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە ھىندىستانغا كېلىدۇ.
خېئارنلېي ئەپەندى بۇ قەدىمىي كىتابنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ قەدىمىي كىتابتا تېبابەتچىلىك ۋە پېرىخونلۇققا دائىر مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كەم دېگەندىمۇ مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ توخرى تىلىدىكى ئەسەر ئىكەنلىكى بايقىلىدۇ.
كېيىن مۇتەخەسسىسلەر بۇ كىتابنى دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى كىتابلارنىڭ بىرى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ كىتاب يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەنگلىيىلىك لېيتېنانتقىمۇ زور شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدۇ، بۇ لېيتېنانتنىڭ ئىسمى بوۋېر بولغاچقا، بۇ كىتابقا «بوۋېر قەدىمىي كىتابى» دەپ نام بېرىلىدۇ.
«چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ، تۇرپان ۋەسىقىلىرىدىن بىلگەنلىرىم» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە 1889 ـ يىلى بىر قىسىم كىشىلەر كۇچا ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىنى قازغاندا، قېيىن قوۋزاقلىرىغا يېزىلغان بىر قەدىمىي ئەسەرنى ئۇچراتقان. 1890 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك لېيتېنانت بوۋېر بۇ كىتابنىڭ بىر قىسمىنى سېتىۋېلىپ، شۇ چاغدا كالكۇتتادا بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان خېئارنلېينىڭ قولىغا يەتكۈزگەن. خېئارنلېي بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قارۇشتىچە قوليازما ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇ كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنى رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋسكىي قولغا چۈشۈرۈۋالغان.
بۇ قىممەتلىك كىتابنى دۇنيا ئالىملىرى بىردەك دۇنيادىكى

ئەڭ قەدىمكى كىتاب دەپ ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە مۇزېيىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان بۇ قەدىمي ئەسەر كۇچادىن تېپىلغان قەدىمكى كىتابنىڭ تولۇق نۇسخىسىمۇ ياكى بىر قىسمىمۇ؟ ئۇنىڭدىكى يېزىق توخرى يېزىقىمۇ ياكى قاررۇشتى يېزىقىمۇ؟ ئەينى چاغدا رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېترووۋىسكىي قولغا چۇشۇرۇۋالغان نۇسخىسىنىڭ تەقدىرى قانداق بولغان؟ دېگەن مەسىلىلەر تا هازىرغىچە سىر بولۇپ تۇرماقتا.

# گاۋ جۇخۇينىڭ «ئۇدۇن خاتىرىسى» ناملىق سەپەرنامىسى

## مەخمۇت نىزامى

قەدىمدە نۇرغۇنلىغان ئەلچى ۋە سەيياھلار غەربىي يۇرتقا كەلگەن ياكى بۇ يەردىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ھەقتە ساياھاتنامە ۋە سەپەرنامىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ساياھەتنامە، سەپەرنامىلەرنىڭ بەزىلىرىدە مەخسۇس غەربىي يۇرت توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلسە، بەزىلىرىدە غەربىي يۇرتتىكى بەزى جايلار ۋە ئەھۋاللار توغرىسىدا يۈزەكى توختىلىپ ئۆتۈلگەن. بۇلاردىن كۆپچىلىككە تونۇشلۇق بولغانلىرى ئىچىدە شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»، ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، ياللۇغ چۇسايىنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، لى جىچاڭنىڭ «قېرىماس ئەۋلىيانىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، پىلانو كارپىنىنىڭ «موڭغۇل ئېلىگە سەپەر خاتىرىسى»، رۇبرۇكنىڭ «شەرق سەپەرنامىسى»، ھايتۇننىڭ «ھايتۇننىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، ئودورىكنىڭ «شەرققە ساياھەت خاتىرىلىرى»، ماركوپولونىڭ «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىقلار بار.

گاۋ جۇخۇينىڭ «ئۇدۇن خاتىرىسى» (بەزىلەر «گاۋ جۇخۇي سەپەرنامىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ) ناملىق سەپەرنامىسى كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان، كىچىك ھەجىملىك سەپەرنامىلەردىن بولۇپ، ئۆزىگە خاس تارىخىي قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا قەدىمكى تارىخىي ئەھۋاللار، بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇدۇن خانلىقى توغرىسىدا بىر قىسىم مۇھىم مەلۇماتلار بار.

## 1. سەپەرنامىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى

«ئۇدۇن خاتىرىسى»نىڭ ئاپتورى گاۋ جۇخۇي توغرىسىدا بىرەر قانائەتلىنەرلىك مەلۇمات يوق. «يېڭى بەش سۇلالە تارىخى. ئەتراپتىكى باشقا ئىقلىملىقلار خاتىرىسى ـ 3. ئۇدۇن خانلىقى»دا: «جىن سۇلالىسىنىڭ تيەنفۇ 3 ـ يىلى ئۇدۇن خانى لى شېڭتيەن ما جىرۇڭنى ئەلچى قىلىپ، قىزىل تۇز، يوجىن (بىر خىل دورا ئۆسۈملۈك)، قوتاز قۇيرۇقى، قاشتېشى، سىپتا توقۇلغان پاختا رەخت قاتارلىقلارنى سوۋغات قىلىپ ئەۋەتتى. جىن سۇلالىسى خان مۇلازىمى جاڭ كۇاڭيى بىلەن ۋاقىتلىق مۇراسىم بېگى، جاڭ ۋۇجۇن ھىراۋۇل تەپتىش بېگى گاۋ جۇخۇينى تەپتىش بېگى دېگەن سالاھىيەتتە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، لى شېڭتيەنگە (ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانى) دەپ نام بەردى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا جاڭ كۇاڭيى قاتارلىقلار لىڭجۇ ئايمىقىدىن يولغا چىقىپ، ئىككى يىل يول يۈرۈپ ئۇدۇنغا يېتىپ باردى، (تيەنفۇ) 7 ـ يىلى قىشتا قايتىپ كەلدى. گاۋ جۇخۇي بېرىش ـ كېلىش يولىدا كۆرگەن تاغ ـ دەريالار ۋە دۆلەتلەر ھەققىدە خاتىرە يېزىپ قالدۇردى» دېيىلىدۇ. دېمەك، گاۋ جۇخۇي مىلادىيە 938 ـ يىلى خان مۇلازىمى جاڭ كۇاڭيى بىلەن بىرلىكتە ئۇدۇنغا ئەلچى بولۇپ ماڭىدۇ، ئۇ يولدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى قىسقىچە يېزىپ قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئۇدۇن خاتىرىسى» ناملىق بۇ سەپەرنامە بارلىققا كېلىدۇ. «يېڭى بەش سۇلالە تارىخى»دا يۇقىرىقى مەلۇمات بېرىلگەندىن كېيىن، گاۋ جۇخۇينىڭ سەپەرنامىسى قوشۇمچە قىلىپ بېرىلىدۇ.

## 2. «ئۇدۇن خاتىرىسى»نىڭ تولۇق تېكستى

«لىڭجۇ ئايمىقىدا[①] خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، 30 چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، تاڭغۇت (داڭشياڭ)[②]

① لىڭجۇ ئايمىقى ــ ئايماق مەركىزى ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ بىڭۇۇ ناھىيىسىدە بولغان.

② تاڭغۇتلار ــ قەدىمكى مىللەت نامى. ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى چوڭ جىشىشەن، شىنىڭ ۋە گۇيدې ئەتراپلىرىدا ياشايتتى.

لار چېگرىسىغا كىردۇق، بۇ يەر (شياۋشا)، (شىنشۇشا) دەپ ئاتىلىدىكەن. سەنگۇڭشاغا بارغاندا، توخرىلار تۇتۇق بېگى بارگاھىدا تۇندۇق. بۇ يەردىن قۇملۇققا كىرىپ، 400 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول مېڭىپ، خېيباۋشا دېگەن جايغا يېتىپ باردۇق. بۇ قۇملۇق تېخىمۇ كەڭ ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن شالىڭغا چىقتۇق، شالىڭ تاغۇتلارنىڭ سىياسىي مەركىزى ئىكەن، ئۇلارنىڭ باشلىقى (نيەنيا تەگرىقۇت) دەپ ئاتىلىدىكەن. يۆتىڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، لياڭجۇ ئايمىقىغا[①] يېتىپ باردۇق، لياڭجۇ ئايمىقىدىن غەربكە قاراپ 500 چاقىرىم يول مېڭىپ، گەنجۇ ئايمىقىغا يېتىپ باردۇق. گەنجۇ ئايمىقى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي مەركىزىدۇر[②]. گەنجۇ ئايمىقىنىڭ جەنۇبىدا تاغ چوققىلىرى 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇققا سوزۇلغان بولۇپ، بۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كىچىك توخرىلار تۇرۇپ قالغان جاي ئىدى. بۇ يەردە يەنە بىر مىللەت بولۇپ، ئۇلار (لۇجياۋشەن چۆل تۈركلىرى)[③] دەپ ئاتىلىدىكەن، ئېيتىشلارچە، ئۇلار جۇشيې ئۇرۇقىنىڭ ئەۋلادلىرى[④] ئىكەن. گەنجۇ ئايمىقىدىن غەربكە يۈزلىنىپ، قۇملۇققا كىرىشكە باشلىدۇق، قۇملۇقتا سۇ بولمىغاچقا، سۇ ئېلىۋېلىپ ماڭدۇق. گەنجۇلۇقلار جىن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە ئاتقا ياغاچ تاقا ياساشنى ئۆگەتتى. ياغاچ تاقىغا تۆت تۆشۈك ئېچىلىدىكەن، ئاتنىڭ تۇيىقىدىنىمۇ تۆت تۆشۈك ئېچىلىدىكەن، ئاندىن ياغاچ تاقا ئات تۇ-

① لياڭجۇ ئايمىقى — ئايماق مەركىزى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي شەھىرىدە بولغان.

② گەنجۇ ئايمىقى — ئايماق مەركىزى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې شەھىرىدە بولغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ زېمىندا جاڭيېنى پايتەخت قىلغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

③ لۇجياۋشەن چۆل تۈركلىرى — غەربىي تۈركلەرنىڭ ئايرىم بىر قەبىلىسى بولۇپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن شىنجاڭ ئارىلىقىدىكى كەڭ چۆللۈكتە، لۇجياۋشەن تېغىدا چارۋىچىلىق قىلىپ ياشايتتى.

④ جۇشيې — غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۇرۇق نامى بولۇپ، فامىلە ئورنىدا قوللانغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تاڭ سۇلالىسى ئۇلارغا «لى» فامىلىسىنى بەرگەن. چۆل تۈركلىرىنىڭ باشلىقى لى كېيۇڭ بەش سۇلالە دەۋرىدە كېيىنكى تاڭ سۇلالىسىنى قۇرغان.

يىقىغا ئورنىتىلىدىكەن، تۆگە تاپىنىغا بولسا قوتاز تېرىسى يۆ-
گىلىدىكەن، شۇنداق قىلىغاندىلا، (ئات بىلەن) تۆگە قۇملۇقتا ما-
ڭالايدىكەن.

غەربىي شىمالغا قاراپ 500 چاقىرىم يول مېڭىپ، سۇجۇ
ئايمىقىغا[1] يېتتۇق. جىنخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ
100 چاقىرىم يول مېڭىپ، تيەنمېن قوۋۇقىدىن[2] چىقتۇق. يەنە
غەربكە قاراپ 100 چاقىرىم يول مېڭىپ، يۈمېن قوۋۇقى (قاشقو-
ۋۇق)دىن چىقتۇق. تۇبۇتلەر زېمىنىدىن ئۆتتۇق. ئۇ يەردىكىلەر-
نىڭ ئەرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرنىڭكىدەك باش كىيىمى كې-
يىدىكەن، خوتۇن - قىزلىرى چېچىنى تاراپ، ئۆرۈم چاچ قىلىپ
ئۆرۈۋالىدىكەن، بېشىغا زۇمرەت تاقىۋالىدىكەن. ئېيتىشلارچە،
بىر تال ياخشى ئۈنچىگە بىر ياخشى ئات ئالماشتۇرغىلى بولىدى-
كەن. غەربكە قاراپ مېڭىپ گۇاجۇ ئايمىقى[3] بىلەن شاجۇ ئايمى-
قىغا[4] يېتتۇق. ئىككى ئايماق ئاھالىسىنىڭ كۆپى ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكلىكلەر ئىكەن. جىن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ كېلىۋاتى-
قانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ جاينىڭ تۇتۇق ھىراۋۇلى ساۋ يۈەنشېن قا-
تارلىقلار قەلئەنىڭ سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئەلچىلەردىن
تەڭرىقۇتنىڭ[5] ئامان - ئېسەنلىك ئەھۋالىنى سورىدى. گۇاجۇ
ئايمىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئون چاقىرىم جايدا مىڭشا تېغى[6] بار

---

① سۇجۇ ئايمىقى — ئايماق مەركىزى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جيۇچۈەندە بولغان.

② تيەنمېن قوۋۇقى — ئەلچىلەر كېتىۋاتقان دائىرىدە تيەنمېن قوۋۇقى دېگەن قوۋۇق يوق. تېكىستتە بايان قىلىنىۋاتقان سەپەر يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، بۇنى جيايۈگۈەن قوۋۇقى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

③ گۇاجۇ ئايمىقى — ئايماق مەركىزى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاشېدا بولغان.

④ شاجۇ ئايمىقى — ئايماق مەركىزى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرىدە بولغان.

⑤ تەڭرىقۇت — ئەسلىي تېكىستتە «天子» دېيىلگەن. ھۇنلار ئۆز ھۆكۈمدارلىرىنى «تەڭرىقۇت» دەپ ئاتايتتى. قەدىمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان سۇلالىلەرنىڭ پادىشاھلىرىمۇ «تەڭرىقۇت» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

⑥ مىڭشا تېغى — ھازىرقى دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمتاغ.

ئىكەن. ئېيتىشلارچە، مەيلى قىش، مەيلى ياز بولسۇن، ئۇنىڭدىن گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. يەنە ئېيتىشلارچە، ئۇ، «قەدىمنامە»①نىڭ (يۈگۈك پارچىسى)دە خاتىرىلەنگەن ئاقما قۇمتاغ ئىكەن. يەنە شەرقىي جەنۇبتىكى ئون چاقىرىم جايدا سەنۇبىي تېغى② بار ئىكەن، ئېيتىشلارچە، بۇ ياۋ - شۇن دەۋرىدە سەنمياۋلار③ سۈرگۈن قىلىنغان جاي ئىكەن. سەنۇبىي تېغىدىن غەربكە مېڭىپ، دۇشياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بارغان جاي (ياڭگۈەن قوۋۇقى) دەپ ئاتىلىدىكەن. شاجۇ ئايمىقىنىڭ غەربىدىكىلەر (چۇمۇللار)④ دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ سىياسىي مەركىزى خۇلۇچى دېگەن جايدا ئىكەن. ئۇلارنىڭ چۇمۇللار دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار كىچىك توخرىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىكەن. ئۇ يەردىكىلەر باتۇر ۋە ئۇرۇشقاق بولۇپ، گۇاجۇ ئايمىقىدىكىلەر بىلەن شاجۇ ئايمىقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىن قورقىدىكەن. خۇلۇچىغا كەلسەك، خەنىڭدى دەۋرىدە ھۇنلارغا قارشى جازا يۈرۈشى ئېلىپ بارغاندا، قوشۇن ئىۋىرغولدا تۇرۇپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانىدى. ئېھتىمال خۇلۇچى مۇشۇ جاي بولسا كېرەك. بۇ يەردە سۇ يوق ئىكەن، شۇنداقلا بۇ جاي سوغۇق ۋە قار كۆپ جاي ئىكەن، شۇڭا ھەمىشە ھاۋا ئىللىپ، مۇزلار ئېرىگەندىن كېيىنلا ئاندىن سۇ بولىدىكەن. جاڭ كۇاڭيي قاتارلىقلار غەربكە قاراپ يۈرۈپ، چۇمۇللار زېمىنىغا كىرىپ، داتۇن شەھىرىگە⑤ يېتىپ باردى. چۇمۇللار ۋەزىرلى-

① «قەدىمنامە» — شاڭ ۋە جۇ سۇلالىسى تارىخىي ھۆججەتلىرىنىڭ توپلىمى.
② سەنۇبىي تېغى — دۇنخۇاڭ شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.
③ سەنمياۋلار — قەدىمكى قەبىلە نامى.
④ چۇمۇللار — قەدىمكى قەبىلە نامى.
⑤ داتۇن شەھىرى — ساياھەتنامىدە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى كۆرسىتىلمىگەن، چيەن بوچۈەن «چۇمۇللارنىڭ دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ئەھۋالى توغرىسىدا ئېنىقلاشلار» دېگەن ماقالىسىدە «توشقان يىلى (1891 - يىلى)دىكى ھەمسەپەرلىك خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسەردىن كەلتۈرگەن نەقىلدىكى «米元» دېگەن يەر نامىغا ئىزاھ بېرىپ، بۇ «ھازىرقى شىنجاڭنىڭ چاقىلىق ناھىيىسىدىكى مىران قەدىمكى شەھىرى، تاڭ سۇلالىسىدىكى داتۇن شەھىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يىشۇن شەھىرى (伊循城) دەيدۇ. دېمەك، داتۇن شەھىرى قەدىمكى مىران شەھىرىدۇر.

ـرىدىن تۆتىنى، تۇتۇقلىرىدىن 37 ئادەمنى ئەۋەتىپ، جىن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى قارشى ئالدى. جاڭ كۇاڭيي قاتارلىقلار پەرمان چىقىرىپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى، كۆپچىلىك شەرققە قاراپ تەزىم قىلدى. چۇمۇللار زېمىنىدىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، شور تۇپراقلىق يەرگە كىردۇق. سۇ يوق ئىكەن، يەرنى كولاپ نەم قۇم ئېلىپ، ئۇنى مەيدىمىزگە قويۇپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردۇق. يەنە شيەنخې دەرياسىدىن[1] ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. يۇلغۇنلارنى كېسىپ سۇغا تاشلىغاندىلا ئاندىن ئۆتكىلى بولىدىكەن، بۇنداق قىلمىغاندا ئادەم سۇغا چۆكۈپ كېتىدىكەن، يەنە غەربكە مېڭىپ، چيەنجۇ ئايمىقىغا[2] يېتىپ باردۇق. چيەنجۇ ئايمىقىنى ئۇدۇن خانلىقى تەسىس قىلغان ئىكەن. ئۇ شاجۇ ئايمىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، ئېيتىشلارچە، بيەنجېڭدىن[3] 9500 چاقىرىم يىراقتا ئىكەن.

يەنە ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، ئەنجۈن ئايمىقىغا يەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇنغا يېتىپ باردۇق. ئۇدۇن خانى لى شېڭتيەنىنىڭ كىيىمى - كېچەكلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلىكلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن. ئۇ يەردىكى ئوردا - قەسىرلەر شەرققە قارىغان بولۇپ، ‹ئالتۇن ئوردا› دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلەيدىكەن، يەنە بېغىر رەڭ ھاراق، كۆك ھاراق دېگەن ھاراقلىرى بار ئىكەن. بۇ ھاراقلارنى نېمىدىن چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەلمىدۇق، لېكىن ھاراقلىرىنىڭ تەمى بەكمۇ ئېسىل ئىكەن. ئۇلار گۈرۈچ تاماق يېگەندە بال ئارىلاشتۇرۇپ يەيدىكەن، تېرىق تامىقى يېگەندە قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ يەيدىكەن، كىشىلەرنىڭ كىيىمى پاختا رەخت ۋە يىپەك رەختتىن تىكىلىدىكەن. باغلىرى، كۆكتاتلىقلىرى ۋە گۈل - گىياھلىرى، دەل - دەرەخلىرى بار ئىكەن. جىن - شاياتۇن ۋە

---

[1] شيەنخې دەرياسى — ھازىرقى چەرچەن دەرياسى.

[2] چيەنجۇ ئايمىقى — چيەنجۇ ئايمىقى بىلەن تۆۋەندە تىلغا ئېلىنغان ئەنجۈن، يىنجۇ، لۈجۇ، مېيجۇ ئايمىقى قاتارلىق ئايماقلار ئەينى زاماندا ئۇدۇن خانلىقىدا تەسىس قىلىنغان ئايماقلار بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئورنى ۋە دائىرىسى مەلۇم ئەمەس.

[3] بيەنجىڭ — كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى، ھازىرقى كەيفېڭ شەھىرى.

ئەرۋاھلارغا ئىشىنىدىكەن ھەمدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، لى شېڭتىيەن تۇرىدىغان جايدا بىغىر رەڭ كاسايا كىيگەن 50 نەپەر راھىب دائىم ئۇنىڭ ئەتراپىدا خىزمىتىدە بولىدىكەن. ئۇدۇن يىلنامىسى بويىچە بۇ يىل تۇڭچىڭ 29 ـ يىلى ئىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا يىنجۇ ئايمىقى، لۇجۇ ئايمىقى، مېيجۇ ئايمىقى بار ئىكەن. ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى 1300 چاقىرىم جايدا يۇجۇ ئايمىقى بار ئىكەن. ئېيتىشلارچە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جاڭ چيەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدىگەندە، مەنبەسىنىڭ ئۇدۇندىن باشلىنىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغان ھەمدە تاغلىرىدىن قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ، دېگەن جاي مۇشۇ يەر ئىكەن.

خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باش مەنبەسى يۇجۇ ئايمىقىدىن باشلىنىپ، ئۇدۇنغا كەلگەندە ئۈچ تارماققا بۆلۈنىدىكەن: شەرقتىكىسى (يۇرۇڭقاش دەرياسى) دەپ ئاتىلىدىكەن، غەربتىكىسى (يېشىلقاش دەرياسى) دەپ ئاتىلىدىكەن، تېخىمۇ غەربتىكىسى (قاراقاش دەرياسى) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۈچ دەريانىڭ ھەممىسىدىن قاشتېشى چىقىدىكەن، ئەمما رەڭگى ئوخشىمايدىكەن. ھەر يىلى كۈزدە دەريا سۈيى سوغۇلغان چاغدا، ئالدى بىلەن پادىشاھ دەريادىن قاشتېشى سۈزۈپ ئالىدىكەن، پادىشاھ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىدىن پۇقرالار ئالىدىكەن».

3. «ئۇدۇن خاتىرىسى»نىڭ ئەھمىيىتى

گاۋ جۈخۈي 938 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يولغا چىقىپ، ئىككى يىل يول يۈرۈپ، 940 ـ يىلى قىشتا ياكى 941 ـ يىلى باھاردا ئۇدۇنغا يېتىپ بارىدۇ. شۇنىڭدىن بېرى نەق 1052 يىل ۋاقىت ئۆتتى. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنىڭدا بىر قىسىم ناھايىتى ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك بولغان قىممەتلىك مەلۇمات بار، بۇنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، «ئۇدۇن خاتىرىسى»دە ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق رايونلاردا ئەينى زاماندا ياشىغان قەبىلىلەر، مىللەتلەر يەنى تاڭغۇتلار، توخرىلار (كىچىك توخرىلار)، گەنجۇلۇقلار (گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى)، لۇجياۋشەن چۆل تۈركلىرى، تۇبۇتلەر، چۇ-

مۇللار تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە ئۇلار توغرىسىدا بىر قىسىم مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. يەنە قاشقوۋۇقنىڭ سىرتىدىكى بىر قىسىم جايلارنى تۇبۇتلەر ئىگىلەپ تۇرغانلىقى، ئۇلارنىڭ بەزى تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. گۇاجۇ ئايمىقى بىلەن شاجۇ ئايمىقىدا خەنزۇلار ياشايدىغانلىقى، ئۇلارنى تۇتۇق ھىراۋۇلى ساۋيۇەنشېن ئىدارە قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. ئەينى زاماندا ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ياشايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتى بارلىقى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي مەركىزى گەنجۇ ئاي-مىقىدا ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، سەپەرنامىدە سەپەر ئۈستىدىكى يەر - جاي ناملىرى ۋە يول مۇساپىسى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. شۇ-نىڭدەك تاغ - دەريالار ۋە قوۋۇقلار توغرىسىدىمۇ قىسقىچە مەلۇ-مات بېرىلىدۇ. بەزى جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى، بەزى داڭلىق تارىخىي ئورۇنلار تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى دۇنخۇاڭ موگاۋ بۇددا غارلىرى يېنىدىكى مىڭشا تېغى تىلغا ئېلىنىپ، بۇ تاغدا يۈز بېرىدىغان بىر خىل تەبىئىي ھادىسە سۆزلىنىدۇ ۋە ئۇ-نىڭ «قەدىمنامە»دە تىلغا ئېلىنغان ئاقما قۇمتاغ ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ، يەنە سەنۋېي تېغى تىلغا ئېلىنىپ، بۇ يەرنىڭ ياۋ، شۇن دەۋرىدە سەنمياۋلار قەبىلىسى سۈرگۈن قىلىنغان جاي ئى-كەنلىكى كۆرسىتىلىپ، يىراق قەدىمكى زاماندىكى بىر قەبىلە ۋە ئۇنىڭغا دائىر تارىخىي ۋەقە ئەسلەپ ئۆتۈلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، سەپەرنامىدە ئۇدۇن خانلىقى توغرىسىدا بەزى مۇھىم مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. ئۇدۇن خانى لى شېڭتيەن ۋە ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ، ئاندىن خان ئوردىسىنىڭ «ئالتۇن ئوردا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ۋە ئۇدۇن شەھىرىدە «يەتتە سۇمرۇغ راۋىقى» دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر بىر راۋاقنىڭ بارلىقى بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئادەتتىكى تۇرمۇشقا دائىر ئەھۋاللار يەنى ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، يېمەك - ئىچ-مىكى توغرىسىدا سۆز بولۇنۇپ، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلەيدىغانلىقى، ھاراقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، تەملىك ئىكەنلىكى،

ئۇلارنىڭ گۇرۇچ ۋە تېرىق تامىقى يەيدىغانلىقى، پاختا رەخت بىلەن يىپەك رەختتىن كىيىم - كېچەك كىيىدىغانلىقى، يەنە ئۇدۇنلۇقلارنىڭ كۆكتات ئۆستۈرىدىغانلىقى يېزىلىدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئۈزۈمچىلىك، ئېكىنچىلىك، كېۋەزچىلىك، پىلىچىلىك، كۆكتاتچىلىق قاتارلىق ئىگىلىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر مۇھىم مەلۇمات شۇكى، ئۇنىڭدا ئەينى زاماندا ئۇدۇنلۇقلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ، ئۇدۇن ئايماقلىرى كۆرسىتىلىدۇ ۋە يۇجۇ ئايمىقىدىن قاشتېشى كۆپ چىقىدىغانلىقى، بولۇپمۇ يۇرۇڭقاش، قاراقاش ۋە يېشىلقاش دەريالىرىدىن ئۈچ خىل رەڭدىكى قاشتېشى چىقىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇدۇنلۇقلارنىڭ دەريادىن قاشتېشى ئېلىش ماھارىتى تونۇشتۇرۇلىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ دەريانىڭ ئالدىنقى ئىككىسى ھازىر مۇشۇنداق ئاتىلىدۇ. لېكىن يېشىلقاش دەرياسىنىڭ قايسى دەريا ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەپەرنامە نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس. بىرىنچىدىن، مەلۇماتلارنىڭ ناھايىتى قىسقا ۋە ئاددىي بولۇشى ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئاساسىي نىشان بولغان ئۇدۇن توغرىسىدىكى مەلۇماتلار نىسبەتەن كۆپرەك بولسىمۇ، قانائەتلىنەرلىك ئەمەس. ئىككىنچىدىن، چۇمۇللارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي مەركىزى خۇلۇچى توغرىسىدىكى ھۆكۈم خاتا بولۇپ قالغان. ئۈچىنچىدىن، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى مەلۇمات توغرا ئەمەس. بۇنى كېيىنكىلەر ئېنىقلاپ چىقتى. لېكىن بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزقارىشى ئەمەس. ئۇ بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغان، تارىخىي خاتىرىلەردىكى مەلۇماتنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن. بۇ خاتا ھۆكۈمنى جاڭ چيەن ئوتتۇرىغا قويغان. گاۋجۇخۇي بۇ ھۆكۈمنى تەكرارلىغان، خالاس.

ئاپتور بۇ سەپەرنامىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئەمەس، بەلكى ۋەزىپە بىلەن كېتىۋاتقان سەپەر يولىدا يازغان. شۇڭا يۇقىرىقىدەك نۇقسانلارنىڭ يۈز بېرىشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

# چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا يولغا قويغان مەنسەپ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى

ئابدۇساتتار ھامىدىن

چىڭ سۇلالىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراتقان ھەربىي يۈرۈشىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

1755 ـ يىلىدىن 1759 ـ يىلغىچە ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، خان ئامباللار قويۇلدى. بۇ خان ئامباللار ئادەتتە، بىرەر ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئورۇنلىشىشى، مۇداپىئەلىنىشى قاتارلىق لەشكىرىي ئىشلارنى باشقۇراتتى. 1760 ـ يىلى ئىلى جاڭجۇنى تەسىس قىلىندى، بۇ چاغدا تېخى مۇكەممەل باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋۇجۇدقا كەلمىگەنىدى. 1762 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى چيەن لۇڭ ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسىنى رەسمىي تەسىس قىلىپ، ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى. بۇ ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ئىدى. ئىلى جاڭجۇنى شىنجاڭدىكى ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ھەربىي مەھكىمىنىڭ قارىمىقىدا باش بۇغ، مەسلىھەتچى ئامبال، خان ئامبال، ئاغلاقچى ئامبال قويۇلغانىدى. باش بۇغ بىر رايوننىڭ ھەربىي ئەمەلدارى بولۇپ، مەنسەپ دەرىجىسى جاڭجۇن بىلەن ئوخشاش ئىدى. ھەر ئىككىسى 1 ـ دەرىجىلىك مەرتىۋە ھېسابلىناتتى. شۇڭا جاڭجۇن بىلەن باش بۇغ بىر جايدا تەسىس قىلىنمايتتى. يانداش بۇيۇرغا بىلەن جاڭجۇننى بىر جايغا قويۇشقا بولاتتى. يانداش بۇغ بىلەن باش بۇغنى جاڭجۇن باشقۇراتتى.

جاڭجۇن مانجۇ مىللىتىدىن ياكى چىڭ سۇلالىسى خانلىرىغا ئەڭ سادىق موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن قويۇلاتتى. ئۇ ئادەتتە، چىڭ سۇلالىسى خانلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن تاللىناتتى.

ئىلى جاڭجۇنى تەسىس قىلىنغان دەسلەپكى چاغلاردا (762 ـ يىلى) ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىلى ـ چۆچەك مەسلىھەتچى ئامبىلى، خان ئامبىلى، لەشكەر بېشى (ئاغلاقچى خان ئامبال)، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى ۋە يانداش خان ئامبىلى، ئۇرۇمچى باش بۇ-غى قويۇلغانىدى. شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار بويىچە ئەڭ مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىپ مەسلىھەتچى ئامبال، لەشكەر بېشى، خان ئامباللار قارىمىقىدا كۆپلەپ لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ قارىمىقىدا يېڭىسار، خوتەن لەشكەر بېشى، يەكەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، كۇ-چا، قاراشەھەر خان ئامبىلى ۋە يەكەن يانداش خان ئامبىلى قو-يۇلغانىدى. ئۇرۇمچى باش بۇغىنىڭ قارىمىقىدا تۇرپان لەشكەر بېشى، شىخو، گۇچۇڭ، باركۆل لەشكەر بېشى، قومۇل خان ئام-بىلى بار ئىدى. بۇ مەنسەپدارلار جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىي قو-شۇنلارنى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. بۇ مەنسەپدارلار ئادەتتە 1 ـ دەرىجىلىك ۋە 2 ـ دەرىجىلىك مەرتىۋىدىكىلەر ھېسابلىناتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى 3 ـ دەرىجىدىن تۆۋەن مەرتە-ۋىدىكىلەر ئىدى، ئۇلار ھاكىم بەگ، ئىشىكئاغا بەگ، شاڭ بەگ، خەزىنىچى بەگ، مۆتىسىپ بەگ، ناقىپ بەگ، قازى بەگ، مىراپ بەگ، شىغاۋۇل بەگ، باغتار بەگ، مىڭ بەگ، ئەرباب بەگ، دوگان بەگ، باجگىر بەگ، قازى بەگ دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ 3 ـ دەرىجىدىن 7 ـ دەرىجىگىچە بولغان مەرتىۋە تەمىناتىدىن بەھرى-مەن بولاتتى، بۇ بەگلەرنى مەسلىھەتچى ئامبال ۋە خان ئامباللار تاللاپ ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسىگە يوللاپ تەستىقلىتىپ ئىشقا قوياتتى. 3 ـ دەرىجىلىك مەرتىۋىگە ئېرىشكەن ھاكىم بەگلەرنىڭ مانجۇچە چاچ قويۇشى يەنى چېچىنىڭ ئالدىنى چۈشۈرۈۋېتىپ كوكۇلا قويۇشى، مانجۇچە كىيىنىشى مەجبۇرىيەت ئىدى. چىڭ

سۇلالىسىگە بالدۇر ئەل بولغان قومۇل ۋە تۇرپان ۋاڭلىرىمۇ ھەر-بىي ۋازارەت ۋە خان ئامباللارنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلاتتى. بۇ رايونلار بىر مەزگىل گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارد-غانىدى، كېيىن جاڭجۇن مەھكىمىسىگە قارىدى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ھەربىي ئىدارە قىلىشنى كۈچەي-تىش ئۈچۈن جايلاردا يەنە ياساۋۇل بەگ تەسىس قىلدى، ئۇ ئۆلكە دەرىجىلىك مەنسەپ بولۇپ، مەنسەپ دەرىجىسى جاڭجۇن بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇمۇ 1 ـ دەرىجىلىك مەرتىۋە ئىدى، لېكىن يا-ساۋۇل بەگنى باشتا جاڭجۇن، كېيىنكى كۈنلەردە باش مۇپەتتىش باشقۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە باركۆل ھەربىي ياساۋۇل بېگى تەسىس قىلىندى، ئۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەربىي-لەرنى ۋە ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىنى باشقۇر-دى. شىنجاڭدا شۇ مەزگىللەردە يەنە باركۆل (كېيىن ئۈرۈمچى)، ئاقسۇ (كېيىن قەشقەر) ۋە ئىلى قورغانلىرى قۇرۇلۇپ، قور-غانلارغا باش بۇغ قويۇلدى. باش بۇغلار ياساۋۇل بەگنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇناتتى، باش بۇغ 2 ـ دەرىجىلىك مەرتىۋە ھېسابلىناتتى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايەت (ئاي-ماق)، ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باش مۇپەتتىش قويۇل-دى. لېكىن ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلارنىڭ باشقۇرۇلۇشى، ھەربىي ئىشلىرى يەنىلا ئىلى جاڭجۇنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. باش مۇپەتتىشنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى جاڭجۇندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئىدى.

1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر باش مۇپەتتىش قويۇلۇپ، ئۈرۈمچىدە تۇرغۇزۇلدى. ئۇ شەنشى ـ گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا قارىدى. باش مۇپەتتىشنىڭ قول ئاستىدا ۋالىلىق (ۋىلايەت) تەسىس قى-لىندى. شىنجاڭدا دەسلەپتە تۆت ۋالىلىق بولۇپ، ئۆلكە قۇرۇل-غاندىن كېيىن ئىلى، تارباغاتاي ۋالىلىقى جاڭجۇنىنىڭ باشقۇرۇ-

شىغا قارىدى. باش مۇپەتتىشكە ئۈرۈمچى، باركۆل ۋالىيلىقى، ئاقسۇ ۋالىيلىقى، قەشقەر ۋالىيلىقى قارىدى. ۋالىيلىق قارىمىقىدا مەھكىمە ياكى بىۋاستە قاراشلىق ئايماق بولدى، مەھكىمىگە ئامبال قويۇلدى، ئۇ 4 ـ دەرىجىلىك مەرتىۋە ئىدى. بىۋاستە قاراشلىق ئايماق ئامباللىرى 5 ـ دەرىجىلىك مەرتىۋە ئىدى. مەھكىمىلەرنىڭ قارىمىقىدا ناھىيە تەسىس قىلىنىپ ئامبال قويۇلدى. ئۇ 7 ـ دەرىجىلىك مەنسەپ ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى قومۇل، تۇرپان ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى قازاق، موڭغۇللار ئارىسىدا جاساق (قەبىلە باشلىقى مەنىسىدە) تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۇلارغا چىنۋاڭ، ئىنانچىخان، بېلى، بەيسى بەگ ، تەيجى دېگەن مەنسەپلەرنى بېرىش ئارقىلىق خانغا سادىق قىلىپ، ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى. جاساق تۈزۈمى ۋارىسلىق تۈزۈمى بولۇپ، ئادەتتە چىڭ سۇلالىسىگە ئەڭ سادىق يەرلىك ئاق سۆڭەكلەرگە بېرىلگەن ئىمتىياز ئىدى. ئۇلارنى ئوردا تەيىنلەيتتى، قالدۇراتتى ۋە نازارەت قىلاتتى.

باش مۇپەتتىش قارىمىقىدا پەرمانبەردار مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پەرمانبەردار 2 ـ دەرىجىلىك ئەمەلدار ھېسابلىناتتى، ئۇ ئۆلكىنىڭ مالىيە، باج، كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، تەپتىش 3 ـ دەرىجىلىك مەنسەپ بولۇپ، ئاساسەن، ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. بۇ مەنسەپكە مەخسۇس ئادەم قويۇلمىغان بولۇپ، ئۈرۈمچى ـ باركۆل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قوشۇمچە ئۆتەيتتى.

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئالتاي ئالاھىدە رايونىمۇ ئۆلكىگە قارايدىغان بولدى.

ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن مەنسەپدارلار ئۆلكە دەرىجىلىك ۋە يەرلىك دەرىجىلىكتىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈندى، ۋالىي مەمۇرىي باشلىق، دوتەيلەرنى ئۆلكە بەلگىلەپ ئەۋەتەتتى، ئۇلارمۇ يەرلىك مەنسەپدارلار ھېسابلىنىپ، ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلار

ھېسابىغا كىرگۈزۈلمەيتتى. مەھكىمە، بىۋاستە قاراشلىق مەھ-
كىمە، بىۋاستە قاراشلىق ئايماق قاتارلىق يەرلىك تەشكىلىي
تۈزۈلمە 1913 - يىلى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىگە
ئۆزگەرتىلدى، مەھكىمە، ئايماقلارنىڭ ئامباللىرى ناھىيە ئامبىد-
لى قاتارىدا ھېسابلاندى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەنسەپدارلار يالغۇز قويۇلاتتى، ئا-
دەتتە ئورۇنباسارى بولمايتتى. مەنسەپدارلارغا دىيانەتلىكنى
ساقلاش پۇلى، ئۇلارغا ئىشلەيدىغان مۇلازىم (يانچى)لار ئورۇنلاش-
تۇرۇلاتتى. 3 - دەرىجىلىك مەرتىۋىدىكى ھاكىم بەگ 80 ئادەم
ئىشلىتەتتى، دەرىجىسى تۆۋەنلىگەنسېرى ئىشلىتىدىغان ئادەم
سانى ئازلاپ باراتتى. ئۇلارغا بېرىلىدىغان يەر يېڭى ئېچىلغان
بوز يەردىن سىرت ھۆكۈمەت مۇسادىرە قىلىپ ئالغان يەرلەر ئىد-
دى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىمتىيازىغا ئېرىشكەن ۋاڭلار ئۆز رايو-
نىدىكى زېمىن، ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلكى ھېسابلايت-
تى، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرمىسىلا، يەرلىك
ۋاڭلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى سۈرۈشتۈرۈلمەيتتى. چىڭ
سۇلالىسى ۋاڭلاردىن باشقا مەنسەپدارلارنى ئۆز يۇرتىدا مەنسەپكە
قويماي، باشقا يۇرتقا ئالماشتۇرۇپ قوياتتى، بىر ئادەمنىڭ ھەم
بەگ، ھەم ئاخۇن بولۇشىغا يول قويۇلمايتتى.

# ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئوسماننى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشى

خۇاڭ جيەنخۇا

ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، شىمالىي شىنجاڭدىكى قازاق خەلقىنىڭ توپىلىڭىغا نىسبەتەن تەشۋىق - تەربىيە، ھال سوراش سىياسىتىنى قوللاندى، تەشۋىق - تەربىيە، ھال سوراش سىياسىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەۋقەسى ئوسماننى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا قويۇلغاندى. ئوسماننىڭ تەسلىم بولۇشى «گومىنداڭنىڭ ئۇزاق مەزگىل ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ، قىزىقتۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى»①. بۇ ئۆزىگە تارتىپ، قىزىقتۇرۇش 1944 - يىلى 10 - ئايدا ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ ئۇزاق ئۆتمىگەن ۋاقىتتىن باشلىنىپ، 1946 - يىلى 3 - ئايدا ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىدىن ئىستېپا بەرگەندە ئاياغلاشقان. ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئوسماننى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش پائالىيىتىنى بىلىدىغانلار ئاز، بۇ ماقالىدە ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسەن ۋۇ جۇڭشىننىڭ بۇ پائالىيىتى بايان قىلىنىدۇ.

**1. ئوسماننى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشنىڭ سەۋەبى**

ۋۇ جۇڭشىن ئەنخۇي ئۆلكىسى خېفېي شەھىرىدىن، ئۇ ئىلگىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى موڭغۇل - تىبەت كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولغان، چېگرا رايوننىڭ ئىشلىرىغا پىششىق ئىدى. ئۇ 1944 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولغاندىن كېيىن قازاق خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيانقى توپىلاڭلىرىنىڭ

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - قىسىم 383 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشر قىلغان.

ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئوسماننى ئەل قىلىش سىياسىتىنى بەلگىلىدى. بۇ سىياسەتنىڭ شەكىللىنىشىدە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بار ئىدى:

1) ئوسماننى پەقەت قورالغىلا تايىنىپ يوقىتىش قىيىن ئىدى

شىنجاڭدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ توپىلاڭلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا باشلانغان. ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۆبەنى شىڭ شىسەي قازاق چارۋىچىلارنىڭ قارشىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېنىقلاش ھەرىكىتىنى قوزغىغان. مىللىتىق چارۋىچىلارنىڭ ئوۋ ئوۋلايدىغان ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ زىيان ـ زەخمىتىدىن قوغدىنىدىغان قورالى، يۇقىرىغا مىلتىق تاپشۇرۇش چارۋىچىلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت بولغاچقا، بۇ ھەرىكەت ھۆكۈمەتكە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە پىلىك بولدى. قازاق چارۋىچىلارنىڭ توپىلىڭى نەچچە قېتىم كۆتۈرۈلۈپ، نەچچە قېتىم پەسەيگەن، لېكىن باشتىن ـ ئاخىر ئۈچمىگەن. ئوسمان ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، جەڭ قىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن توپىلاڭنىڭ باشچىسى بولۇپ قالغانىدى. تاشقى موڭغۇلىيە ئوسماننى قوللاپ، ئۇنىڭغا ھەربىي مەسلىھەتچى ئەۋەتىپ بېرىپ، ئۇنى قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلىدى. ئوسمان ھەربىي ئىشلاردا ئوچۇقشىزلىقتا يولۇققاندا تاشقى موڭغۇلىيە بىۋاسىتە ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بەردى. قازاق مىللىتى ئاتلىق يۈرىدىغان مىللەت، ئۇلار چەۋەنداز ھەم مەرگەن كېلىدۇ، يەر شارائىتى بىلەنمۇ پىششىق تونۇش، جەڭ قىلغىلى بولىدىغان چاغدا يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇرۇشقىلى بولمىسا تاغ چۆللەرنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ چىقمايتتى. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ بولغاچقا، گومىنداڭ ئەسكىرىي كۈچىنى يېتىشتۈرەلمەي، ھەممىلا يەردە مۇداپىئە قۇرغان بولسىمۇ، پاسسىپ ھالەتتە دەككە يەپلا تۇراتتى. ئوسماننى باستۇرۇشنى ئاساس قىلغاندا، باستۇرغانسېرى توپىلاڭچى ئامما شۇنچە كۆپىيىپ كېتەتتى. قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تېزدىن تىن-

چىتىمىغاندا، تۇرلۇك زىددىيەتلەرگە تولۇپ كەتكەن شىنجاڭ تېپىمۇ مالىمانلىشىپ كېتەتتى. بۇنىڭ خەۋپىنى چوڭقۇر بىلىدىغان ۋۇ جۇڭشىن باستۇرۇش بىلەن ھال سوراشتىن تەبىئىيلا ھال سوراش ۋاستىسىنى تاللىدى.

2) ئوسمان قارشى تۇرۇش نىشانىنى يىتتۇرۇپ قويدى

«ئوسمان ماھىيەتتە قاراتۇرك، دىنىي ئېتىقادى، فېئوداللىق ئېڭى كۈچلۈك ئادەم ئىدى»[1]. ئۇ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشتا «شېڭ دۇبەننىڭ زوراۋان سىياسىتىنى قارشى تۇرۇش نىشانى قىلىپ، خەلقنى شېڭ شىسەينىڭ خەلقنى قالايمىقان تۇتۇپ، زورلۇق بىلەن شىلىشىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان»[2]. شېڭ شىسەي ۋەزىپىسىدىن قالغاندىن كېيىن، ۋۇ جۇڭشىن «باج ـ سېلىقنى راسا كېمەيتتى»[3]، ئوسماننىڭ «ھۇجۇم قىلىش نىشانى ئېغىزدا بولغان بىلەن» «ئاللىقاچان مەۋجۇت بولماي قالدى»[4]، گومىنداڭ قورال كۈچى ئىشلەتكەندىن تاشقىرى «ھال سوراش چارىسىنى قوللىنىپ، مەردلىك كۆرسىتىپ، ئۇنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولدى»[5].

3) ئوسمان سوۋېت ئىتتىپاقى، تاشقى موڭغۇلىيىلەر بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالدى

سوۋېت ئىتتىپاقى، تاشقى موڭغۇلىيە ۋە ئوسمانلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىدى، بۇ ئىككى تەرەپ ھوقۇق ـ مەنپەئەت ئۈچۈنلا ئامالسىز بىرلەشكەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينى سوۋېتكە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن جازالىماقچى ئىدى، ئەينى چاغدا شىنجاڭدا پەقەت ئوسمانلا قولىغا قورال ئېلىپ شېڭ

[1] بەي جېنشېڭ، لى جۇشىنلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە ھازىرقى زامان سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تارىخى» 448 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشرى.

[2] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»، مىنگونىڭ 33 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.

[3] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

[4] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

[5] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

شىسەي بىلەن قارشىلىشىۋاتاتتى، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى. ئوسمان سىرتقى كۈچلەردىن مەدەت ئېلىش ئۈچۈنلا سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيىلەرگە تايانغاندى. ئەمەلىيەتتە ئۇ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە ئىدېئولوگىيىسى» بىلەن «قەتئىي چىقىشالمايتتى»[①]. 1934 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزلىرىدە تەربىيىلەنگەن ئىنقىلابچى دەلىلقاننى ئوسماننىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، كۆرۈنۈشتە ئوسمانغا ياردەملەشكەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمەكچى بولدى. دەلىلقان ناھايىتى تېزلا ئوسماننى قورۇق قىلىپ قاراتىۋالدى. «ھەممە ئىش دەلىلقاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن بولىدىغان بولدى»[②]. ئوسماننىڭ يېنىدا تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ ئەۋەتكەن نازارەتچىسى بار ئىدى، «ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئۆز ئىختىيارىدا ئەمەس ئىدى»[③]. «قەيەرگە بېرىش، قەيەردە تۇرۇشنىمۇ تاشقى موڭغۇلىيە بەلگىلەپ بېرەتتى ھەم نازارەت قىلاتتى»[④]. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت كۈندىن ـ كۈنگە چوڭقۇرلاشقاندىن كېيىن، ئوسمان باشقىلارغا: «تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ماڭا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئوبدان بىلىمەن، كېيىنلىكتە ئۇلار مېنى يا تۇتۇپ كېتىدۇ، ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن. ۋۇ جۇڭشىن بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئوسماننى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش ئىرادىسى كۈچەيدى، ئۇ، بۇنداق قىلغاندا 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پارتلىغان ئىلى ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاتقىلى بولىدۇ، بۇ پەردە ئارقىسىدىكى رىياسەتچى سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ «تېخىمۇ قاتتىق بىر زەربە» بولىدۇ، دەپ چوڭقۇر ئىشىنەتتى.

4) ئوسمان ئاددىي نەسەبتىن بولغاچقا، ئاممىنى باشقۇرال ـ

---

① بەي جېنشېڭ، لى جۇشىن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە ھازىرقى زامان سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تارىخى».

② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

③ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

④ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

مايتتى.

قازاق خەلقى كۆچمەن چارۋىچى پاترىئارخاللىق فېئوداللىق جەمئىيەتكە مەنسۇپ ئىدى، چارۋىچىلار قەبىلە باشلىقىنىڭلا گېپىنى ئاڭلايتتى. شىڭ شىسەي قازاقلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ۋە باشقا يۇز ــ ئابرۇيلۇق زاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۈرمىگە تاشلىدى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈك ــ تىرىكىنى بىلگىلى بولمىدى. ئوسمان ھۆكۈمەتكە قارشى چىققاندا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشكەنىدى. لېكىن ۋۇ جۇڭشىن قازاقلارنىڭ ئەلەن ۋاڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم مۆتىۋەرلىرىنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ كىشىلەر دەرھال ئالتاي قاتارلىق جايلارغا قايتىپ كېلىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ چاغدا ئاددىي چارۋىچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئوسماننىڭ ئىناۋىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئوسمانوۋ ئامالسىز: «مەرتىۋەم ئەسلىي تۆۋەن ئىدى، ئىلگىرى قازاقلارنىڭ باشلىقلىرىنى ھۆكۈمەت تۇتۇپ كەتكەچكە، ماڭا ئاۋاز قوشۇپ، قازاق خەلقى مېنى قوللىغانىدى، بۈگۈنكى كۈندە شىڭ شىسەي كېتىپ، ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، قازاقلارنىڭ ئەلەن ۋاڭ قاتارلىق باشلىقلىرى ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، مېنىڭ چاقىرىقىم ئەسقاتماس بولۇپ قالدى، خەلقنىڭ رايىنى تارتىشقىمۇ ئىشەنچىم يوق»[①] دەپ ئېتىراپ قىلدى. ۋۇ جۇڭشىن ئوسمان قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، تاشقى جەھەتتە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالدى، ئىچكى جەھەتتە، خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلدى، ئامما ۋە يېقىنلىرى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى، شۇڭلاشقا ئۇ «ئىتائەت قىلىشنى خالايدۇ»[②] دەپ قارىدى.

**2. ئوسماننىڭ چاپارمەنلىرىنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش**

1944 ــ يىلى 11 ــ ئاينىڭ 7 ــ كۈنى ۋۇ جۇڭشىن رىياسەتچىلىك قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىنى ئاچتى. يىـ

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.
② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

غىندا خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى دىڭ شياڭخەينىڭ باشچىلىقىدا تەشۋىق ـ تەربىيە بېرىش، ھال سوراش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تەشۋىق قىلىش، ھال سوراش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. تەشۋىق قىلىش، ھال سوراش كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدا نۇرغۇن تەشۋىق قىلىش ـ ھال سوراش ئەترەتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئابرۇيلۇق زاتلاردىن تەشكىللەنگەنىدى. مەسىلەن، قازاقلاردىن ئەلەن ۋاڭ، ئۇنىڭ خوتۇنى خادىۋاڭ قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. تەشۋىق قىلىش ـ ھال سوراش ئەترەتلىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى، خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى، شېڭ شىسەينىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىنى بىكار قىلىپ، خەلق بىلەن يېڭىباشتىن مۇناسىۋەت باغلىماقچى ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلدى. تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولدى، چېچىلىپ كەتكەن چارۋىچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قايتىپ كەلدى، «ھەرقايسى ناھىيىلەر تىنچلاندى»[1]، مۇشۇنداق قىلىپ، ۋۇ جۇڭشىن پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوسمانغا تاقابىل تۇردى.

ئوسماننىڭ قول ئاستىدا مانات، كېلىس، سۇلايمان، قاباس، كامىل دەپ بەش چاپارمىنى بار ئىدى. ماناتنىڭ كۈچى ئەڭ زور بولۇپ، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقايلاردا ھەرىكەت قىلاتتى؛ كېلىس ماناتقا يېقىن ئەتراپتا ماناتنىڭ ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇراتتى؛ سۇلايمان بىلەن قاباس ماناس، شىخولارنىڭ شىمالىدىكى شىمالىي قۇملۇق ئەتراپىغا جايلاشقانىدى؛ كامىل ئوسماننىڭ ئىنىسى بولۇپ، بەيتىك تېغىدا ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرقوجاي شىمالىي قۇملۇق ئەتراپىغا جايلاشقانلارنىڭ مۇھىم ئاتامانلىرىدىن ئىدى. ۋۇ جۇڭشىننىڭ كۈچلۈك تەشۋىقات ھۇجۇمى ئالدىدا، ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكى جايلاردىكى باشلىقلار «كۆ-

[1] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

رونوشته ئۇنىڭغا بويسۇنغان، كۆڭلىدە تەۋرىنىپ قالغانىدى»[1].
ۋۇ جۇڭشىن پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئالدى بىلەن ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن ئىش باشلىدى.

1) ماناتنى ئەل قىلىش

مانات «ئوسماننىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشى»[2] ئىدى. ماناتنى ئەل قىلغاندا، ئوسمانغا تەسىر كۆرسەتكىلى بولاتتى. 1945 - يىلىنىڭ بېشىدا بۇرۇلتوقايدا تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى لۇ خۇڭچ- ياڭ ئادەم ئەۋەتىپ مانات بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ئىتائەت قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنى بايقىدى. تەشۋىق - تەربىيە بېرىش - هال سوراش خادىملىرى ئىككىنچى قېتىم ماناتنىڭ قېشىغا بار- غاندا، ئۇ بۇرۇلتوقايغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۈچ ئات سوۋغا قىلىپ لۇ خۇڭچياڭغا ئەل بولۇشنىڭ ئىككى شەرتىنى قويدى: بىرى، قول ئاستىدىكىلەرنى ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ماناتنىڭ بۇرۇلتوقاي- دىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرىپ سەممىي- يىتىنى بىلدۈرۈش، مانات ئەگەر هۆكۈمەتنىڭ سەممىيىتى بولسىلا ئۆزى بۇرۇلتوقايغا بېرىپ ئەل بولۇشقا ۋەدە بەردى. لۇ خۇڭچياڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە، هۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن يول- يورۇق سورىدى، ۋۇ جۇڭشىن 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ بىلەن بىللە تېلېگراممىا قايتۇرۇپ، ماناتنىڭ شەرتى- نى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇرۇلتوقاي تە- رەپتىن دەرهال ئەلچى ئەۋەتىپ، ماناتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئاپىرىپ بەردى، ماناتمۇ گېپىدە تۇرۇپ، ئۆزى بۇرۇلتوقايغا كەل- دى. شىنجاڭ دائىرىلىرى ماناتنىڭ ئادەملىرىنى ئامانلىق قوغداش چوڭ ئەترىتى قىلىپ تەشكىللىدى، ماناتنى ئەترەت باشلىقى قى- لىپ تەيىنلىدى. مانات بىر ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭ هۆكۈمىتىگە سادىق بولى- دىغانلىقىنى بىلدۈردى.

---

[1] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.
[2] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

2) سۇلايمان بىلەن نۇرقوجاينى ئەل قىلىش

ھەر يىلى 10 ـ ئايدا قار ياغقاندىن تارتىپ كېلەر يىلى 4 ـ ئايدا قار ئېرىگىچە شىمالىي قۇملۇق قازاق توپىلاڭچىلىرىنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغان مۇھىم ئورنى بولاتتى. 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئوسماننىڭ كۆپىنچە كۈچلىرى مۇشۇ يەرنى لاگېر قىلىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ مۇھىم باشلىقلىرىدىن سۇلايمان، قاباس ۋە نۇرقوجايلار بار ئىدى. سۇلايمان ئەسلىي ئوسماننىڭ مۇئاۋىنى ئىدى، دەلىلقان ئالتايغا كەلگەندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە دەلىلقان باشلىق بولۇپ قالدى، بۇ ئەھۋالدىن سۇلايمان خاپا بولدى. ئۇ ئوسمانغا: «ئۆزىمىزنىڭ ئىشىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرىمىز، يات كىشىلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك»[1] دېگەندى. بۇ گەپنى دەلىلقان ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوسماننىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئوفىتسېرى ماجىق سۇلايماننى چاقىرىپ ئەيىبلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، سۇلايمان بىر چەتتە قايرىلىپ قالدى. بۇنىڭدىن سۇلايماننىڭ كۆڭلى رەنجىپ، 1944 ـ يىلى كۈزدە ئوسماندىن ئايرىلىپ، شىمالىي قۇملۇققا كۆچۈپ كېلىۋالدى.

1944 ـ، 1945 ـ يىللارنىڭ ئارىلىقىدا ۋۇ جۇڭشىن فۇكاڭ ناھىيىسىدىكى بىر قازاق كەنت باشلىقى قاجىبالادىن شىمالىي قۇملۇققا خەت ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىپ، نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، فۇكاڭ ناھىيىسىدە موڭغۇللار بىلەن خەنزۇلار بىرلىشىپ قازاقلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى. شىمالىي قۇملۇقتىكى توپىلاڭچى قوشۇن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، فۇكاڭ ناھىيە بازىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن قازاق خەلقىنىڭ قىساسىنى ئالىمىز، دەپ داۋراڭ سالدى. ۋۇ جۇڭشىن دەرھال دېڭ شياڭخەينى قوشۇمچە ھەربىي سودىيە سالاھىيىتى بىلەن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. دېڭ شياڭخەي بۇ ۋەقەدىكى مۇھىم جىنايەتچىلەرنى ئۆ ـ

[1] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىسى»دىن.

لۇمگە ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. بۇ ئىشنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، فۇكاڭ ئەتراپىدىكى قازاقلار ماختىشىپ: «ئەزەلدىن خەنزۇلار قازاقلارنى ئۆلتۈرسە سورۇشتە قىلىنمايتتى، بۇ قېتىم ئۇلارنى جازالىدى ھەم ئۆلۈم جازاسى بەردى، بۇ شىنجاڭنىڭ تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن ئىش بولدى» دېيىشتى. كېچە ـ كۈندۈز جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ دېڭ شياڭخەيگە زەربە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقان توپىلاڭچى ئاما بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى تەسىرلەندى، فۇكاڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ ھۆكۈمەتتىن ئەپۇ سورىدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇلاڭچىلىق قىلىشنى توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئوسمان قاباس، سۇلايمانلارنى ئالتايغا چاقىردى. قاباس باردى، سۇلايمان بۇيرۇققا بويسۇنمىدى. ۋۇ جۇڭشىن قاجىبالانى شىمالىي قۇملۇققا يەنە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلدى. سۇلايمان: «ئەينى يىلى ئوسمان بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولىمىز، دەپ ئەھد قىلىشقانىدۇق، ھازىر ئوسمان تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ سىزىقىدىن چىقالماس بولۇپ قالدى، مەن ئۆزۈم يالغۇز ئەھدىنى بۇزۇپ ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلالمايمەن»[①] دېگەن. ۋۇ جۇڭشىن ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىپ قايتىپ كەلگەن قاجىبالاغا مۇنداق دېدى: «سۇلايماننىڭ ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلىشىغا مۇنداق ئۈچ باھانە بار: بىرى، دۆلەت، يەرلىك ئۈچۈن؛ ئىككىنچىسى، ئۆزى ئۈچۈن (سۇلايمان كېيىنكىتە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قىسمىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئەركىن بولالمايدۇ)؛ ئۈچىنچىسى، دوستى ئوسمان ئۈچۈن (ئەگەر سۇلايمان ئىتائەت قىلسا، ھەمكارلىشىپ ئوسماننى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ) ئىتائەت قىلىدۇ[②]. بۇ گەپ كېيىنچە سۇلايمانغا يەتتى.

3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، بۇيرۇققا بىنائەن ئەل بولۇپ قايتىپ كەلگەن قۇسايىن، شىمالىي قۇملۇقتىكىلەرنىڭ ۋەكىلى قۇرماش بىلەن قىناياتنى

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.
② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

باشلاپ كەلدى، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ۋۇ جۇڭشىن يەنە شىمالىي قۇملۇقنىڭ ۋەكىللىرى مىشەل، قابىل (نۇرقوجاينىڭ ئىنىـ سى)لارنى قوبۇل قىلدى. مىشەل قاتارلىقلار سۇلايمان بىلەن نۇر ـ قوجاينىڭ جاۋاب خېتىنى ۋۇ جۇڭشىنغا تاپشۇردى. ھۆكۈمەت بىلەن ئالتاي شەھىرىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقىلىشىشقا كېلىشـ تى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماناتنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولۇۋا ـ تاتتى. ۋۇ جۇڭشىن ئىشنىڭ پۈتۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شىمالىي قۇملۇققا قايتقان مىشەللەردىن سۇلايمان، نۇرقوجايلارغا سەككىز توپ چىست، 10 تاختا چاي، ئىككى كىيىملىك تاۋار، ئىككى تال كارابىن مىلتىق ۋە 200 تال ئوق ئەۋەتتى. ئەينى چاغدا شىنجاڭدا ماددىي بۇيۇملار ناھايىتى قىس بولغاچقا، بۇ نەرسىلەر ناھايىتى قىممەتلىك سوۋغا بولدى. ۋۇ جۇڭشىن يەنە ئالتايدىكى ئەلەن ۋاڭغا سۇلايماننىڭ بالا ـ چاقىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، مۇۋاپىق كۆڭۈل بۆلۈشنى بۇيرۇدى.

شىمالىي قۇملۇقتا قار ئېرىگەندىن كېيىن سۇلايمان، نۇر ـ قوجايلار كۆكتوقاي ئەتراپىغا چېكىنىپ جايلاشتى. 5 ـ ئايدا سۇلايمان ئالتايغا ئەلەن ۋاڭ بىلەن ئەل بولۇش ئىشىنى مەسلىـ ھەتلەشكىلى ئادەم ئەۋەتكەندە، دەلىلقان قىسىملىرىنى باشلاپ ئالتايغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، نۇرقوجايىنمۇ ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇرىي قاتناشتۇردى. دەلىلقاننىڭ قىسىملىرى ئالتاينىڭ ئەتراپىنى زىچ قورشىۋالغانلىقتىن، سۇلايماننىڭ قىسىملىرى شەھەرگە كىرەلمەي، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدى. دەلىلقاننىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، نۇرقوجاي 10 نەچچە ئا ـ دەمنى باشلاپ ئالتايغا كىرىپ تەسلىم بولدى. قاباس نۇرقوجاينىڭ تەسلىم بولغىنىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، سۇلايمانغا: سىلەر جان دوست بولغاندىكىن، تېزدىن بىر ئامال قىلىپ، نۇرقوجاينى قايـ تۇرۇپ كەلمەيدىغان بولساڭلار، سىلەرنىڭ چارۋىلىرىڭلارنى تار ـ تىۋېلىپ، سىنى ئوسماننىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، دەپ ئاچچىقلىدى، سۇلايمان ۋەزىيەتنىڭ بىئەپلىكىنى كۆرۈپ، ئالتايـ

غا قېچىپ بېرىۋېلىپ، گومىنداڭغا تەسلىم بولدى.

3) كامىلنىڭ جەڭدە ئۆلۈشى

كامىل بەيتىك تېغىنى بازا قىلىپ، ئەتراپىنى پاراكەندە قىلاتتى. 1944 ـ يىلى قىشتا، كامىل گۆچۈك، مورىلاردىكى قازاق چارۋىچىلارنى مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ كەتكەندى. تەشۋىق ـ تەربىيە بېرىش، ھال سوراش ئەترىتى مىچۇەن، جىمىسار، فۇ ـ كاڭ، گۆچۈك، مورىلارغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى قازاق خەلقىنى يىـ ـغىپ مەجلىس ئاچتى ھەم بەيتىككە ئادەم ئەۋەتىپ، تارقىلىپ كەتكەن چارۋىچىلارنى قايتۇرۇپ كەلدى. قايتىپ كەلگەنلەرگە ھەربىر ئائىلىگە ھۆكۈمەت 1000 يۈەن يېڭى پۇل، بىر تاختا چاي تارقىتىپ بەردى. مەجبۇرىي كېتىپ قالغان چارۋىچىلار كەينى ـ كەينىدىن قايتىپ كېلىشكە باشلىدى، گۆچۈڭگىلا 1000 دىن ئارتۇق ئائىلە، مورىغا 700 ئائىلە، فۇكاڭ، جىمىسارلارغا 400 نەچچە ئائىلە قايتىپ كەلدى. «قالغانلىرى قېرى ـ چۈرى، ئۆلۈغ ـ ئۇششاقلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى»[1].

كامىل چارۋىچىلارنىڭ يۇرتىغا قايتىشىدىن ئىنتايىن ئەنـ ـسىرەپ قالدى. ئۇ ئاتلىكەي، ئوقاجان باشچىلىقىدىكى گۆچۈڭلۈك چارۋىچىلارنى قوغلاپ بارغاندا ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ قېلىپ، كامىل جەڭدە ئۆلدى. ۋۇ جۇڭشىن ئۆزى خەت يېزىپ، بەيتىككە ئادەم ئەۋەتىپ، ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلدى، قالغان كاتتىۋاشلار كەينى ـ كەينىدىن «بۇلاڭچىلىقنى توختىتىپ، نەسىھەتنى ئاڭلايدىغانلىقىنى»[2] بىلدۈردى.

**3. ئوسماننى ئەل قىلىش**

ئوسمان كۆپ يىل قاراقچىلىق قىلىپ يۈرگەچكە، ھۆكۈمەتـ ـنىڭ يوقىتىش، كەڭچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى قوللۇق سىياسىتىنى چۈشىنەتتى، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ ئۇنى ئەل قىلىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن «ئوسماننىڭ ئىلگىرىكى گۇناھى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ» دەپ داۋراڭ سالسا، بىر تەرەپتىن

[1] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.
[2] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى. ئوسمان تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئىشەنچىسىدىن، ئىچكى جەھەتتە چارۋىچىلارنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ۋۇ جۇڭشىن ئۇچۇن ئۇنى ئەل قىلىش پۇرستى كەلدى. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ۋۇ جۇڭشىن ئالتاي، چىڭگىل، جېمىنەي، قابا ناھىيىلىرىگە ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەن مۇقاش قاتارلىق كىشىلەرگە «بۆلۈنۈپ، مەخپىي بىرىپ ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش»نى تاپىلىدى، ئەگەر ئوسمان ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسە، جەزمەن «قىزغىن كۈتۈۋالىدىغان»لىقىنى، ئەگەر پۇرسەت بولۇپ قالسا، ئۇ يەنە ئوسماننى جياڭ ۋېيىۇەنجاڭ بىلەن «كۆرۈشۈش»كە ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىدىكى ئىلى ئىنقىلابى پارتلىدى، قوزغىلاڭچى ئامما ئىلى تەۋەسىدىكى گومىنداڭ كۈچلىرىنى ناھايىتى تېزلا تازىلاپ، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇردى. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئوسمان 12 ئۇيغۇرنى ئىلىغا بىرىپ ئالاقىلىشىشكە ئەۋەتىپ، ئىلىدىكى ئەھۋالنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. ئوسماننىڭ ئەھۋالى ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئېنىق بولماي تۇرۇپ، تەرەپبال ھەرىكەت قىلمايتتى.

ئوسمان جۇڭگو بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىنىڭ جۇڭگو تەرىپىدە تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلغۇچىلىرى بىلەن ئەڭ دەسلەپ 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كۆرۈشتى. بۇرھانوپىتىكى ئورازئەلى بۇيرۇق بويىچە شىمالىي قۇملۇققا كېلىپ، ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلغانىدى، شىمالىي قۇملۇقتىكى كاتتىۋاشلار ئۇنى ئوسماننىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويغانىدى. ئوسمان ئوراز ئەلىگە: «رەئىس ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭغا كېلىپ قىلىۋاتقانلىرىغا ئىشەنگۇم كەلمەيدۇ، بۇ شىڭ دۇبەننىڭ ھىيلە ـ مىكىرىمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، شىڭ شىسەي

هازىرمۇ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقاندەك، ئۇ چوڭ ياشلىق ۋۇ جۇڭشىننىڭ نامىنى سېتىپ، هال سوراش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مېنى قارماققا ئىلىندۇرمەكچى بولۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئەگەر راستىنلا شېڭ شىسەي كېتىپ، ۋۇ جۇڭشىن كەلگەن بولسا، ۋۇ جۇڭشىن رەسمىي ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ سۆزلەشكەن بولاتتى. ئۇنداق بولمىسا هازىر بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ هەممىسى شېڭ شىسەينىڭ ئىشى، ئۇ شىمالىي قۇملۇقتىكى پۇقرالارنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى. شۇنىڭ ئۇچۇن هۆكۈمەت بىلەن كېلىشىپ قېلىشقا هازىرچە بىرنەرسە دېيەلمەيمەن[①] دېدى. ئوسمان بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئوفىتسېرى يېنىدا تىڭشاپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ بىرئاز مىكى ـ مىكى قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن كەتكىنىگە ئىشەنمەيمەن دېگىنى ئەمەلىيەتتە بىر خىل باهانە[②]، ئەسلىدە ئۇ ۋۇ جۇڭشىننىڭ «رەسمىي ۋەكىل» ئەۋەتىشىنى، چوڭ ئەمەلدارلاردىن ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. مۇشۇنداق قىلىپ ئوسمان ئەل بولۇشنى گەپنى ئەگىتىپ رەت قىلدى هەم ۋۇ جۇڭشىننىڭ چوڭ ئەمەلدار ئەۋەتىپ ئۆزىگە ئەل بولۇشنى مەسلىهەتلىشىدىغان چېكىنىش يولى بېرىشىنى ئىشارەت قىلدى، شۇنداقلا تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپنى بىخۇتلاشتۇردى.

ئوسمان كۆكتوقايلىق ئىدى، تاشقى موڭغۇلىيە ئوسمانغا ياردەملىشىپ كۆكتوقاينى ئىشغال قىلماقچى بولغاندا ئوسمان «ئوزۇق كەمچىل، ئاتلار ئورۇق، يۇرۇش قىلىش ئەپسىز» دەپ، رەت قىلدى[③]. ئوسمان كۆكتوقايغا قايتماقچى بولغاندا، تاشقى موڭغۇلىيە تەستىقلىمىدى[④]. ۋۇ جۇڭشىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان-

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

② ۋۇ جۇڭشىننىڭ مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى خاتىرىسىدە: ئوسمان ئوراز ئەلىنىڭ ئۆزىگە ۋۇ جۇڭشىن ئەلەن ۋاڭلارنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى يوقاتقانلىقىنى ئېيتقان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ۋۇ جۇڭشىنغا ئىشەنمەيدىغانلىقى بىر باهانە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

③ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

④ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

دىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆكتوقايغا قايتماقچى بولۇشى ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ھازىر تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئاشكارا يۈز ئۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقىدۇ. شۇڭا ئوسمان «بىرىنچى قەدەمدە كۆكتوقايغا قايتىپ كېلىپ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ چۇشىكىدىن قۇتۇلماقچى، ئاندىن كېيىن ئەل بولماقچى»[1] دەپ تەھلىل قىلدى.

كېيىنكى پاكىتلاردىن قارىغاندا، ۋۇ جۇڭشىننىڭ بۇ ھۆكۈمى خاتا چىقتى. ئىلىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى تەرەپنىڭ باشلاش ئالدىدا تۇرغان ھەربىي ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن تاغدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەرنى تېخىمۇ ئاكتىپ قوللىدى. گومىنداڭ تەرەپ بولسا ئارمىيىنىڭ تەمىناتى جەھەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، كۆكتوقاي، ۋۇخې، قاراتۇڭكې قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنى ئاستا ـ ئاستا گۇچۇڭغا چېكىندۇرۇپ كەتتى. بۇ ھەرىكەت ئالتاي قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا بېرىلىدىغان تەمىنات ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى، ئالتاي مۇداپىئەسى ئاللىقاچان «مات بولغان شاھمات»[2]قا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ پەرقلەنگەن ئەھۋالدا، ئوسمان ئاخىرى ئىلى تەرەپتە تۇرۇشقا بەل باغلاپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قولىدىكى ئالتايغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئوسمان 2000 ئادەمنى باشلاپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى. گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئالدىن خەۋىرى بولغاچقا، تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ئوسمان شەھەرنى يەتتە سوتكا قورشاپ ئالالمىدى، 30 ـ كۈنى چېكىندى. 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دەلىلقان 1200 دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن

---

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

② بەي جېنشېڭ: لى جۇشىن» تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە ھازىرقى زامان سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تارىخى» 402 ـ 403 ـ بەتلەر.

ئالتايغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئالالماي تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئوسمان ياردەمگە كەلمەكچى بولدى، دەلىلقان ئۇنى توسقان بولسىمۇ، ئۇ گەپكە كىرمەي 900 ئادەمنى تاللاپ كىرىپ، ھۇجۇم قىلىپ، مەغلۇپ بولدى. ئۇ شىمىرشىكتە تۇرۇۋاتقان قوشۇن بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندا، 12 ئادىمى ئۆلۈپ، چېكىنىپ كەتتى. 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۇرخۇدا تۇرۇشلۇق قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ 15 ئادىمى ئۆلۈپ، ھۇجۇمى مەغلۇپ بولدى. قاباس خەۋەر ئالالماي، 300 ئادەم بىلەن سارچوقىدىن يېقىن يول بىلەن ئالتايغا كەلگەنىدى، گومىنداڭ قوشۇنلىرى توسۇپ زەربە بەرگەندە، 50 ئادىمى ئۆلۈپ، چېكىنىدى.

تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپ مانات، سۇلايمان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەسلىم بولغىنىدىن ساۋاق ئېلىپ، گومىنداڭ ئەۋەتكەن تەشۋىق ـ تەربىيە بەرگۈچى، ھال سورىغۇچىلاردىن قاتتىق مۇداپىئە كۆردى. ئۇلارنى بايقىسىلا، دەرھال تۇتۇپ، بەزىلىرىنى ئوسمانغا ئاپىرىپ بەردى، بەزىلىرىنى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئەۋەتتى. تەشۋىق قىلىش، ھال سوراش خىزمىتىگە كۈچ چىقارغان ئەلەن ۋاڭ خۇرسىنىپ: «تەشۋىق قىلىش، ھال سوراش خىزمىتى بەك مۇشكۈل ئىش بولدى، ئىلگىرىلەش تەس بولۇۋاتىدۇ»[①] دېدى.

ۋۇ جۇڭشىن ئوسماننى ئەل قىلىش خىيالىدىن ۋاقىتىنچە كېچىپ، مۇنداق دېدى: «ھوشىنى تاپمىدى»، «ھۆكۈمەت ئۇنى يوقىتىشنى قارار قىلدى»[②]. سۇلايمان ۋۇ جۇڭشىنغا قوراللىق قازاقلاردىن 1000 ئادەم بىلەن ئالتايغا بېرىپ ئوسمانغا ھۇجۇم قىلسام، غەلىبە قىلالايمەن، دەپ سۆز بەردى. ئەمەلىيەتتە، بۇ چاغدا ۋۇ جۇڭشىن مۇداپىئەدىن ئەنسىرەپ تۇرغىنىدا، نەدىمۇ يىراققا قوشۇن ئەۋەتىپ، تۇيۇقسىز زەربە بەرگۈدەك كۈچى بولسۇن.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، دەلىلقان ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى. 31 ـ كۈنى شىمالغا يۈرۈش قىلغان ئىلى مىللىي ئارمىيىسى دۆربىلجىن، چۆچەكلەرنى ئىشغال قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈ-

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.
② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

نى مىللىي ئارمىيە قابادىكى پارتىزانلارغا ماسلىشىپ، قابانى ئىشغال قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە بۇرچىنـ ـنى ئىشغال قىلدى. 6 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە دەلىلقان بىلەن بىرلىشىپ، ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى. ئىلى تەرەپنىڭ كەينى ـ كەينىدىن غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوسماننىڭ دەلىلقان ۋە ئىلى تەرەپ بىلەن بولغان زىددىيىتى بارغانسېرى چوڭايدى. مىلـ ـلىي ئارمىيە ئالتايغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئوسمان بۇلغۇن، چىڭگىل دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا ۋە بەيتىك تېغىنىڭ شىمال تەرەپـ ـلىرىگە كېتىپ، قوشۇننى دەم ئالدۇردى. ئۇ قول ئاستىدىكىـ ـلەرگە: «چارۋىچىلاردىن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەر ناھايىتى كۆپ، چارۋىدىنمۇ نۇرغۇن زىيان بولدى، بۇ يىل ئالتايدا جەڭ قىلغاندا 300 نەچچە ئەسكەر ئۆلۈپ كەتتى ··· بۇنىڭدىن كېيىن چارۋىچىلارنىڭ ئەل بولۇش ئەركى ئۆزىدە، مەن توسمايمەن. ھاـ ـزىر مېنىڭ باشقا ئويۇم يوق، پەقەت چارۋىچى ئاما بىلەن بىللە ھۆكۈمەتكە ئەل بولۇشنىلا ئويلاۋاتىمەن»[1] دېگەن.

ئىلى تەرەپ ئالتاينى ئەمدىلا ئىشغال قىلغاندا، ئوسماننىڭ قولىدا يەنە ئەمەلىي كۈچ بار ئىدى. ئالتاي رايونىنى مۇستەھكەمـ ـلەشتە ئوسماننىڭ ھەمكارلىقىدىن ئايرىلغىلى بولمايتتى، ئىلى تەرەپ ئۇنى ئۆزلىرى تەرەپتە قېلىپ، ئۇنى ئالتايغا ۋالىي قىلـ ـماقچى بولدى. ئوسمان بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەشكە ئۇنىماي، ئالتايدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغىمۇ قاتـ ـناشمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي قوماندانى لاتوف بىلەن دەلىلقان ئۆزلىرى بېرىپ تەكلىپ قىلغاندىن كېيىنلا، ئوسمان ئاندىن بۇ خىزمەتنى مەجبۇرىي ئۈستىگە ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە ۋالىي مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئالتايدىن كۆكتوقايغا كېـ ـلىپ تۇرۇۋالدى.

ئوسمان: ئالتاي ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشتا ئاۋۋال قوزغالـ ـغان، ئىلى ئىنقىلابى كېيىن ئالتاينىڭ تەسىرى بىلەن قوزغالـ

[1] ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

غان. ئالتاي توپىلىڭى ئىلى ئىنقىلابىغا يول ئېچىپ بەرگەن تۇرسا، ئاۋۋال چىققان قولاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپ، ئۇلار ئالتاينىڭ ئىشىغا ئارىلىشامدىكەن!① دەپ، ئالتاينى ئۆزىنىڭ زېمىنى دەپ قاراپ، ئىلى تەرەپنىڭ قوماندانلىق قىلىشىغا يول قويمىدى، ئۇنىڭ ئىلى تەرەپ بىلەن ئايرىلىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوسمان گومىنداڭ تەرەپنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتاتتى. گۆچۈڭ، فۇكاڭلارنى قوغداۋاتقان چىڭخەي 5 ـ ئاتلىق ئارمىيىسى چەۋەندازلىق، مەرگەنلىككە ئۇستا ئىدى. شىمالىي قۇملۇقتىكى توپىلاڭچى قوشۇن چىقىپ پاراكەندىچىلىك سالسا «قاتتىق زەربە بېرىپ، قوغلاپ، ئۇلارغا قىلچىمۇ  ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتى بەرمىدى»②. ئوسمان گومىنداڭ ئالتايغا ھۇجۇم قىلسا، ئۆزىنىڭ مۇقەررەر يوقىلىدىغانلىقىنى تۇيدى③. گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقتى. 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇنۇس قاتارلىق كىشىلەرنى فۇكاڭغا «ھۆكۈمەتنىڭ ھازىرقى ئادەتتىكى ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە»④ ئەۋەتتى.

جۇنۇس قاتارلىق كىشىلەر فۇكاڭغا كېلىپلا 5 ـ ئاتلىق ئارمىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ۋۇ جۇڭشىن يەنە ئوسماننى ئەل قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇ جۇنۇسنى ئۆزى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا «ھەر ئىشتا مۇۋاپىق غەمخورلۇق قىلدى»، ئايرىلىش ۋاقتىدا يەنە پاختىلىق كىيىم، تۇماق قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. ۋۇ جۇڭشىن جۇنۇسقا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئوسمانغا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆتكەنكە سالاۋات قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزمەكچى بولدى.

شىمالىي قۇملۇقتا تۇرۇۋاتقان قاباس ھۆكۈمەتكە ئەل بولغان

---

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن
② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.
③ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.
④ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.

سۇلايمان ۋە نۇرقوجايلارغا خەت يېزىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى سۈرۈشتۈردى، تەلەپپۇزىدا ئەل بولىدىغانلىقىنى پۇراتتى. ۋۇ جۇڭشىن يەنە بىر قېتىم ئوسماننى ئەل قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ نۇرقوجاينى ئۆزىنىڭ خېتىنى ئېلىپ شىمالىي قۇملۇققا بېرىپ، قاباس بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپ، قاباسنى ئاۋۋال ئەل قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق ئوسمانغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولدى.

ئوسمان، قاباسلار ۋۇ جۇڭشىننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، خەتنى كۆپچىلىككە ئاشكارىلىدى. ئوسمان ئالتايغا كەتتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا قاباسنى شىمالىي قۇملۇقتا تۇرۇپ، ھەپتىدە بىر قېتىم خەۋەرلىشىپ تۇرۇشنى تاپىلىدى. قاباس ۋۇ جۇڭشىنغا جاۋاب خەت يېزىپ، 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ۋۇ جۇڭشىن بىلەن سۆھبەتلىشىشكە كېلىشتى.

ۋۇ جۇڭشىن نۇرقوجاينى فوكاڭغا قاباسنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى نۇرقوجاي قاباسنىڭ كەنىن، ئېبردىقان قاتارلىق ۋەكىللىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. كەنىن قاتارلىق كىشىلەر قاباسنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلگەنىدى، خەتتە ھۆكۈمەتتىن ئاشلىق، چاي، قەنت قاتارلىق ماددىي نەرسىلەر بىلەن قۇتقۇزۇش بېرىشنى ئۆتۈنگەن ھەم ئالتاي تەرەپكە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ھوقۇقىنى بېرىش ۋە مىللىي قىسىم تەشكىللەشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. قاباس، كەنىن قاتارلىق كىشىلەر ئالتايدىكى ئوسماننىڭ يوليورۇقىنى ساقلاپ، كېچىكىپ يولغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتكەنىدى.

1945 - يىلى 10 - ئايدا ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئىلى تەرەپ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىككى تەرەپ «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى

بىلەن شىنجاڭ توپىلاڭ بولغان رايونلارنىڭ ۋەكىللىرى ئارىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ماددىلار»نى ئىمزالاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى مۇئاۋىن رەئىسىنى جايلار كۆرسەتسە، مەركەز ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى، ئىلى تەرەپنىڭ مىللىي ئارمىيە تەشكىللىشىگە رۇخسەت قىلىشنى بەلگىلىدى. ۋۇ جۇڭشىن ۋەزىپىدىن يۆتكىلىدىغان، كەلگۈسىدە جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولىدىغان بولغاچقا، ئوسمان ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇش ۋە مىللىي قوشۇن تەشكىللەش شەرتىگە ۋۇ جۇڭشىن جاۋاب بېرىشكە ھوقۇقسىز ۋە ئامالسىز ئىدى. ئۇ بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كېيىن قاتارلىق كىشىلەرگە ئاشلىق قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى بېرىشتە «مەسىلە يوق»① دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، ۋۇ جۇڭشىن ئوسماننى ئەل قىلىشتا ئۈمىد بارلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئەل قىلىش خىزمىتىنى «بوشاشماي كۈچەيتىش»②كە ئۆزىنى رىغبەتلەندۈردى. ئۇ 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى قوشۇمچە مۇئاۋىن قوماندانى گو چىچاۋ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، نۇرقوجاي ۋە قۇسايىنلارنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتمەكچى بولدى. نۇرقوجاي شىمالىي قۇملۇققا بېرىپ قاباس بىلەن، قۇسايىن ساقچى باشقارمىسىنىڭ بىر جاسۇسى بىلەن ئالتايغا بېرىپ، ئوسمان بىلەن سۆھبەتلەشتى.

ۋۇ جۇڭشىن بۇ قېتىمقى ئەل قىلىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتمەيلا، 1946 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا كېتىپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىي ھاياتىنى ئاياغلاشتۇردى. لېكىن ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭدىن كېتىشى بى-

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.
② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى»دىن.


لەن ئوسماننى ئەل قىلىش ھەرىكىتى ئاخىرلاشمىدى. 5 ـ ئايدىن كېيىن، ئوسماننىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىلى تەرەپ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، گومىنداڭغا بېقىنىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار جامائەتچىلىككە مەلۇم بولغاچقا، بۇ يەردە قايتا بايان قىلىپ يۈرمەيمىز.

خەنزۇچە «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئەخمەت جۇبەيرى**

# مورىسوننىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار خاتىرىلىرى ھەققىدە

سۇگاۋارا جۇن (ياپونىيە)



شەرق كۇتۇپخانىسى كىتاب فوندىنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان مورىسون بۆلۈمچىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان دوكتور جورجى ئېرنېست مورىسون (Dr. George Ernest Morrison، 1862 – 1920) نىڭ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسى بولغان 1910 ـ يىلى شىنجاڭغا ساياھەتكە بارغانلىقى ھەممىدە بۇ قېتىمقى ساياھىتىنىڭ ئادەتتىكى ساياھەت ئەمەسلىكىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك. مورىسون ياش ۋاقتىدا ئاۋستىرالىيە، يېڭى گىۋىنىيە، جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىغا قىلغان كەڭ كۆلەملىك ساياھىتى ئارقىلىق داڭق چىقارغان. كىشىلەر ئۇنىڭ ياشلىق مەزگىلىدىكى ساياھىتى، «تايمىس» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەللىك مەسلىھەتچىسى بولغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىرانلىق مەزگىلىدىكى ساياھىتىنى ئانچە بىلمەيدۇ. سىرىل پېئارل يازغان (Cyril Pearl) مورىسوننىڭ تەرجىمىھالى ھېسابلانغان «بېيجىڭدىكى مورىسون» دېگەن كىتابىمۇ ئۇنىڭ قىرانلىق دەۋرىدىكى ساياھىتى ھەققىدە كۆپ مەلۇمات بېرەلمىگەن.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشكە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار 19 ـ ئەسىرگە ئائىت ماتېرىياللارغا قارىغاندا كۆپ بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تولۇق ئە-

مەس. هازىر ساقلىنىۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسەن چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى يازدۇرغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى ئا-ساس قىلغان بولۇپ، قالغانلىرى مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ خاتى-رىلىرى، ئەينى چاغدا قەشقەردە تۇرغان ئەنگلىيە، روسىيە كونى-سۇللىرى، مىسسىئونېرلارنىڭ خاتىرىلىرى ھەمدە شىنجاڭغا ساياھەتكە بارغان سەيياھلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئىبارەت. مور-رىسونىنىڭ 1910 ـ يىلىدىن ئىبارەت بۇ نازۇك مەزگىلدە شىنجاڭغا ساياھەتكە بارغانلىقى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولسى-مۇ، لېكىن ئىلىم ساھەسىدە ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ساياھىتى ۋە ساياھەت خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتۈش ئەھمىيەتلىك بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مەن موررىسونىنىڭ ئاۋستىرالىيە مىچېل كۇتۇپخانىسىدا ساقلى-نىۋاتقان خەت ـ چەكلىرىدىكى شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ماتې-رىياللارنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن.

ئوتتۇرا ئاسىيانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ لوندونغا بې-رىشنى كۆزلىگەن موررىسون 1910 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بېيجىڭدىن يولغا چىققان. شىئەندىن ئۆتۈپ گەنسۇغا كىرگەن. سۇجۇ، يۇمېن، شىڭشىڭشيا، قومۇللارنى بېسىپ ئۆ-تۈپ، گۇچۇڭ، فۇكاڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى غۇلجىغا يېتىپ بارغان. يەنە غۇلجىدىن مۇز داۋان ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئېشىپ، ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ بارغاندا، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلى ماكارتنېي ئايالى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كۈتۈۋېلىشقا چىققان. موررىسون چىنىۋاغ (ئەنگلىيىنىڭ كونسۇلخانىسى تۇرۇشلۇق جاي)دا ئون كۈندەك تۇرۇپ، ئالاي ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈپ، مۆلچىرىدىن بىر ئاي بۇرۇن يەنى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەنجانغا يېتىپ بارغان. ئەنجاندىن پو-يىزغا ئولتۇرۇپ موسكۋا، سانكىت پېتربۇرگلار ئارقىلىق 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى لوندونغا يېتىپ بارغان.

موررىسونىنىڭ سەپەر پىلانى ئىنچىكە ھېسابلانغاچقا، ئۇنىڭ

مۆلچەرى خاتىرىلەنگەن دەپتەرىدىمۇ ھەقىقەتەن تەپسىلىي كۆز-تەرتىپ يېزىلغان. موررىسونىنىڭ خەت - چەكلىرى ئىچىدە يەنە ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سۇنغان سەپەر ئىلتىماسى-نىڭ ئىنگلىزچە كۆپەيتمە نۇسخىسى كىرگۈزۈلگەن. ئىلتىماس-تا ئۆزىنىڭ غەربىي جۇڭگونىڭ ئەھۋالى، بولۇپمۇ سودا يولى ۋە مائارىپقا دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ «تايمىس» گېزىتىگە يوللاش مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان. موررىسونىڭ شىنجاڭنى تولۇق كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى بولغاچقا، شىنجاڭنى لوندونغا بېرىشتىكى بىر مەنزىل سۈپىتىدە تاللاپلا قالماي، بەلكى يەنە تەكشۈرۈش نىشانى قىلىپ تاللىۋالغان.

بېيجىڭدىن ئەنجانغىچە بولغان مۇساپە 3750 مىل بولۇپ، بۇ مۇساپىنى بېسىپ بولۇشقا 175 كۈن كەتكەن، موررىسون سەپەر جەريانىدا مول تەجرىبىگە ئىگە مۇخبىر بولۇش سالاھىد-يىتى بىلەن ھەرقايسى جايلارنىڭ قاتناش - ترانسپورت، ئىق-تىساد، ئارمىيە، ئەپيۇن مەسىلىسى، مائارىپ، سودا - سانائەت، تارىخ، دىن ۋە سىياسىي قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىشلىق مە-سىلىلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا چىنلىق بىلەن خاتىرىلەپ لوندوز-غا يەتكۈزۈپ تۇرغان. ئۇنىڭ بۇ مەلۇماتلىرى «جۇڭگو ۋە تۈر-كىستاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش» دېگەن تېمىدا «تايمىس» گېزىتىنىڭ 12 سانىغا ئۇلاپ بېسىلغان.

بۇ مەلۇماتلارنى ئەنگلىيە خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەم-ئىيىتىدىكى كەلتىي (Keltie) «(ئىقتىساد، ئىشلەپچىقىرىش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كىشىلەرنىڭ ئىدارىسىگە كىرگۈ-زۈش)نىڭ مۇھىم نەتىجىسى» دەپ ماختىغان. موررىسونىڭ بۇ ساياھىتى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە خەلقىگە جۇڭگو-نىڭ غەربىي شىمالى، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇ-تۇشتا چوڭ رول ئوينىغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئەنگلىيە بۇ ساياھەت خاتىرىسىدىن شىنجاڭنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن قەشقەردىكى كونسۇل ماكارتنېينىڭ ئەمە-لىنى باش كونسۇللۇققا ئۆستۈرگەن. ماكارتنېينىڭ باش كونز-

سۇللۇققا ئۆستۈرۈلگەنلىك ھەققىدىكى رەسمىي ئۇقتۇرۇش قەشقەرگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، موررىسون ئۇنىڭغا تەبرىك خېتى يېزىپ، بۇ ئىشتا ئۆز تۆھپىسىنىڭ بارلىقىنى پەش قىلغان.

موررىسون ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ لوندوندىن بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىنمۇ، شىنجاڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويمىغان. شىنجاڭغا ساياھەتكە بېرىش ئىستىكى بار دوست ـ يارەنلىرىدىن سەمىمىي تەكلىپلىرىنى ئايىمىغان. ماكارتنېي دوستلىرى بىلەن دائىم خەت ـ ئالاقە قىلىپ تۇرغان. شىنجاڭدا كۆتۈرۈلۈۋاتقان سىياسىي داۋالغۇشلار، چەت ئەللىكلەرنىڭ تەسىرى، پانئىسلامىزم ھەرىكىتى، تۈركىيىلىكلەرنىڭ مەخپىي ھەرىكەتلىرى قاتارلىقلار موررىسوننىڭ دىققەت مەركىزىدە بولغان. «بۈيۈك برىتانىيە جاھانگىرلىكى»نىڭ بىر ئەزاسى بولغان موررىسون جۇڭگونىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا قىزىققان. جۈملىدىن ئۇ موڭغۇلىيە، تىبەت مەسىلىلىرىگە ئوخشاشلا شىنجاڭغىمۇ ئالاھىدە قىزىققان.

موررىسوننىڭ كۆزىتىشى ئەينى چاغدا شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ياخشى خاتىرە بولۇپ، ئۇ مۇخبىر بولۇش سۈپىتى بىلەن مەسىلىلەرنى چىنلىق بىلەن خاتىرىلىگەن. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى موررىسوننىڭ بۇ ساياھەت خاتىرىسىگە يىراق شەرق مەسىلىلىرىگە دائىر ئەڭ نوپۇزلۇق، ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ساياھەت خاتىرىسىنىڭ مۇشۇ تەسىرىدىن قارىغاندا، ئەنگلىيە شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىدە چوقۇم موررىسوننىڭ دوكلاتىدىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ دوكلاتنى تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

موررىسوننىڭ ماتېرىياللىرىنىڭ مۇھىملىقىنى تۇنجى قېتىم تونۇشتۇرغان ئېنوكې كازۇئو ئەپەندى «(موررىسون ئويلىمىغان يەردىن ئېرىشىپ قالغان بۇ ماتېرىياللار) موررىسوننىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ياشىغان 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جۇڭگونى مەر-

كەز قىلغان شەرقىي ئاسىيانى چۈشىنىشتىمۇ ئەڭ مۇھىم ما-تېرىياللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان. ئېنوكي كازۇئو ئەپەندى 1970 - يىلى مىچىل كۈتۈپخانىسىغا بېرىپ، موررىد-سوننىڭ خەت - چەكلىرىنى تەكشۈرگەن. بۇ خەت - چەكلەر-نىڭ بىر قىسمىنىڭ مىكروفىلمىنى شەرق كۈتۈپخانىسىغا ئې-لىپ كەلگەن ھەمدە رەتلەنمىگەن ماتېرىياللارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى «موررىسوننىڭ مىچىل كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان خەت - چەكلىرى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا تونۇشتۇرۇپ «شەرق كۈتۈپخانىسىنىڭ كىتاب خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2 - سانىدا ئېلان قىلغان.

ئېنوكي ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىدىن 10 يىل كېيىن يەنى 1980 - يىلى ناكامى تاتسۇئو ئەپەندى شۇ كۈتۈپخانىغا بېرىپ، موررىسوننىڭ 1977 - يىلى رەتلەنگەن خەت - چەكلىرىنى تې-خىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى.

ئۇ «موررىسوننىڭ يېقىندا رەتلەنگەن خەت - چەكلىرى» («شەرق كۈتۈپخانىسىنىڭ كىتاب خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 12 - سانى) دېگەن ماقالىسىدە مىچىل كۈتۈپ-خانىسى رەتلىگەن موررىسون خەت - چەكلىرىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ۋە ھەرقايسى ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئايرىم - ئاي-رىم تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. ناكامى تاتسۇئو ئەپەندى موررىد-سوننىڭ خەت - چەكلىرى ئارىسىدا چاغاتاي تۈركچىسىدە يې-زىلغان قولىيازمىلار ۋە كاتىپ خوندا كوماتارونىڭ ئەينى ۋاقىتد-تا ئىلىدا تۈرۈشلۇق خاياشىدې كېنجىروغا موررىسوننى تونۇش-تۇرۇپ يازغان خېتىنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى يازغان.

مەن 1997 - يىلى 7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە سىدنېيدا تۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، شۇ جەرياندا مىچىل كۈتۈپخانى-سىغا بېرىپ، موررىسوننىڭ خەت - چەكلىرىنى تەكشۈردۈم. بۇ ماقالىمدە مەن موررىسون خەت - چەكلىرىنى كۆرۈش يوللىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى شىنجاڭغا ئائىت خەت - چەكلەرنى تۆنجى قېتىم تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

# مچېل كۇتۇپخانىسى

يېڭى جەنۇبىي ۋېلس شتاتلىق كۇتۇپخانا سىدنېي شەھىرىنىڭ مەركىزىي رايونىدا بولۇپ، خايد باغچىسىدىن شىمالغا سوزۇلغان ماكۇرى كوچىسى (Maqcuarie street) بويىدىكى سانت جېمىس چېركاۋى، سابىق پۇل قۇيۇش ئىدارىسى، شتاتلىق يىغىن زالى قاتارلىق تارىخىي قۇرۇلۇشلارنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. دومايىن دەپ ئاتالغان سۇئىي ئوتلاقنىڭ ئالدىدىكى ۋىكتورىيە ئۇسلۇبىدىكى قوڭۇر رەڭلىك ھەشەمەتلىك بىنا شتاتلىق كۇتۇپخانىنىڭ مچېل بۆلۈمچىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مانا مۇشۇ بىنانىڭ ئىچىدە موررىسوننىڭ خەت ـ چەكلىرى ساقلىنىۋاتقان يېڭى جەنۇبىي ۋېلس شتاتلىق كۇتۇپخانىسىنىڭ تارمىقى بولغان مچېل ۋە دىكسون كۇتۇپخانىلىرى بار. مچېل كۇتۇپخانىسىنىڭ كەينىدە زامانىۋى بىر بىنا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەر قىرائەتخانىسى ۋە ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئېچىلغان دۇكان بار. بۇ ماكۇرى بۆلۈمچىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

«يېڭى جەنۇبىي ۋېلس شتاتلىق ئاممىۋى كۇتۇپخانا» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان كۇتۇپخانىنىڭ مچېل بۆلۈمىگە كىرىپ، تاسمانىنىڭ خەرىتىسى بار ئارىلىقتىكى زالدىن ئۆتسە ئېگىز تورۇسلۇق زالغا كىرگىلى بولىدۇ. زالنىڭ تۆت ئەتراپىدا پۈتۈنلەي ئۈچ قەۋەتلىك كىتاب ئىشكاپى بار بولۇپ، ھەقىقىي كۇتۇپخانىدەك كۆرۈنىدۇ. ياۋروپادىكى كۇتۇپخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى غۇۋا كېلىدۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا بۇ كۇتۇپخانا يورۇق، ئازادە بولۇپ، كىشىگە ئازادە كەيپىيات بېغىشلايدۇ. بۇ زال ئەينەك تام ئارقىلىق ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، بىر تەرىپى ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەر قىرائەتخانىسى، يەنە بىر تەرىپى قوليازما ۋە قىممەتلىك كىتابلار قىرائەتخانىسىدۇر. 17 يىل ئىلگىرى

بۇ بەرگە كەلگەن ناكامى ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە: بۇ ماتېرىياللار-نى كۆرۈش ئۈچۈن ئىككى تونۇشتۇرۇش خېتى لازىم بولاتتى-كەن. لېكىن هازىر ئوقۇرمەننىڭ سالاھىيىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىنگلىزچە ئىككى خىل ئىسپات ماتېرىيالى بولسىلا كۇپايە قىلاتتى.

كۇتۇپخانىدىكى ئايال مۇلازىمەتچى ماڭا كىتاب كۆرگەندە قېرىنداش قەلەم ئىشلىتىشنى، خەت - چەكلەرنى ئېلان قىلى-لىشقا توغرا كەلگەندە مەسئۇل كىشىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلى-شىم كېرەكلىكىنى ئەسكەرتكەندىن كېيىن، ماڭا ئۈچ يىللىق ئوقۇلۇش كارتۇچكىسىنى بەردى.

كۇتۇپخانىغا بارماقچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن ئىنتېر-نېتتىن كۇتۇپخانىنىڭ تور بېتىنى كۆرۈپ ئەھۋال ئىگىلىشى كېرەك. بەزى لازىملىق ماتېرىياللارنى ئېلېكترونلۇق پوچتا (E – mail) ئارقىلىق ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.

موررىسون ئەپەندىنىڭ خەت - چەكلىرىنىڭ ئومۇمىي مەز-مۇنىدىن خەۋەردار بولماقچى بولغان كىشىلەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئېنوكي ۋە تاكامى ئەپەندىلەرنىڭ ماقالىلىرىگە ھەمدە ئىنتېرنېتتىن www.uigur.jp تور بېتىگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

هازىر بۇ كۇتۇپخانىدا موررىسونغا تەئەللۇق 329 پارچە خەت - چەك ۋە خاتىرە ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنلار بويىچە تىزىملىنىش تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

كۈندىلىك خاتىرىلەر (722 -)، ئېلان قىلىنغان ۋە ئېلان قىلىنمىغان ماقالىلەر (28 — 34)، خەت - چەكلەر (35 — 115)، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماكارتنېي-نىغا ئەۋەتكەن يەتتە پارچە خەتنىڭ كوپىيىسىمۇ مۇشۇلار قاتا-رىغا تىزىملانغان)، ئاساسىي تېمىسى باشقا نامدا ئاتالغان خاتى-رىلەر (116 — 264)، ھەر خىل تېمىدىكى ماقالىلەر (265 — 280)، گېزىتلەر ۋە گېزىتلەردىن كېسىۋېلىنغان مەزمۇنلار

(281 ــــ 329)دىن باشقا يەنە رەسىم ـ سىزمىلار 201PXA – 214
(151PXD, 88PXD – 160) دىن ئىبارەت.

ياپونچە «شەرق كۆتۈپخانىسى كىتاب خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 29 ـ سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئۆمەرجان نۇرى**

# گابرىل بونۋالوت خاتىرىلىگەن لوپنورلۇقلارنىڭ تارىخىي داستانى ھەققىدە

## غالىپ بارات ئەرك

لوپنورلۇقلار ئۇيغۇر ئېتنىكىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇلار تارىختىن بۇيان تارىم، كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئايا- ياغ ئېقىملىرىدا دەريا ۋە كۆللەرنى مەركەز قىلىپ بېكىنمە ھا- لەتتە ياشاپ كەلگەن بولۇپ، تىل، ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقا جە- ھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇلار ھەتتا بەزى جەھەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۆرپ - ئادەت- لىرىنى، تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن.

لوپنورلۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېغىز ئەدەبىياتى بولسىمۇ، ئۇلار يېزىپ قالدۇرغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلمىغانلىقى، ئۇلار ئارىسىدىكى فولكلور ماتېرىياللىرىنى توپلاش نىسبەتەن كېچىكىپ باشلانغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلاردىن قالغان بىر قى- سىم يادىكارلىقلاردىن تېخىچە خەۋەرسىزمىز، بولۇپمۇ لوپنور رايونىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار يوق دېيەرلىك. فرانسىيىلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى گابرىل بونۋالوت (1853 - 1933) 1889 - يىلى ئېلىمىزدە جۇملىدىن لوپنور رايونىدا ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسىنى باشلاپ تەكشۈرگەندە ئېرىشكەن ئۇچۇرلار بىزنىڭ ئەينى چاغدىكى لوپنور رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي، ئىقتىسادىي ۋە جۇغراپىيىلىك ھالەتلى- رىنى چۈشىنىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بونۋالوتنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى «پارىژدىن توكيو قول- تۇقىغىچە» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان، بۇ كىتاب 2001 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىغا تەر-

جىمە قىلىنىپ «ئادىمىزاتسىز رايوننى جەسۇرانە كېزىش» دېگەن نامدا نەشر قىلىندى.
كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر لوپنور-لۇقلارنىڭ ئارىسىغا بارغاندا بىر موماي بۇ داستاننى «گىتار»غا ئوخشايدىغان ئىككى تارلىق چالغۇسىنى (دۇتار؟) چېلىپ ئېيتىپ بەرگەن، ئابدۇللا ئىسىملىك ئۇيغۇر تەرجىمان بۇنى ئۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ساز بىلەن ئورۇندالغىنىغا قارىغاندا ئۇ نەزمىي داستان بولۇشى مۇمكىن.
كىتابتا بۇ تارىخىي داستاننىڭ پۈتۈن ئۆزى ئەمەس قىسقىچە مەزمۇنى نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان، شۇنداقتىمۇ بۇ تارىخىي داستاننى بۇ رايوننىڭ تارىخى ۋە جاي ناملىرىنى ئېنىقلاشتا زور تارىخىي قىممىتى بار دەپ قارايمىز.
كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، بۇ موماي ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي بولۇپ، ئىككى تارلىق چالغۇسىنى قولىغا ئالسا خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئېيتالايدىكەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تارىخىي داستان ھەم ئەپسانىلەرنى ئەجدادلىرىدىن ئاڭلىغان ئىكەن. داستاندا مۇنداق ۋەقەلىك خاتىرىلەنگەن:
«بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا تۆت خاقان بۇ يەرلەرگە پادىشاھلىق قىلىدىكەن. خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، كۆللىرى ناھايىتى پاراۋان ئۆتىدىكەن. بۇ تۆت پادىشاھ قاغالىق (كىتابتا شۇنداق بولۇپ، ئۇنىڭغا چاقىلىقنىڭ ئۈچ كۆنلۈك غەربىدىكى جاي دەپ ئىزاھ بېرىلگەن) تىكى تۇنىياز ئاغا ۋە مارجان ئاغا ھەم مىرەن شەھىرى (كىتابتا ئابدال مەھەللىسىنىڭ ئەتراپى دېيىلگەن)دىكى شىر ئاغا (بونۋالوت بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمدە شەھەر بولۇپ، خارابىلىرى ھازىرغىچە قۇملۇقتا بار، دەپ ئىزاھات بەرگەن)دۇر.
موڭغۇل ئارمىيىسى تۇيۇقسىز تۆت تەرەپتىن كېلىپ بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلغان ھەمدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى بىر قىسىم ئەرلەرنى شېھىت قىلغان. ھايات قالغانلاردىن قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار موڭغۇللار كونترول قىلىنۋالغان

يۇرتىدىن قېچىپ چىققان ئاياللارنى ئېلىپ شەرققە قاراپ قاچ-قان، يۇچۇن مەھەللىسىدىن ئۈچ كۇنلۇك يىراقلىقتىكى جايلار-غىچە يېتىپ بارغان (ئاپتور بەزىلەر قېچىپ چەيدام ئويمانلىقى-غىچە بارغان، پرژېۋالىسكى ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى باي-قىغان، دەپ ئىزاھات بېرىدۇ)، ئۇ چاغلاردا ئۇ يەرلەردە سۇ بار ئىكەن، ھازىر ئۇ يەرلەر قۇملىشىپ كەتتى. ئۇ قېچىپ بارغان كىشىلەرنىڭ ئۆيى يوق، يەرنى كولاپ ئوت قالىغان، شۇڭا ئۇ يەرلەر قاراقوشۇن (قارائوچاق دېگەن مەنىدە — بۇ يەردە ھازىر-مۇ ئوچاقنى قويۇنداپ قالدى، قوشۇنداپ قالدى، دەيدىغان تىل ئادىتى بار) دەپ ئاتالغان. بۇ يەر نامى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، ئۇلار بېلىق، ياۋا ئۆردەك تۇتۇپ يەپ ھايات كەچۈرگەن، بۇنداق تۇرمۇش يۈز يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان.

موڭغۇللار ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى يۇرت ماكانلىرىنى خانى-ۋەيران قىلىۋېتىپ قايتىپ كەتكەن. قاراقوشۇن كۆلىنىڭ سۈيى تەدرىجىي ئازلاپ قۇرۇپ كەتكەن، ئۇلار ئاخىرى كۇنپېتىشقا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان، بەزىلەر ئەسلىدىكى يۇرتلىرىغا قاي-تىپ كەلگەن، بەزىلەر كورلا بىلەن لوپنور مەھەللىسىنىڭ ئا-رىلىقىدىكى تارىم دەرياسى بويلىرىغا كۆچكەن، ئەسلىدىكى قا-غالىق دەپ ئاتالغان يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلەر يۇرتىنىڭ ئەس-لىدىكى نامىنى ئۇنتۇپ كەتكەن، ئۇلار ئەسلىدىكى يۇرت خارا-بىسىنى بايقاپ ئۇنى قېزىپ بايلىق ئىزدىگەن، ئۇلارنىڭ يۇرتى-نى ئاللىبۇرۇن موڭغۇللار بۇلاپ، ھېچنېمە قالدۇرمىغان بو-لۇپ، ئۇلار بىر تال يىپ ئېگىرىدىغان چارق (چاق) تاپقان، ئۇلار مۇشۇ بايقاشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن يۇرت ماكانىنى قايتا قۇرغاندىن كېيىن، بۇ يۇرتنى چاقىلىق يەنى يىپ ئېگىرىدىغان چاق مەنىسىدە ئاتىغان.

چاقىلىقتا ئولتۇراقلاشقانلار ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بى-لەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، كېيىنچە خوتەندىن كەلگەن چال ئىسمايىل ئاتا (ئاپتور ئۆزلىرىنىڭ بۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە بىر ئاخشام قونغانلىقىنى ئىزاھلىغان) كېلىپ يەرلىكلەرگە: «مەن

سىلەرگە تېرىقچىلىقنى ئۆگىتەي» دېگەن. كۆپچىلىك قوشۇل-
غاندىن كېيىن ئىسمايىل ئاتا خوتەندىن تېرىقچىلىرىنى ئەكەل-
گەن. كېيىن يەرلىكلەر بىلەن تېرىقچىلار ئارىسىدا ئىختىلاپ
پەيدا بولغاندىن كېيىن، خوتەنلىكلەر ئوغۇللىرىنى يەرلىكلەر-
دىن ئۆيلەپ زىددىيەت ئازايغان. بۇ خىل نىكاھلىنىشلار ئارقى-
سىدا شالغۇتلىشىش كېلىپ چىققان، ئەمما يەرلىك ئوغۇللار
خوتەنلىكلەرنىڭ قىزلىرىنى ئالمىغاچقا، ئۆز ساپلىقىنى ساقلاپ
قالغان[1].

ئاپتور بۇ تارىخىي داستاننىڭ مەزمۇنىنى مۇشۇ يەرگىچە
خاتىرىلەپ ئارقىسىغا كۆپ چېكىت قويغان، موماي داستاننى
ئېيتىپ بولۇپ، تارىخىي تېمىدىن چەتنەپ ئەپسانىلەرگە ۋە ئۆ-
زى توقۇغان ناخشا ـ قوشاقلارغا ئۆتكەن. بۇ كىتاب گەرچە بۇ
داستاننى ئەسلىي تېكىستى بويىچە بىزگە تولۇق يەتكۈزۈپ بې-
رەلمىگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ لوپنور رايونىنىڭ قەدىمكى
ئەھۋاللىرى جۇملىدىن موڭغۇل ئىستېلاسى، بۇ دەۋردىكى دى-
نىي ئېتىقادى ۋە جاي ناملىرى ھەققىدە بەلگىلىك مەلۇمات
بېرەلەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە جۇملىدىن موڭغۇل ئىستېلاسىنىڭ
ئالدى ـ كەينىدە لوپنور رايونىدا لوپنور قەدىمكى شەھىرى،
شەھرى كىتىك، شەھرى مەردەك قاتارلىق بىر بۆلۈك لوپنور-
لۇقلار (سېرىق ئۇيغۇر) شەھەرلىرى بولغانلىقىنى يازما پا-
كىتلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار كۆرسىتىپ تۇرماقتا.
بۇ تارىخىي داستاندا لوپنورلۇقلارنىڭ بىر يۇرتىنىڭ ھازىرقى
چاقىلىقنىڭ ئۇچ كۇنلۇك غەربىدە ئىكەنلىكى، نامىنىڭ قاغالىق
ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ، بۇ دەل ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە
ۋاششەھرى يېزىسىنىڭ يەتتە كىلومېتىر غەربىدىكى ۋاششەھرى
كوناشەھىرىگە توغرا كەلسە كېرەك، ۋېنتسىيىلىك ئاتاقلىق
سەيياھ ماركوپولومۇ بۇ يۇرتتىن ئۆتكەن بولۇپ، چەرچەندىن
چىقىپ بەش كۈن يول يۈرسە لوپنور شەھىرىگە يېتىپ بارىدى-

[1] گابرىيل بونۋالوت: «ئادىمىزاتسىز رايوننى جەسۇرانە كېزىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 95 ـ، 96 ـ، 97 ـ بەتلەر.

غانلىقىنى، قۇملۇقتىن ئۆتكەن ۋە ئۆتمەكچى بولغانلارنىڭ مۇ-
شۇ جايدا دەم ئېلىپ يول لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلايدىغانلىقىنى
يازغان. ئارخېئولوگلار بۇ خارابىدىن يەنە خاقانىيە پۇلى قاتار-
لىق يادىكارلىقلارنى تاپقاندىن سىرت يەنە موڭغۇللار ھۆكۈمراز-
لىقىغا مەنسۇپ يازما ماتېرىيال بايقىغان. مۇڭغۇللارنىڭ قىر-
غىنچىلىقلىرى مۇشۇ يۇرتلاردىمۇ يۈرگۈزۈلگەن، ماركوپولو
چەرچەن ھەققىدىكى باياتلىرىدا بۇنى ئىسپاتلىسا، شەھرى مەر-
دەك ئەتراپىدا «موڭغۇل ئۆلگەن» دېگەن جاي نامىنىڭ بولۇشى-
نىڭ بۇ جايلاردا موڭغۇل ئىستېلاسىغا قارشى جەڭلەر بولغانلى-
قىنى كۆرسەتمەكتە. بىز يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، خاقانىيە تېر-
رىتورىيىسىنىڭ جەڭسىزلا موڭغۇل ئىستېلاسىغا قايىل بولغاز-
لىقى ھەققىدە گۇماندا بولۇشىمىز كېرەكلىكىدىن بېشارەت
بەرمەكتە. بىر بۆلۈك ئاھالىنىڭ شەرققە يەنى چەيدام ئويمانلىقى
تەرەپكە قېچىشىغا كەلسەك، بۇمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس،
چۈنكى لوپنور شەھىرى ئاھالىسىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنىڭ ئەك-
سىچە شەھرى كىتىك، شەھرى مەردەك ئاھالىلىرىنىڭ كۆپى
مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى، بۇ شەھەرلەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى
ۋەيران بولغان بولۇپ «موڭغۇل ئۆلگەن» نامىدىن بۇ جايدا موڭ-
غۇل ئىستېلاسى بولۇپ، تالاپەت كەلتۈرگىنىنى كۆرۈۋېلىش
مۇمكىن، بىر بۆلۈك مۇسۇلمان بولمىغان ئاھالىلەرنىڭ شەرققە
كۆچكىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. لوپنور رايونىدىن كۆ-
چۈپ بارغان، دەپ پەرەز قىلىنىۋاتقان ھەم ئىسپاتلىنىۋاتقان
بۈگۈنكى سېرىق ئۇيغۇرلار (يۇغۇر مىللىتى)نىڭ تارىخىي
داستانى «يۇغۇرلار كەلگەن شىجى خاجىدىن»[1] دېمۇ ئۇلارنىڭ
مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ يىللىرىدا باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا
ئۇچراپ شەرققە كۆچكەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سېرىق ئۇي-
غۇرلارنىڭ مۇشۇ داستانىدىكى شىجىنى شىجۇ — غەربىي ئايماق

[1] «يۇغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ
يىلى خەنزۇچە نەشرى، 91 ـ بەت.

مەنىسىدە، خاجىنى خوجۇ ياكى قوچۇ دەپ ئىزاھلىغانلار بولدى، ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇ چاغلاردا شىجۇ ئاتالمىسىنى قوللانغىنىغا ھېچقانداق پاكىت يوق، ئەكسىچە چاقىلىق رايونىدا قۇۋچۇل دەيدىغان يەر نامى ساقلانماقتا. «تارىخى رەشىدىي» قاتارلىق ماتېرىياللاردا، لوپنور رايونىدا ياشىغانلارنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن، بۇلارنىڭ ئارىسىدا يىل پەرقى بىرئاز چوڭ بولسىمۇ، ئەمەلىيەتكە خېلى يېقىنلىشىدۇ. ئۇلار 1335 ـ يىللىرى ئەتراپىدا شەھرى كىتىك قاتارلىق يۇرت ماكانلىرىنى بىر قېتىم ۋەيران قىلغان ئەستىن چىقماس موڭغۇل ئىستىبلاسىنى بىرلەشتۇرۇۋالغان.

بۇ داستاندا تىلغا ئېلىنغان «چاقىلىق» نامىنىڭ قويۇلۇشى مەسىلىسىدە رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىسى پرژېۋالىسكى «لوپنور كۆلىگە سەپەر» ناملىق ئەسىرىدە يازغانلىرى بىلەن ئوخشاشلىق ھەم پەرق بار، ئەمما بېرىلگەن تەبىر يەنىلا ئوخشاش، يەنى يىپ ئىگىرىدىغان چارق ــ چاقتىن كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان. پرژېۋالىسكى كىتابىدا «چاقىلىق كەنتىنى كېرىيىدىن كەلگەنلەر 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا قۇرغان. يەرلىكلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كېرىيىدىن كەلگەن بىر قىسىم ئوۋچىلار چەرچەندىن چىڭخەينىڭ گاس رايونىغا ئوۋچىلىققا بېرىپ قايتىشىدا ئالتۇن تاغدىن ھالقىپ بۇ يەرگە تەسادىپىي كېلىپ قالىدۇ، بۇ يەردە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن سېپىل ۋە ئۆيلەرنى كۆرىدۇ، ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن كونا بۇزۇلغان يىپ ئىگىرىدىغان چاقلارنى كۆرىدۇ، يىپ ئىگىرىدىغان چاق ئۇيغۇر تىلىدا چاق دېيىلگىنى ئۈچۈن بۇ يۇرت چاقىلىق، دەپ ئاتالغان، چاقىلىق نامى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن دەيدۇ»[①]. پرژېۋالىسكىنىڭ يېزىشىچە، ئەنە شۇ كېرىيىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ ئىچىدە پولات بەگمۇ بار بولۇپ، ئۇ ۋە باشقىلار ئېرىق ئېلىپ، كۆچەت تىكىپ

---

① پرژېۋالىسكى: «لوپنور كۆلىگە سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 160 ـ، 161 ـ بەتلەر.

تېرىقچىلىق قىلىپ يۇرتنى قايتا قۇرغان، كېيىن پولات بەگ بەگ بولغان بولۇپ، 70 يېشىدا پرژېۋالىسكىلار چاقىلىقتىكى ۋاقتىدا ۋاپات بولغان، بەزىلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، پولات بەگنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ چاقىلىقتا بولۇپ، پولات ئاتىنىڭ ھازىرمۇ بىر ئەۋلادىنىڭ ئىسمى پولات، بۇ بەلكىم ئاشۇ بوۋىسىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن شۇنداق ئىسىم قويۇلغان بولسا كېرەك. دېمەك، لوپنور خەلقىنىڭ بۇ داستانى شۇ چاغلاردىكى چاقىلىق رايونىنىڭ ئۆتمۈشىدىن ئۇچۇر بەرگۈچى مۇھىم مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ.

# تۇرپان، پىچان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى كۆرەشلىرى

## مامۇت غازى

### چاغاتاي ئەۋلادلىرى دەۋرىدىكى تۇرپان

چىڭگىزخاننىڭ 7 ـ ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخان 24 يېشىدا جالالىدىن كىتكىنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ تەلىمى بىلەن ئالمىلىقتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ھىجرىيە 764 ـ يىلى (1363 ـ 1364) 34 يېشىدا ئالمىلىقتا ۋاپات بولغان. ئۇ چاغدا سۇيىقەستچى قەمىرىدىننىڭ قىلىچىدىن ئامان قالغان 19 ـ ئوغلى خىزىر خوجا باش ۋەزىر خۇدايداتنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەر، خوتەن تاغلىرى ۋە چەرچەن، چاقىلىق ئارىسىدا 10 نەچچە يىل يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، قەمىرىدىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يەنى 1380 ـ يىلى ئالمىلىقتا خانلىق تەختىگە ئولتۇردى، ئاندىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ تۇرپاننى بويسۇندۇردى. قاراخوجىدىكى جەڭدە بىر ئوغلى، يەمشىنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا ئايالى ئۆلدى. ئۇ تۇرپان، قومۇلنى بويسۇندۇرۇپ، بۇ جايدىكى خەلققە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان دارىلئىسلام دەپ ئاتىلدى.

خىزىر خوجا 1399 ـ يىلى باھار پەسلى قومۇلنىڭ شەرقىدە بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە ئېغىر يارىدار بولغاندا ئادەملىرىگە «جەڭدە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، ئۆلۈمدىن قورققان كىشى جەڭگە ئاتلانمايدۇ. مەن ئۆلسەم يىغا ـ زارە قىلماڭلار، جەسىتىمنى قايتۇرۇپ كېتىپ تۇرپان يەمشىگە دەپنە قىلىڭلار» دەپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت

خان، ئۇنىڭ ئوغلى شىر ئىلى خان، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋەيسخانلار خانلىق ئورۇندا ئولتۇرغانىدىمۇ تۇرپان ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

ھىجرىيە 907 ـ يىلى (مىلادىيە 1503 ـ 1504) ئەھمەتخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان ئۇچتۇرپاندىن قومۇلغىچە بولغان جايلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. موللا مىرسالىھ كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغان «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتابتا: مەنسۇرخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا تۇرپاندا ھېچقايسى تەرەپتىن كەلگەن ئۇرۇش ـ جېدەللەر بولمىغانلىقتىن، خەلق ئەمىن ياشاپ، دېھقانچىلىق، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ناھايىتى راۋاجلانغانىدى، دەپ يېزىلغان. مەنسۇرخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى شاھخان ھوقۇق تۇتۇپ 4 ـ يىلى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا جۇڭغارلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ.

سۇلتان ئابدۇرېشىت خاننىڭ 5 ـ ئوغلى مۇھەممەتخان ھىجرىيە 998 ـ يىلى (1589 ـ 1590) يەكەندە خانلىق ئورۇنغا ئولتۇرغاندا ئۆزىنىڭ كەنجى ئىنىسى، ئابدۇرېشىتخاننىڭ 11 ـ ئوغلى ئابدۇرېھىم خاننى تۇرپان ـ قاراشەھەرنىڭ باش ۋالىيسى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئابدۇرېھىم خان ئىقتىدارلىق ھەربىي سەركەردە بولۇپ، بۇ ئىككى ئورۇننى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، جۇڭغارلار بىلەن ئۈچ قېتىم جەڭ قىلىپ ئىلگىرى مەنسۇرخاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىلى چېگرىسىغىچە بولغان جايلارنى قايتۇرۇۋالىدۇ. ئۇ بىلىملىك كىشى بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. تارىخىي كىتابلاردا ئابدۇرېھىم خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا تۇرپان خەلقىنىڭ تۇرمۇشى مەنسۇرخاننىڭ ۋاقتىدىكىدىنمۇ ياخشى بولغانىدى، دەپ يېزىلغان. ئابدۇرېھىم خان بۇ جايلارنى 43 يىلدىن كۆپرەك باشقۇرۇپ، ھىجرىيە 1048 ـ يىلى (1639 ـ 1640) 75 يېشىدا تۇرپاندا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

تۇرپان يەمشىدە شىمال بىلەن جەنۇب ئارىلىقى تەخمىنەن
بەش كىلومېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتا خىزىر خوجىنىڭ قەبرى-
سى، ئوغلى مۇھەممەت خاننىڭ قەبرىسى، خىزىر خوجىنىڭ ئا-
يالىنىڭ قەبرىسىنىڭ گۈمبەز ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ
تۇرۇشى، ئەھمەتخان تۇرپاننى باشقۇرۇپ تۇرغان چاغدا ئۇنىڭ
ئۈچىنچى ئوغلى، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سە-
ئىدخاننىڭ ھىجرىيە 896 ـ يىلى (1490 ـ 1491) لۇكچۇندى-
كى ئېگىز ئوردىدا تۇغۇلغانلىقى، مەنسۇرخان ئەۋلادلىرىنىڭ
تۇرپان ۋە 1 ـ ئاۋغۇست پولات زاۋۇتىدا، ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ
نەسەبىنى ئۇنتۇماي ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى يۇقىرىدا دېگەنلىرى-
مىزگە دەلىل بولالايدۇ.

## جۇڭغارلارنىڭ تۇرپاننى ئىگىلىشى

ئابدۇرېھىم خان ۋاپات بولغان يىلى چوڭ ئوغلى ئابدۇللا-
خان يەكەن شەھىرىدە خانلىق ئورنىغا ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئىقتىدار-
لىق كىشى بولۇپ، 33 يىللىق خانلىق ھاياتىدا بۇرۇن قولدىن
كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىپ خانلىقنىڭ ئىناۋىتىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈپ پارچىلىنىشقا قارشى تۇرۇش، ئىلىم ـ مەرىپەت
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كۆپ
تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ قەشقەرگە 30 يىل ۋالىي
بولغان كىچىك ئوغلى يولۋاسخان، پىتنىخور ئىشان ھىدايى-
تۇللا (ئاپاق غوجا)نىڭ قۇترىتىشى بىلەن دادىسىدىن ھوقۇق
تارتىۋېلىشقا ئاتلىنىدۇ. ئابدۇللاخان ئوغلى بىلەن ئىككى قې-
تىم ئۇرۇشقان بولسىمۇ سوپى ـ ئىشانلار يولۋاسخانغا بولۇشۇپ
ئۇرۇشقا ئارىلاشقانلىقتىن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېلىپ ئۆز ئور-
نىدا چوڭ ئوغلى ئابدۇل مۆمىن خاننى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ
ھىجرىيە 1077 ـ يىلى (1667 ـ 1668) ئۆز يېقىنلىرىنى
بىللە ئېلىپ ھەج قىلىشقا يۇرۇپ كېتىدۇ.
يولۋاسخان ئاكىسىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ خانلىق تەختىگە

ئۆلتۈرغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ياخشى ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ خەلققە زۇلۇم سالغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا ئاقسۇغا كېلىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان ئابدۇرېھىم خاننىڭ بەشىنچى ئوغلى، ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىسمائىلخان قارا تاغلىق سوپى ـ ئىشانلارنىڭ قول ـ لىشى بىلەن يەكەنگە كېلىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 11 ـ ئەۋلاد سۇلتانى بولۇپ تەختكە ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغدا قەشقەردە تۇرۇۋاتـ ـقان ئىشان ئاپاق خوجا بىر تەرەپتىن ئىسمائىل خانغا ھەل قىـ ـلىش قىيىن بولغان تەكلىپ قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەكەنگە ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ قارا تاغلىق سوپى ـ ئىشانلارنى ئۇرۇپ جازالاپ تۇتقۇن قىلىپ، ھۆكۈمەت ئۈستىدىن پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىدۇ. ئىسمائىل خان ئادەم ئەۋەتىپ بۇ خىل قىلـ ـمىشنى توختىتىشنى بۇيرۇغان بولسىمۇ بۇنىڭغا پىسەنت قىلـ ـماي داۋاملاشتۇرۇپ يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكتىن، ئىسمائىل خان ئاپاق خوجىنى پۈتۈن ئەۋلادلىرى بىلەن چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلىدۇ. بۇ ھىيلىگەر ئىشان چەت ئەلدە بەش يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندىن كېيىن ئاخىرى غۇلجىغا كېـ ـلىپ، غالدان قۇنتەيجىگە يالۋۇرۇپ، ئىسمائىل خاننى ئاغدۇـ ـرۇش بەدىلىگە ئۇنىڭ قويغان شەرتلىرىگە قوشۇلىدۇ. ئۇ چاغدا جۇڭغارلار ئۆزىنىڭ مەركىزىنى قوبۇقساردىن غۇلجا شەھىرىگە يۆتكەپ كېلىپ، شەرققە قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، غۇلـ ـجىدىن قومۇلغىچە بولغان جايلارنى بېسىۋالغان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇشقا باھانە تاپالماي تۇرغانىدى. شۇڭا غالدان ئاپاق خوجىنىڭ تەكلىپى بىلەن 12 مىڭ كىشىلىك جۇڭغار قوشۇنىنى باشلاپ يەكەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئىسمائىل خان قوشۇنلىرى شەھەر دەرۋازىلىرىنى مەھكەم ئېـ ـتىپ قايتۇرما جەڭ قىلىۋاتقان چاغدا ئاپاق خوجا ئىلگىرى ئوـ ـرۇنلاشتۇرۇپ قويغان سوپى ـ ئىشانلار جۇڭغار قوشۇنلىرىغا شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەكەن شەھىرىنى جۇڭغارلار ئىشغال قىلىپ 1678 ـ يىلى 9 ـ ئايـ

نىڭ 25 ـ كۈنى ئىسمائىل خان ئائىلىسى بىلەن جۇڭغارلارغا ئەسىرگە چۈشىدۇ. ئىسمائىل خان ئائىلىسى بىلەن ئىلىغا ناھەـ يىسىدىكى ئېرەن قوبۇرغا دېگەن جايغا نەزەربەند قىلىنغان. ئۇزۇنغا بارماي شۇ يەردە كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

ئاپاق خوجىنىڭ قورچاق خانلىقىمۇ 1682 ـ يىلى ئىسماـ ئىل خاننىڭ ئۇچتۇرپاندا ھاكىم بولۇپ تۇرغان ئىنىسى مۇـ ھەممەت ئىمىن خان (ئاقباشخان) تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاـ نىدۇ. بەش يىلدىن كېيىن ئاپاق خوجىنىڭ ھىيلىسىگە ئىشىـ نىپ سىڭلىسىنى بېرىپ ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋالغان مۇھەممەت ئىمىن خانمۇ ئاپاق خوجا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاپاق خوـ جىمۇ 1694 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ ئۇچىنىـ چى ئەجداد تاغىسى خوجا ئىسھاق ۋەلى (ئىسھاقىيە) كۈچلىرى تەرىپىدىن يەكەندىكى ئوردىسىدا 68 يېشىدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈـ لىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمراـ لىقىغا بويسۇنىدۇ.

جاڭ يۇشىننىڭ «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈش جەريانى» دېگەن ماقالىسىدە، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا ئۇيغۇر خەلقى ئۇستىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ خاراكتېرلىك باج ـ سېلىقنى يولغا قويغان، چىڭ سۇلاـ لىسى دەۋرىدىكى ئارخىپ ـ ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە «تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ھەر يىلى جۇڭغارلارغا 250 چاپان، 215 توپ خەسە، 200 جىڭ پاختا، 40 دەن ئۈزۈم (4000 جىڭ) سېلىق تۆلەيتتى» دەپ يازىدۇ. تۇرپاننى باشقۇرۇۋاتقان ۋالىي ئوبۇل مۇھەممەت خان، شاھخان قاتارلىقلار ھەربىي كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ چارلاشنى كۈچەيتىپ موڭغۇل بۇلاڭچىلىرىنىڭ خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ پاراكەندىچىلىك سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەينى چاغدا جۇڭغارلارغا قارشى كۆكرەك كېـ رىپ چىققانلارنىڭ بىرى لۈكچۈننىڭ ئاق ساقىلى كېيىنكى توققۇز ئەۋلاد تۇرپان ۋاڭلىقىنىڭ ئاتىسى ئىمىن خوجا ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 1105 ـ يىلى (1694 ـ 1695) تۇرپان قاراخوجىـ

ـدىكى فېئودال خوجا ئەۋلادلىرىدىن سوپى خوجىنىڭ ئوغلى، ئاخۇننىياز خوجا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىمىن خوجا كىچىك چېغىدىن باشلاپ قاراخوجا ۋە لۈكچۈندىكى مەدرىسىلەر-دە ئوقۇپ ئۇيغۇرچە ساۋاتىنى چىقىرىپ قالماستىن يەنە ئەرەب-چە، پارسچە كىتابلارنىمۇ ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ. 18 ياشقا كىرگەن چاغلىرىدا، شۇ زاماندا تۇرپاندىكى سوپىلارغا قول بې-رىپ نام چىقارغانلىقى ئۈچۈن بىر مەزگىل ئىمىن سوپى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ چاغدا جۇڭغار نازارەتچىلىرى تەرىپىدىن لۈكچۈننىڭ ئاقساقاللىقىغا تەيىنلەنگەن كېپىش بەگ دېگەن كىشى ئۆز تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئىمىن سوپىنى چاقىر-تىپ كېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئىمىن سوپى ئېتىنى ئاغد-ىنىسىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى ئېگىز ئوردىغا كىرىپ كېپىش بەگ بىلەن كۆرۈشىدۇ. كېپىش ئاقساقال ئۇنىڭدىن گەپ سوراۋاتقاندا ئۇنىڭ ئىمىن خوجىنى تونۇيدىغان ئايالى ئېرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ كانىيىنى كۆرسىتىپ، سېنى ئۆلتۈرىدۇ، قاچ، دەپ ئىشارەت قىلىدۇ. ئىمىن خوجا «ئېتىم بەك شاش ئىدى، مەھكەم باغلاپ قويۇپ كىرسەم» دەپ رۇخسەت سوراپ چىقىپ قېچىپ كېتىدۇ. كېپىش ئاقساقال ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ئادەم ئەۋەتىپ داۋاملىق ئىز-دەيدۇ. ئىمىن خوجا قوي باققۇچىلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئۆز يېقىنلىرىنى لۈكچۈنگە ئەۋەتىپ ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، ھىجرىيە 1130 ـ يىلى (1718 ـ 1719) رامىزان (9 ـ ئاي)نىڭ 23 ـ كۈنى پەيشەنبە كېپىش ئاقساقالنىڭ شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ 25 نەپەر ئاغىنىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ناغرا ـ سۇناي ساداسى ئىچىدە ئېگىز ئوردىنى ئىگىلەپ لۈكچۈننىڭ ئاقساقاللىق ئورنىدا ئولتۇرىدۇ. كېپىش بەگ قېچىپ بېرىپ سىركىپ تۇرغا مۆكۈۋالىدۇ، ئىمىن ئاقسا-قالنىڭ ئادەملىرى ئۇنى شۇ يەردە بېسىقتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭغارلار ئىمىن خوجىغا بەكمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا موڭغۇللار ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە، مەھەللە ئىچىگە

تۇر سالدۇرۇپ، ئۇستىدە نۆۋەت بىلەن پوست تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىدىكەن. مۇشۇ چاغدا لۇكچۇن تۆۋەن مەھەللىدىكى موڭغۇل تۇر بىلەن سىركىپ تۇردا تۇرىدىغان جۇڭغار ئەسكەرلىرىنىڭ ئىمىن خوجىغا قىلغان ئەسكىلىكلىرى لۇكچۇن خەلقى ئارىسىدا ھېكايە قىلىنىپ سۆزلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇ تۇرلار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا چېقىۋېتىلدى.

پىچان ناھىيىسىنىڭ لۇكچۇن رايونىغا قاراشلىق دېھقانسۇ يېزىسىدا ئېرىقلىرىدا قىش - ياز سۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان تۇگمەنبويى دېگەن مەھەللە بار. بۇ يەرنىڭ سۈيى كۆپ بولغاچقا 10 نەچچە تۇگمەن بولغان، ئاتلىق جۇڭغارلار توپلىشىپ كېلىپ، ئۇن تارتقىلى كەلگەن دېھقانلارنىڭ ئۇنلىرىنى بۇلاپ ئارام بەرمەيدۇ. بىر كۈنى بەش ئاتلىق جۇڭغار كېلىپ ھەربىرى بىردىن تۇگمەنگە كىرىپ خامپىدىكى ئۇننى زورلۇق بىلەن تاغارلىرىغا قاچىلايدۇ. بىرىنىڭ تاغىرى توشماي تۇگمەنچىدىن: «ئۇن نېمىشقا جىق چۈشمەيدۇ» دەپ سورىغاندا، تۇگمەنچى: «ئىككى قولۇڭنى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىقساڭ تازا جىق چۈشىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇگمەننى توختىتىپ قوپارغۇ بىلەن تۆپە تاشنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، موڭغۇل ئىككى قولىنى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىققاندىن كېيىن، قوپارغۇنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تاشقا باستۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېرىكلىرى كېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن كەلمەسلىككە ۋەدە بېرىپ، بۇلىۋالغان ئۇنلىرىنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ياش تۇگمەنچى ئۇيغۇر يىگىت قوپارغۇ بىلەن تاشنى كۆتۈرۈپ موڭغۇلنىڭ قولىنى چىقىرىپ قويىدۇ. بۇلاڭچىلار خۇش بولۇپ «نادمان» (باتۇر) دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ سۆز (نادمان) كېيىن تۇگمەنچىنىڭ ئەۋلادلىرىغا لەقەم بولۇپ قالىدۇ. نادمانلار ھازىرمۇ لۇكچۇن ۋە پىچان دائىرىسىدە ياشاپ كەلمەكتە.

پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزا 2 - ئاھالىلەر كومىتېتىدا تارىخچىلار «بۇددا خارابىلىرى» دەيدىغان، يەرلىك خەلق «قالماق ئۆيلىرى» دەيدىغان جاينىڭ شەرق تەرىپىدىكى «بارات

تاغ» دەپ ئاتىلىدىغان چوققىنىڭ ئۈستىگە چىقسىڭىز ئادەم
ئولتۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئىزلىرىنى كۆرىسىز. مانا بۇ چوققىدا
جۇڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىدىغان ئەسكەرلىرى
تۇرغان. جۇڭغارلارنىڭ بايرىمى كۈنى ئەسكەرلەر دېھقانلارغا ئۇ-
زۇم ئاچىقىپ بېرىشنى بۇيرۇيتتى، ئۇيغۇر دېھقانلىرى نەچچە
سېۋەت ئۈزۈمنى كۆتۈرۈپ پەلەمپەي ئارقىلىق چوققىغا ئاچىقىپ
بېرەتتى. ئۈزۈمنى يەۋاتقاندا ئەسكەر باشلىقىنىڭ تىلىنى ئۈزۈم
ئارىسىدىن چىققان سېرىق ئېشەك (چايان) چېقىۋالىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن «ئۇيغۇرلار بىزگە دۈشمەنلىك قىلىپ چايانغا چاقتۇردى»
دەپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقىپ دەسلەپتە ئۇي-
غۇرلار زىيانغا ئۇچرايدۇ، كېيىن ئەتراپتىكىلەر پىچاق، كال-
تەك، نەيزە، قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ جۇڭغارلارنى سۇ-
رۇپ توقاي قىلىپ غەلىبە قىلىدۇ. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ
سۆزلىشىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار بىر ئائىلە ئۈچ كۈندىن تاغ
ئۈستىگە سۇ توشۇپ بېرىدىغان، نۆۋەتلىشىپ ئوتۇن يەتكۈزۈپ
بېرىدىغان ئىككى تۈرلۈك سېلىقنى بىكار قىلىدۇ.

پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن رايونىغا قاراشلىق 6 ـ ئاھا-
لىلەر كومىتېتى (شاھ)نىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان جايدا
ئەسلىي خاندو (خاندو باشلانغان جاي) دېگەن مەھەللە بار،
تۇپراق قاتلىمى قېلىن، يەر تۈزۈلۈشى ئالاھىدە بولغان بۇ جاي-
دىكى ئۇيغۇرلار جۇڭغارلارغا يىلدا بىر قېتىم بۇغداي، پاختا،
قۇرۇق ئۈزۈم، ماتا تاپشۇرۇپ تۇرغان. لېكىن ئۇلار توختامغا
ئەمەل قىلماي ئاتلىق توپلىشىپ كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ
خەلققە زۇلۇم سالغان. بۇنداق بۇلاڭچىلىق كۆپ تەكرارلانغاچقا
يۇرت كاتتىلىرى مەسلىھەتلىشىپ ئۇلار يەنە كەلسە تەلتۆكۈس
يوقىتىشقا بىرلىككە كېلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي 25 ئاتلىق
يېتىپ كېلىدۇ. ئالدىن بىرلىككە كەلگەن پىلان بويىچە ئەسلىي
خاندونىڭ ئىمامى باشلىق جامائەت ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئې-
لىپ نەچچە ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېدە ـ بوغۇز تۆكىدۇ. ئىمام
ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ باشلىقىغا «سىلەر خاتىرجەم تاماق

يەپ، دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار، ھازىر بىزنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى، نامازدىن كېيىن سىلەرنى دېگىنىڭلار بويىچە ياخشى يولغا سالىمىز» دەيدۇ. مەزىن مەسچىتنىڭ ئۆگـ ـزىسىگە چىقىپ ئىككى قولىقىنى تۇتۇپ «بۇلاڭچى دۈشمەنلەر كەلدى، تاياق ـ توقماق، پىچاق ـ نەيزە، ئورغاق ـ پالتا. قولغا چىققان نەرسىلىرىڭلارنى ئېلىپ، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىـ ـچىك، ياش ـ قېرى دېمەستىن ئەسلىي خاندوغا دەرھال كېـ ـلىڭلار. بولمىسا بوگۈن ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز» دەپ تەكرار توۋلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىي خاندوىكى جۈمە مەسـ ـچىتىنىڭ ئالدى ئادەم بىلەن تولىدۇ. بۇلاڭچىلار تاماق يېيىشكە باشلىغان چاغدا ئادەملەر ئۆيلەرگە تۇيدۇرماي باستۇرۇپ كىرىپ بىرىنىمۇ تىرىك قويماي ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلاردىن ئىنتىقام ئاـ ـلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭغارلارنىڭ بۇلاڭچىلىقى توختايدۇ.

1700 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ زۇلۇمى ناھايىتى ئېغىرلاشتى. بۇ چاغلاردا تۇرپاننى باشقۇرۇۋاتقان ئاق سۇلتان، شاھ زەيەر قاتارلىقلار جۇڭغارلارغا تۇيدۇرماي يۇرت كاتتىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېيجىڭغا ئالتە قېتىم نۇرـ ـغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن ئەلچى ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كاڭشىنىڭ 59 ـ يىلى (1720 ـ يىل) 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈـ ـنى توپىلاڭنى تىنچىتىش قوماندانى فۇ نىڭئەن قوشۇن باشلاپ قومۇلدىن يولغا چىقىدۇ. پىچانغا يېتىپ كەلگەندە 300 ئادەم ئالدىغا چىقىپ لۈكچۈنگە يول باشلاپ كېلىدۇ. لۈكچۈندە ئىمىن خوجا ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ ھەم 36 يۇرت كاتتىلىرىنى باشلاپ تۇرپانغا كېلىپ چىڭ سۇلالىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرىدۇ. تۇرپاننىڭ باشلىقلىرىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. كېيىن بۇ قوشۇن يۇڭجېڭنىڭ 3 ـ يىلى (1725 ـ يىلى) قايتىپ كېـ ـتىدۇ. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق قوشاق ساقلىنىپ قالـ ـغانىكەن:

قاغقى دۆڭگە تىكىلدى چىرىكلەرنىڭ ئوپىسى،
قات ـ قات قىلىپ سىلىندى زىلچا ـ گىلەم كۆرپىسى.
تۆت يىلغىچە چىقمىدى تۇرپاندا ھېچ شەپىسى،
ئاخىرى ياندى ئارقىغا قېتىقلىقكەن مەيىسى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇرپاندىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن جۇڭغارلار تۇرپانغا بولغان نارازەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئىمىن خوجىغا تەھدىت سېلىپ بېسىم ئىشلىتىدۇ. ئىمىن خوجا باش ئەگمەي جۇڭغارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ جۇڭغارلارنى تۇرپان تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا تەييارلىنىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ھەربىي ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھازىرچە ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى، تۇرپان خەلقىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈرۈپ كېلىپ خاتىرجەم تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ چاغدا توختى ماموت دېگەن ئادەم باشچىلىقىدا 650 كىشى كۆچۈپ بېرىپ ۋېيلوباۋ دېگەن جايغا ئورۇنلىشىدۇ. 1731 ـ يىلى جۇڭغارلار قوشۇن باشلاپ كېلىپ لۈكچۈننى 40 كۈن قامال قىلىپ ئىمىن خوجىنى تەسلىم بولۇشقا قىستايدۇ. لېكىن ئۇ تەسلىم بولۇشنى قەتئىي رەت قىلىپ ئادەملىرىگە ئىلھام بېرىپ جۇڭغار قوشۇنلىرى بىلەن جان تىكىپ سوقۇشىدۇ. ئاخىرى قومۇلدا تۇرۇۋاتقان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ياردەمگە كېلىپ قامالنى بىكار قىلىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «كۆچمىگەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا مەلۇم بولسۇنكى، ناۋادا دۈشمەننى يېڭىشكە ئاجىزلىق قىلساڭلار ئۇرۇشماي كۆچۈپ كەلگىنىڭلار تۈزۈك، مەزكۇر يارلىق تارقىتىلغاندىن كېيىنمۇ بىقارار بولۇپ جايىڭلاردا تۇرۇۋېرىپ دۈشمەننىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىساڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىڭلار، قوشۇنىمىز سىلەرنى پاناھىغا ئېلىشقا يەنە بارمايدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇشتىن كېيىن تۇرپان، پىچان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئىمىن خوجا باشچى-

لىقىدا 10 مىڭغا يېقىن ئادەم 1732 ـ يىلى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ گۇاجۇ دېگەن جايغا ئورۇنلىشىپ هۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. 1745 ـ يىلى غۇلجىدىكى جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى غالدان ئۆلۈپ ئۆز ئىچىدە هوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بېرىدۇ. 1752 ـ يىلى داۋاچى بىلەن ئامۇرسانا بىرلىشىپ قوشۇن باشلاپ كېلىپ لاما دارجىنى ئۆلتۈرۈپ داۋاچىنى خانلىققا ئولتۇرغۇزىدۇ. 1754 ـ يىلى ئىمىن خوجا داۋاچى بىلەن سوقۇشۇپ يېڭىلىپ قېلىپ، چىڭ سۇلالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى غۇلجىغا ماڭغاندا ئىمىن خوجىمۇ گۇاجۇدىن 300 ئادىمى بىلەن يول باشلاپ غۇلجىغا كېلىدۇ. قايتىشىدا تۇرپاندا قېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ گۇاجۇغا قايتقاندىن كېيىن گەنسۇ باش ۋالىيسى خۇاڭ تىڭگۈيگە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇپ كېتىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ: «بۇلتۇر مەن خان ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن لەشكەرلەرگە يول باشلاپ ئىلىغا باردىم. قايتىش سەپىرىمدە تۇرپانغا كېلىپ ئۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ يوقلۇقىنى، پەقەت 400 ئۆيلۈك ئۇيغۇر پۇقراسىنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. مەن ئىلىغا بارغاندا ئىلگىرى ئەسىر قىلىپ تۇتۇپ كەتكەن 100 ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى كۆرۈپ تۇرپانغا قايتۇرۇپ كەلدىم. هازىر تۇرپاندا 500 ئۆيلۈك ئۇيغۇر بار، بۇرۇن بۇ جايدا دائىم دېگۇدەك ئۇرۇش ۋە يېغىلىق بولۇپ تۇرغاچقا ئادەملىرى هەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. هازىر تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق 16 ئورۇندا ئىچىشقا تېگىشلىك يەركۆپ، هازىر گۇاجۇدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار 2337 ئائىلە، 8815 ئادەم، ئۇلار تۇرپانغا كۆچۈپ بارسا پۈتۈنلەي ئورۇنلاشتۇرۇپ كەتكىلى بولىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان، پىچان ئۇيغۇرلىرى 1756 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ ئىمىن خوجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە باشلايدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار ۋە ئىزاھات:**

مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدىي» ئۇيغۇرچە قولىيازما نۇسخىسى.

موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى.

موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە» ھاجىنۇر ھاجى نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان.

جاڭ يۇشىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي پەن قىسمى (ئۇيغۇرچە)، 1984 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بې-سىلغان «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈش جەريانى» دېگەن ما-قالىسى.

قوشاقنى پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزىسىغا قاراشلىق سۇ بېشى كەن-تىدە ئولتۇرۇشلۇق تارىخچى، 75 ياشلىق ئەيسا موللا 1957 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۆيىدە ئېيتىپ بەرگەن.

# نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە

ئوئىشى شىنئىچىرۇ (ياپونىيە)

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغاندەك، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئەنگلىيىلىك فورسىسنىڭ كۇروپاتكىن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى، ياۋروپا ـ ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، ساياھەتچىلەر شىنجاڭغا كېلىپ يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر ھەققىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى. يات دىندىكى بۇ كىشىلەر بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزەتكەن بولسىمۇ، ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەشتە چەكلىمىلىكتىن خالىي بولالمىغان.

بۇلاردىن سىرت رۇسىيە ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىكى تۈرك زىيالىيلىرى ئارىسىدىمۇ تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ قالدۇرغانلار بار. 1850 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا تەكشۈرۈشكە كەلگەن رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە كاپىتانى، شەرقشۇناس قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف؛ 1914 ـ يىلى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەيئىتى» قەشقەرگە ئەۋەتكەن ئۇسۇلى جەدىد ئارقىلىق پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغان، رودوس ئارىلىدا تۇغۇلغان ئەخمەت كامال[1] ھەم ئۇفادا تۇغۇلغان تاتار (ۋولگا تاتارلىرىدىن) مۇخبىر نوشىرۋان يائۇشېفلار شۇلار جۈملى-

① ساۋادا مىنورونىڭ چوقان ۋەلىخانوفنىڭ تەكشۈرۈش سەپىرىنىڭ جەريانى تونۇشتۇرۇلغان «يەتتىسۇدىن قەشقەرگىچە» دېگەن ماقالىسى (تاكى زاۋاياما ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىللىق ئىلمىي ژۇرنىلى، ئومۇمىي 41 ـ سان. ئەخمەت كامال ھەببىزادىنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە ئوئىشىنىڭ «قەشقەردىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتى — مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

سىدىندۇر.

بۇ كىشىلەر ئىسلام دۇنياسىدا زامانىۋى مەدەنىيەتنى بىر-ۇنىراق قوبۇل قىلغان رايونلاردىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار-نىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ «قالاق» ئىسلام مۇھىتى ھەققىدىكى كۆز-تىشلىرىنىڭ كۆپ ھاللاردا بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلماي بولمايدۇ. ياخشى يېرى، ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلاردىن بولغاچقا، يەرلىك خەلقتىن ئۇچۇر ئىگىلىشى ناھايىتى ئاسانغا چۈشكەن. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا سىڭىپ كىرەلىگەچكە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنى ئىشەنچلىك قىممەت-لىك تارىخىي ماتېرىيال دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يائۇشېۋ 1910 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاكى 1917 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تاشكەنتتە مۇساپىرچىلىقتا ۋاپات بولغانغىچە بولغان نەچچە يىل ئارىلىقتا رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئا-سىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ساياھەت قىلغاچ، رۇسىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قەرەللىك گېزىت ـ ژۇرناللىرىغا ماقالە، سا-ياھەتنامە ئەۋەتىپ، ئەينى چاغدىكى تۈرك ـ تاتار جەمئىيىتىدە كەڭ تونۇلغان شەخس بولۇپ قالغان، ئەمما ئۇنىڭ ئۆتكۈر قە-لىمىدە جانلانغان گېزىت ـ ژۇرناللار رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىن-قىلابىدىن كېيىن بولشېۋىكلار تەرىپىدىن «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى» دېگەن بەتنام بىلەن تەقىپ قىلىنغان، كېيىن كىشىلەر قەلبىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن.

بۇ ماقالىدە مەن ئىلمىم ساھەسىدە ھازىرغىچە نوشىرۋاننىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر ۋە ئۇ-نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يېزىلغان بىر قىسىم ماقالىلەر ئارقىلىق نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرىمەن ھەمدە ئۇنىڭ «ئورتاق تۈرك تىلى»غا مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىنى[1] تىلغا ئېلىش

---

[1] سېرگېي زېنكوۋىسكى: «روسىيىدىكى پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم»، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى 1967 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 114 ـ، 115 ـ بەتلەر؛ ئېدۋارد ئالۋورس: «قىرىم تاتارلىرىنىڭ ھاياتلىق كۈرىشى».

بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ ئالەمگە مەشھۇر ساياھىتى ھەققىدە توختىلىمەن.

نوشىرۋان ياۋۇشېفنىڭ يازغانلىرى مېنىڭ تەتقىقات تېمام بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا، بولۇپمۇ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلاردۇر، بۇلار گەرچە ياۋۇشېفنىڭ سەپەر كەچۈرمىشلىرى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتنى سىلجىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە دەپ قارايمەن.

**1. ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر**

ياۋۇشېف ئۇفا (ھازىرقى باشقىرتىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى) ۋىلايىتىنىڭ بەرىبەي ناھىيە، بوغادى يېزا، مىنتال كەنتىدىكى ئوتتۇن كۆمۈرى ساتىدىغان شىرىيەزدان ئەخمەت ئوغلى ياۋۇشېف ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، 1880 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇغۇلغان بولسا كېرەك. مىنتال كەنتى ئاقسۆڭەكلەر رايونى بولسىمۇ، ياۋۇشېفنىڭ ئائىلىسى ئانچە باياشات ئەمەس ئىدى. ياۋۇشېف سەككىز يېشىدىن 11 يېشىغىچە مىنتال كەنتىدىن ئۈچ ـ تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان ئۇرازايباش كەنتىدىكى ئاتاۋۇللا سادەتۇللا ئوغلى ئاچقان مەكتەپ («قۇرئان كەرىم» يادلاشنى ئاساس قىلىدىغان، مەسچىتلەرنىڭ ھۇجرىلىرىدا ئېچىلغان باشلانغۇچ مەكتەپ)تە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1907 ـ يىلى شەيخۇل شەرىپكوف ئىسىملىك ئىمامدا ئوقۇغان. بۇ ئىمامنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى چاغدىكى ياۋۇشېف «ئۇچىسىغا كونىچە تىكىلگەن پەشمەت، پۇتىغا پايپاق بىلەن چورۇق كىيگەن كەمبەغەل كىيىمى» بىلەن بولۇپ، «بۇخاراغا بارايمۇ ـ تۈركىيىگىمۇ؟ ئاللاھ مەدەت بەرمىسە مېنىڭ خىراجەت قىلغۇدەك ھېچنېمەم يوق» دەپ ئىمامدىن مەسلىھەت سورىغان ئىكەن. ئىمام ئۇنىڭغا ئورېنبۇرگدىكى ھۈسەينىيە مەدرىسىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش، دەپ مەسلىھەت بەرگەن، بىراق ياۋۇشېف ھۈسەينىيە مەدرىسىسىگە بارماستىن ئۇفادا ئېچىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان ئالىيە مەدرىسىسىگە

كىرگەن.
ئالىيە مەدرىسىسى 1906 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇفا شەھەر ـ
لىك 3 ـ مەسچىتىنىڭ ئىمامى زىرىپ ئەپەندى، زىيائىدىن كا ـ
مالى قاتارلىق بايلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدە ئېچىلغان بو ـ
لۇپ، مەكتەپتە ئىستامبۇل، قاھىرەلەردە تەلىم ئالغان مۇدەر ـ
رىسلەر دىنىي ئىلىملەردىنلا ئەمەس، پېداگوگىكا، تارىخ،
جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، ئالگېبرا، خىمىيە
دەرسلىرىنى ئۆتەتتى، شۇڭا بۇ مەكتەپ ئەينى دەۋردە ھەۋەسىند ـ
يە، قازاندىكى مۇھەممەدىيە مەدرىسىلىرى بىلەن باراۋەر مې ـ
ڭىپ، يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان مەكتەپ سا ـ
نىلاتتى. مەكتەپ ئېچىلغاندا بىر ئالىي كۇرس بىلەن ئىككى
تەييارلىق كۇرسى ئېچىلغان بولۇپ، جەمئىي 82 ئوقۇغۇچىسى
بار ئىدى. كېيىنكى يىلى 10 ـ ئايدا يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن پار،
سۇ تۇرۇبىسى قاتارلىق ئەڭ ئىلغار ئەسلىھەلەر سەپلەنگەن ئۈچ
قەۋەتلىك، كاھىشتا سېلىنغان مەكتەپ ياتىقى پۈتۈپ، يېڭى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا بېرىلگەن[1]. ئۆزۈن ئۆتمەي
يائۇشېف بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن.
يائۇشېف ئالىيە مەدرىسىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شا ـ
ھادەتنامىسىنى كۆتۈرۈپ، ئاۋۋال ئۇفانىڭ جەنۇبىدىكى بىپايان
كەتكەن قازاق يايلىقىغا كىرگەن، ئۇزۇن ئۆتمەي قازاق پەرزەنت ـ
لىرىنى ئاساس قىلغان مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىش ـ
لىگەن. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپىرىنى باشلىغان مەزگىلى
ئېنىق بولمىسىمۇ، مۆلچەرلىشىمچە ئۇنىڭ «تۈركىستاننىڭ
دېھقانچىلىقى» ناملىق تۇنجى خەۋىرى «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ
1912 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان.

[1] ئالىيە مەدرىسىسىنى پۈتتۈرگەن كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى بو ـ
لۇپ، قازاقىستان، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىلگەن. يائۇشېف ئوتتۇرا ئاسىيانى سايا ـ
ھەت قىلغان چاغدا بىرقانچە شەھەردە تەلىم ـ تەربىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللان ـ
غان، ئۇرۇمچىدىكى تاتارلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەرتىپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسى
ئۆتەۋاتقان زىننەتۇللا ئەپەندى جىگىتبايمۇ ئالىيە مەدرىسىسىنى پۈتتۈرگەن.

شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ مۇشۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەم باسقان.

ئەينى چاغدا كۆپ سانلىق ئىلغار تاتار زىيالىيلىرى جەدىتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن تۈرك مىللەتچىلىكىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۈچرىغان. 1884 - يىلى قىرىم تاتارلىرىنىڭ مەردپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرى ئىسمائىل غاسپىرالى رۇسلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىلەشتۈرۈش سىياسىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى ئىسلام جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن يۇرتى باغچا سارايدا دىنىي دەرسلەرگە پەننىي دەرسلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپتە يولغا قويۇلغان يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى (ئۇسۇلى جەدىد)نى قوللىغۇچىلار جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز تەسىرىنى روسىيە تەۋەسىگىلا ئەمەس ئوسمانلى ئىمپېردىيىسى تەۋەلىكىدىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرى ئارىسىغىمۇ تېز سۈرئەتتە كېڭەيتكەن. غاسپىرالى ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق تۈركىي خەلقلەر چۈشىنەلەيدىغان «ئورتاق تۈركىي تىل» غايىسى جەدىتچىلەرنىڭ تۈركلۈك ئېڭىنى ئويغاتقان①.

يائۇشېفمۇ جەدىتچىلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلىش ئىرادىسىمۇ تۈرك مىللەتچىلىكىنىڭ تەسىرىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. «بىز ئۇلۇغلىغان تۈرك يەرلىرىنىڭ مۇكەممەل تارىخى يېزىلغانلىقى ئەزەلدىن مەلۇم ئەمەس، تاتار خەلقى، ئوسمانلى تارىخى، قىرىم، كاۋكاز تارىخى دېگەندەك ئايرىم ئاددىي تارىخلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخىغا ئائىت بىرمۇ كىتاب يوق» دەپ زارلانغان يائۇشېف ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئومۇمىي تارىخى يەنى پۈتكۈل تۈركلەرنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات بۇرچى دەپ ھېسابلىغان. ئوتتۇرا ئاسىيانى ساياھەت قىلىش مەقسىتىمۇ زۆرۈر بولغان تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش ھەم تارىخىي

① كوماتسى خىسائو: «ئىنقىلابىي ئوتتۇرا ئاسىيا - جەدىتچىنىڭ پورترېتى» توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى، 56 -، 59 - بەتلەر.

ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ئىدى.

يائۇشېف تۈركىستان گېنېرال گوبېرناتورلۇقى تۇرۇشلۇق كەنت، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنت، شەرقتىكى ئەنئەنىۋى ئىسلام مائارىپى مەركىزى بۇخارا قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلغان. زىيارەت جەريانىدا سەمەرقەنتتە تۇرغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، كۇتۇپخانىلارنى ئارىلىغان، مەدرىسىلەرنىڭ مۇدەررىسلىرى ۋە تالىپلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرغاچ، ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپ قوللىنىلىدىغان تىل — پارس تىلىنى ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇخبىرلىق پائالىيىتىگىمۇ رەسمىي كىرىشكەن. بۇ دەل رۇسىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ نەشرىياتچىلىق پائالىيىتى تازا گۈللىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى. سەمەرقەنتتە جەدىتچى ئۆلىما، جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى بولۇپ تونۇلغان مەھمۇت ھاجى بەھبۇدى 1913 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «سەمەرقەنت» گېزىتىنى، يەنە 8 ـ ئايدا «ئايىنە» ژۇرنىلىنى چىقارغان؛ 1914 ـ يىلى تاشكەنتتە «سادايى تۈركىستان» ژۇرنىلى بىلەن قوقاندا «سادايى پەرغانە» ژۇرنىلىنى نەشر قىلغان. يائۇشېف بۇ گېزىت ـ ژۇرناللارغا مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىدىكى تۈرلۈك ماقالىلەرنى ئەۋەتكەن①. يائۇشېف يەنە «سەمەرقەنت» گېزىتى نەشر قىلىنىشىنىڭ ئالدىدا مەھمۇت ھاجى بەھبۇدى بىلەن كۆرۈشۈپ پىكىرلەشكەن. يائۇشېف زىيارەت خاتىرىسىنىڭ مەزمۇنىنى قازاندا چىقىدىغان «قۇياش» گېزىتىگە ئەۋەتىپ تۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن يائۇشېف «قۇياش» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە

---

① بۇلار روسىيە تەۋەلىكىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇپ، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن «ئايىنە»دۇر. «ئايىنە»دىكى ماقالىلەردە يائۇشېفنىڭ ئىسمى ئېنىق يېزىلمىغان، پەقەت n.y دېگەن ئىككىلا ھەرپ يېزىلغان، بىراق n ھەرپىنىڭ ئالدىغا سەيياھ سۆزى قوشۇلغانلىقى ھەمدە ماقالىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا يائۇشېف ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

20 پارچىگە يېقىن ماقالە يازغان.

1914 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سەمەرقەنتتە زىيارەتتە بولغان بۇخارالىق بىر مۇدەررىسنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، يائۇشېف تاتار گېزىتلىرىنىڭ ئاۋانگارت مۇخبىرى، پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلىش بىلەن نام چىقارغان ئابدۇلرەشىد ئىبراھىمنىڭ «دۇنياغا ساياھەت»[①] دېگەن كىتابىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچراپ، ئۆزىمۇ ئاشۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك ساياھەت قىلىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشكەن. بۇ مۇدەررىس سەمەرقەنتتە يائۇشېفقا دۇنيانى ساياھەت قىلىشنىڭ تەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، «ئىبراھىم زىيارىتى» قىلماي، ئۇيغۇرلار يۇرتىغا بېرىشقا نەسىھەت قىلغان.

**2. ئۇيغۇرلار يۇرتىغا سەپەر**

يائۇشېف 1914 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەھەردە پويىز بىلەن سەمەرقەنتتىن قوقانغا ئاتلانغان. قوقاندىن ئەۋەتىلگەن خەۋەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا «قۇياش» گېزىتىنىڭ مۇخبىرلىقىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن قانداق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئىلى ئارقىلىق جۇڭگو تەۋەلىكىگە كىرىپ، روزا ھېيتتا (1914 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە) تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى شىخۇ بىلەن ماناسنىڭ ئارىلىقىدىكى كەنتلەردىن ئۆتۈپ، قۇربان ھېيتتا (1914 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە) كۇچاغا يېتىپ كەلگەن. 1915 ـ يىلىدىن باشلاپ ئورېنبۇرگدا نەشر قىلىنىۋاتقان «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن مۇخبىرلىق پائالىيىتىنى قايتا باشلىغان. «ۋاقىت» گېزىتى ئىدارىسىدىن ئايدا ئىككى سان چىقىدىغان

---

① ئىبراھىم 1907 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1908 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى قايتا قازاندىن يولغا چىقىپ سىبىرىيە، موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە، ياپونىيە، كورىيە، جۇڭگو، سىنگاپور، ھىندونوزىيە، ھىندىستان، ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە ساياھەت قىلغان. بۇ ھەقتە ئابدۇرېشىت ئىبراھىم يازغان «ياپونىيە ـ رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ نەزەرىدىكى ياپونىيىنىڭ مىيجى دەۋرى» دېگەن كىتابقا قاراڭ.

«شۇرا» ژۇرنىلىدىمۇ ھەر ساندا دېگۈدەك ماقالە ۋە سەپەر خاتىد-رىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرغان. «ۋاقىت» گېزىتى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلى رۇسىيە تەۋەسىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇر زىيالىيلى-رىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەكىللىك نەشر ئەپكارلىرى ئىدى. بۇنداق كۆپلىگەن خەۋەرلەرنى يېزىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن يائۇشېف ئالدىنقى قاتاردىكى مۇخبىر دەپ قارالغان.

ئەمدى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يائۇشېفنىڭ نەزەرىدە قانداق ئەكس ئەتتۇرۇلگىنىگە نەزەر سالايلى: ئۇ «تۈركلەرنىڭ يۇرتى» بولمىش ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن بىر خىل زوقلىنىش ھېسسىياتىدا بولغان. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىياغىلا ئەمەس، ئۇيد-غۇرلار رايونىغىمۇ شۇنداق مېھرى - مۇھەببەت بىلەن قارىغان. ئۇ كۇچاغا يېتىپ كەلگەندە «چىنى تۈركىستان تۈركلىرىگە رەھمەت ئېيتىمىسام بولمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىل، ئۆرپ - ئادىتىگە زوقلىنىدىكەن، دورامچى ئەمەسكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا تۈركىي تىل ۋە تۈرك ئادەتلىرى تولىمۇ ياخشى ساقلىد-نىۋېتىپتۇ» دەپ بايان قىلغان. بىراق ئۇنىڭ ئەكسىچە يەنە قاششاق ئەنئەنىگە جاھىللىق بىلەن ئېسىلىۋېلىش ئەھۋالىنىمۇ كۆرگەن. كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق يەنى جەنۇبتىكى ئالتە شە-ھەر دەپ ئاتىلىدىغان بوستانلىقلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ئۇنى قاتتىق ئۇمىدسىزلەندۈرگەن. يائۇشېف جەمئىيەتتىكى قاششاقلىق، نادانلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ، نومۇسنى سېتىش، قىمار ئويناش، مەيخورلۇق، سوپىلىق، شامانچە ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلارنى سۆككەن. بىراق ئۇ چېقىمچىلىق ۋە تۆھمەت زەر-بىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەققىدىكى ئاچچىق تەنقىدلىرىنى قايتا داۋاملاشتۇرالماي قالغان.

ئۇ دىنىي ئىشلاردا پۈتۈنلەي تەرتىپسىز، قالايمىقانچىلىقتا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى «مەھكىمە شەرئى» قۇرۇپ ئىدارە قىلىش زۆرۈرلۈكىنى تىلغا ئالغان. بۇ خەۋەر ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ يۇرتى باغچا سارايدا تەسىس قىلىنغان «تەرجۇمان» گېزىتى

(1915 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى سانى)نىڭ بىرىنچى بېتىگە بېسىلغان. بۇنىڭدىن بۇ خەۋەرنىڭ تاتار زىيالىيلىرى ئىچىدە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلاردا بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق ئىنكاس بولمىغان. ئۇ يەنە بىر جەدىتچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن باشلانغۇچ مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يەتكەچكە، كۈچا ئۇيغۇرلىرىغىمۇ يېڭىچە مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى كۈچەپ چۈشەندۈرۈپ، ئەمەلىي مىسال تەرىقىسىدە، ئۆزى شەخسەن 40 ـ 50 بالىنى يىغىپ مەكتەپ ئاچقان، قەلەم ـ قەغەزلەرنى ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەن. ئوقۇتۇش بىرەر ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنسۇن دېگەن باھانە بىلەن بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالغان بولسىمۇ، قېلىپ قالغان بەش ـ ئالتە ياشلىق بالىلار «تۈركىي تىل» ئۆگىنىپ تەلەپپۇز ۋە ئىملا قائىدىسى بويىچە خەت يېزىشنى ئۆگەنگەن. بىراق نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ قىسقا ۋاقىتتا ئارغىنە ئوقۇغۇچى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگىدەك نەتىجە قازىنالمىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

1915 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 كۈنى كۈچادىن ئاتلىق يولغا چىققان يائۇشېف تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە قاراپ مېڭىپ ئاقسۇ، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىن ئۆتۈپ، 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ يەردە ئەسلىي ساياھەتنىڭ مەقسىتى بولمىش تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش، بولۇپمۇ «تارىخى رەشىدىي»نىڭ قولىيازمىسىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىر مەزگىل تۇرغان بولسىمۇ، ساقلىنىۋاتقان تارىخىي كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك «خۇراپىيلىق ۋە توقۇلمىلار بىلەن تولغان خوجا ـ ئىشانلار تەزكىرىلىرى بولغاچقا، يائۇشېف ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتسىز كىتابلار بولۇپ چىققان.

قەشقەردە يېڭىچە مائارىپنىڭ ئاۋانگارتى بولمىش ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللا بىلەن مۇڭداشقان پۈرسەت

تە «ساپ تۈرك تىلى»دا يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» قولىيازمىسى-نىڭ ئىنگلىز سەيياھلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يائۇشېۋ ناھايىتى بىئارام بولغان.

قەشقەردىكى ئىسلام ئېتىقادى ئەھۋالى ھەققىدىمۇ كۆپادى-كىگە ئوخشاش ھېسسىياتتا بولۇپ، كۆڭلى قاتتىق غەش بول-غان، بىراق، قەشقەردە ئىسلاھات سىناق قىلىنغان. 1907 - يىلى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ ئاچ-قان بولسىمۇ، ئاران ئىككى - ئۈچ يىلچە داۋاملاشقان. 1914 - يىلى ئۇستۇنئاتۇشتا، مۇسابايوفلارنىڭ ياردىمىدە ئەخمەت كامال «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھاد»نى قۇرۇپ، يېڭىچە مائارىپ ئۇسۇلى بويىچە تەلىم - تەربىيىنى باشلىغان. يائۇشېۋ قەشقەرنى زىيا-رەت قىلغان مەزگىلدە، بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قەشقەردە ئىككى ئورۇندا باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچى-لىق قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەردىن مەمنۇن بولۇپ: «بۇلتۇر يېڭىچە مائارىپنى چەكلەپ، جەدىتچىلەرنى ‹كا-فىر› دەپ ئاتىغان قەشقەرنىڭ داموللىلىرى بۇ يىل ھەممىسى ئۆزگىرىپتۇ، يېڭىچە مائارىپقا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ بۇنداق قالتىس نەتىجىلەرنى كۆرۈپ ئۆز ياردەملىرىنى ئاتاپتۇ» دەپ يا-زىدۇ.

1915 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەردىن ئاتلانغان يائۇشېۋ يېڭىسار، قىزىل، ئاقراباتتىن ئۆتۈپ 19 - كۈنى يە-كەنگە يېتىپ كەلگەن، يەكەندە بىر ئايدىن ئارتۇقراق تۇرغان. 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يەنە ئاتلىنىپ قاغىلىق، گۇمىلاردىن ئۆتۈپ 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خوتەنگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى خىيال قىلىپ كەلگەن تارىخىي ماتېرىياللارنى قولغا چۈ-شۈرەلمىگەن، خوتەن قاراقاشلىق ئەيسا قازى دېگەن كىشىدىن ئارىيەت ئالغان كىتابلار ئىچىدە ئېركەبەگخانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شاھ مەھمۇت بىننى مىرزا فازىل جوراس يازغان بىر تا-رىخىي ئەسەر بار ئىدى. يائۇشېۋ بۇ ئەسەرنى تاتارچىغا تەرجى-مە قىلىپ «شۇرا» ژۇرنىلىدا «ئالتە شەھەر تارىخىدىن بىر پار-

چە» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىدۇ. يەنە[1] ئەينى چاغدا خوتەندىمۇ يېڭىچە مەكتەپلەر تېمىسىدا پاراڭلار بولۇۋاتقانىدى، بىر يىلنىڭ ئالدىدا خوتەندە ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپ مەبلەغ يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن تاقىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان، قەشقەردىن كەلگەن مۇھەممەد ئىبنى ئىنايىتۇللا 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خوتەندىكى تەسىرى زور كىشىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا يېڭىچە مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى مەكتەپنى داۋاملاشتۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغان.

شۇ مەزگىلدىكى «ۋاقىت» گېزىتى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلىدىكى خەۋەرلەردىن قارىغاندا، يائۇشىفنىڭ نامى ئۇيغۇرلارغا تونۇلغان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خوتەندىن يولغا چىقىپ 9 - كۈنى كېرىيىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ سەپەردىشى بولغان كېرىيىلىك سودىگەر قاسىم هاجى قارشى ئالغان، ئۇ قاسىم هاجىنىڭ ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇنغا 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەكتەپ ئاچقۇزغان، ئۆزى يېڭىچە مەكتەپنىڭ ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئىككى، ئۈچ ئاي ئون نەچچە ئوقۇغۇچىغا «تۈركىي تىل»دا ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگەتكەن.

1916 - يىلى بىر يىلنى خوتەن بىلەن كېرىيىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەسلىي كەلگەن يولى بىلەن 1917 - يىلىنىڭ بېشىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن، ھەمدە سەپەر تەييارلىقى پۈتسىلا يەنە تىبەت ئارقىلىق ھىندىستانغىچە بېرىپ ساياھەت قىلىش ئويىدا بولغان. بىراق، قەشقەرگە تۇيۇقسىز روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، فېۋرال ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەن. ئۇ قەشقەردە كۆرگەن «ۋاقىت» گېزىتىگە ئىنقىلابتىن كېيىنكى روسىيە ۋەزىيىتى

---

① بۇ كىتابنى ئاكىمۇشكىن پارسچە تېكىستى بىلەن رۇسچە تەرجىمىسىنى قوشۇپ ئىزاھ يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇ پايدىلانغان ئەسلىي كىتابنى ۋ. ۋ. بارتولد 1916 - يىلى تاشكەنتتە باقىجانباي دېگەن كىشى ساقلىغان كىتابلار ئارىسىدىمۇ ئۇچراتقان، ئەجەبلىنەرلىكى ئوخشاش ۋاقىتتا يائۇشىفمۇ يەنە بىر قولىيازمىنى تاپقان.

خەۋەر قىلىنغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا گېنېرال گوبېرناتورنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە بولغان مۇستەبىتلىكى يوقىلىش بىلەن بىرگە نۇرغۇن سىياسىي، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قۇرۇلغان، يېڭىدىن گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىنغانىدى. 3 - ئايغا كەلگەندە، جەدىتچىلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان «شۇرائى ئىسلام» دېگەن ئاپتونومىيە ھەرىكىتى تەشكىلاتىمۇ قۇرۇلغان»[1]. يائۇشېۋ سەپەرنى بىردىن توختىتىپ، يۇرتى رۇسىيىدىكى «ئىنقىلاب ۋە ئەركىنلىك»نى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، 4 - ئايدا قەشقەردىن يولغا چىقىپ رۇسىيە تەۋەسىگە كىرگەن. ئوش، ئەنجان، قوقانلاردىن ئۆتۈپ، 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تاشكەنتكە يېتىپ كەلگەن.

بىراق، شىنجاڭغا سەپەر قىلىپ قايتىپ كەلگەن يائۇشېفقا تاشكەنتتىكى تاتارلار سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان. «شۇرائى ئىسلام»مۇ يولباشچىلارنىڭ يېتىشمەسلىكى، مۇتەئەسسىپلەر بىلەن سۈركىلىش قاتارلىق نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ئىچىدە تۇرغاچقا، پائالىيىتىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. يائۇشېۋ ئۇلارغا بولغان ئۈمىدسىزلىكىنى يوشۇرالمىغان. شۇڭا ئۇ تاشكەنتتىن تېزلا ئايرىلىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ تەييارلىقىدا بولغان.

ئەپسۇسكى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يائۇشېۋ تاشكەنتتە بىمەزگىل 30 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولغانلىق مۇسىبەت خەۋىرى تارقالغاندا «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى رىزائىددىن ئىبنى پەخرىدىن يائۇشېفنىڭ تالانتىغا ئىچىنىپ: ئۇنىڭ خەۋەرلىرى ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى «سەپەر خاتىرىسى» شەكلىدە رەتلەپ نەشر قىلىپ تارقىتىش زۆرۈر، ئەگەر ئۇنىڭ ئاغىنە - بۇرادەرلىرى، زامانداشلىرى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنى يىغىپ نەشر قىلسا قالتىس ئىش بولاتتى، دەپ چاقىرىق

① كوماسىنىڭ كىتابى 123 - 125 - بەتلەر.

قىلغان، بىراق، ئىنقىلابتىن كېيىنكى ۋەزىيەت شۇنداق قىـ-
لىشقا يار بەرمىگەن.

### خاتىمە ئورنىدا

ياۋۇشېف پائالىيەت ئېلىپ بارغان 1910 ـ يىللار رۇسىيە ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، شىنجاڭدىمۇ جەدىتچىلىك ھەرىكىتى تازا جانلانغان مەزگىللەر ئىدى. ياۋۇشېف كۇچا بىلەن كېرىيىدە ئۆزى يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت قەشقەر، خوتەنلەردە يەرلىك جەدىتچىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى گېزىت ـ ژۇرنال يۈزىدە ماختىغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇ جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئومۇملىشىشىغا تۆھپە قوشقان. بۇ ماقالىدە ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىييىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە ئەمەلىي پاكىتلار كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، تۆۋەندىكى بىرقانچە ئېھتىماللىقنى ئەسلەتمە قىلىپ ماقالەمنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن.

قەشقەردىكى مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەر جەدىتچىلەر بىلەن دۈشمەنلەشكەن، بۇ خىل قارشىلىشىش ئاقىۋەتتە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ جەدىتچىلەرنى باستۇرۇشىغا سەۋەب بولغان. شۇڭا جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ قىيىنلىقى ھەمدە جۇڭگودا ئىسلاھات ۋە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن كىشىلەر تازا جانلىنىۋاتقان مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە يۈزلەنگەن. بۇ ھەرىكەت 1933 ـ يىلى قەشقەردە تىكلەنگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بىلەن نەتىجىلەنگەن. قەشقەردىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرىنىڭ بىرى بولغان، 1920 ـ يىللاردا ئۆزبېكىستاندا ۋاپات بولغان ھاجى ئەلى «ۋاقىت» گېزىتىگە ئەۋەتكەن ماقالىسىدە «ئۆتمۈشتە ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى بولغان ئانا يۇرتۇم نۇرسىز، يولسىز، سۇسىز قېلىپ خارابىلىشىۋاتىدۇ» دەپ يۇرتىدىكى جاھالەتتىن زارلىغان①. «ئۇ ۋاقىت»

① ئوئىشىنىڭ ماقالىسى، 17 ـ بەت.

گېزىتىگە ماقالە ئەۋەتكەن[1] ئىكەن، ئەلۋەتتە يائۇشېفنىڭ خەۋەرلىرىنىمۇ كۆرگەن بولسا كېرەك.

يائۇشېفنىڭ خەۋەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ نەشر ئەپكارىدا قوللىنىلغان جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم ۋە مىللەت ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆزلۈكىنى شەكىللەندۈرۈشكە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك:

غەربلىكلەرنىڭ ماقالىلىرىدىكى «ش ت» دېگەن سۆز جۇغراپىيىۋى ئۇقۇم سۈپىتىدە قوللىنىلغان، بۇ ئىسىم ئۇيغۇرلارغا سىرتتىن كىرگەن، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىشى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىش[2]. بۇ سۆز يەنە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى جايلارنى كۆرسەتكەن، ھازىر ئۇيغۇرلاردىكى «ئالتە شەھەر» دېگەن ئۇقۇم بەزىدە «يەتتە شەھەر»، «سەككىز شەھەر» دېگەن ئۇقۇملارغا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. مەزكۇر بوستانلىق شەھەرلىرى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇدەك چوڭ شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، ئۈچتۇرپان، يېڭىساردەك كىچىك شەھەرلەرنى چوقۇم ئۆز ئىچىگە ئېلىش ـ ئالماسلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ئابدۇقادىر داموللا 1915 ـ يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن ماقالىسىدە «بىزنىڭ قوشنىلىرىمىز، شەرقتە ئاقسۇلۇقلار، خىتايلار، شىمالدا قىرغىزلار، جەنۇبتا تىبەتلەر، غەربتە بۇرۇندىن باشلاپ بىزلەرگە ئۇستاز بولۇپ، دىن ۋە مەدەنىيەت ئۆگەتكەن پەرغانە ۋە بىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەس مەدەنىيەتگاھىمىز بۇخارائى شېرىپدۇر»[3] دەپ بايان قىلغان، قەشقەردە تۇغۇلغان

① ھاجى مۇھەممەد نەۋرۇز ھاجى ئوغلى «قەشقەر» — «ۋاقىت» گېزىتى 1914 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈندىكى سانى.

② داموللا ئابدۇقادىر: «بايانى ھەقىقەت» — «شۇرا» ژۇرنىلى، ئورېنبۇرگ، 1915 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشرى، 23 ـ سان.

③ ۋاڭ كې: «ش ت جۇمھۇرىيىتى ھەققىدە تەتقىقات»، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى ياپونچە نەشرى، 8 ـ بەت.

ئابدۇقادىر داموللا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوخشاشلا «ئالتە شەھەر»نىڭ بىرى بولغان ئاقسۇ ئاھالىسى «قوشنا»لىقنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىگەن. بەلكىم ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا «ئالتە شەھەر»، «ش ت» دېگەن ئاتالغۇلار ئۇلار ياشاۋاتقان بوستانلىقلار دائىرىسىدىن كەڭرەك جۇغراپىيىۋى ئۇقۇم مەنىسىنى بېرەلمىگەن.

بىراق، كېيىنچە ئۇلار «ش ت» دېگەن ئۇقۇمنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلغان. يائۇشېف «ش ت» دېگەن سۆزنى ئانچە ئىشلەتمىگەن. كۆپ ئورۇندا «چىنى تۈركىستان» يەنى جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى تۈركىستان دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن، ئۇ يازغان ماقالىلەرنى ئوقۇغان يەرلىك ئۇيغۇرلار بۇ يات ئاتالغۇنى غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئىشقىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان زېمىنىنىڭ «چىنى تۈركىستان»، «ش ت»، «تۈركىستان» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا كېرەك. ئاشۇ جۇغراپىيىۋى ئۇقۇم دائىرىسىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى قوللاپ شۇنداق ئاتىغاندا، ئۇلاردا شۇنىڭغا مۇناسىپ جۇغراپىيىۋى ئۇقۇمنىڭ بولماسلىقى ۋە «ش ت» ئاتالغۇسىنى دۆلەت نامى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ھازىر بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغا ئۆزلىشىش جەريانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش شىنجاڭنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ھەرىكىتىنى چىقىش قىلىپ ئويلاش مۇھىم تېما.

ياپونچە «كوبى ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخشۇناسلىق يىللىق ژۇرنىلى» نىڭ 1998 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 31 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

# 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى بوران ـ چاپقۇن ۋە ئامېرىكا كونسۇلخانىسى

يۈەن شۇ

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان دەۋر ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ قورۇل سىرتىدىكى يىتىم ئارالدەك ئىچكى ـ تاشقى مالىمانچىلىق ئىچىدە داۋالغۇپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، خەلقئارا زومىگەرلىكنى تالىشىدىغان مۇھىم ھالقىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئامېرىكا دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە داۋالغۇپ تۇرغان شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە مۇھىم ۋە ئالاھىدە رول ئوينىدى، بۇ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تېمىغا ئايلاندى. خەلقئارالىق دىپلوماتىيە كۆرىشىنىڭ مۇرەككەپلىكى، بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ تېما ئۇزۇندىن بۇيان تەتقىق قىلىنماي كەلدى، تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باققانلارمۇ ئاز بولدى. مەن ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان ئازغىنە ماتېرىيالغا تايىنىپ، بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم، بۇ ئەمگىكىمنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئاز ـ تولا ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا خەلقئارا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن جۇڭ-

گوغا ياردەم بېرىپ، جۇڭگو ئۇرۇش مەيدانىدىن پايدىلىنىپ ياپونىيىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق، تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىغا بولغان بېسىمنى يېنىكلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ هۆكۈمىتىنى يۆلەپ، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى تەسىرىنى كېڭەيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئارقىلىق، ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگودىكى مەنپەئەتكە ئۆزى يالغۇز ئىگە بولۇشقا تەييارلىق كۆردى. شۇڭا ئامېرىكا رۇسىيەنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىر دائىرىسى بولغان ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان شىنجاڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە ئارىلىشىش پۇرسىتىنى كۈتمەكتە ئىدى. گومىنداڭ هۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگونىڭ شىمالى، جەنۇبى ۋە غەربىي شىمالىي قىسىملىرىنى شۇنداقلا شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى. شىنجاڭنىڭ دۇبەنى شېڭ شىسەي خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىشى نەتىجىسىدە ئۆز هۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 1942 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى ھەمدە ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە تەسىر كۈچىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. گومىنداڭ هۆكۈمىتى تەدرىجىي ھالدا ئۈرۈمچىدە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاھىدە خادىم مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئامېرىكىدا ئوقۇغان دىپلومات ۋۇزېشياڭنى ئالاھىدە خادىملىققا تەيىنلىدى، مەھكىمىدە يەنە ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، كونسۇلخانا قۇرۇش ۋە ئالاقىلىشىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو هۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇرۇشىغا قوشۇلدى. كېيىنكى يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ كاتىپى كۇلۇب بۇيرۇققا بىنائەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ تۇنجى كونسۇللۇقنى ئۈستىگە ئالدى. كونسۇلخانىنىڭ ئورنى

تەخمىنەن 7000 كۋادرات مېتىر بولۇپ[1]. نەنلياڭدىكى ياڭماۋ-خۇ 1 - كوچا 5 - قورۇ (هازىرقى غالىبىيەت يولى تىنچلىق كوچىسى 1 - قورۇدىكى 8 - ئارمىيە ئىش باشقارمىسى)دا تەسىس قىلىندى. ئامېرىكا ئۆلكىلىك هۆكۈمەت بىناسىنى ئىجارىگە ئالدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى: بىرىنچى، هىندىستان ۋە شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلىدىغان، ئامېرىكا ياردەم قىلغان ئەشيالارنى توشۇشقا هەمكارلىشىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنى قوللىدى. ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ پارتىيە، هۆكۈمەت ۋە ئارمىيە رەهبەرلىرى هەمدە جەمئىيەتتىكى هەرقايسى رەهبەرلىرى هەمدە جەمئىيەتتىكى هەرقايسى مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتلىرى بىلەن دوستلىشىش، ئاپتوموبىلدا شىنجاڭنى ئايلىنىپ ساياهەت قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئائىت سىياسىي، ئىقتىسادىي، هەربىي ئاخباراتىنى توپلىدى. 1944 - يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا ئامېرىكىنىڭ چۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ئاخبارات خادىمى ماكنان شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى، هاۋا رايى، چېگرىسى ۋە ئايرودروملىرى قاتارلىق كۆپ خىل هەربىي نىشانلىرىنى تەكشۈردى[2]. 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا ماكنان ئۈرۈمچىگە كېلىپ، كونسۇلخانىنىڭ كاتىپى، مۇۋەققەت مۇئاۋىن كونسۇلى بولدى. 1948 - يىلى 12 - ئايدا مۇئاۋىن كونسۇللۇققا تەيىنلىنىپ، مەخسۇس ئاخبارات خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئۈچىنچى، ئامېرىكا تەسىر كۆچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن هەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئامېرىكىنىڭ رەسىملىك ژۇرناللىرى، سۈرەتلىرى ۋە گېزىت -

---

① «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى. كونسۇلخانا» بىرىنچى قىسىم.

② «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى. كونسۇلخانا» بىرىنچى قىسىم.

ژۇرناللىرىنى تارقاتتى؛ نەنلىياڭدا ئامېرىكا كىنولىرىنى ھەق-سىز قويدى، كونسۇلخانا ئىچىگە چېدىر تىكىپ، ھەقسىز كې-سەل داۋالىدى؛ ئىنگلىز تىلى كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا كونسۇل-نىڭ خانىمى رىياسەتچىلىك قىلدى، كۇرستا كونسۇلخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى سىنىپى، ئۇيغۇر ياشلىرى سىنىپى ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپىدىن ئىبارەت ئۈچ سىنىپ تەسىس قىلىنىپ[1]، ئامېرىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتې-گىيىلىك نىشانىغا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكاپەرەس-لەرنى يېتىشتۈردى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ، سو-ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى، موسكۋا تەرەپ بۇ سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقا تەرەپتىن يېگەن بىر زەربە، بۇنىڭغا چىداپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارىدى. شىن-جاڭدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە كونسۇلخانىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنى-شى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەئەينى بەدەنگە سانچىلغان تىكەن بولۇپ، ستالىننىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى ئاساس قىلغان ھۆكۈمەتكە قاراتقان قورallıق كۈرەشلەرنى پائال تەشكىللەپ ۋە قوللاپ، گومىنداڭ-نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بېرىپلا قالماستىن، يەنە شىنجاڭغا سىڭىپ كىرگەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە كۈچلىرىنىڭ ھوشىنى تاپقۇزۇپ قويدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوماندانلىق شتابى 1945 - يىلى-نىڭ بېشىدا گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ھەربىي ھاكىمىيىتىگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى، ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇش

[1] «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى. كونسۇلخانا» بى-رىنچى قىسىم.

جىددىي ۋە كەسكىن بولدى. ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىشىش ئەھۋالىنى بىلىشكە ئالدىرىدى. ۋەقەنىڭ جەريانىنى دۇنياغا ئاشكارىلاپ خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئامېرىكا كونسۇلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۆلكە رەئىسى ۋۇ جۇڭشىننى يوقلاپ «غۇلجا ۋەقەسى»نىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جامائەت پىكرى بېسىمى پەيدا قىلماقچى بولدى①. ئۇزۇنغا بارماي گومىنداڭنىڭ ئىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن تارمار قىلىندى. 23 - كۈنى ۋارود ۋۇ جۇڭشىننى يەنە يوقلاپ بېرىپ، ئىلى ۋەقەسىنىڭ ئەڭ يېڭى ئۆزگىرىشلىرىنى سۈرۈشتۈردى② ھەم بۇلارنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن يوللىدى. 6 - ئاينىڭ بېشىدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسىنىڭ ياردىمىدە، شىمالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي فرونتلاردىن تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە ئۇزۇن يول يۈرۈپ كېلىپ كېيىن ھەربىي پىلاننى تۈزدى ۋە يولغا قويدى، ئۆلكە مەركىزى خەۋپ ئىچىدە قالدى. 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ۋارود ۋۇ جۇڭشىننى يوقلاپ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترومېننىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى خوپكىنسىنىڭ موسكۋاغا يۈرۈپ كەتكەنلىكىنى، ئامېرىكىنىڭ «غۇلجا ۋەقەسى»نىڭ داۋاملىق كېڭىيىپ كەتمەسلىكىنى③ ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلجا بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بەزىدە ئۆز-ئارا سوقۇشتۇرۇپ، بەزىدە تىل بىرىكتۈرۈپ، يەڭ سودىسى قىلىۋاتاتتى. 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» [M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» [M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل.

③ «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» [M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل.

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن غەربىي بىنادا ئۆتكۈزۈلگەن قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى[1]. قارىماققا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋاقىتىنچە تىنچىغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە يېڭى بىر نۆۋەتلىك سوغۇق مۇناسىۋەتلەر كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ئامېرىكا ئىچكى جەھەتتىن ئارىلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئامېرىكا «تۇرمۇش» ژۇرنىلىنىڭ ئايال مۇخبىرى ئىستونس باربارا بىلەن فاگ فاركىل غۇلجىغا بېرىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئاقسۆڭەك ھاكىمبەگ خوجا، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، داڭلىق باي سودىگەر ئەنۋەر مۇسابايېۋ، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبېك مۇنونوف، ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى غېنى قاتارلىق داڭلىق ئەربابلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى[2]. ئارقىدىنلا ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنانمۇ ئىلىغا بېرىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت كېزىتخانىسىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوف ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى داباشىنلارنى زىيارەت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بەرگەنلىكىگە ئائىت ئاخباراتلارنى توپلاپ، خەلقئارادا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش، كېڭەيمىچىلىك

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

قىلىش دولقۇنى قوزغىدى.
1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ بېشىدا شىنجاڭدا يەنە بەيتاك ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭدىكى چېگرىسى بەيتاك تېغىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بىر مەيدان قوراللىق توقۇنۇشتۇر. ئامېرىكا بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىزمغا قارشى تۇردى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ماكنان ئوسمان ئىسلامنىڭ ھەمراھلىقىدا بەيتاك تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ، ئەتراپىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە خەرىتە سىزدى[1]. ئامېرىكا خەلقئارا «ئاخبارات» خەۋەرلەر باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى روبسون، ئامېرىكا بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ماتسون، «نيۇ يورك خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ ئايال مۇخبىرى پېك، «نيۇ يورك پېشىۋالار مۇھاكىمە مۇنبىرى» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى لاند، فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ساۋالېل قاتارلىقلار 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلدى. بەزىلىرى بەيتاك تېغىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى[2]. شۇنىڭ بىلەن بەيتاك ۋەقەسى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتى كۆز تىكىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. شۇ چاغدا ئامېرىكا گېنېرالى مارشال جۇڭگودا كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇۋاتاتتى، ماكنان گومىنداڭنى تەشۋىقاتنى كېڭەيتىشكە قۇتراتتى، ئامېرىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئارقىلىق بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەك-

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - قىسىم [M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى.
② سۇڭ شىلىيەن: «بەيتاك ۋەقەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە جەريانى» [M] ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 3 - سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 - يىل.

چى بولدى[①].

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۆرۈش سىياسىتىدە خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى، ھەربىي جەھەتتە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئامېرىكا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى ئالدىن بايقاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۆرۈشى سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگودىن يېڭى ۋاكالەتچى تېپىش كويىغا چۈشتى. ئۇلار شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىزمغا قارشى كىشىلەرنى تېپىش كېرەك، دەپ قارىدى.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىزمغا قارشى سىياسىي گۇرۇھلار سىياسىي نىشانى، مىللەت قۇرۇلمىسى ۋە ئەمەلىي كۈچى ئورنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ گۇرۇھقا ئايرىلغانىدى، بىرىنچى، ئۆلكە رەئىسى مەسئۇت ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ئەيسا باشچىلىقىدىكى سىياسەتۋاز ئەمەلدارلار، ئۇلار گەرچە ئىلگىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە جياڭ جيېشى تەرىپىدىن مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان بولسىمۇ، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلىپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرماقچى بولغان، ئۇلار ئۇيغۇر ياشلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئارىسىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇئەييەن كۈچ ۋە تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ۋە ھەربىي قورال - ياراغلىرى بولمىغاچقا، چوقۇم خوجايىنىغا تايىنىپ، پۇرسەت كەلگەندە سىياسىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان. ئىككىنچى، ئوسمان، جانىمقان باشچىلىقىدىكى

① جىن جاۋگۇاڭ: «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى» [M] ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 2 - سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 - يىل.

قازاق فېئودال ئاقساقاللار، ئۇلارنىڭ ئېنىق دۆلەت قارىشى ۋە
سىياسىي غايىسى يوق، ئىدىيىسىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان قەھ-
رىمانلىق تۇسى قاپلىۋالغان، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆز مىللىتى
ئىچىدىكى ئاز سانلىق يۇقىرى قاتلام قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە
ئۆزلىرىنىڭ تار دىنىي مەنپەئەتىگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇلار
ئىلگىرى شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمى-
تىگە قوراللىق قارشى تۇرغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناش-
قان، كېيىن يەنە ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقان، ئۇلار-
نىڭ پائالىيەتلىرى پۇرسەتپەرەسلىك ۋە كۆچمەن قاراقچىلىق
ھەرىكەتلىرى بىلەن تولغان، ئۇلار تەۋەككۇلچىلىك روھىغا باي،
قوراللىق ھەرىكەت جەھەتتە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئىق-
تىدارى، ھەرىكەتچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك،
ئۇلار سىياسىي جەھەتتىن پىشمىغاچقا باشقىلار ئۇلارنى ئاسانلا
ئۆزىگە تارتىدۇ، سېتىۋالىدۇ ۋە پايدىلىنىپ كېتىدۇ[1]. ئۈچىن-
چى، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئاتلىق 1 ـ شىسىنىڭ باشلىقى ما
چېڭشياڭ، 78 ـ شىنىڭ باشلىقى يې چېڭ، 179 ـ لۈينىڭ
باشلىقى لۇ شۇرېنلار باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئۇرۇش تە-
رەپدارلىرى، ئۇلارنى غەربىي شىمالدىكى مىللەتارىست ما بۇ-
فاڭ، مەركەز ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى خۇ زۇڭنەن ۋە گو-
مىنداڭ «جۇنتۇڭ» (گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي كومىتېتى-
نىڭ تەكشۈرۈش ـ ئىستاتىستىكىلاش مەھكىمىسى) ئىشپىيون-
لۇق ئورگىنى كونترول قىلىدۇ. ما چېڭشياڭنىڭ ئاتلىق 1 ـ
شىسى فېئودال، مۇستەبىت، دىن كونتروللۇقىدىكى، ناھايىتى
جاھىل، ئىنقىلابقا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان، ئۇرۇش دېسە
جېنىنى بېرىدىغان، مەلۇم جەڭگىۋارلىققا ئىگە قوشۇن ئىدى.
ئۇلار سىياسىي جەھەتتە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى
ھىمايە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قارشى تۇ-

[1] لۇ چى: «ئوسمان ۋە بەيتىك ۋەقەسى» [ M ] ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىيال-
لىرى» 2 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىل.

رۇپ، چېگرا رايون خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئارمىيىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرسىمۇ، لېكىن ئىچكى قىسىمدا نۇرغۇن گۇرۇھلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، زىددىيەت كۆپ ئىدى؛ ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرغاچقا، ھەممەيلەن ئۆز ئىستىقبالىدىن قايغۇرۇپ، غەم ـ ئەندىشە قىلاتتى. بۇنىڭ-دىن باشقا قومۇل ۋالىيسى، شەرقىي شىنجاڭ گارنىزون قو-ماندانى يولۋاس، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇ-ھەممەت ئىمىن بۇغرا ھەمدە بەزى كونا ئەمەلدار، سىياسىئونلار، پارتىيە، گۇرۇھلارمۇ ئۆز ئالدىغا مەزھەب بولۇۋالغان، ئەمما ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتى، سىياسىي مۇددىئاسى، مەپكۇرىسى، ئىجتىمائىي ئاساسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ بولغاچقا، زادىلا سىغىشالمايدۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۇرۇشتا كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇۋاتقان، غەربكە كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋاقتى يەتمەيۋاتقان پەيتتە شىنجاڭدىكى ھەر-قايسى گۇرۇھلار ئۆزلىرىنىڭ چىقىش يولىنى ئىزدەشكە باشلى-غاندى... ئامېرىكا كونسۇلخانىسى خەلقئارا سوغۇق مۇناسىۋەت-لەر ئۇرۇشىدىكى غەربتىكى كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچى، ئورنى ۋە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى-دىن كېيىنكى تەسىرىگە تايىنىپ، سىڭىپ كىرىش، ئۆزىگە تار-تىشتىن قەدەممۇقەدەم مۇستەقىل بولۇشنى تەشكىللەش، پىلانلاشقا ئۆتۈپ، ئاخىرىدا كوممۇنىزمغا قارشى گۇرۇھلارنىڭ سىياسىي يادروسى ۋە قوماندانلىق شتابىغا ئايلاندى.

ئامېرىكا كونسۇلخانىسى 1947 ـ يىلىلا شىنجاڭنى مۇس-تەقىل قىلىشنى پىلانلاپ، مەسئۇت، ئەيسا، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا قاتارلىقلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ سۇيىقەست پىلانلىدى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەيسانىڭ ئۆيىدە ئېچىلغان يىغىندا ئەيسا جياڭ جيېشىدىن شىنجاڭغا «ئاپتونومىيىدىن يۇقىرى، مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن» ھوقۇق يا ئىقتىسادىي كۈچ يا ھەربىي ھوقۇق بېرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ماھىيەتتە، بۇ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدىن

ئايرىلىپ بۆلۈنۈشكە قاراپ تاشلانغان ھەل قىلغۇچ بىر قەدەم ئىدى. ئامېرىكا كونسۇلى پاكىستون بۇ بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى، يا ھەربىي ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى، مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا غەربنىڭ كۈچىگىلا تايىنىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ قولىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ، دەرھال بۇ پىكىرنى ئالقىشلىدى ھەمدە زەھەرخەندىلىك بىلەن قۇتراتقۇلۇق قىلىپ: «باش كاتىپ ئەيسا ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قايىل قىلىدىغان قالتىس ئادەمكەن»①، دەپ يەل بەردى. ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا پىلانلىغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى — ۋاقىتىنچە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، «ئالىي ئاپتونومىيە»نى قولغا كەلتۈرۈش دائىرىسىدە ئىدى.

1948 - يىلى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچكى ئۇرۇشتا كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنى تەۋرىنىپ قالدى، ئامېرىكا پىلانلىغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەۋج ئېلىپ، مۇتلەق مۇستەقىل بولۇشتەك سىياسىي تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1948 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ ئۈرۈمچىدىكى ھازىرقى ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ئورنىدىكى ئۆيىدە ئېچىلغان مەخپىي يىغىندا مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ شىنجاڭنىڭ «مۇستەقىللىق»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، پاكىستون شۇ ھامان بۇ تەشەببۇسنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى②. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ماكنان ئوسماننى قۇترىتىپ «دىنىنى قوغداپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى»نى تەشكىللىدى،

① لى گۇاڭچىڭ: «چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى»، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» [ M ] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل.

② لى گۇاڭچىڭ: «چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى»، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» [ M ] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل.

ئوسمان تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى، قوماندانلىق مەركىزى هازىرقى خەلق مەيدانىدىكى تەڭرىتاغ مېهمانسارىيىنىڭ جەنۇبىدا تەسىس قىلىندى. هازىرقى «ئىتتىپاق» يولى ئەتراپىغا ئاتلىق ئەسكەرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلارنى ئامېرىكا بىلەن گومىنداڭ قىسىملىرى خىراجەت ۋە ئوق ـ دورا بىلەن تەمىنلىدى[1]. قازاق ئەترىتى ئالتاي تېغى ۋە جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسى ئەتراپىنى ساقلاپ، ئاخبارات ئىگىلەپ، ئۈچ ۋىلايەتكە هۇجۇم قىلىش پۇرسىتىنى كۈتۈشكە تەشكىللەندى. ئوسمان بۇيرۇقىغا بىنائەن سەنتەيگە قايتىپ كېلىپ، ئۈچ چوڭ قازاق ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئۆزى باش قوماندان بولۇپ، هەربىي گازارما قۇردى[2]. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا كونسۇلى سانجى كۆچەتخانا (هازىرقى خۇيلىن ئېكولوگىيە تەرەققىيات شىركىتى ئەتراپى)دىكى يىغىلىشقا قاتنىشىپ، «مۇستەقىللىق» سۇيىقەستى ۋە قەدەم ـ باسقۇچلىرى هەققىدە مەسلىهەتلەشتى، يىغىندا «مۇستەقىللىق» نىشانى بېكىتىلىپلا قالماستىن، يەنە هەرىكەتنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش لايىهىسى مۇهاكىمە قىلىندى. پاكستون «مۇستەقىل» بولۇشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلدى دەپ قاراپ، يىغىلىشتىن كېيىن ئەيساغا هەرىكەت خىراجىتى ئۈچۈن 3000 ئامېرىكا دوللىرى بەردى[3].

1949 ـ يىلى ئەتىيازدا ئازادلىق ئارمىيە سەددىچىننىڭ ئىچىدىكى جايلارنى ئازاد قىلدى، گومىنداڭنىڭ هۆكۈمرانلىقى لىڭشىپ غۇلاپ چۈشۈش گىردابىغا كېلىپ قالدى. ئامېرىكا

---

① خەن لىن: «ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا بۆسۈپ كىرىش»، شىنجاڭ ئىتتىپاق كومىتېتى ياشلار هەرىكىتى تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن گۇاڭدۇڭ گاۋمىڭ ناهىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن «يىلنامە تەزكىرىسى» [ M ] دىن نەقىل ئېلىندى، گۇاڭدۇڭ نەنخەي مەتبەئە شىركىتى 1988 ـ يىلى نەشر قىلغان، 92 ـ بەت.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـ قىسىم [ M ] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

③ لى گۇاڭچىڭ: «چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى»، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» [ M ] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل.

ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، غەربىي شىمالدىكى ما بۇفاڭ، ما خۇڭكۈي قاتارلىق يەرلىك تۆڭگان مىللىتارىستلىرىنى يىغىپ تەشكىللەپ، «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»① قۇرۇش سۇيىقەستىنى پىلانلاپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئازادلىق ئارمىيىگە تاقابىل تۇرماقچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭدىكى كوممۇنىزمغا قارشى كۈچلەرنى يىغىپ، «مۇستەقىللىق» سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ئامېرىكا كونسۇلخانىسى يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىشقا قارشى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل ھەرىكەت لايىھىسىنى بېكىتتى: (1) ئەيسانى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرىكەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئىغۋا تارقىتىپ، مۇستەقىل بولۇش كەيپىياتى پەيدا قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قىلىپ، ئىجتىمائىي ئاساسنى كېڭەيتىشنى قولغا كەلتۈرۈش. (2) مۇھەممەتئىمىن بۇغرانى خوتەنگە ئەۋەتىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا مەخپىي تەييارلىق كۆرۈپ، خەلقئارادىكى ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقئارادا جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. (3) مەسئۇتنى جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەرىكەت قىلىشقا ئەۋەتىش، زۇرۇر تېپىلغاندا شۇ جايدا ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش، تەڭرىتاغنى چېگرا قىلىپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تىركىشىشىنى پەيدا قىلىپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچ دائىرىسىنى تەڭرىتاغ ئارقىلىق ئايرىپ، پەيت كۈتۈپ يەنە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش. (4) گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي قىسىملىرى ئارىسىدىكى ئۇرۇش تەرەپدارلىرى بىلەن

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـ قىسىم [ M ] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

تىنچلىق تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىشنى يېقىندىن كۆزىتىش، ئەگەر تاۋ سىيۈ باشچىلىقىدىكى تىنچلىق تەرەپدارلىرى بىلەن يې چېڭ باشچىلىقىدىكى ئۇرۇش تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، يې چېڭغا ياردەم بېرىپ بارلىق ھەربىي ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈش، ئارقىدىن مەسئۇت، مۇھەممەتئىمىن بۇغرالارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش، ئاخىرىدا ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت بىرلىشىپ ئۇرۇمچىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش ھەمدە ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قوراللىق تاقابىل تۇرۇپ، تۇڭگان مۇستەقىل تۇەنى بىلەن قازاق مۇستەقىل تۇەننى ئۆزلىرىگە تارتىپ «پايتەخت» ئۇرۇمچىنى قوغداش①. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ماكنان كۆپ قېتىم سەنتەي (ھازىرقى جىمسار)گە بېرىپ، ئوسمانغا كۈچىنى كېڭەيتىپ، ئازادلىق ئارمىيىگە قارشى تۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، «تەسلىمچىلەر»نى باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. كېيىن پاكستونمۇ سەنتەيگە كېلىپ ئوسماننىڭ ئەيسا، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، يولۋاس، مەسئۇت، جانىمقانلار بىلەن زىچ ئالاقىلىشىشى توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. پاكستون: «مەن سىلەرنىڭ ئىتتىپاق ئۆتۈشۈڭلارنى، دەتالاش قىلىشماسلىقىڭلارنى، ئامېرىكىنىڭ سىلەرگە بەرگەن ياردىمىنى ئوبدان ئىشلىتىشىڭلارنى، بۇ ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئۇچ ۋىلايەتچىلەرگە قارشى تۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن»② دېدى. ئامېرىكىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن، ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ خورىكى تېخىمۇ يوغىناپ ئۈرۈمچى، سانجى، جىمسار، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق جايلاردا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

ئازادلىق ئارمىيە چاڭجياڭ دەرياسىدىن غەلىبىلىك ئۆتكەن-

---

① لى گۇاڭچىڭ: «چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى»، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» [ M ] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـقىسىم [ M ] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

دىن كېيىن، شۇ يىلى 6 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ قالدۇق كۈچ-لىرى ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىشقا باشلىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە غەلىبە قىلىشى مۇقىملىشىپ قالدى. بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىگە قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدىن ۋاز كېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئاشكارا قوللاشقا ئۆتتى، بۇنىڭ سەۋەبى، ئىشەنچلىك ئاخباراتقا ئا-ساسلانغاندا، ئامېرىكا غەربىي شىمالدىكى ما فامىلىلىك بەش مىللەتارىستنى شىنجاڭغا چېكىندۇرۇپ، يەرلىكتىكى كوممۇ-نىزمغا قارشى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ «بۈيۈك ئىسلام جۇم-ھۇرىيىتى» قۇرماقچى بولغان. ئەگەر بۇ پىلان ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاجىز ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىغا نىسبەتەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئالدىنقى سەپ بازىسىغا ئايلىنىپ، ئىككىنچى غەربىي بېرلىن شەكىللىنىپلا قالماستىن، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇل-مان مىللەتلەر ئارىسىدىكى رۇسىيىگە قارشى بۆلگۈنچى كۈچلەر پەيدا بولۇشى، نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقى يولىغا قويىغان رۇسلاشتۇرۇش ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇش قەدىمىگە ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تېزدىن شىنجاڭغا كىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى ستالىن بىلەن مەس-لىھەتلىشىپ، شىنجاڭغا كىرىش ۋاقتىنى ئالدىغا سۈرۈپ 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بېكىتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا قاتنىشى ۋە ئارقا سەپ ياردىمى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئۇرۇش تەرەپدارلىرى بىلەن تىنچلىق تەرەپدارلىرى ئارىسىدا كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى شىمگودا يىغىن ئې-

چىقىپ، «مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى بېكىتىپ، مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) ئەگەر يې چىڭ، ما چىڭشياڭ، لۇ شۇرېنلار شىنجاڭنى جېنىنىڭ بارىچە ساقلاپ ئۇرۇش قىلسا، ئۇ ھالدا ئۇرۇمچىدە دۆلەتلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ، مەسئۇت رەئىسلىككە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ۋە يولۋاسلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، يې چېڭ دۆلەت مۇداپىئە باش قوماندانلىقىغا، ئوسمان مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا تەيىنلىنىدۇ. (2) ئەگەر يې چېڭنىڭ مەيدانىدا تەۋرىنىش بولۇپ، ئۇرۇمچىنىڭ ئەھۋالى يار بەرمىسە، ھۆكۈمەت خوتەندە قۇرۇلىدۇ، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا رەئىسلىككە، يولۋاس بىلەن ئەيسا مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئوسمان دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. (3) مۇستەقىل دۆلەتنىڭ دۆلەت بايرىقىنىڭ تېگى ئاق بولىدۇ، ئۇستىگە 14 تال قىزىل سىزىق چۈشۈرۈلۈپ، 14 مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىنىدۇ، ئوتتۇرىسىغا ھىلال ئاي بىلەن يۇلتۇزنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلۈپ، ئىسلام دۆلىتىنىڭ بەلگىسى قىلىنىدۇ. (4) قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر يولۋاس چوقۇم قومۇلنى چىڭ ساقلىشى، ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك①. بۇ مەزگىلدە غەربىي شىمالدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئازادلىق ئارمىيە ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلدى، فۇمېي ئۇرۇشى بىلەن لەنجۇ ئۇرۇشىدا خۇ زۇڭنەن ۋە ما بۇفاڭ قوماندانلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىپ، چىڭخەينىڭ مەركىزى شىنىڭنى ئازاد قىلىپ، خېشى كارىدورىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى، ئامېرىكا پىلانلىغان غەربىي شىمالدىكى ما فامىلىلىك بەش مىلىتارىست ئارقىلىق ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن چۆل - باياۋان، مۇز تاغ ۋە خەتەرلىك چوققىلارغا تايىنىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىـ-

① لى گۋاڭچىڭ: «چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى»، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» [ M ] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل.

لىشىنى توسماقچى بولدى، چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلەر گۇ-رۇھلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ئارقى-لىق غەربىتىكى چېگرا رايوندا كوممۇنىزمغا قارشى بازا قۇرۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزمغا قارشى كۈچ-لەرنى يىغىپ بىرلەشتۈرۈپ، بۇنداق كۈچلەرنىڭ كېڭىيىشىگە مەدەت بېرىپ، ئازادلىق ئارمىيىگە جان جەھلى بىلەن قارشى تۇردى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئامېرىكا كونسۇلى پاكىستون خىزمىتىدىن دوكلات بەرگىلى ئامېرىكىغا كەتتى، كونسۇلخانى-نىڭ خىزمەتلىرىگە مۇئاۋىن كونسۇل ماكنان رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ساھەسىدىكى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان تاۋ سيۆ بىلەن بۇرھان بىرلەشتى ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئىلى تەرەپتىكى ئۈچ ۋىلايەتچىلەر بىلەن ئالاقى-لەشتى. شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى كۈرەش تىنچلىق-نى تەشەببۇس قىلغۇچىلار تەرەپكە مايىللاشتى، ماكنان دەرھال ئۇرۇشپەرەسلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، يې چېڭغا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا خىراجەت قىلىش ئۈچۈن 200 سەر ئالتۇن بېرىپ، يې چېڭنىڭ قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى[1]، لېكىن يې چېڭ ھوقۇق ۋە پايدا - زىياننى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، دۆلەتنى پارچىلايدىغان ۋە غەلىبە قىلىشتىن ئۈمىد يوق بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقۇسى كەلمەي، چې-كىنىپ چىقىش قارارىغا كەلدى. ماكنان بۇنى ئاڭلىغاندىن كې-يىن، ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ: مۇشۇنداق توخۇ يۈرەك نەرسىمۇ جاڭجۈن بولىدىكەن تېخى[2] دەپ تىللاپ كەتتى. شۇنىڭ

① لى گۇاڭچىڭ: «چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى»، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» [M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل.

② لى گۇاڭچىڭ: «چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى»، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» [M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل.

بىلەن دەرھال يىغىن ئېچىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ، ئاخىرقى قېتىم تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، شىنجاڭدىكى ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتتىكى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ماكنان ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ مۇشت كۆتۈرۈشكە پېتىنالمايۋاتقانلىقىنى ھەم پارچىلىنىپ ئۆز ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا يىغىن چاقىرىپ، ئوسمانغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، قارىمىقىدىكى ئاتلىق قىسمىنى يىغىپ، تاۋۇز چاغىنى كېچىسى ئۈرۈمچىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تاۋ سيۇ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى بىراقلا يوقىتىپ، قالايمىقان ۋەزىيەت پەيدا قىلىشنى، ئاندىن ئوسماننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋەزىيەتنى يىغىشتۇرۇپ، سىياسىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قومۇلدا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى، يولۋاسنىڭ قومۇلغا قايتىپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسمىنى كۈشكۈرتۈپ شۇ جايدىكى مەركىزىي بانكىنىڭ ئامبىرىنى بۇلاپ، شەھەرگە ئوت قويۇپ، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشنى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، يەكەن، خوتەندە قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى[1]. ئەمما بۇ چاغدا ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا يېقىنلاپ قالغان بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ ياخشى كۈنلىرى كەلمەسكە كەتكەنىدى. تاۋ سيۇ ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىنى تىزگىنلەپلا قالماي، يەنە ما چېڭشياڭنى شىنجاڭنى تاشلاپ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىشكە كۆندۈردى، يې چىڭ، لو شۇربىنلارمۇ ئامالسىز چېكىندى، مۇھەممەت ئىمىن بوغرا، ئەيسالارمۇ بىر قىسىم يېقىنلىرىنى باشلاپ پاكىستانغا چىقىپ كەتتى. ماكناز ـ

---

① لى گۋاڭچىڭ: «چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى»، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» [M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل.

نىڭ سۇيىقەستى يەنە بىر قېتىم بىتچىت بولدى.
9 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى ئارمىيە بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئارقا ـ ئارقىدىن تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكا كونسۇلخانىسى شىنجاڭدا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغانلىقىغا تەن بەرمەي ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئوسماننىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ماكنان خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، باركۆل تاغلىق رايونىغا مەخپىي سۈقۈنۈپ كىرىپ، ئوسماننىڭ قىسمىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا داۋاملىق زور مىقداردا ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى ھەم ھەرقايسى جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىش توغرىسىدا سۇيىقەست پىلانلىدى[①] ھەم ئۆز قولى بىلەن ئاق ئۇرۇس قىسىملىرىدىن يۈزنەچچە ئادەمنى تەشكىللەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلىدى[②]. ماكنان ئاخىرقى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شىزاڭ ۋە ھىندىستان ئارقىلىق ئامېرىكىغا قايتماقچى بولدى.
شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى خەلق ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئامېرىكاپەرەسلەر پەيدا قىلغان توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈش، مۇستەقىللىقنى مەخپىي پىلانلاش، ئاخبارات توپلاش، ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلدى[③].
ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا

---

① لى گۇاڭچىڭ: «چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى»، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» [ M ] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل.
② لى گۇاڭچىڭ: «چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى»، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» [ M ] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل.
③ لى گۇاڭچىڭ: «چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى»، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» [ M ] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل.

ماكنان شىنجاڭدىن ئايرىلغانغا قەدەر ئالتە يىل بەش ئاي ۋاقىتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى تارىخ سەھنىسىدىن چېكىندى. ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ـ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ ۋاكالەتخانىسى. ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگوغا پائال ياردەم بەردى، ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىغا ۋاكالىتەن خەلقئارا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى سىياسىتى ۋە جياڭ جېيشىغا ياردەم بېرىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تۇڭگان مىللىتارىستلار، شىنجاڭدىكى پانئىسلامىزمچىلار ۋە پانتۈركىزمچىلار، شىزاڭنىڭ گاشا ھۆكۈمدىتىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك، مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىگە ياردەم ۋە مەدەت بېرىپ، ئەمەلگە ئاشمىغان بىرمۇنچە ئىزلارنى قالدۇردى. يېرىم ئەسىردىن بۇرۇنقى ئامېرىكا كونسۇلىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاشۇ تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتسەك، كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشىگە تېگىشلىك بىشارەتنىڭ قالدۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)نىڭ 2002 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن

تەرجىمە قىلغۇچى: **پولات ھىمىت**

# ئۇلار مەڭگۈ ھايات!

(تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلار قوزغىلىڭىدا قۇربان بولغان قەھرىمانلار ھەققىدە)

**ئابدۇۋاھىت ئۇلاتايېف**

**ئابدۇرېھىم ياقۇپ**

1947 ـ يىلىدىكى تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلار 1000 دىن ئاشاتتى (بۇ سان سىڭگىم ئېغىزى سوقۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ). قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 208 كىشى ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن. دېمەك، قالغان 800 دەك كىشىنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان، بەزىلىرى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قايتىپ بارغاندىن كېيىن دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈلگەن. خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا ئەزىز جېنىنى قۇربان قىلغان بۇ خەلق ئوغلانلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن بىر قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بولۇپ قالغۇسى. بىز بۇ ماقالىمىزدە مۇشۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىمىز:

**1. قوزغىلاڭنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە مەقسىتى**

1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت خەلقى زۇلۇم ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتكە چىدىماي قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى قاتتىق قامال قىلىپ، قوزغىلاڭنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ، ئىچكىرىدىن نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچىنى شىنجاڭغا يۆتكىدى، شۇ

جۇملىدىن مابۇفاڭنىڭ ئاتلىق 5 ـ كورپۇسىمۇ شىنجاڭغا كىر ـ
دى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇستىدىكى ئالۋان ـ سېـ
لىق تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىـ
ـرى كېڭىيىشى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى سۈلھى قىـ
لىشقا مەجبۇر قىلدى. 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىكـ
كى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالاندى، «بىـ
تىم» نىڭ روھىغا ئاساسەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنـ
دى، جاڭ جىجۇڭ رەئىسلىكنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، مۇئاـ
ۋىن رەئىسلىكنى ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدىلەر ئۈسـ
تىگە ئالدى. ئەمما 1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا جاڭ
جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا
ئۆز ئورنىدا ئۆلكە رەئىسى بولۇشقا مەسئۇد سەبرى (نەنجىڭ ھۆـ
كۈمىتى ئەۋەتكەن تەپتىش ئەمەلدارى) نى كۆرسەتتى. دەرۋەقە،
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مەسئۇد سەبرىنى
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. مەسئۇد سەبرى
شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى تۇتقۇن قىلىشىدىن قورقۇپ نەنجىڭگە
بېرىۋالغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەركىبىدە ئون يىلدىن ئوشۇق
ئىشلىگەن، گومىنداڭنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان كىشى بولغاچـ
قا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئۇنىڭ
رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلالماسلىقى تەبىئىي ئىدى. شۇڭا ئۈچ
ۋىلايەت تەرەپ بۇ قارارغا ھەممىدىن ئاۋۋال قارشى چىقتى. 5 ـ
ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپلا ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا مەسئۇدقا
قارشى شوئارلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە
مەسئۇدقا قارشى شوئارلار پەيدا بولۇشتىن سىرت، قالغان يەتتە
ۋىلايەتتىمۇ كەڭ دائىرىلىك قارشىلىق ھەرىكەتلىرى كېلىپ
چىقتى. قارشىلىق ھەرىكەتلىرى قەشقەر، تۇرپان، پىچان، توقـ
سۇنلاردا سەل كەسكىنرەك بولدى. بولۇپمۇ تۇرپان رايونىدا ھاـ
كىم ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدا «ئىنقىلابچىل ياشلار
تەشكىلاتى» ناملىق تەشكىلات قۇرۇلۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا

باشلىدى. ئۇلارنىڭ تەلىپى، ئاساسلىقى «11 ماددىلىق بىتىم» نى دەرھال ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ 1 ـ ماددىسىدا «مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلـ قىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدار ـ لىققا سايلايدىغان سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ»، دەپ يېزىلغانىدى. ئەمما گومىنداڭ دائىرىلىرى ياشلارنىڭ بۇ ھەققانىي تەلىپىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ياشلارنىڭ ھەرىكە ـ تىنى غالجىرلارچە باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. مانا بۇ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلار قوزغىلىڭى (يەرلىك خەلق بۇ قوزغىلاڭنى «ياشلار ئىنقىلابى» دەپ ئاتايدۇ) پارتلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەقسىتى، قانداقتۇر مەركەز ئارمى ـ يىسىنى تۇرپان رايونىدىن سىقىپ چىقىرىپ، باشقا ھاكىمىيەت تىكلەش بولماستىن، بەلكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى «11 ماددىلىق بىتىم» نى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇرلاش ئىدى.

2. قوزغىلاڭنىڭ قىسقىچە جەريانى

1947 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گومىنداڭ دائىرىلىرى گومىنداڭنىڭ تۇرپاندىكى باش شتابىدا مەخپىي يىغىن ئېچىپ، ئابدۇراخمان مۇھىتىغا قارشى نامايىش ئۇيۇشتۇرۇش ۋە قالايمى ـ قانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئابدۇراخمان مۇھىتىنى ئۆلتۈرۈۋې ـ تىپ، خەلققە دۆككەپ قويۇشنى پىلانلىدى. بۇ ئىشنى سېزىپ قالغان ھاكىم ئابدۇراخمان مۇھىتى مۇئاۋىن ھاكىم باۋۇدۇن يو ـ سۈپنى ئېلىپ، تۇرپان يېڭىشەھەر سېپىلىدىن ئارغامچا بىلەن چۈشۈپ ياقابۇلاققا كەلدى. ئۇ، شۇ يەردە ئىنقىلابىي ياشلاردىن رەجەپ توختى، ئەزىز قۇربان قاتارلىق بىر بۆلۈك ياشلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، قورallıq قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەييارلىقلى ـ رىغا پائال كىرىشىپ كەتتى.

مۇشۇ مەزگىللەردە پىچان ناھىيىسىدە پىچان ياشلار تەش ـ كىلاتى، لۈكچۈن ياشلار تەشكىلاتى، تۇيۇق ـ ياڭخي ياشلار تەش ـ كىلاتى، لەمجىن ياشلار تەشكىلاتىدىن ئىبارەت تەشكىلاتلار ھەر ـ

كەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى پىچان ياشلار تەش ـ
كىلاتىنىڭ ئەزالىرى 1947 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىلا
كۆكيارغا توپلىنىپ، قورallıق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەييارلى ـ
قىنى كۆرۈۋاتاتتى. لەمجىن ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ۋەزى ـ
يەتنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، ھەمدۇللا ھېۋىپ باشچىلىقىدا
1947 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كېچىدە ساقچى ئىدارىسى ـ
دىكى ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن لەمجىن شۆبە
ساقچى ئىدارىسىگە بېسىپ كىردى ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باش ـ
لىقى پولاتنى تىرىك قولغا چۈشۈرگەندىن سىرت، سەككىز تال
مىلتىق، ئۈچ دانە قىلىچ، ئۈچ دانە گىرانات، تۆت ئات غەنىيمەت
ئېلىپ، بىر قىسمى شۇ كېچىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆرتەڭگە چىقىپ
كەتتى، بىر قىسمى ساقچى ئىدارىسىنىڭ خاندو شۆبىسىگە ھۇ ـ
جۇم قىلغان بولسىمۇ، بۇ جاينىڭ مۇداپىئەسى پۇختا بولغاچقا
مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان لۈكچۈن ياشلىرىمۇ قوزغىلاڭ كۆ ـ
تۈرۈشنىڭ تەييارلىقىغا پائال كىرىشىپ كەتتى. ئەخمەتنىياز
داۋۇتنىڭ باشچىلىقىدا 1947 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى
چۈشتىن كېيىن لۈكچۈن بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان
«يالغۇز خېنىم» مازىرىنىڭ يېنىدىكى قوغۇنلۇقتا سىدىق ھې ـ
زىم، توختى رەجەپ، قۇربان تۆمۈر، ئاق توختى، شامىرزا روزى
(خۇيزۇ)، سېتنىياز يۇمىلاقباش قاتارلىق ياشلار جىددىي يىغىن
ئاچتى. يىغىندا 1947 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاڭ ئې ـ
تىشتىن بۇرۇن لۈكچۈن شۆبە ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قى ـ
لىش قارار قىلىندى ۋە ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن تۇ ـ
يۇق ـ ياڭخي ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ئىمىن
شاڭجاڭغا ئادەم ئەۋەتىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاڭ ئېتىش ـ
تىن بۇرۇن تۇيۇق ـ ياڭخي ياشلىرى يېتىپ كېلىپ لۈكچۈن
ياشلىرى بىلەن بىرلىشىپ لۈكچۈن شۆبە ساقچى ئىدارىسىگە
ھۇجۇم قىلدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قى ـ

لىپ چوڭ ـ كىچىك 15 تال مىلتىق، بىر سامازورت (تۈلۈقلۇق تاپانچا)، سەككىز دانە قىلىچ، بىرنەچچە مىڭ پاي ئوق غەنىيمەت ئالدى. شۇنىڭ بىلەن لۈكچۈن ياشلىرىدا بىر پىلىموت، 15 تال مىلتىق بار بولدى، ئادەم سانىمۇ كۆپەيدى. ئۇلار بەزى بايلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن سېتىۋالغان قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنى قوراللاندۇردى (بەزىلىرى ئىختىيارىي ئەكىلىپ بەرگەن). شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن لۈكچۈن ۋە تۇيۇق ـ ياڭخى ياشلىرىدىن 210 نەچچە ئادەم تۆت سوقمىدىكى گومىنداڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى ئىشغال قىلدى. ئالتە تال مىلتىق، بىر مائۇزېر، بىر ئاپتومات، بىر سامازورت غەنىيمەت ئالدى.

1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئابدۇراخمان مۇھىتى، رەجەپ توختى (ئەينى چاغدا ئاستانە رايونلۇق شۆبە ساقچىنىڭ باشلىقى ئىدى، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە نازارىتىدە) لار باشچىلىقىدا ئاران 106 تال مىلتىق، بىر يېنىك پىلىموت، بەش ئاپتومات ۋە تاياق ـ توقماق بىلەن قوراللانغان 1000 دىن ئوشۇق كىشى سىڭگىم ئېغىزىدىكى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر يىڭ گومىنداڭ ئەسكىرىگە غەرب ۋە جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلارغا ئىمىن شاڭجاڭ باشچىلىقىدىكى لۈكچۈن، تۇيۇق ـ ياڭخى ياشلىرى 66 تال مىلتىق، ئىككى ئاپتومات، بىر تەخسىلىك پىلىموت بىلەن قوشۇلۇپ جەڭگە ئاتلاندى. بۇ چاغدا پىچان ناھىيىسىنىڭ ئۆتەڭ ئېغىزىغا تويلانغان ياشلار ۋە لەمجىن ياشلىرىدىن 200 نەچچە كىشى چوڭ ـ كىچىك ئون دانە قورال بىلەن ياردەمگە كېلىپ، سىڭگىم ئېغىزىنىڭ شەرق تەرىپىدىن دۈشمەنگە ئوت ئاچتى. جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. قوزغىلاڭچىلاردا پوتەي پارتلىتىدىغان ئېغىر تىپتىكى قوراللار ياكى پارتلاتقۇچ دورىلار بولمىغاچقا، بەزى ياشلار مەردانىلىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، شىبەن تاشنى كۆتۈرۈپ ياكى ئېگەر ـ توقۇملارنى ھۆللەپ ئاپىرىپ دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى توسىماقچى بولدى. بۇ جەريانىدا

چېلىشچى گۈلى ئاخۇن (گۈلى زور)، ئابدۇرازاق مۇئەللىم، ھا- شىم تۇخۇم، ھېتەم دۆلەتشاھ قاتارلىق ياشلارغا ئوق تېگىپ قۇر- بان بولدى. جەڭ كېچىچە داۋاملاشتى. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. ياشلىرىمىز پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دۈشمەن پوتىيىگە يېقىنلىشىپ، ئىككى تال گراناتنى بىر - بىرىگە چېتىپ قوشلاپ ئېتىپ، دۈشمەننىڭ بىر پوتىيىنى پارتلىتىۋەتتى. جەڭ 2 - كۈنىگە قەدەم قويغان، يەنى 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغدا، تۇرپان شەھىرى تەرەپتىن (ئۇرۇش بولۇۋاتقان سىڭگىم ئېغىزىنىڭ غەرب تەرىپىدىن) پۇقراچە كىيىنىپ قولىدا ئاق بايراق كۆتۈرگەن، ماڭلىيىغا ئەرەبچە ئايەت پۈتۈلگەن لېنتىلارنى چىگىۋالغان 300 - 400 ئاتلىق ئادەم كەلدى. قىلچە ئۇرۇش تەجرىبىسى بولمىغان ياشلارنىڭ بەزىلىرى «توقسۇن ياشلىرى ياردەمگە كەلگەن ئوخشايدۇ» دېسە، يەنە بەزىلىرى «تۇرپان ياشلى- رى» دېيىشىپ بىخىرامان تۇردى. بۇلار ئەسلى مابۇفاڭنىڭ ئات- لىق 5 - كورپۇسىغا قاراشلىق ماچېڭشياڭ دىۋىزىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىدى، ئۇلار يېقىن كېلىۋېلىپلا بايراقلىرىنى تاشلاپ، ئۆشنىسىگە ئارتىۋالغان ئاپتوماتلىرىنى ئېلىپ قوز- غىلاڭچىلارغا ئوق ياغدۇردى. بۇنداق تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشكە ئى- دىيە جەھەتتىن قىلچە تەييارلىقى بولمىغان قوزغىلاڭچىلار تار- قىلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. دەل مۇشۇ پەيتتە قومۇلدىن ئاپتوموبىل بىلەن ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سىڭگىم ئېغىزىنىڭ شەرق تەرىپىدە تېخىچە دۈشمەن بىلەن ئې- لىشىۋاتقان پىچان، لەمجىن ياشلىرىغا ئارقا تەرەپتىن بىرنەچچە پىلىموتتىن تەڭلا ئوت ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ چېكىنىش- كە مەجبۇر بولدى. تۇرپان شەھىرى تەرەپتىن كەلگەن ئاتلىقلار- نىڭ بىر قىسمى سىڭگىم ئېغىزىنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كى- رىپ، چېكىنىۋاتقانلارغا قوغلاپ زەربە بەردى. بۇنىڭ بىلەن تەبى- ئىي مۇھاسىرە شەكىللىنىپ خېلى كۆپ ئادەم ئۆلدى ۋە ياردار

بولدى. ئىنقىلابىي ياش كىرەم ھاپىز مۇھاسىرىدىكىلەرنى قۇتقۇ-
زۇش يولىدا مەردلەرچە قۇربان بولدى. ئاتلىقلارنىڭ يەنە بىر
قىسمى بولسا تۇيۇق تەرەپكە چېكىنىۋاتقان خەلقنى ئارقىدىن
قوغلاپ بېرىپ، ئالدىغا كەلگەننى مىلتىق بىلەن ئېتىپ، قىلىچ
بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى، چېكىنىپ قېچىپ كېتىۋاتقان سارد-
خاننى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىغاندىن كېيىن، سارىخاننىڭ
سىڭلىسى بىلەن مەزورىخاننىڭ بالىسىنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ
ئۆلتۈردى. 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كۆكياردا توپلانغان پىچان
ياشلىرى سىڭگىم ئېغىزىدىن چېكىنىپ قايتىپ كەلگەن لەم-
جىن، خاندو ياشلىرى ۋە مەڭلىك ئاقساقال باشچىلىقىدىكى چىق-
تىم ياشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ 500 دەك ئادەم تەشكىللىنىپ،
چىقتىمدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ،
ئاخىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ 70 تىن ئوشۇق ئادەم چالقان تې-
غىغا چىقىپ كەتتى.

### 3. ئازاد رايونغا سەپەر

سىڭگىم ئېغىزىدىكى ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن
كېيىن، تۇياق ـ بۇياقلارغا تارقىلىپ كەتكەن قوزغىلاڭچىلاردىن
800 دىن ئارتۇق ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى
قارا يۇزىگە توپلاندى. ئۇلار يىغىن ئېچىپ 13 كىشىدىن تەركىب
تاپقان پارتىزانلار ھەيئىتى تەشكىل قىلدى. ئابدۇراخمان مۇھىتى
ھەيئەت باشلىقى بولۇپ سايلاندى. شېرىپبەگ خوجا، باۋۇدۇن يۇ-
سۇپ، ئىمىن شاڭجاڭ، نامانجانلار ھەيئەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلى-
قىنى ئۈستىگە ئالدى (توقسۇنغا بىر مۇئاۋىن باشلىقلىق ئورۇن
قالدۇرۇلدى). مۇشۇ چاغدا خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى توقسۇن
رايونىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھەرىكەت قىلىۋات-
قان توقسۇن پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقى پەتتار ھاجى «بىز تەرەپ-
نىڭ ئوت ـ چۆپى مول، سۇيى ئەلۋەك، قوراللىرىمىز خىل،
كەلسىڭىزلەر بىرلىكتە ھەرىكەت قىلساق»، دەپ ئادەم ئەۋەتتى.
شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كەچقۇرۇن

توقسۇنغا قاراپ يول ئالدى. قوزغىلاڭچىلار توقسۇنغا يېتىپ بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى، يەنى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بۇرجاي سوقۇشى پارتلىدى. بۇ سوقۇشقا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتناشقان بولسىمۇ، زامانىۋى قورال بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەي، ئالغوي تېغى ئېغىزىغا چېكىنىپ، ئىككى كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئالغويغا كىرىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. پارتىزانلاردىن تۇرپان نەنمىڭ شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇجېلىل دۈشمەنگە قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ قۇربان بولدى. دۈشمەنلەر ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ توقسۇن بازىرىغا ئېسىپ قويۇپ سازايى قىلدى.

پارتىزانلار تۇرپاننىڭ سىڭگىم، تۆت سوقما، پىچاننىڭ چىقتىم، توقسۇننىڭ كۈمۈش ۋە بۇرجاي سوقۇشلىرى داۋامىدا ئوق ـ دورىسىنى خېلىلا خوراتقانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوزۇق ـ تۈلۈكمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى تۇرپان ـ پىچان ياشلىرى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتى. پەتتار ھاجى باشچىلىقىدىكى توقسۇن ياشلىرى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قالدى. ئالغويدىن يولغا چىققان پارتىزانلار شارغول داۋىنىدا گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن 46 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونى بىلەن بىر مەھەل تۇتۇشقاندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق غەربكە قاراپ مېڭىپ، 3 ـ كۈنى كېچىسى خوتۇنسۇمۇل (ھازىرقى خېجىڭ ناھىيىسى) نىڭ يۇلتۇز دېگەن يېرىگە يېتىپ بارغاندا، گومىنداڭنىڭ قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق 128 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى جۇ زۈيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپ كەتتى. «ھۇررا!» «تىرىك تۇت!» دېگەن سادالار كۆكتە ياڭراپ، كېچە ئاسمىنىنى ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى... بۇ قېتىمقى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش جېڭىدە قايىت شاھىت، ئابدۇرېھىم ھاۋۇل، ھا-

يىز دورغا، ئەمەت باۋجاڭ، ھېلىمنىياز، خالىق ھەمدۇل (دوختۇر)، ئەبەيدۇل فۇگۇەن، ئابدۇرۇسۇل ھەمدۇل، ھەمدۇل گۆشچى، ئىمىن موللا، ھېزىزەم، ئىبراھىم نىياز قاتارلىق كىشىلەر مەردلەرچە قۇربان بولدى. ئىبراھىم مۇھىتى، ئابلىز مۇھىتى، ئابدۇللا مۇھىتىلار ئۇرۇش جەريانىدا پارتىزانلارنىڭ ئاساسىي قىسمىدىن ئايرىلىپ قېلىپ تېپىشالماي تۇرپانغا قايتىپ كەتتى. ئېگىلمەس - سۇنماس تۇرپان پارتىزانلىرى تىللاردا داستان بولغىدەك باتۇرلۇق بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېڭگىرداۋاندىكى ئاق تاش (ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئەينى چاغدىكى چېگرا سىزىقى بولغان جاي) تىن ئۆتۈپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تىزگىنلەپ تۇرغان زېمىنغا قەدەم قويدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ 208 لا ئادىمى قالغاندى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان بۇ كىشىلەر ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە ۋە ئازادلىقتىن كېيىن ھەر يەر - ھەر يەرلەردە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە تېگىشلىك ھەسسىلىرىنى قوشتى.

مەزكۇر ماقالىنى يېزىشتا بىزنى قىممەتلىك ئاغزاكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن سىدىق جېلىل، ئەخمەتنىياز داۋۇت، ئەخمەت زاھىت، رەجەپ مەمەت ئابدۇل، ئىبراھىم نازىروف، باۋۇدۇن يۈسۈپ قاتارلىق يولداشلارغا ھەمدە ماقالىنى تەپسىلىي كۆرۈپ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بەرگەن يولداش رەجەپ توختىغا ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمىز.

# ئىلى مۇستەقىل باتالىيونى

## ھەسەن نۇر ھاجى بولۇس

1944 ـ يىلى كۈزدە پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يۇرتنى، خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىستەك بىلەن قاتنىشىپ، ئىنقىلابنىڭ غە- لىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قان ـ تەر تۆككەن مىڭلىغان ـ تۇمەنلىگەن شىر يۈرەك ئەزىمەتلەر بىلەن بىر قاتاردا، ئىنقىلاب- نىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتلىرىدە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، خەلقنىڭ قەلب تۆرىدىن مەھكەم ئورۇن ئالغان بىر قوشۇن بول- غان. بۇ قوشۇن ـ ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، رۇس، قىرغىز، تۇڭگان (خۇيزۇ) ياشلىرىدىن تەشكىللەنگەن گومىنداڭ ئىلى مۇستەقىل باتالىيونى.

ئىلى مۇستەقىل باتالىيونىنىڭ قۇرۇلۇشى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «ئەسكىري تەلىم ـ تەربىيە يۈرگۈزۈش» چارىسىنى يولغا قويۇپ، كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ياشلارنىڭ ئىنقىلاب دولقۇنىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى.

1944 ـ يىلى 3 ـ ئايدا غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ دەيىۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقىغا بىنائەن، ناھىيە- نىڭ شەھەر ئىچىدىكى ئۈچ رايوندا رايون باشلىقى ۋە گەيجاڭلار- نىڭ خاھىشى بويىچە ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، رۇس، قىرغىز، تۇڭگان ياشلىرىدىن 800 نى مەجبۇرىي «ئەسكىري تەلىم ـ تەربى- يە يۈرگۈزۈش» كە تۇتۇپ بەردى. بۇ 800 ئەسكەردىن بىر باتالىيون تەشكىل قىلىندى، بۇ باتالىيون «گومىنداڭ ئىلى مۇستەقىل با- تالىيونى» دەپ ئاتالدى.

بۇ باتالىيون بەش روتىغا بۆلۈنۈپ، ئىلى سودا شىركىتىنىڭ 3 ـ يەرلىك ماللار ئامبىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ يەردە تۆت ئامبار بار بولۇپ، ئامبارنىڭ ئىككى يېنىغا ئۇزۇن بوگولوك ئور-نىتىلغانىدى، ئەسكەرلەر يېتىپ ـ قوپۇشتا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى ئىشلىتەتتى. ئەسكەرلەرگە سۇر ماتادىن ئىشتان ـ چاپان، شەپكە، پاچاق پايتىما، خەي تارقىتىپ بېرىل-گەنىدى. ئامبارنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي دەرۋازىلىرى تۆمۈردىن ياسىلىپ، قارا سىردا سىرلانغانىدى. ئامبارنىڭ جەنۇب تەرىپى كەڭ كۆكتاتلىق ئىدى (ھازىر غۇلجا تېببىي مەكتەپنىڭ ئور-نىدا)، شىمالىي دەرۋازا بولسا ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنىدا ئىدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كەلگەن ھەيرانباغدا تۇرۇشلۇق گوفېڭ پولكى بۇ باتالىيوننىڭ ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇراتتى. 3 ـ باتالىيون كىتابخانىغا، ھازىرقى ئاپ-توموبىل سەپلىمىلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىغا جايلاشقانىدى. تە-مىنات ئىشلىرىنى شۇ باتالىيوندىكى ئارقا سەپ تەمىنات خادىملى-رى باشقۇراتتى. 3 ـ باتالىيون بىلەن ئامبار ئارىلىقى يېقىن بول-غاچقا، ھەربىي مەشق، قورال ـ ياراق ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش دەرسلىرىدە قورال ـ ياراقلار 3 ـ باتالىيوندىن ئېلىپ كېلىنەت-تى، دەرستىن كېيىن دەرھال قايتۇرۇپ ئەپ كېتىلەتتى. ئۆگىنى-نىش، ئەمگەك ۋاقتى 12 سائەت داۋاملىشاتتى، ئۆگىنىشتىن چۈشسە ئەمگەك، ئەمگەكتىن چۈشسە ئۆگىنىش بولۇپ، ئەسكەر-لەرگە ئارام يوق ئىدى. ئۆگىنىش دەرۋازا ئالدىدا ياكى ۋاڭ قادىر-نىڭ بېغى (ھازىرقى خەلق باغچىسى)دا بولاتتى، ئەمگەك ئايرود-رومدىكى قارىياغاچلىق ئىچىدە بولۇپ، ئەسكەرلەر كېسەك قۇيات-تى ۋە توشۇيتتى، ئايرودروم بىلەن ئامبارنىڭ ئارىلىقى تۆت كى-لومېتىرچە كېلەتتى، بىر ئەسكەر كۈنىگە ئون سانتىمېتىر قېلىن-لىقتىكى قارا كېسەكتىن 500 نى قۇيۇشى، ئىشتىن كېيىن ئون كېسەكنى ئامبارغا يۈدۈپ ئاپىرىشى، كېسەك توشۇغۇچىلار كۈنىد-

گە 100 كېسەكنى ئامبارغا يۇدۇپ ئاپىرىشى كېرەك ئىدى، بۇ
ۋەزىپە ئورۇندالمىسا، جازا تاياق، گاۋزا ۋە زەي كامىر تەييار ئىد-
دى. گومىنداڭچىلار ئەسكەرلەرنى ھارغىنىغا قارىماي، ئۇلارنى
كېچىلىرى ئاكوپ كولاش، ئوق ئۆتمەيدىغان ئېگىز پوتەي ياساش
قاتارلىق ئېغىر ئىشلارغا سالاتتى. تۇرلۇك مەشغۇلات ۋە پائالىد-
يەتلەرگە قاتناشمىغان، رۇخسەتسىز ئۆيىگە كېتىپ قالغانلار ھەر
خىل جازا قوراللىرى ئارقىلىق جازالىناتتى. نۇرغۇن ئەسكەرلەر
كويزا ـ كىشەن، تاقاق، گاۋزا، تاياق ئازابىدىن قاتتىق زەخمىد-
لەنگەن، ھەتتا ئېزىز جانلىرىدىن ئايرىلغانىدى. بەزى ئەسكەرلەر
جازا، زۇلۇمغا چىدىماي، ئەسكەرلىكتىن قېچىپ خاڭدا ئىشلەپ،
خالىڭ ئاستىدا ئۆلۈپ كەتتى. ئەسكەرلىكتىن قاچقانلار تۇتۇلۇپ
قالسا، تېخىمۇ قاتتىق جازاغا تارتىلاتتى.
شۇ يىلى يازنىڭ ئاخىرى، كۈزنىڭ بېشىدا ئىلقىدا گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى پارتىزانلىق ھەرد-
كىتى كۆتۈرۈلۈپ كۆچەيدى. ھۆكۈمەت «ئالتە ئوغرى»دىن ھوشيار
بولۇش ئۈچۈن، ئامباردىكى مۇستەقىل باتالىيوندا ئېلىپ بېرد-
لىۋاتقان ھەربىي مەشقنى توختىتىپ، قورال ـ ياراقنى ئارىيەتكە
بەرمەسلىكنى قارار قىلدى ۋە ئامباردىكى قاراۋۇللۇقنى كۈچەيد-
تىش ۋەزىپىسىنى گوفېڭ پولكىنىڭ 3 ـ باتالىيونغا تاپشۇردى.
3 ـ باتالىيون قاراۋۇللۇقنى كېچە ـ كۈندۈز كۈچەيتىپ، مۇستە-
قىل باتالىيوننى ئېغىر ـ يېنىك قوراللار ئارقىلىق ئىسكەنجىگە
ئالدى، ئەسكەرلەرنى تېخىمۇ ئېغىر ئەمگەككە سالدى. ئەسكەرلەر
ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، ئەتىگەنلىك چايغا قەدەر بىر تاغار تاش
تېرىپ كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ، پوتەي ياساشقا مەجبۇر قىلىندى.
ئۇخلاش سىگنالى چېلىنغاندىن كېيىن، شىمالىي ۋە جەنۇبىي
دەرۋازىلار تاقىلىپ، ياتاق ئىشىكلىرىگە قۇلۇپ سېلىنىپ، ئەس-
كەرلەر قاماپ قويۇلاتتى. بەزى كۈنلىرى ئوفىتسېرلار ئۇخلاش
ۋاقتىغا يېقىن ياتاقلارغا كىرىپ قىمار تەشكىللەيتتى. ئەسكەر-
لەر قىماردا ئۇتسىمۇ، ئۇتتۇرسىمۇ ئوفىتسېرلارنىڭ يانچۇقى

توشاتتى. ئوفىتسېرلار پۇل ساناش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن پەيتتە، ئەسكەرلەر ئىلقىدىكى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى، ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە پاراڭ سېلىشاتتى.

**ئامباردىكى يەر ئاستى تەشكىلاتى**

ئامباردىكى ئەسكەرلەر زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. شۇ كۈنلەردە مىجىت ماخمۇتوف «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئامباردا يەر ئاستى تەشكىلاتى قۇردى. مىجىت ماخمۇتوف ئامباردىكى مۇستەقىل باتالىيون 1 ـ روتا 1 ـ ئىنژۇت 1 ـ ئوتدېلېنىيىسىنىڭ كوماندىرى ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ئىشەنچلىك بولغان، جاپادىن، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان جەسۇر ئاغىنىلىرىدىن تۇرسۇن سەيدەخمەتوف (ئۆزبېك)، ئىمىنوف ئەخمەت (ئەخمەت پور)، سەدىردىن سەيدۇللايوف، ئەخمەت ھاجى بولۇس، جۇمە خوتەن، كاكۇ ئاخۇنبايېف، موللا ئەخمەت (تاتار)، ئابىتوف، ھەسەن قەمىردىن، ئابدۇكېرىم مۇھەممەت ھاجى، جۇجى (تاتار) لار بىلەن بىرلىكتە 12 كىشىلىك گۇرۇپپا قۇردى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ ۋەزىپىسى: (1) مۇستەقىل باتالىيوندىكى ئەسكەرلەرنى ئىنقىلاب قىلىشقا قوزغاش؛ (2) «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى يۈرگۈزۈش؛ (3) دۈشمەنىنىڭ قورال ـ ياراق بازىلىرىنى بايقاش؛ (4) مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ، ئىلقا پارتىزانلىرىغا ھەر جەھەتتىن ماسلىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. گۇرۇپپا پەيتنى تېپىپ، ئىككى قېتىم يىغىن ئاچتى. 2 ـ قېتىملىق يىغىندا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئىلقا پارتىزانلىرىنىڭ 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى يەتكۈزۈلدى ۋە مۇستەقىل باتالىيوندىكى ئەسكەرلەرنىڭ شۇ كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى بېكىتىلدى.

گۇرۇپپا ئىلقا پارتىزانلىرى غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى دۈشمەننى پاراكەندە قىلىپ، ئىلقا پارتىزانلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا يېقىندىن ماسلاشتى. 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ

كۈنى (شەنبە) كېچىدە مىجىت ماخمۇتوف ئۆز ئادەملىرىدىن بىر
قانچىسىنى باشلاپ پوگاشېف (رۇس) نىڭ پىۋىخانىسىدا (ھازىرقى
غۇلجا شەھەرلىك جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرخانىسى ئورنىدا) پار-
تىزانلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن نۇرۇم، ئوسمان (سۇيدۇڭلۇك) لار
بىلەن ئۇچرىشىپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر ئۈستىدە كېلىشىۋالدى.
ئۇلار پىۋىخانىدىن چىققاندىن كېيىن، گومىنداڭ قوماندانلىق
شتابىنىڭ ئالدىدا چارلاشقا چىققان ئىككى چېرىكنى تۇتۇپ ئۇ-
جۇقتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئالدىن يېزىپ تەييارلىۋالغان «بۇ-
نى ئۆلتۈرگەنلەر ئىلىقا پارتىزانلىرى» دېگەن خەت يېزىلغان قە-
غەزنى چاپلاپ، ئازگالغا تاشلىۋەتتى. غەنىيمەت ئېلىنغان ئىككى
مىلتىق، 20 پاي ئوق گۇرۇپپا ئەزالىرىغا بېرىلدى. پارتىزانلار
دەرھال ئاتلىنىپ كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ كېچىدىكى پائالىيەت
مۇستەقىل باتالىيوندىكى ئەسكەرلەرنىڭ تۇنجى قېتىملىق پارا-
كەندىچىلىك ھەرىكىتى بولدى. 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى نۇرۇم
توغرا كۆۋرۈكتىكى ھېبىبۇللامنىڭ ئاشخانىسىدا مىجىت ماخمۇ-
توف گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن تاماقتا بىللە بولدى. ئاش-
خانىدا «كۆز ـ قۇلاق» بارلىقى سېزىلىپ، مۇھىم ۋەزىپىلەرنى
ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىمكان بولمىغانلىقتىن، ئۇلار شەھەرنىڭ شى-
مالىدىكى ئايرودروم يېنىدىكى ئورمانلىققا كىرىپ، ئىلىقا پار-
تىزانلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىگە قىلىدىغان ھۇجۇمىنىڭ ۋاقتى،
كۆلىمى، كىرىش يوللىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى جەڭ تەدبىر-
لىرىنى بېكىتتى. گۇرۇپپا ئەزالىرى نۇرۇمنى بۇلاق دادامتۇ ئار-
قىلىق يولغا سېلىش ئالدىدا، ئورمانلىق ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ
ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار ئاۋاز چىققان جايغا يېقىنلاپ
بارسا، گومىنداڭنىڭ بىر ئۇچقۇچىسى بىر ئۇيغۇر قىزنى ئور-
مانغا ئالداپ ئەكىرىپ خارلىماقچى بولۇۋاتقانىكەن. نۇرۇم ئۇچ-
قۇچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يۈزىگە «بۇنى ئىلىقا پارتىزا-
نلىرى ئۆلتۈردى» دېگەن خەت يېزىلغان قەغەزنى چاپلىدى. نۇرۇم
ئۇچقۇچىنىڭ يان قورالى بىلەن خەنجىرىنى مىجىت ماخمۇتوفقا

بەردى. گورۇپپا ئەزالىرى ھېلىقى قىزنى ئائىلىسىگە ئاپىرىپ قويدى.

گورۇپپا ئەزالىرى ھەربىكىتىنى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيتىپ ۋە ھەربىكەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئېغىر ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. گورۇپپا ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتى دۈشمەنلەردە مۇستەقىل باتالىيوندىكى ئەسكەرلەرگە نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلدى، دۈشمەنلەر پايلاقچىلىرى ئارقىلىق مۇستەقىل باتالىيوننى كۆزىتىش ۋە تەقىپ قىلىشنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى غۇلجا شەھىرىدىكى ياشلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى.

**پارتىزانلارغا قوشۇلۇش يۈرۈشى**

1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى دۈشمەن «ئالتە ئوغرى پىلىچى كۆمۈر كېنىغا كەلدى» دېگەن خەۋەرگە بىنائەن، «ئالتە ئوغرى» نى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن، ئامباردىكى 60 ئەسكەرگە 40 خەنزۇ ئەسكەرنى قوشۇپ، باتالىيون كوماندىرى لى چىڭجىننىڭ قوماندانلىقىدا يۇقىرىقى پەنجىم ئارقىلىق پىلىچى كۆمۈر كېنىغا ئەۋەتتى. پىلىچى كۆمۈر كېنى غۇلجا شەھىرىنىڭ 25 كىلومېتىر شىمالىدىكى بىنەملىك دۆڭگە جايلاشقان. ئامباردىكى ئەسكەرلەر بۇ ئەھۋالدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى، چۈنكى ئۇلارغا پار-تىزانلارغا قوشۇلۇش يۈرۈشى كەلگەندى. لېكىن نىلقا پار-تىزانلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىش پىلانى تولۇق ئەمەلگە ئاشمىغاچ-قا، لى چىڭجى «ئالتە ئوغرى» نى كۆرەلمەي، غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. گورۇپپا ئەزالىرى ئىشنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەن-لىكىنى بىلىپ، دۈشمەنگە قول سالماي، «زور ئىشەنچ»كە ئىگە بولۇپ شەھەرگە قايتىپ كەلدى. بەزى ئەسكەرلەر دۈشمەننىڭ 40 ئەسكىرى ۋە ئوفىتسېرىغا قول سېلىشنى تەشەببۇس قىلىشتى. ئەمما مىجىت ماخمۇتوف:

— ئامبارغا قايتايلى، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆزى بىزدە، — دەپ ئۇلارنى توستى.

2 - قېتىم دۈشمەن لى چىڭجى باشلىق باتاليون، روتا كوماندىرلىرىنىڭ باشچىلىقىدا خەنزۇ ئەسكەرلەرنى قوشماي، ئامباردىكى 120 ئەسكەرنى پىلىچى خېڭمغا قايتا ئەۋەتمەكچى قارار قىلدى. ھەرقايسى روتىلاردىن كۈچلۈك ئەسكەرلەرنى تاللاپ، 120 ئەسكەرنى تىزىملاپ چىقىش ۋەزىپىسى مىجىت ماخمۇتوفقا تاپشۇرۇلغانىدى. مىجىت ماخمۇتوف ئۆز يىگىتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ 120 ئەسكەرنىڭ تىزىمىنى مەلۇم قىلدى. بۇ 120 ئەسكەر يوقىرىقى پەنجىمگە بارغاندا ئىككىگە بۆلۈندى: بىر گورۇپپا باتاليون كوماندىرى لى چىڭجى ۋە بىر نەپەر روتا كوماندىرى ھەم مىجىت ماخمۇتوف باشچىلىقىدا پىلىچىغا قاراپ ماڭدى، يەنە بىر گورۇپپا بىر نەپەر روتا كوماندىرى، بىر نەپەر ئىزۋوت كوماندىرى ۋە ئوتدېلېنىيە كوماندىرى تۇرسۇننىڭ سەيدەخمەتوف باشچىلىقىدا پەنجىمدە يېزا باشلىقى رېھىمبەگ ئارقىلىق ئىگەرلەنگەن 40 ئات تاپقۇزۇپ تۇرپانىيوزىگە ماڭماقچى بولدى. رېھىمبەگ يېزىدىكى ئەھۋالنى بىلىدىغان ئادەملەر ئارقىلىق 40 ئات تېپىپ ئىگەرلەپ ئەسكەرلەرگە مىندۈردى، يول باشلىغۇچىلىققا 35 ياشلىق ئىنىسى نادىر ئاخۇننى تەيىنلىدى (بۇ كىشى پارتىزانلار تەرىپىدىن بۇ يەرگە مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى). ئۇلار پەنجىمنىڭ شىمالىدىكى چەش دۆڭ دېگەن يەرگە بارغاندا، يول باشلىغۇچى:

— مەن جاڭزىغا بېرىپ «ئالتە ئوغرى» كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى قويچىلاردىن سوراپ كېلەي، — دەپ روتا كوماندىرىدىن رۇخسەت سورىدى، روتا كوماندىرى ماقۇل بولدى. نادىر ئاخۇن جاڭزىغا كىرىپلا مۇداپىئەلىنىپ تۇرغان ئىككى سەپدىشى بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە ئوق چىقاردى. روتا كوماندىرى بىلەن بىر نەپەر ئىزۋوت كوماندىرى ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن غال - غال تىترەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. تاقىتى تاق بولغان ئەسكەرلەر تۇرسۇن سەيدەخمەتوفغا بۇلارنى جايلىۋېتىش تەكلى-

پىنى بېرىشتى. تۇرسۇن سەيدەخمەتوف ئۇلارنى بۇ ئىشتىن تو-
سۇپ، روتا كوماندىرى بىلەن ئىنژۋوت كوماندىرىنىڭ ماقۇللۇقى
بىلەن ئەسكەرلەرنى باشلاپ پەنجىمگە چېكىندى.
باتاليون كوماندىرى لى چىڭجى باشلىغان ئەسكەرلەر ئاقتو-
پىگە چىقىشىغا (بۇ چاغدا پارتىزانلار تورپان يوزىدىن يۆتكىلىپ
كەتكەنىدى)، رەپىق بايچورىن ئەترىتى ئۇلارنى قورشىۋالدى ۋە
ئۈچ پاي ئوق ئاتتى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان لى چىڭجى روتا كو-
ماندىرى جاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پىلىچى خېڭغا چىقىپ،
پەستىكى پارتىزانلارغا قارشى جەڭ قىلماقچى بولدى. ئۇلار خاڭغا
چىققاندا غېنى باتۇر ئەترىتىگە دۈچ كېلىپ قالدى. پارتىزانلار
مۇستەقىل باتاليوننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاچقا، ئوق چىد-
قارماي، ھوررا سادالىرىنى ياڭرىتىپ ھەيۋە قىلىپ، دۈشمەن كو-
ماندىرلىرىنى پەس كويغا چۈشۈرۈپ قويدى. باتاليون كوماندىرى
لى چىڭجى ئوتدېلىنىيە كوماندىرى مىجىت ماخمۇتوفقا مەھەللى-
دىن چاپان، قولاقچا تاپتۇرۇپ كېلىشنى ئېيتتى. مىجىت ماخمۇ-
توف ئادەم ئەۋەتىپ چاپان، قولاقچا تاپتۇرۇپ كېلىپ، باتاليون،
روتا، ئىنژۋوت كوماندىرلىرىغا كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى پۇقرا قىياپى-
تىگە كىرگۈزدى.
ئىككى گۇرۇپپا پەنجىمدە قوشۇلدى ۋە شەھەرگە چېكىندى.
40 ئاتنى خەلق ئېلىۋالدى. ئۇلار پىيادە يول يۈرۈپ يېرىم كې-
چىدە ئايرودرومغا كەلگەندە، باتاليون كوماندىرى ئايرودرومدا قو-
نۇپ، تاڭ ئاتقاندا ئامبارغا قايتىپ كېتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈ-
شۈردى. ئەسكەرلەر ئايرودرومغا يېقىنلاپ كەلگەندە، قاراۋۇللار بۇ
ئەسكەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچە سۆز قىلغانلىقىغا قاراپ «پارتىزانلار
بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىپ، باتاليون كوماندىرى لى چىڭ-
جىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئۇنىماي، ئايرودرومغا كىرگۈزمىدى. ئەس-
كەرلەر ئاخىرى ئامبارغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار سەرەڭگە
زاۋۇتىغا يېقىن كەلگەندە، تۇرسۇن سەيدەخمەتوف قاتارلىق كىشى-
لەر دۈشمەن ئوفىستېرلىرىنى جايلىۋېتىپ تارقىلىپ كېتىش

تەكلىپىنى بەردى. مىجىت ماخمۇتوف بۇنىڭغا قوشۇلمىدى، چۈنكى ئۇ: دۈشمەن ئوفىتسېرلىرىنى جايلىۋەتسەك، ئەسكەرلەر نەدە تۇرىدۇ؟ ئامباردىكى 700 قېرىندىشىمىز قانداق قىلىدۇ؟ دېگەن خىياللارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئالتۇنلۇق سايىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى چوڭ مەسچىت تەرەپتىن بەشئاتار مىلتىقلارنىڭ «تاڭ ـ تۇڭ» قىلغان ئاۋازى چىقىشى بىلەن مىجىت ماخمۇتوفنىڭ كۆڭلى يورۇپ، خۇشال هالدا:

— ئاغىنىلەر، پوشكال پىشتى! — دەپ سىگنال بەردى.

— دەرهال قاچايلى، «ئالتە ئوغرى» ئوق چىقىرىۋاتىدۇ! — دېدى باتالىيون كوماندىرى. مىجىت ماخمۇتوف باتالىيون كوماندىرىنى ۋە ئىككى كانۋاينى ئېلىپ، ئامباردىكى قېرىنداشلىرىنى ئويلىغان هالدا هەيرانباغقا قاراپ ماڭدى. تۇرسۇن سەيدەخمەتوف، سەدىردىن سەيدۇللايوفلەر ئىككى روتا كوماندىرىنى جايلىۋەتتى. ئىككى ئىزۋوت كوماندىرىنىڭ بىرىنى ئەخمەت پور ئۇرۇپ يىقىتىپ بوغۇپ ئۆلتۈردى، يەنە بىرىنى جۇمە خوتەن قولىدىكى موزىپان مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى. يول بىلمىگەن ئەسكەرلەر قاياققا بېرىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، مىجىت ماخمۇتوف هېلىقىلارنى جەهەننەمگە يولغا سېلىۋېتىپ، ئەسكەرلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار ساي مەسچىتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، پارتىزانلار ئۇچرىدى. پارتىزانلار ئۇلارنى مەسچىت ئىچىدىكى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، زۇنۇن تېيىپوف، رەخمىجان سابىر هاجىيوفلار بىلەن كۆرۈشتۈردى. مىجىت ماخمۇتوف ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا مۇستەقىل باتالىيوننىڭ ئەهۋالىنى دوكلات قىلدى ۋە گورۇپپا ئەزالىرىنى بىر ـ بىرىگە تونۇشتۇردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق رەهبەرلەر گورۇپپا ئەزالىرى ۋە مۇستەقىل باتالىيوندىكى باشقا ئەسكەرلەر بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ، قىزغىن سۆهبەتلەشتى.

— سىلەر خەلقىمىز ئېسىدىن چىقارمايدىغان زور ئىشلارنى قىلدىڭلار، — دېدى رەهبەرلەر ئۇلارغا، — ئەمدىكى ئىش شەهەر

خەلقىنى ۋە ئامباردىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ئازاد قىلىش، ئامباردىكى يىگىتلەر جاپا چېكىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، پارتىزانلىرىمىزنىڭ يادرو كۈچى، پارتىزانلىرىمىزنىي يېتەكلىگۈچىلەر بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى «قورغان» دىن قۇتۇلدۇرۇپ جەڭگە ئاتلاندۇرۇش ۋەزىپىسى سىلەر بىلەن بىزنىڭ زىممىمىزدە.

بۇ ياشلار ھەر قايسى ئەترەتلەرگە تەقسىم قىلىندى، ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن جەڭگە ئاتلاندى.

**يېڭى جەڭگىۋار مۇساپە**

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى پارتىزان ئەترەتلىرىگە كونكرېت تەقسىم قىلىندى. پارتىزان ئەترەتلىرى ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان جەڭ ۋەزىپىسى بويىچە جىددىي تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. گومىنداڭنىڭ 3 ـ باتالىيونىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، مۇستەقىل باتالىيوندىكى قېرىنداشلارنى ئازاد قىلىپ، ئىنقىلاب سېپىگە ئاتلاندۇرۇش ۋەزىپىسى غېنى باتۇرنىڭ چوڭ ئەترىتىگە تاپشۇرۇلغانىدى.

گومىنداڭنىڭ 3 ـ باتالىيونى مۇستەقىل باتالىيونىنى قورشۇالغانىدى. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەھەردە غېنى باتۇر چوڭ ئەترىتى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىپ، گومىنداڭنىڭ 3 ـ باتالىيونىنى بىت ـ چىت قىلىپ، مۇستەقىل باتالىيوندىكى قېرىنداشلارنى ئازاد قىلدى. مۇستەقىل باتالىيوندىكىلەرنىڭ ھەممىسى پارتىزانلار ئەترىتىگە كىردى. مۇستەقىل باتالىيوندىكىلەر ئەمدى گومىنداڭنىڭ ئەسكىرى ئەمەس، ئۇلار يۇرتىنى، خەلقىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئازاد قىلىش يولىدا جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان شىر يۈرەك ئەزىمەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى. ئۇلار كېيىنكى جەڭلەردە پارتىزانلارنىڭ ئاساسلىق كۈچى بولۇپ قالدى، جۈملىدىن شۇ يىلى 12 ـ ئايدا لەڭ-

شاڭغا قىلىنغان 1 - قېتىملىق ھۇجۇمدا مۇستەقىل باتاليوندىكى ئەسكەرلەردىن پارتىزانلار قاتارىغا ئۆتكەن جەڭچىلەر ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى.

1945 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىلى ۋىلايىتى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن تولۇق ئازاد قىلىندى. 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى باغچىدىكى مەيداندا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمدىن كېيىن ئامباردىن ئازاد قىلىنىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىدا جەڭ قىلغان ئوفىتسېر - جەڭچىلەر پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ئاتلانغان ئۈچ يۆنىلىش قوشۇنى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، يېڭى جەڭگىۋار مۇساپىگە ئاتلاندى. بۇ ئوفىتسېر - جەڭچىلەردىن نۇرغۇنى 1949 - يىلى كۈزدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىدە ھەر خىل جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى شەرەپ بىلەن ئورۇنداپ، شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

# ئەزەن دۆك

## مۇھىددىن ۋېلەم

كونا قورغاس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، تۇغلۇق تۆ-مۇرخان مازىرىنىڭ شىمالىدا، كېگەن دەرياسىنىڭ (كېگەن سېيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) شەرقىدە «ئەزەن دۆڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۆ-پىلىك بار. بۇ تۆپىلىكنى كونا قورغاسلىقلار ناھايىتى ياخشى بى-لىدۇ. لېكىن بۇ تۆپىلىكنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئەزەن دۆڭ» دەپ ئا-تىلىپ قالغانلىقىنى كۆپ كىشىلەر ئۇقمايدۇ. بۇ تۇغلۇق تۆمۈر-خاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تۇغلۇق تۆمۈرخان چىڭگىزخاننىڭ 6 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى. «مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر بىلەن بابۇر تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئېسەن بۇقاخاننىڭ ئوغلى دەپ يازىدۇ» [1]. ئېسەن بۇ خاقان قايدۇ دەۋرى-دە چاغاتاي خانى بولغان دۇۋانىڭ ئوغلى ئىدى. دۇۋا ۋاپات بول-غاندىن كېيىن 1310 ـ يىللىرى ئېسەن بۇخاقان چاغاتاي خانى بولغان. ئۇ گەرچە ئۆزىگە تېگىشلىك جايلاردا تىنچلىق ئورناتقان بولسىمۇ، ئۇلۇغ خاقان قوشۇنلىرىنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى قالايمىقانچىلىقى ئۇنىڭ ئېلىنىڭ تىنچلىقىنى ئۇزۇن داۋام قىل-دۇرمايدۇ. ئېسەن بۇقاخاننىڭ ئەركە خانىشى ساتمىش خاتۇن تۇغماس ئىكەن. ئېسەن بۇقاخاننىڭ مەڭلىك ئىسىملىك ئايالى ھامىلىدار بولۇپ قالغاندا، ساتمىش خاتۇن كۈندەشلىك قىلىپ، ئېسەن بۇقاخاننىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى باشقا بىر-سىگە خاتۇنلۇققا بېرىۋېتىدۇ.

1318 ـ يىلى ئېسەن بۇقاخان ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى موغۇل قەبىلىلىرى خانسىز قالىدۇ، دۆ-لەتتە قالايمىقانچىلىق كۆپىيىشكە باشلايدۇ. بۇ چاغدا دوغلات قە-بىلىسىنىڭ باشلىقى ئەمىر بۇلاجى خان ئەۋلادىدىن بىر كىشىنى تېپىپ، ئۇنى تەختكە چىقىرىپ دۆلەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەل-تۈرۈشكە بەل باغلايدۇ. ئۇ، تاشتۆمۈرنى مەڭلىك خاتۇننىڭ ۋە ئۇ-نىڭ ئىسەن بۇقاخاندىن بولغان بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقا ئەۋەتىدۇ ھەمدە ئەگەر بالا ئوغۇل بولسا ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. تاشتۆمۈر سۈرۈشتە قىلىپ، مەڭلىك خاتۇننىڭ ئىسەن بۇقاخاندىن بولغان بالىسىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلى-كىنى، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بالىنى قولغا چۈشۈرۈپ، مۇزارت داۋ-نى ئارقىلىق ئاقسۇدىكى ئەمىر بۇلاجىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلى-دۇ. بۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۈر ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەنىدى. «ئۇ 18 يېشىدا خانلىق تەختىگە ئولتۇردى»[2]. ئۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە خانزادە شىكارغا چىققاندا ھەرقانداق يات ئادەمنىڭ شىكار مەيدا-نىغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. شۇڭا ئەسكەرلەر كېتىۋاتقان شەھىرىدىن ئوۋ مەيدانىغا كېلىپ قالغان شەيخ جامالىدىننى ئا-دەملىرى بىلەن قوشۇپ تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلى-دۇ، تۇغلۇق تۆمۈر ئۇنى سوراق قىلغاندا شەيخ جامالىدىن ئۆزلى-رىنىڭ خاننىڭ يارلىقىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ شەھىرى كېتىۋاتقىنىدىن كەلگەنلىكىنى، ئۇ شەھەرنى خۇدانىڭ قۇدرى-تى بىلەن قۇم بېسىپ كەتكەنلىكىنى، پۈتۈن شەھەر خەلقى قۇم ئاستىدا قالغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ...، شەيخ جامالىدىن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى كۆپ-لەپ تەشۋىق قىلىدۇ. خان شەيخ جامالىدىندىن «بىر ئادەم قانداق شەرتنى ھازىرلىغاندا ئىتتىن ئۇلۇغ بولىدۇ»[3] دەپ سورايدۇ. شەيخ جامالىدىن «ئېتىقاد» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈر ئۇ-نىڭغا «مەن خان بولسام ھەم ئالىي ھوقۇقنى قولغا ئالسام، سەن مېنىڭ قېشىمغا كەلگىن، مەن مۇسۇلمان بولاي»[4] دەپ ۋەدە بې-

ردۇ. شەيخ جامالىددىن تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇزۇن
ئۆتمەي ۋاپات بولىدۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلى مەۋلانا ئەر-
شىدىنگە تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئېيتىدۇ
ھەم ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭ ۋەدىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىدۇ. مەۋلانا ئەرشىدىن ئاتىسىنىڭ
ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، سوراپ — سۈرۈشتۈرۈپ، تۇغلۇق تۆمۈر-
نىڭ چاغاتاي خانى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئالمىلىق شەھىرىدە تۇ-
رىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن شۇ شەھەرگە بارىدۇ، ئەمما خان
بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئامالىنى قىلالمايدۇ. ئاخىرى ئۇ خاننىڭ
چېدىرىغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بىر تۆپىلىككە چىقىپ
يۇقىرى ئاۋازدا ئەزان ئېيتىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە مۇشۇ تۆ-
پىلىككە چىقىپ ئەزەن ئېيتىۋېرىدۇ، بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەرگەن-
دىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ بىر خىزمەت-
چىسىگە «بۇ كىشى بىرقانچە كۈن بولدى، دائىم مۇشۇ ۋاقىتتا
ۋارقىرايدۇ، ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن»[5] دەيدۇ. خىز-
مەتچى مەۋلانا ئەرشىدىننىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇ تېخىچە ئەزەن
ئېيتىۋاتاتتى. خاننىڭ خىزمەتچىسى ئۇنى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ
ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان مەۋلانا ئەرشىدىندىن
«سەن نېمە ئادەم؟ نېمە ئۈچۈن ھەر كۈنى سەھەردە مېنىڭ ئۇيۇ-
قۇمغا دەخلى قىلىسەن؟»[6] دەپ سورايدۇ. مەۋلانا ئەرشىدىن: «سىز
بىر كىشىگە ئىسلام دىنىغا كىرىش توغرۇلۇق ۋەدە قىلغانىكەن-
سىز، مەن شۇ كىشىنىڭ ئوغلى بولىمەن» [7] دەيدۇ ۋە ئاتىسى بى-
لەن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى
تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ.، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭدىن ئاتىسى-
نىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. مەۋلانا ئەرشىدىن «دادام ئالەمدىن ئۆت-
تى، بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرغانىدى»[8] دەيدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان
«مەن خان بولغاندىن تارتىپ ۋەدەمنى ئويلىدىم، لېكىن مەن ۋەدە
بەرگەن ئادەم زادى كەلمىدى، سەن كېلىپسەن، سېنى قىزغىن
قارشى ئالىمەن. قېنى سەن دەپ باق، مەن ئەمدى قانداق قىلى-

شىم كېرەك» دەيدۇ...

ئاخىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆز ۋەدىسى بويىچە مەۋلانا ئەر-شىدىننىڭ ۋاسىتىسى بىلەن 24 يېشىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولىدۇ. مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ يازغانلى-رىغا ئاساسلانغاندا، مەۋلانا ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئال-دىغا ئېلىپ كېلىنگەن كۈنى چاغاتاي خانلىقىدىكى ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەردىن بولۇپ 160 مىڭ كىشى بىراقلا ئىمان ئېيتقان. شۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي خانلىقى مۇسۇلمان دۆلىتىگە ئايلان-غان. مەۋلانا ئەرشىدىن ئەزەن ئېيتقان تۆپىلىك شۇ كۈندىن باشلاپ «ئەزەن دۆڭ» دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ دۆڭ ھازىرمۇ تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇر-ماقتا.

ئىزاھلار:

① ۋ. ۋ. بارتولد: «يەتتەسۇ تارىخى ئوچېركلىرى» — «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1984 - يىللىق 7 -، 8 - سان، ئۇيغۇرچە، 73 - بەت.

② مىرزامۇھەممەت ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 177 - بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 163 - بەت.

④⑤⑥⑦⑧ يۇقىرىقى كىتاب 164 - بەت.

# خرىستىئان دىنىنىڭ قەدىمكى قەشقەر رايونىدىكى تەسىرى ۋە شۇبىتسىيە خرىستىئان دىنى تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋاكالەتخانىسى

ئادىل مۇھەممەت تۇران

خرىستىئان دىنىنىڭ ئىلىمىزگە كىرىشى مەسىلىسىدە كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردىن شۇنداقلا سۇرىيە يېزىقىدا يې-زىلغان خرىستىئان دىنى ئابىدىلىرىدىن بىر قىسىم ئىشەنچلىك ماتېرىياللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. خرىستىئان دىنىمۇ خۇددى بۇددا، مانى، ئىسلام دىنلىرىدەك، مەملىكىتىمىزدە، «ئالدى بىلەن غەربىي يۇرتقا تارقالغان»① دەسلەپكى مەزگىللەردە خرىستىئان دىن تارقاتقۇچىلىرى ئاساسەن سۇرىيىلىكلەر بولۇپ، شەرقتە غەربىي يۇرتقا بۇ دىنىنىڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلەر سو-دىغا ماھىر بولغان سوغدىلار ئىدى. شۇڭا، بۇ دىن ئوتتۇرا تۈز-لەڭلىككە تارقىلىشتىن ئاۋۋال يىپەك يولىنى بويلاپ ماڭغان كارۋانلار، دىن تارقاتقۇچىلار ئارقىلىق غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرىدىن ئۆتكەنىدى. يە-نى «باكتىرىيىنىڭ بەلختىن بەدەخشان، پامىر، تاشقورغان، خوتەن ئارقىلىق چاڭئەنگە بارغانلىقى مەلۇم»②.

ھازىر قولىمىزدىكى ئازغىنە ئاشۇ مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلغىنىمىزدا، «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مانى دىنى ھازىرقى موڭ-غۇل يايلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەۋج ئالغانىدى. ئەمما قەشقەر ۋە يەتتە سۇ ئەتراپىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى

توققۇز قەبىلىسىدىن بولغان قارلۇقلار خرىستىئان دىنىغا ئېتىد-
قاد قىلاتتى». [3] كېيىن سامانىيلار ھۆكۈمدارى ئىسمائىل بىن
ئەھمەد 893 ـ يىلى تالاسقا قەدەر بولغان كەڭ رايونلارغا تاجاۋۇز
قىلىپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى خرىستىئان چېركاۋلىرىنى جامەگە
ئايلاندۇرۇپ، قارلۇق يابغۇسىنىڭ خوتۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
15 مىڭ ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىپ قايتقانىدى. [4] ئەھۋال دەل مۇ-
شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە ئەجداد-
لىرى ئېتىقاد قىلغان مانى دىنىغا چوقۇنۇش بىلەن بىللە خرىس-
تىئان دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغانىدى». [5]

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ-
نى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، باشقا دىنلار ئارد-
دىن سىقىپ چىقىرىلدى. بىراق، بىر قىسىم جايلاردا خرىستىئان
ۋە بۇددا دىنىنىڭ مۇرىتلىرى ۋە بۇ دىنلارنىڭ تەسىرى ساقلىنىپ
قالغانىدى.

موڭغۇللاردىن مەغلۇب بولۇپ، قاراقىتانلار تەۋەسىگە كەلگەن
ھەم تۇرلۇك ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن قاراقىتانلار ھاكىمىيىتىد-
نى ئىگىلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يەكەن، خوتەن ھەم
تارىم بوستانلىقىدىكى شەھەرلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا
ئالغان نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك «كۆپچىلىك نايمانلارغا ئوخ-
شاش خرىستىئان دىنىدا ئىدى»، «كۈچلۈك ئىسلامغا قارشى ئەڭ
كەسكىن چارىلەرنى قوللاندى. ئۇ، مۇسۇلمانلارغا خرىستىئان دى-
نى ياكى بۇددىزمنى قوبۇل قىلىڭلار، دەپ تەلەپ قويدى». [6] بۇ
ھال ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق جازا ھې-
سابلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدىكى يوشۇرۇن خرىستىئان دى-
نى مۇرىتلىرى ئۈچۈن بەك قولايلىق شارائىت ھازىرلانغانىدى.
كۈچلۈكنىڭ ئارقىسىدىنلا بۇ رايونغا كەلگەن موڭغۇللارمۇ كۈچ-
لۈكنىڭ خەلققە يۈرگۈزگەن بۇ قاتتىق قوللۇق سىياسىتى ئور-

نىغا، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى يولغا قويىدى. بۇنىڭ بىلەن، خرىستىئان دىنىمۇ قايتىدىن تارقىلىشقا، تەسىرىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار رايونىدا بۇددا، مانى، خرىستىئان، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلار بىرلىكتە مەۋجۇت ئىدى، بۇ دىنلار موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنىڭ يول قويۇشى بىلەن، تەڭ راۋاجلىنىشتەك ئالاھىدە بىر تارىخىي باسقۇچتا تۇرغانىدى.

1253 ــ 1255 ـ يىللىرى شىنجاڭغا كەلگەن دىن تارقاتقۇچى ۋىليام رۇبرۇك «ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە خرىستىئانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆردۇم»[7] دېگەن بولسا، ئىتالىيىلىك مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولو (1254 ـ 1324 ـ يىللار) «قەشقەر ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىكەن. ئاھالە ئىچىدە مۇسۇلمانلاردىن سىرت، نېستورىئان مەزھىپىدىكى خرىستىئانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلىرى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا ئىبادەت قىلىدىكەن».[8] «يەكەن ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى خرىستىئان (نېستورىئان) دىنىغا، بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن»[9] دېگەن مەلۇماتنى بەرگەن ھەم يەكەن شەھىرىدىكى «سانت يۇھان چېركاۋىنىڭ ئاجايىپ تۈۋرۈك تېشى» ھەققىدىكى رىۋايەتنىمۇ بايان قىلغان. «13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى خرىستىئان دىنى ئارخىپىدا قەشقەر 19 ـ رايون بولۇپ، خرىستىئان دىنىنىڭ باشلىقىمۇ قەشقەردە تۇرغان».[10]

يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا «ئالمىلىق، قەشقەر ۋە يەتتە سۇ رايونلىرىدىن خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كرېست بەلگىلىك قەبرە مەڭگۈ تاشلىرى چىقتى. بۇ مەڭگۈ

تاشلاردىكى بىر ئومۇمىي ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇلاردا قەدىمكى تۈركلەردىكى 12 مۆچەل بىلەن ئالېكساندىر ماكىدونىسكى ئىمراسى تەڭ قوللىنىلغان».[11]

چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى ھەم شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ 1353 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ جاكارلىشى بىلەن پۈتكۈل شەرقىي چاغاتاي خانلىقى چېگرىسى ئىچىدىكى ھەر قايسى دىنلارنىڭ بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى. ئىسلام دىنىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى ئارقىسىدا بۇددا ۋە خرىستىئان دىنلىرى زور چەكلىمىگە ئۇچراپ، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئاستا ـ ئاستا ئوتتۇرىدىن قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەر رايونى ئىزچىل تۈردە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرۇپ كەلدى.

بىراق، ئارىدىن تۆت ئەسىرچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خرىستىئان دىنىنىڭ كۆلەڭگىسى يېڭىباشتىن قەشقەر رايونىغا چۈشتى. بۇ دىنىنىڭ قەشقەر رايونىدا قايتىدىن پەيدا بولۇشىدا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەقسەت يوشۇرۇنغانىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن شۋېتسىيە پادىشاھلىقىدا قۇرۇلغان خرىستىئان دىنى تارقىتىش جەمئىيىتى شىنجاڭغا خرىستىئان دىنى تارقىتىشقا باشلىدى. 1892 ـ يىلى لەنسدېل (兰斯德尔) باشچىلىقىدىكى شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا خرىستىئان دىنىنى تارقىتىشقا باشلاپ، بۇ دىنىنىڭ تەسىرىنى 1895 ـ يىلى يەكەن، 1908 ـ يىلى ئۇرۇمچى، 1909 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر، 1912 ـ يىلى يېڭىسار قاتارلىق جايلارغىچە يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ دىن تارقىتىش ئۇسۇلى ئالاھىدە بولۇپ، خەير ـ ساخاۋەتخانا، يېتىم بالىلارنى تەربىيىلەش، كېسەل داۋالاشقا ئوخشاش خەلقنىڭ مايىللىقىنى

تارتىدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ خەلق ئامممىسىنىڭ ئىشەنچىسىنى، ھۆرمىتىنى قولغا كەل-تۈرگەنىدى. 1904 ـ يىلى مەزكۇر جەمئىيەت قەشقەردە رەسمىي ۋاكالەتخانا قۇرۇپ (ئورنى ھازىرقى شەھەرلىك قورالىق بۆلۈمى-نىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ)، مۇرىتلىرىنى 20 نەچچىگە يەتكۈز-گەنىدى.

بۇ ۋاكالەتخانە شۋېتسىيە ھۆكۈمەت تەرەپ قەشقەردە قۇرغان ئورگان بولماستىن، بەلكى ئۇ چەت ئەلدىكى خەلق تەشكىلاتلى-رىغا تەۋە بولغان ۋاكالەتخانە بولۇپ، دىن تارقىتىش ۋە دوختۇر-لۇق قىلىشنى ئاساسىي پائالىيەت شەكلى قىلغانىدى. ئۇنى جۇڭگو تەرەپ تاشقى ئىشلار ئالاقە ئورنى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىرلىكتە ۋاكالىتەن باش-قۇرغان.

شۋېتسىيە خرىستىئان دىنى تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋاكالەتخانىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى تەخ-مىنەن 40 مو ئەتراپىدا بولۇپ، بىر چېركاۋ بىلەن ئىككى كور-پۇس ئۆي سېلىنغان. چېركاۋ 1934 ـ يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقتا ۋەيران بولغان. خىش بىلەن سېلىنغان ئىككى كورپۇس ئۆي ھازىرغىچە ساقلانغان. ئۆيلەرنىڭ ئاستىغا يەر ئاس-تى ئۆيى ياسالغان بولۇپ، ئۇ ئۆيلەر ئەينى يىللاردا بۇ ۋاكالەتخا-نىنىڭ باسمىخانىسى بولغان. ۋاكالەتخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، ۋاكالەتخانىدىكى شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ كۆپچىلىكى قا-نۇنغا بوي سۇنۇپ دىن تارقاتقان، دوختۇرلۇق قىلغان ھەمدە يەر-لىك ھۆكۈمەتنىڭ يول قويۇشى بىلەن «ئىنجىل»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۆزلىرى قۇرغان باسمىخانىدا بېسىپ جايلارغا تارقاتقانىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى قىممىتى مو-قىم، تارقىتىلىش مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان قەشقەر پۇلى (喀票) ئەڭ دەسلەپتە مۇشۇ باسمىخانىدا بېسىلغانىدى. 20 ـ ئە-

ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بۇ ۋاكالەتخانىدىكى شۋېتـ- سىيىلىكلەرنىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكىتىنى سېتىۋېلىشقا باشلىغان ھەم ئۇلارنى بىۋاسىتە ئىدارە قىلىۋالغان. 1933 ـ يىلى سابىت داموللا باشچىلىقىدا قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ گېزىت ـ ژۇرنال، پۇل قاتارلىق بۇ- يۇملىرىنى ۋاكالەتخانىنىڭ مۇشۇ باسمىخانىسى بېسىپ بەرگەنـ- دى. 1934 ـ يىلى قەشقەردىكى ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلۇپ، ۋەزىيەت تىنچلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ۋاكالەتخانىنى پېچەتلەپ ئۇنىڭدىكى خىزمەتچى خا- دىملار بىلەن دىن تارقاتقۇچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، باسمىخانىـ- نىڭ ھەممە ماشىنا ـ ئۈسكىنىلىرى، قوغۇشۇن ھەرپلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شۋېتسىيە خرىستىئان دىنى تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋاكالەتخانىسىـ- نىڭ دىن تارقىتىش پائالىيىتى ئۇزۇل ـ كېسىل ئاخىرلاشتى.

ئىزاھات:

⑤ ② ① لىيۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، جېڭجۇڭ كىتـ- ابچىلىق ئىدارىسى خەنزۇچە نەشرى، 467 ـ، 468 ـ بەتلەر.

③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1993 ـ يىللىق 4 ـ سان، 107 ـ بەت.

④ رېشات گەنچ: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 40 ـ بەت.

⑥ ئاكادېمىك بارتولد «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، ئۇيغۇرچە 1984 ـ يىللىق 7 ـ، 8 ـ سان، 38 ـ، 39 ـ بەتلەر.

⑦ «جاھاننەما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ قىسىم (B كىتاب)، 631 ـ، 632 ـ بەتلەر.

⑨ ⑧ «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىـ-

ياتى، 1991 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 82 ـ، 83 ـ، 84 ـ بەتلەر.

⑩ جاڭ شىڭلياڭ: «شەرق ـ غەرب قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 ـ توم، 209 ـ بەت («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 ـ يىلى 4 ـ سان، 72 بەتتىكى نەقىل).

⑪ «بۇگۇنكى قەشقەر»، شاڭخەي سەنلىيەن كىتابخانىسى 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 42 ـ بەت.

# «تورپاق يېغىلىقى» توغرىسىدا

ئوسمان تۆمۈر

«تورپاق يېغىلىقى» 1907 ـ يىلى قوزغالغان، قومۇل تارىـ
خىدىكى مەشھۇر دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ بىرى. بۇ قوزغىلاڭـ
غا «تورپاق» لەقەملىك ئاكا ـ ئۇكا ئىككەيلەن رەھبەرلىك قىلـ
غاچقا، ھەم تورپاق جەمەتىنىڭ كىشىلىرى كۆپرەك قاتناشقاچقا،
قوزغىلاڭنىڭ نامى شۇلارنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

مەشھۇر تارىخچى موللامۇسا سايرامىي «تارىخىي ئەمىنىيە»
ناملىق ئەسىرىدە: «قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ تاغدىكى يىلقىلىرىنىڭ
سانىنى بىلىپ بولمايدۇ. تاغدىكى قويلىرى 270 قوتان (ھەر بىر
قوتاندا 700 دىن 1200 گىچە مال بار)، كالىنىڭ سانىنى بىلىپ
بولمايدۇ. ۋاڭلىقنىڭ تېرىلغۇ يېرى قومۇلدىكى بارلىق تېرىلغۇ
زېمىنىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا تەڭ» دەپ يازغان. قومۇل ۋاڭىـ
نىڭ ئەنە شۇنداق كۆپ چارۋىلىرىنى بېقىش، يەرلىرىنى تېرىش
مەجبۇرىيىتى دېھقانلارغا يۈكلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈگىـ
مەس ئالۋان ـ ياساق، باج ـ سېلىق، ئۆشرە ـ زاكات، پىترە قاـ
تارلىقلار قومۇل دېھقانلىرىنى ھالىدىن كەتكۈزدى. يەنە مەخسۇس
ھەربىيلەر ئۈچۈن خەلقتىن ھۆكۈمەت باھاسىدا ئاشلىق سېتىۋېـ
لىناتتى. بۇ ئاشلىق «سېتىق ئاشلىق» دەپ ئاتىلاتتى. نۇرغۇن
دېھقانلار مۇشۇنداق سېلىقلارنىڭ دەستىدىن بارلىق بىساتىدىنمۇ
ئايرىلىپ قالغانىدى.

شامالچارباغلىق دېھقانلاردىن تورپاق راجى، تورپاق زارىپلار ـ
غىمۇ 13 دادەن «سېتىق ئاشلىق» سېلىقى چۈشىدۇ، بالا ـ چاـ
قىسىنى باقالماي يېرىم ئاچ، يېرىم توق كۈن ئېلىۋاتقان بۇ ئاكا ـ
ئۇكىلار ئامالسىز لاپچۇق يېزىسىغا قېچىپ كېتىدۇ. قومۇل يار

تۈگمەندىكى دېھقان جەرۈللاغا بەش دادەن «سېتىق ئاشلىق» سېپ-لىقى سېلىنىدۇ. جەرۈللا بۇنچىلىك ئاشلىقنى تاپشۇرۇشقا قۇد-رىتى يەتمەي، جىگدە دەرىخىگە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قومۇل ۋاڭى ئىگىلىۋالغان تارانچى كۆمۈر كېنىدا دائىم دېگۈدەك ئۆلۈم ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بىر قېتىم تارانچى كۆمۈر كېنىدا بىر قېتىمدىلا 17 ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ.

قەيەردە زۇلۇم بولىدىكەن، شۇ يەردە خەلقنىڭ زۇلۇمغا قار-شى كۈرەشى پارتلىماي قالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدە ئۇزاق-تىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان غەزەپ ئوتى ئاخىر زۇلۇمغا قارشى چوڭ يانغىنغا ئايلانماي قالمايدۇ. «تورپاق يېغىلىقى» ئەنە شۇنداق چوڭ يانغىنلارنىڭ بىرىدۇر.

خەلق ئاممىسى ئۆز خوجا ئەمەت، پاختا قېپى دۇگامەت، تور-پاق موللا راجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلىپ قومۇل ۋاڭى شامەخسۇتقا ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى قويىدۇ. شاھ مەخسۇت خەلق ۋەكىللىرى يەتكۈزگەن تەلەپلەرگە قىلچە پىسەنت قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن تېخىمۇ غەزەپلەنگەن دېھقانلار قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ، نەتىجىدە قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئادەم سانى 1000 دىن ئېشىپ كېتىدۇ. خەلق قوزغىلاڭچىلىرى قومۇل ۋاڭ ئوردىسى جايلاشقان شەھەر ئىچى سېپىلىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ 400 مېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى تەبىئىي دۆڭلۈك ھەم قەدىمكى قەبرىستانلىق «گۈمبەز باغ» نى قوزغىلاڭنىڭ مەركىزى قىلىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار 1907 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە ئۈچ ئاي شەھەر ئىچىگە كىرىدىغان يوللارنى قامال قىلىپ، ۋاڭ ئور-دىسىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. قوز-غىلاڭ رەھبەرلىرىدىن ئۆز خوجا ئەمەت، پاختا قېپى دۇگامەت قا-تارلىق كىشىلەر خەلق ئىچىدە ۋاڭلىققا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ خەلقنى قوزغايدۇ. شامەخسۇت ۋاڭ ئايماق بېگى بىلەن بىرلىشىپ، دېھقانلارنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولغان بولۇپ، ھىي-لە ئىشلىتىپ، ئۆز خوجائەمەت قاتارلىق كىشىلەرنى تۇتقۇن قى-لىدۇ ھەم چېرىكلەر سېپىل ئۈستىدىن ئوق چىقىرىپ، قوز-

غىلاڭچى دېھقان توختى، جامال، ھوشۇر قاتارلىقلارنى ئېتىۋېتىدۇ. خەلق تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ شەھەر دەرۋازىسىغا ھۇجۇم قىلغاندا، شەھەر مۇھاپىزەتچىلىرى شەھەر دەرۋازىسىنى يېپىپ، شامالچارباغلىق قارنى قارا توختى دېگەن كىشىنىڭ بېشىنى دەرۋازىغا قىسىپ، بوينىنى ئۈزۈۋېتىدۇ.

خەلقنىڭ غەزىپى كۆچىيىپ، قوزغىلاڭ ئۇلغىيىپ، ۋاڭ بىلەن ئايماق بېگى ئامالسىز قالغان بىر پەيتتە، ئاقسۇغا دوتەيلىككە تەيىنلەنگەن ياڭ زېڭشىن لەنجۇدىن قومۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليەن كۆي تېلېگراما ئارقىلىق شامەخسۇت مەلۇم قىلغان ئەھۋالغا ئاساسەن، ياڭ زېڭشىنغا قومۇلدا تۇرۇپ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. ياڭ زېڭشىن بىر تەرەپتىن دېھقانلارنىڭ تەلەپلىرىگە قۇلاق سالغان بولۇۋېلىپ، ۋاڭ بىلەن سۆزلەشسە، يەنە بىر تەرەپتىن باركۆلدىكى يې شىڭفۇ باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەرنى يۆتكەپ كېلىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ. يەنە ئاخۇن، موللىلارنى ئارىغا سېلىپ سۈلھى قىلىشقا كىرىشىدۇ. سۆھبەت داۋامىدا دېھقانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يەتتە ماددىلىق توختام تۈزۈلۈپ، بۇ توختام ئېگىزلىكى 1.20 مېتر، كەڭلىكى 0.80 مېتر، قېلىنلىقى 0.08 مېتر كېلىدىغان چوڭ بىر پارچە تاشقا ئويۇلۇپ، ئوردىنىڭ تاش تارتما (تاش پەلەمپەي) ئالدىغا ئورنىتىپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار تەلەپلەر ئىشقا ئاشتى، دەپ قاراپ قانائەت ھاسىل قىلىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، شامەخسۇت ۋاڭ لەۋزىدە تۇرماي، ئۆزى بىلگەننى قىلىدۇ. ئۆلكىنىڭ باش مۇپەتتىشى ليەن كۆي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېتەكچىلىرى تورپاق موللاراجى، غوجامنىياز، دۈگامەتتىن ئىبارەت ئۈچ كىشىنى تۇتۇپ، قومۇلنىڭ خۇاگوسەن دېگەن يېرىدە كاللىسىنى ئېلىپ، سازايى قىلىدۇ. يارتا خوجائەخمەت قاتارلىق 12 كىشىنى ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىدۇ.

قوزغىلاڭ دەھشەتلىك باستۇرۇلغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە ھېسداشلىق قىلغان دېھقانلار نوم، بوغاز قاتارلىق جايلارغا سۈرگۈن قىلىندۇ. بەزىلەر شىڭشىڭشياغا ئالۋانغا تۇتۇلىدۇ. تۆمۈرچى يۈسۈپ، يۇنۇسلار ۋە مەڭلىك سەيپۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بوينىغا تاقاق سېلىنىپ، شەھەر ئىچىنىڭ ئوردا قوۋۇق، سۇ قوۋۇق ئالدىلىرىدا 47 كۈن يۇكۈندۇرۇپ قويۇلۇپ سازايى قىلىنىدۇ. تۆت پارچە ئەمەت نومغا 15 يىللىق پالىنىدۇ.

تورپاق قوزغىلىڭىنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇلۇشى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە مۇنداق قوشاقلار توقۇلغان:

تۈگىمەس ئالۋان ـ ياساقلار،
تەنگە ئارام بەرمىدى.
تىل ـ ھاقارەت ئاڭلاشقا،
ئەلدە تاقەت قالمىدى.

ئارا، چاپچا كۆتۈرۈپ،
ئادالەت دەپ قوزغالدى.
ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇپ،
گۈمبەز باغقا توپلاندى.

قاتتىق چۇقان سېلىشتى،
ئۈچ ئايغىچە ئېلىشتى.
قىستاپ كېلىپ سۇ قوققا،
يەتتە شەرتنى قويۇشتى.

شامەخسۇت سۈلھى بىلەن،
تەلەپلەرگە قول قويدى.
كاسىپلار قولى بىلەن،
چوڭ بىر تاشقا خەت ئويدى.

خەتلىك تاشنى تىكلەتتى،
تاش تارتما دېگەن جايدا.
موللىلارنى ئىشقا سېلىپ،
غازىلارنى تارقاتتى.

يالغان چىقىپ ۋەدىسى،
ئىش بۇزۇلدى ئەتىسى.
خاگوسەندە ئېلىندى،
راجى، سىدىق كاللىسى.

مىلتىقلىرى بەتلىنىپ،
زارىپ، نازى ئېتىلدى.
ئەمەت نومغا پالىنىپ،
ئۇن بەش يىللىق كېسىلدى.

تورپاق يىغىلىقىدا يەتتە مادىلىق توختام ئويۇلۇپ، ئوردىنىڭ تاش تارتما ئالدىغا ئورنىتىلغان تاش پۈتۈك 1955 ـ يىلغىچە ساقلانغانىدى. 1955 ـ يىلى تاش پۈتۈك دېھقانلار ئاپىرىپ تاشلىغان قاغۇم ئېرىقى بويىدىن قايتۇرۇپ كېلىنىپ، قومۇل كونا شەھەر (لوچۇڭ)دىكى سابىق ۋالىي مەھكىمىسى قورۇسىغا قويۇلدى. كېيىن قومۇل مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى يەن زۇڭ-رېن بۇ تاش پۈتۈكنى پويىز ئارقىلىق بېيجىڭدىكى گومورو ئەپەندىگە يوللاپ بەردى.

# شىخشۇ يېزىسىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرت ـ ماكان قۇرۇش جەريانى

## ئابدۇلئەزىز ماموت

شىخشۇ يېزىسى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئۇدۇل ئارىلىقى 115 كىلومېتىر، مۇساپىسى 170 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە گۇما ناھىيىسى بىلەن، شىمالدا كۆكيار يېزىسى، ئۇششاقباش بازىرى، چوپان يېزىسى بىلەن، غەربتە تاشقورغان ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبتا پاكىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ يېزا ناھىيىگە ئەڭ يىراق بولۇپ، ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان چېگرا يېزا، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3500 مېتىردىن ئاشىدۇ. يېزىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 9700 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە زېمىنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، بىراق پۈتۈنلەي تاغلىق، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 500 گېكتارچە كېلىدۇ. يېزا بويىچە 931 ئائىلە، 4480 نوپۇس بار، ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قىرغىز ۋە ئاز ساندىكى تاجىكلارمۇ بار. ئۇلار چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ. چارۋىچىلىقتا قوي، قوتاز، كالا، ئۆچكە، ئات، تۆگە بېقىلىدۇ. دېھقانچىلىقتا ئارپا، يازغى بۇغداي، پۇرچاق تېرىلىدۇ. يېزىنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، قىشتا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، قار، مۆلدۈر كۆپ ياغىدۇ. يازدا قۇرغاقچىلىق كۆپ بولىدۇ. يېزا تەۋە-

سىدە تاشتۇرۇق، قاراقورۇم، ئاقاز مۇزلۇقلىرى بار، كەلكۈن كۆپ كېلىدۇ.

1998 ـ يىلى يېزا تەۋەسىدىكى قىرغىز ئائىلىسى 146 گە، نوپۇسى 742 گە يەتكەن، ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇش-لۇق ئورۇننىڭ 36 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى قۇلانئاغۇ (قۇلان جىلغىسى دېگەن مەنىدە) كەنتىگە ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ 64 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى راسكام (ئىند-تايىن مۇۋاپىق يەر، خاسىيەتلىك جاي دېگەن مەنىدە) كەنتىگە تويلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەرلىك ئۇيغۇر ئا-ھالىسىگە قوشنا بولغان قاراقورۇم قىرغىزلىرىنىڭ بۇ جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ۋە جەريانى مۇنداق:

1770 ـ يىلىدىن باشلاپ، ھازىرقى پاكىستانغا قاراشلىق كەشمىر رايونىنىڭ كانجۇت ۋىلايىتىدە ئىستىخيىلىك ھالدا تەشكىللەنگەن بىر بۆلۈك قوراللىق گورۇھ بىر نەچچە قېتىم چېگرىدىن بۆسۈپ كىرىپ، ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شىخشۇ يېزىسىدىكى راسكام (قورۇل، ئىلەك)، قۇلانئاغۇ كەنت-لىرىگە، كۆكيار يېزىسىدىكى ئاقمەسچىت، پۇسا، ئوتۇنسۇ كەنتلىرىگە، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ دەفتەر، مارياڭ يېزىلى-رىنىڭ ئۆرۈك، پىل قاتارلىق جايلىرىغا باستۇرۇپ كېلىپ، پۇقرالارنىڭ چوڭ ـ كىچىك چارۋا ھەم مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ چىقىپ كەتكەن. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتىكى تاشقى سودا ـ ئالاقە بازىرى بولغان بازاردارا رايونىمۇ ئۇلارنىڭ بۇلاش ۋە تالان ـ تاراج ئوبيېكتىغا ئايلانغان (شۇ ۋەجىدىن، ئۆز زامانىسىدا ئاۋات بازارغا ئايلانغان بازاردارا جىلغىسى خارابىلىشىپ، تا ھازىرغىچە قايتا ئەسلىگە كەلمىگەن، ئۇنىڭ بازاردارا دېگەن قورۇق نامىلا قالغان). پۇقرالار ۋە يەرلىك بەگلەر بۇ ئەھۋالنى ھۆكۈمەتكە ئاڭلاتقان بولسىمۇ، بىراق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىلىماتىغا ئادەت-لىنىپ قالغان چېرىكلەرنىڭ ھاۋاسى شالاڭ، ئېگىز تاغنىڭ

جاپالىق تۇرمۇشىغا كۆنەلمەسلىكى، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ھەربىي تەمىناتنىڭ يېتىشمەسلىكى، چېگرا قاراۋۇللۇقىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، يۇقىرىقى تاجاۋۇزچىـ لىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ھۆكۈمەت ھېچقانداق ئامال قىلالمىـ غان. ئاخىردا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ مەسىلىنى قايتا ئويلىـ شىپ، ئىلگىرى گۇما ناھىيىسىنىڭ شەيدۇللا رايونىغا قىرـ غىزلارنى كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، چېگرىنى تىنچىتقانلىق مىسالىغا ۋە تارىخىي تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، قىرغىزلار يايلاقـ قا باغلىنىپ تۇرۇپ چېگرىنى ساقلاپ كانجۇتلۇقلارنى توسۇـ يالايدۇ، دەپ قاراپ، راسكام رايونىغىمۇ قىرغىز ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ قورۇلچى قىلىش توغرىسىدا قارار چىقارغان ۋە 1772 ـ يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ چارلۇق يېزىسىدىن مۇـ ھەممەت ئېلى ئائىلىسى، ماڭسۇر ئائىلىسى، تۇردى ئائىلىسى، مەمەنۇر ئائىلىسى، ئېش نەزەر ھاجى ئائىلىسى، ساھىب ھاجى ئائىلىسى ھەم تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدىن بايجان ئائىلىسى، ئاسات ئائىلىسى، نورۇز ئائىلىسى، غوجاۋاي ئائىلىسى، شۇنداقلا گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسىدىن تاـ جىباي ئائىلىسى، توختىمەت ئائىلىسى قاتارلىق 12 تۈتۈن، 53 قىرغىز ئاھالىسىنى يۆتكەپ كېلىپ، ھەر بىر ئائىلىگە 40 تىن ئوغلاق، بىر ئازدىن تەڭگە پۇل يىغىش قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى قورۇلچى قىلىپ چېگرا ساقلاتقان. بايجان دېگەن كىشى ئۇلارغا ئاقساقال قىلىنغان. شۇنداقلا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شىخشۇ رايونىغا تەۋە بولغان ئىسسىقسۇ، لەپەرت، جىلىسبېكەر، گەزـ يايلاق، تازپىتلىق، شورلۇق، زورئۆن، قارايار، ئېغىلداۋان، چوڭ بۆرىلىك، كىچىك بۆرىلىك قاتارلىق يايلاقلارنى ۋە ئۇ جايلاردىـ كى ئورمان، چېگرا ئېغىزى، يول، داۋانلارنى ئۇلارنىڭ باشقۇرۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۆيرۈپ بەرگەن. ئۇلار دەسلەپتە راسكامنىڭ (قورۇل، ئىلەك) سۇرقۇۋەت دېگەن يېرىدە قورۇل باقىاچ، مالـ لىرىنى يۇقىرىقى يايلاقلاردا بېقىپ، ئاندىن ئازغار، كۆكتاش،

باش ئەنجان، توققۇزبۇلاق، تاشموما قاتارلىق جايلاردا قوشۇمچە تىرىقچىلىق قىلىپ، ئۆزۈقلۇقنى قىسمەن ھەل قىلغان. بۇنىڭ بىلەن چېگرا بويلىرى تىنچىپ، پۇقرالار خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىغان. كېيىن ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا خەۋەر بېرىپ، تۇغقانلىرىنى ئەكەلدۇرگەن، شۇنىڭ بىلەن قىرغىز ئائىلىسى تەدرىجي كۆپىيىپ، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە 21 ئائىلە، 80 نوپۇسقا يەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ چېگرىدا ۋەقە كۆرۈلمىگەن، قايتىپ كەتكەنلەرمۇ بولمىغان. ھازىرقى قىرغىزلار شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزئارا زېمىن تالىشىش، پاسىل تالىشىش ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بېشىنى ئاغرىتقان. ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى تۈتۈپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مەخسۇس پەرمان چۈشۈرۈپ، قىرغىزلار «جوجۇرخەت» دەپ ئاتايدىغان بولۇغ خەت ئارقىلىق، راسكام (قورۇل) نىڭ شەرق تەرىپىدىن ھازىرقى گۇما ـ قاغىلىق چېگرىسى بولغان كۆكئارت داۋىنىدىن باشلاپ، جەنۇبتا ئىرامكەڭرى چوققىسىنى مەركەز قىلغان قارايار يايلىقى، ئېغىلداۋان، 6090 مېتىرلىق ئېگىزلىك، 5812 مېتىرلىق ئېگىزلىك، 5340 مېتىرلىق ئېگىزلىك، 5928 مېتىرلىق ئېگىزلىك، 5808 مېتىرلىق ئېگىزلىكنى پاسىل قىلغان ھالدا قىرغىز جاڭگال، چىراغسالدى، بازاردارا، سۇرقۇۋەت، قورۇل، قارايار، ئېغىلداۋان، چىنىشتۇۋى، كىچىك بۆردىلىك، چوڭ بۆرىلىك، قېيىندو جىلغىسى، تاشموما، كۆكتاش، باش ئەنجان، چوڭ ئارسار، كىچىك ئارسار، زەيبۇلۇڭ، توققۇزبۇلاق قاتارلىق جايلارنى، غەربتە چوڭ توقاي، توققۇزبۇلاقنى مەركەز قىلغان ھالدا ئوپىراڭ دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، شىمالدا يەكەن دەرياسىنى بويلاپ چوڭ تۇياق، جىلىسبېكەر، ئاقتال جىلغىسى، مىسكەر، يېتىمقوزا، پىرسەنە، قۇمداۋان، قوتۇز، پىل، لەپەرت، چېدىرتاش قاتارلىق جايلارنى، بۇ دائىرىدىكى يەر، يايلاق، ئورمان، چېگرا يوللىرىنى قاغىلىق ناھىيىسى-

گه تەۋە قورۇلچى پۇقرالارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. مەزكۇر يايلاقلارنىڭ تەۋەلىكىنى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بەشكەنت تاغ رايونىنىڭ قۇلانئاغۇ كەنتى مەمۇرىي جەھەتتىن كونكرېت باشقۇرۇپ كەلگەن. بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت پەرمانى بولغان بولۇغ خەت گۇۋاھ. بۇ خەت ھازىرغىچە قىرغىزلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

ھۆكۈمەت تېرىلغۇ يەرلەردىن باج ئالماسلىق، چارۋىغا تۇياق بېجى ئالماسلىق، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن تەۋەلىكتىكى يايلاق، ئورمانلارنى نابۇت قىلىۋەتمەسلىك شەرتى بىلەن، مۇھەممەت نەزەربەگ، مۇھەممەت ئىمىن مولللارنى قاراۋۇل بېگى قىلىپ، قىرغىزلارنىڭ ھەقسىز پايدىلىنىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇنىڭ بەدىلىگە قىرغىزلار چەتنىڭ ھەرقانداق مۇداخىلىسىنى توسۇيدىغان بولغان ۋە چېگرىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى، گۇمانلىق كىشىلەرنى تەكشۈرۈپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ تۇرغان. كېيىنكى مەزگىللەردىمۇ ئۇلار چېگرىدا توختىغان ئەسكەرلەرگە يېقىندىن ماسلاشقان.

1945 ـ يىلىدىكى «تاغ ئىنقىلابى»دا، قۇلانئاغۇ خەلقى ئۆزىنىڭ توققۇز ئوغلانىنى يىگىتلىككە تاپشۇرۇپ ئىنقىلابقا قاتناشتۇرغان، ئۇلاردىن بىرى شۇ چاغدا جەڭدە شېھىت بولغان. ئوسمان مۇسا دېگەن كىشى مىللىي ئارمىيىدە روتا كوماندىرى بولۇپ، ئىنقىلابتا خىزمەت كۆرسەتكەن. سەپتىن قايتقاندىن كېيىن، يۇرتىدا كەنت باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

قۇلانئاغۇ كەنتىدە 1956 ـ يىلى تۇنجى پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. قىرغىزلار ئىچىدە تۇردى ھاجى، نەزەر چاۋار، ئوراز ياقۇپ، تۇردى ئوسمان، ئابدۇقادىر تۆمۈر، جېرىم مۇسا قاتارلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرى؛ توختى جاپپار، خۇدابەردى نورۇز قاتارلىق مائارىپچىلار؛ ئوسمان مۇسا، كۆچ ماگسۇر قاتارلىق كەنت باشلىقلىرى يېتىشىپ چىقتى. بولۇپمۇ كۆچ ماگسۇر دېگەن كىشى يۇرت ـ ماكانىدىن خەۋەر ئېلىش، قېرىنداشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ چىد-

قاردى. قاراقۇرۇم قىرغىزلىرى 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى جامائەت ئاشخانىسى قۇرۇش ۋە ئوپچە ئەمگەك قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي سەۋەب ۋە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى يۈز بەرگەندىن چېگرا جايلارنى دۆلەت مۇداپىئە ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ھەربىي سەۋەب تۈپەيلىدىن، 200 يىللاپ ياشىغان ماكانىدىن بىر نۆۋەت ئايرىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. كېيىن يەنە قۇلانئاغۇ، راسكام كەنتلىرىگە قايتىپ، داۋاملىق تۈردە چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق تۇرمۇشىنى باشلىدى.

ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر:
ھەبىبۇللا يۈسۈپ (ناھىيىلىك سۆز ئىدارىسىنىڭ كادىرى)
تۇردى ئوسمان (قىرغىز، شىخشۇ يېزىسىنىڭ سابىق باشلىقى)
ئابدۇقادىر تۆمۈر (قىرغىز، شىخشۇ يېزىسىنىڭ سابىق باشلىقى)

# قەشقەر پۇلى پاجىئەسى

## قەمەرجان قابىل

1933 ـ يىلى قومۇل قوزغىلىڭىنىڭ ئوت ئۇچقۇنلىرى شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا تۇتاشتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەۋرىنىشكە باشلىدى.

بۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن ۋاقتىدا بازارلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان قەغەز پۇلنىڭ ئورنىغا 喀票 (كاپياۋ، قەشقەر پۇلى) دەپ ئاتىلىدىغان ياغلىشاڭغۇ قەغەز پۇل ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇ پۇل قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدىلا ئىشلىتىلەتتى. بۇ پۇل بىر سەرلىك بولۇپ، بىر سەر تەڭگە بىلەن تەڭ قىممەتكە ئىگە ئىدى. بىر سەر ئون مىسقال ياكى 16 تەڭگە ھېسابىدا بولۇپ، بازاردىكى ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىۋاتقان داچەن (مىس پۇل) گە سۇندۇرغاندا 400 داچەنگە تەڭ كېلەتتى.

قەشقەر پۇلىنىڭ يەنە بىر نامى «تىزا» ئىدى، بۇ بىر سەرلىك، تۆت تەڭگىلىكتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلاتتى. قەشقەر پۇلىنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا «سىبەي يۈەن» (400 داچەن)، «يىبەي يۈەن» (100 داچەن) دېگەن خەتلەر يېزىلغان. كىشىلەر بۇ پۇلنىڭ بىر سېرىنى بىر سەر تەڭگە ئورنىدا ئىشلىتەتتى. قەغەز پۇل ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغاچقا، تىجارەتچىلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر ئۇنى بەك ئەتىۋارلاپ ئىشلىتەتتى، ھەتتا تەڭگىنى ئۈستىدىن ئىككى ـ ئۈچ داچەن بېرىپ قەغەز پۇلغا تېگىشىۋالاتتى.

قەشقەر پۇلى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى دەۋرىدىمۇ بىر مەز-

گىل ئۆز قىممىتى بويىچە ئىشلىتىلگەنىدى، قومۇل قوزغىلىڭى-
نىڭ كونسېرى كۆچىيىشى بىلەن جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى كۆپ-
لەپ ئەسكەر ئالدى، بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ خىراجىتى كۆ-
پەيدى، نەتىجىدە قەغەز پۇل كۆپلەپ تارقىتىلدى، شۇ سەۋەبتىن
بۇ پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ پاخاللىشىشقا يۈزلەندى، تەڭگىنىڭ
كۇرسى ئۆرلەپ كەتتى. سودىگەرلەر بۇنىڭدىن چەبدەسلىك بىلەن
پايدىلىنىپ تەڭگە بىلەن مىس پۇل (داچەن)نى كۆپلەپ يىغىۋال-
دى، بازارلاردا قەغەز پۇللا ئىشلىتىلىدىغان بولدى. بازارلاردا
ئىشلىتىلىۋاتقان پارچە پۇل (تىيىن، داچەن) يوقالغاندىن كېي-
ىن، پارچە پۇل يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى.
پۇقرالارنىڭ ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدىكى پارچە پۇلغا بولغان
ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەرنىڭ ئامبىلى ماشاۋۋۇ
(ماتىتەي) شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ
مەتبەئەسىدە بىر مىسقاللىق (40 داچەنگە تەڭ) قەغەز پۇل باس-
تۇرۇپ تارقاتقان بولسىمۇ، بۇ پۇل يەنىلا كىشىلەرنىڭ بازاردىكى
ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. نەتىجىدە مال پۈتۈن پۇلغا قىممەت،
پارچە پۇلغا ئەرزان بولۇپ قالدى. قەشقەر پۇلىنى كىشىلەر كۆز-
گە ئىلماي، ئاسراپ تۇتمىغاچقا، بۇ پۇل كونىراپ يىرتىلىپ كەت-
كەنىدى. بولۇپمۇ ماتىتەينىڭ چېرىكلىرى بۇ پۇلنى قىمارغا
دەسمايە قىلغاچقا، ئۇ تاۋكادا توپىغا مىلىنىپ، ئېزىلىپ كەتكە-
نىدى. نەتىجىدە بۇ پۇللار يامان ئىشلىتىلدى. سودىگەرلەر بىلەن
خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا كۆپىيىپ كەتتى، چېې-
رىكلەر بۇ پۇلنى كىشىلەرگە زورلاپ تاڭدى. ئالغىلى ئۇنىمى-
غانلارنى ئۇرۇپ، تىللاپ مەجبۇرىي ئالدۇردى. ئەمما بۇ پۇلنى باز-
كا ۋە باج ئورۇنلىرى ئالمىدى. تىجارەتچىلەر ياماق سېلىنغان بۇ
پۇلغا مال سېتىپ زىيان تارتىۋەرگەچكە، ئىلاجسىز دۇكانلىرىنى
تاقىۋەتتى. دۇكان ئاچقانلىرى بولسا ماللىرىنىڭ باھاسىنى بىر
نەچچە ھەسسە ئۆستۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن پۇقرالار ماتىتەينىڭ

سىياسىتتىن ۋە ئۇنىڭ چېرىكلىرىدىن بىزار بولدى. دېمەك، چېرىكلىك ھۆكۈمەتكىمۇ، شەخسىگىمۇ، بازارغىمۇ يامان تەسىر بېرىپ، ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا ھاڭ پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ماتتەينىڭ چېرىكلىرى مال باھاسىنىڭ ھەسسىلەپ ئۆرلەپ كېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پۇقرالارنى شىلىپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن نۆۋەت بىلەن بازارغا ئارىلىشىپ ئەرزان ئېلىپ قىممەت سېتىپ، پۇقرالارنى ھەدېسە بوزەك قىلىپ ھېلىقى پاخاللىشىپ كەتكەن «ياماق تىزا»نى بازارغا سالدى. ئۇلار پۈتۈن پۇلغا ئاز مال ئېلىپ، پارچە پۇل قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلدى. پارچىلىنىۋالغان پۇلغا ئەرزان باھادا «ياماق تىزا» سېتىۋېلىپ، ئۇنى سودىگەرلەرگە تېگىشىپ ئۇلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلدى. تىجارەتچىلەر ئاخىرى ئىلاجىسىزلىقتىن چېرىكلەرگە ماللارنى بىكارغا بېرىش چارىسىنى قوللىنىپ، قايتۇرۇپ بېرىدىغان پارچە پۇلنى تېجەپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. كېيىنچە چېرىكلەر بۇ ئىشتىن ئۆزلىرىگە كۆپ پايدا تەگمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ «بىز دۆلەتنىڭ ئەسكىرى، پۇقرالارنىڭ نەرسىسىنى بىكارغا ئالساق بولمايدىكەن» دېگەننى باھانە قىلىپ يەنىلا پۈتۈن پۇلغا سودا قىلىپ پارچە پۇل تېگىشىۋېلىپ پارچە پۇلغا ئەرزان باھادا مال سېتىۋېلىشتەك سودىگەرلىكنى داۋاملاشتۇردى. بۇ ھال ماتتەي ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىنى ئاغرىتماي قالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرەپدارلىرى، چېرىكلەرنىڭ بازارغا ئارىلىشىپ پۇقرالارنى خالىغانچە قاقتى ـ سوقتى قىلىشىنى چەكلەش توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك چارە ـ تەدبىرلەرنى ئېلان قىلدى: 1) قەشقەر پۇلىنىڭ قانچىلىك كونىراپ، ئېزىلىپ، ياماق سېلىنىپ كەتكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «تىزا» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «سىبەي يۈەن» ياكى «يىبەي يۈەن» دېگەن خەتلىرى يىرتىلمىغان بولسىلا ئۇنى بانكىمۇ، باجخانىمۇ، پۇقرالارمۇ تەخىرسىز ئالىدۇ. 2) ئەسكەرلەر پۇقرالارنىڭ ئېلىم ـ

سېتىم ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ ۋە پۇقرالارغا چېقىلمايدۇ. 3) پۇلنىڭ قىممىتى ئىلگىرى قانچە بولغان بولسا، هازىرمۇ شۇنچە بولىدۇ. تۆۋەنلىتىشكە بولمايدۇ. هۆكۈمەتنىڭ بۇ ئېلانى چىقىرىلىشى بىلەن پۇقرا ۋە سودىگەرلەرگە بولغان بېسىم، تەھدىت بىر قەدەر ئازايغان بولسىمۇ، لېكىن چېرىكلەر بۇنىڭغىمۇ ھېيلە ئىشلەتتى. چېرىكلەر بازارغا ئارىلاشمايلا قالماي، ساق «تىزا»نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خېتىنى ئويۇپ ئېلىپ ئۇنى يىرتىق پۇلغا چاپلاپ قۇراشتۇرۇپ ئۇنى ئەيمەنمەستىن بازاردا ئىشلەتتى. بىر قىسىم سودىگەرلەر بۇ پۇلنىڭ خېتىنىڭ ئويۇلغانلىقىنى بىلسىمۇ، چېرىكلەرنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ چاندۇرماي سودا قىلىۋەردى. كېيىن بۇنى پۇقرالار بىلىپ قېلىپ بۇنداق پۇللارنى ئالمىدى. يىرتىق ـ ياماق پۇللارنى كونا دەپ ئالمىسا، يېڭى پۇلنى خېتى ئويۇۋېلىنىپتۇ دەپ هۆكۈمەتمۇ، شەخسلەرمۇ ئالمىدى. نەتىجىدە بۇ پۇل خوتەندىمۇ، قەشقەردىمۇ ئۆتمىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم تىجارەتچى سودىگەرلەر، هۈنەرۋەنلەر سەرمايىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ۋەيران بولۇپ نامراتلاشتى، مانا بۇ 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەر ـ خوتەن خەلقىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور زىيانلارنى كەلتۈرگەن قەشقەر پۇلىنىڭ پاخاللىشىپ ئۆتمەس بولۇپ قالغان ۋاقتى ئىدى، پۇقرالار بۇ ۋەقەنى «قەشقەر پۇلى پاجىئەسى»، «ياماق تىزا پاجىئەسى» دەپ ئاتىغانىدى. پۇقرالار بۇ پۇل پاجىئەسىگە قارىتا مۇنداق قوشاق توقۇشقانىدى:

ياغ تىزا، ياماق تىزا،
سېنىڭدىن بولدۇق بىزا (ر).
يەتكۈچە زىيان تارتىپ،
گالدىن ئۆتمىدى غىزا.

«ياماق تىزا پاجىئەسى» توغرىسىدا تـوقۇلغان بـۇ قوشاقنى كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يادلاپ يۈردى. 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۆمۈر شىجاڭ باشچىلىقىدا زۇلۇمغا، ئېزىلىشكە قارشى قوزغىلىپ چىققان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى قەشقەرنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن پۇل بېسىلدى. نەتىجىدە قەشقەر، خوتەنـ دىكى تىجارەتچىلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر قەد كۆتۈرۈپ، سودا سېتىق نورمال يۈرۈشۈپ كەتتى.

# غېنىزات خوجا ۋە ئۇنىڭ «تايغان» لىرى

## ئەخمەت بايىزى

1900 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى «ساقال ئامـ. بال»نىڭ جارچىسى مەخسۇت بەگ ئارقىسىغا ئىككى يايىسىنى ئەگەشتۈرۈپ قىغدۆڭدىن رەستىگىچە، رەستىدىن ساقساقچىچە بولغان بازار دوقمۇشلىرىدا توختاپ، ئۇستەل ئۈستىگە چىقىپ مۇنداق جاكارلايتتى:

— داڭ! داڭ!! داڭ!!! ھەي خالايىقلار! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئامبال جاكارلايدۇكى: 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاغ مىس كاندىكى غېنىزات خوجىنىڭ «تايغان» لىرى بىر ئايلىق دەم ئېلىش ئۈچۈن شەھەرگە كېتىدۇ. قىزىڭلارنى، ياش كېلىنىڭلارنى ئۆيدىن تالاغا چىقارماڭلار ياكى يىراق ـ يېقىن تۇغقانلىرىڭلارنىڭكىگە ئاپىرىـ. ۋېتىڭلار! تىجارەتچىلەر ئۆزۈڭلەرگە ئاگاھ بولۇڭلار: ئەگەرچەندە «تايغان» لار ھادىسە تۇغدۇرۇپ ماجىرا چىقارسا، ئامبال ئىگە ئەـ. مەس، دەۋا سورالمايدۇ! ... داڭ! داڭ!! داڭ!!!

بۇ خەۋەر ھەش ـ پەش دېگۈچە ھەممە جايغا پۇر كەتتى. خەلق جىددىيلىشىپ، «تايغان»لارنى غايىبانە تىللىشاتتى. چۈنكى بۇ «تايغان»لار ھەر قايسى يۇرتلاردىن كەلگەن مۇساپىرلار بولۇپ، تۇرمۇشتا قىسىلغان، ئىش، پۇلغا مۇھتاج ئادەملەر بولۇپ، قىمار ئويناش، لوكچەكلىك قىلىش، بەڭ چېكىش قاتارلىق يامان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن قول ئۈزمەيتتى، «تايغان» خەلق تىـ. لىدا «باشقۇرماق تەس بولغان بويتاق» دېگەن مەنىگە ئىگە ئىدى. دەرۋەقە، ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە بىر ئاي ئىچىدە خوجايىن غېنىزات خوجا ئۇلارنى شەـ. ھەرگە ئەكىرىپ دەم ئالدۇراتتى، ئۇجمە، ئۆرۈك يېگۈزەتتى. ئۇلار

ئۆز تەشكىلى — ئون بېشى، ئەللىك بېشى، يۈز بېشى دېگەنلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. بۇ ئادەملەر كاندىن بېرىلگەن كېيىمى بىر خىل بولسىمۇ، كۆنلۈك ئىشتىن چۈشۈپ قىمار، قاتار ئوينىشىپ، ئۆتتۈرۈپ گاڭسا - جىسا بولۇپ قالاتتى. شۇڭا شەھەرگە ھەرخىل، ھەر ياڭزا قىياپەتتە كېلەتتى. بۇلارنى كۆرگەن كىشىلەر: «ئەنە تايغانلار كەلدى» دېيىشەتتى. ئۇلار شەھەرگە كەلگەندە ئايالالار ماجىرالىرى يۈز بېرەتتى، تىجارەتچىلەردىن مال ئېلىپ پۇلىنى بەرمەسلىك جودالىرى كۆرۈلەتتى. يەرلىك ئەمەلدارلار بۇ ئەھۋاللارنى سۈلھى - سالا بىلەنلا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارغا چارە كۆرمەيتتى. چۈنكى ئۇلار تاغ - چۆللەردە جاپالىق ئىشلەپ ھۆكۈمەتكە ساپ مىس ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار شەھەرگە كېلىپلا خەندەك بويىدىكى «سەتەڭ»لەر بىلەن ئويناپ ئىچ پۇشىقىنى چىقىرىشاتتى؛ بەزىلىرى تاۋكالارنى تاپاتتى؛ بەزىلىرى «قارا تاماكا» مەستانىسى بولۇپ، چېلىمخانىلاردا گېلىنى ئىسلايتتى؛ بەزىلىرى شوپاڭلارغا كىرىپ ئىككى - تۆت سەر ئىچىپ كالتا جودا چىقىرىشسا، بەزىلىرى باغ سەيلىسى قىلاتتى، سوقا مەشرەپ ئويناياتتى؛ بەزىلىرى سايغا چۈشۈپ مەدداھلارنىڭ تۈگىمەس جەڭنامىلىرىنى ئاڭلىسا، بەزىلىرى كەكلىك سەيلىسىگە چىقىشاتتى. شۇنداق قىلىپ «تايغان»لار «20 كۈن باي، بىر يىل گاداي» بولۇپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولاتتى.

خوش، غېنىزات خوجا كىم؟

مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش مەمۇرىي تۈزۈمى بويىچە غۇلجا (ئىلى)دا جياڭجۈن، قەشقەردە «خان ئامبال»، ھەربىر ناھىيىدە يەرلىك خەلقتىن ھاكىمبەگ قويۇلغاندى. كۇچادىكى ئاتاقلىق مۆتىۋەر - ئوقۇمۇشلۇق زات - قادىر ھېكىمبەگ ئۈچتۇرپان ناھىيىسىگە، ئىنىسى يۈسۈپ ھېكىمبەگ كۇچاغا ھاكىمبەگ بولۇپ بىر ئۆمۈر ۋەزىپە ئۆتىگەنىدى. غېنىزات خوجا بولسا ئەنە شۇ يۈسۈپ ھېكىمبەگنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. غېنىزات خوجا ئۆز زامانىسىغا لايىق بىلىم - ئىقتىدار ئىگىسى،

تېخنىكا سەۋىيىسى بار، تەمكىن، خەلق ئىچىدە ئىناۋىتى چوڭ، خۇشپىچىم ئادەم ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن 90 ـ 100 يىل بۇرۇنقى دەۋردە، كۇچادا مىس كان ئېچىپ، ئۇنىڭدىن ساپ مىس ئالغانىدى. بۇ ـــ ئەينى ۋاقىتتا تەرەققىياتنىڭ سىمۋولى، ئۇنىڭ ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىسىدىن بىشارەت ئىدى.

غېنىزات خوجا 1895 ـ يىلىدىن باشلاپ «تايغان»لارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئالدى بىلەن «ساقال ئامبال» بىلەن مىس كان ئېچىش، تاۋلانغان ساپ مىسنى خەزىنىگە ئۆتكۈزۈش ئۈستىدە توختامنامە تۈزۈپ ئىشقا كىرىشكەنىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ھازىرقى ئاغۇدىكى دۆلەت كۆمۈر كېنىنى ئېچىپ① كۆمۈر قازغان، يەنە بىر تەرەپتىن مىس رۇدىلىرىنى قېزىپ، ئېرىتىش سېخى قۇرۇپ، ساپ مىس تاۋلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ داڭ چىقارغان، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۆھپە قوشقان، بۇ مىستىن پايدىلىنىپ ناھىيىدە يارماق پۇل قۇيۇلغان. بۇ ھەقتە كىشىلەردە مۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت:

1. كان چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ـــ ئاباس ئىمام رازاق ئوغلى: «غېنىزات خوجام مىس رۇدىسىنى ‹چاقماقچى› دېگەن يەردىن قېزىپ چىقىرىپ، ‹گىرىشىم› دېگەن يەردە ساپ مىس تاۋلاپ، ھازىرقى كاندىكى بىز ئولتۇرغان زېمىن ئورنىدا مىستىن داچەن قۇيۇپتىكەن. ئانام رەھمىتى رازاق ئىمام ماڭا شۇنداق دېگەنىدى» دەپ ئىسپات بەردى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئابزارى رازاق ئوغلىمۇ يۇقىرىقى ئىسپاتنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى.

2. كونا شەھەردىكى ئىمىن ھاشىم قاتارلىق كىشىلەر: «غېنىزات خوجا ساپ مىسنى ئامبال ئارقىلىق پۇلخانىغا ئۆتكۈزۈپ، پۇلخانىدا مىستىن يارماق پۇل قۇيغانىكەن. كۇچانىڭ مىس پۇلى نېپىزرەك، خەنزۇچە ‹كۇچا› دېگەن خېتى بار پۇلنى دەل مۇشۇ پۇلخانىدا قۇيۇپ تارقىتىپتىكەن، پۇلخانا بولسا، كونا ئامبارنىڭ ئۇدۇلىدىكى كۆلنىڭ يېنىدا ئىدى، ئۇنىڭ يېنىدا خەنزۇچە مەك-

تەپ (شۆتاڭ) بار ئىدى. هازىرمۇ كىشىلەر بۇ يەرنى «پۇلخانا ئورنى دېيىشىدۇ» دەيدۇ.

غېنىزات خوجا مىس كاندا بولسۇن ياكى خاڭدا بولسۇن، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، تاماق، ئىش ھەققى جەھەتلەردە ئۇلارنى رازى قىلغان. شۇڭا ئىشتا نارازىلىق قىلىش، قېچىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىگەن.

غېنىزات خوجا ئىشچىلارنى يىلدا بىر ئايلىق دەم ئېلىشقا ئېلىپ كەلگەندە، ئامبال بىلەن يىللىق ھېساب ـ كىتاب قىلىشاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇر باغدىكى② ھەشەمەتلىك باغ ھويلىسىغا چىقىپ دەم ئالاتتى.

قادىر ھېكىم، يۈسۈپ ھېكىمبەگ ۋە غېنىزات خوجىلارنىڭ قەبرىسى ئۇچا «بەلخ ئاتام»نىڭ يېنىدىكى چوڭ مەدرىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. بۇ قەبرىلەر چوغدەك مەھەللىسىدىكى مەشھۇر ساپالچى ئۇستىلار تەرىپىدىن ئاق، كۆك، يېشىل، ئەترەڭ چاقچۇقلار بىلەن زىننەتلەنگەن. قەبرىلەرنىڭ ئالدى، يان تەرەپلىرىگە ماھىر خەتتاتلار تەرىپىدىن مەرھۇملارنىڭ نام ـ شەرىپى، يېشى، ئۆمرى، ئۆلۈش سەۋەبى، ۋاقتى ئېنىق يېزىلغان. تۆۋرۈك ۋە خەرىياغاچلىرىغا، تۇغ شەددەلىرىگە، شەددىگە ئېسىلغان ئاق بايراقچىلارغا تەسىرلىك مەرسىيە، قەسىدە، مەرھۇملارنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى، شېئىر ـ رۇبائىيلار، ئەسلىمىلەر يېزىلغانىدى. بۇلار ئەسلىدە قىممەتلىك تارىخىي مىراسلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى. مەن 12 يېشىمدا مەرھۇم ئاكام مەمتىمىن بايىزغا ئەگىشىپ، 2 ـ قېتىم 1948 ـ يىلى مۇددەررىس كېرەم ئىمامنىڭ ئوغلى شەمشىدىن كېرەمنىڭ بېشىنى سەيلى قىلغاندا، قەدىناس يولدىشىم بىلەن يۇقىرىدا قەيت قىلىنىدىغان قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلغان، يېزىلغان ئەسلىمىلەرنى تەپسىلىي كۆرگەن، ئۇلار بىلەن تونۇشقان ۋە ئەستە قالدۇرغانىدىم. ئەپسۇسكى، 1967 ـ يىلى بۇ قەبرىلەر چېقىلىپ، ئوغۇت ئورنىدا ئىتىز ـ

لىقلارغا تۆكۈلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىدى.

ئىزاھلار:

① بۇ زور كۆلەمدىكى خاڭ بولۇپ، ھازىر دۆلەت خېچى دەپ ئاتىلىدۇ.

② تۇرباغ — كۇسەن دەرياسى بويىدىكى ئېگىز دۆڭ ئۈستىدە بولغاچقا، تۇرباغ دەپ ئاتالغان.

# كۇچا تەلەمەت داۋىنى ھاشىرى

## ھۈسەيىن ئىمىن ھاجى

كۇچا تەلەمەت داۋىنى تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى يىل بويى قار - مۇز ئېرىمەيدىغان مەشھۇر داۋاندۇر. بۇ داۋاننىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى مۇزلۇقلاردىن ئېقىپ چۈشكەن قار - مۇز سۈيى بۇلاق سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ قارا شەھەر دەرياسىنى ھاسىل قىلسا، كۈنگەي تەرىپىدىكى مۇزلۇقلاردىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ تېكىلىك ۋە ئاق تاغدىن ئېقىپ چىققان بۇلاق سۈيىگە قوشۇلۇپ كۇچا دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. داۋاننىڭ ھاۋا كىلىماتى ناھايىتى ئۆزگىرىشچان بولۇپ، قىشتىكى ئوتتۇرچە تېمپېراتۇرىسى 46℃ قا چۈشسە، يازدىكى ئوتتۇرچە تېمپېراتۇرىسى 20℃ قا چىقىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 150 ـ 300 مىللىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ.

بۇ داۋان ھەققىدە بۇرۇندىن تارتىپ كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇنداق بىر رىۋايەت بار: ئۆتكەن زامانلاردا كۇچا خانلىقىنىڭ خانى ئەمەت ئىسىملىك بىر ئىسيانكارنى تۇتۇۋېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ ۋە ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئەمەتنىڭ دوست - يارانلىرى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ ئۇنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ. خان ئۇنى تىرىك تۇتۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئەمەت جاننى ئالقانغا ئېلىپ تەڭرىتاغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قېچىپتۇ. لەشكەرلەر ئەمەتنى قوغلاپتۇ، ئەمەت چوققىسى بۇلۇتقا تاقاشقىدەك ئېگىز بىر تاغقا دۇچ كەپتۇ. ئۇ ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان جاسارىتى بىلەن ئۈستىنى قار ـ مۇز قاپلىغان بۇ تاغ چوققىسىغا يامىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. لەشكەرلەر تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن تاغنىڭ يېرى-

مىغىمۇ چىقالماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار: «ھەي ئەمەت... ھەي تەلۋە ئەمەت، سەن ئاخىرى ئۆزۈڭنىڭ جېنىڭغا ئۆزۈڭ زامىن بولدۇڭ ـ دە» دەپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا شۇنىڭدىن كېيىن بۇ داۋاننىڭ نامى ئەمەتنىڭ ئىسمى بىلەن «تەلۋە ئەمەت-نىڭ داۋىنى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ، كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆ-زىرىشىغا ئەگىشىپ «تەلۋە ئەمەتنىڭ داۋىنى» دېگەن نام «تەلە-مەتنىڭ داۋىنى» بولۇپ قالغانىكەن.

دەرۋەقە، شىنجاڭدىكى يىپەك يولىنىڭ تارمىقى بولغان كۇچا تەۋەسىدىكى بىر قەدىمكى يولدا تەلەمەت داۋىنى دەپ ئاتى-لىدىغان، ئۇستىدىن قار ـ مۇز ئېرىمەيدىغان بىر تىك داۋان بار، خەلقىمىز ئىچىدە ئۇنىڭ نامى خېلى مەشھۇر. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈم سۈرگەن 1945 ـ يىللىرى مۇشۇ داۋاندا ئۇنتۇلماس بىر ھاشار بولۇپ ئۆتتى. بۇ ھاشارنىڭ ئېي-غىرلىقىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ سانىنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلدايدۇ. ئۇنداق بولسا بۇ ھاشار قانداق پەيدا بولدى؟

1945 ـ يىلى يازدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى جە-نۇبىي شىنجاڭغا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇنلارنىڭ باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ باي بىلەن ئاقسۇ-نى مەركەز قىلغان ھالدا ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ گومىنداڭ-نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكىرىي كۈچىنى ئىس-كەنجىگە ئېلىپ تۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ قوشۇن 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدىن:

بۈگۈن ھەر جايدا چىرايلىق بايرام،
ئادەمگە تولغان گويا بىر قاينام.
شۇل قاينامدىكى كۆپچىلىك دوستلاردىن،
يوللايمىز جەنۇبقا سالام.

دېگەن زەپەر مارشى ساداسى ئىچىدە تېكەسنىڭ كۆك سۇ بېشىدىكى چوڭ قوشتاي ئارقىلىق باي ناھىيەسىنىڭ شىمالى-

دىكى قېيىر دېگەن تاغلىق كەنتكە چۈشۈپ 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى باي ناھىيەسىنى ئازاد قىلدى. بۇ قوشۇن يەنە 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاقسۇ قوغان ۋە ئاقسۇ كونا شەھەردىن غۇلجىغا ئۆتىدىغان مۇزارت داۋىنىنى بېسىپ ياتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تەسلىم قىلىپ ئىلى بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنى ئاچتى. 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيەسى ئازاد قىلىندى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى يەنە تېكەس ئاتلىق پولكىنىڭ بىر قىسمىنى قارا شەھەرنىڭ كۆيكۆز، كۈچانىڭ تەلەمەت داۋانلىرىغا يۆتكەپ دۈشمەنگە كۈچلۈك تەھدىت سالدى. ئەمما، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قوشۇن 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىلىغا قايتتى. قوشۇن قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قوشۇنىمىز چېكىنىپ چىققان جايلارنى قايتا ئىگىلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئىستىھكام ۋە ئاكوپلارنى ياسىماقچى بولدى. شۇڭا گومىنداڭچىلار توقسۇ، شايار، كۈچا ناھىيىلىرىنىڭ ھاكىملىرى ۋە بەزى يەرلىك ئەمەلدارلارنى يىغىن ئېچىپ تەلەمەت داۋىنىغا ھاشارغا بېرىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىشقا كۈچادىن باۋدۇن دوبېگى (ئازادلىقتىن كېيىن قولغا ئېلىنغان)، ئابدۇل مىراب (ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان قانخور زومىگەر)، ئايئاق مىراب (ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان زومىگەر)، رىشىت بەگ (ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان)، كېبىر قازى ھاجى (ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان)، تېيىپ بەگ (ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان) لەر مەسئۇل قىلىنىپ، ھاشاردىكى بارلىق سېلىقنى يەرلىك پۇقرالار ئۈستىگە ئېلىش، بەگ، شاڭيۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەرىجە، ئەمەل تەرتىپىگە قاراپ ئىش تەقسىملىۋېلىپ ئىشلەش قارار قىلىندى.

تەلەمەت داۋىنى كۈچا بازىرىدىن 147 كىلومېتىر (تۈز

سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندا 93.5 كىلومېتىر) كېلىدۇ. 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى تەلەمەت داۋىنىنى قار ـ مۇز قاپلىغان پەسىلدە تەلەمەت ھاشىرى باشلاندى. بۇ ھاشارغا ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى توقسۇ، شايار، كۇچا ناھىيىلىرىنىڭ كەتمەن ـ گۈرجەك تۇتالىغىدەك جېنى بار ئادىمىنىڭ ھەممىسى قاتناشتى. بۇ چاغدا ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇپ كەتكەچكە ھاشارچىلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك ئارتىپ چىققان ئات ـ ئېشەكلىرى ئاچ قېلىپ ئۆلۈۋاتقان، توڭلاپ قالغان، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن، يولدىن ئېزىپ قالغان ھاشارچىلار قار ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان ئەھۋاللار كۈندە دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇردى. بۇ ھاشارنىڭ ۋاقتى ئاقسۇ كونا شەھەردىن ئىلىغا بارىدىغان مۇزارت داۋىنى، قوغان، باي ناھىيەسىدىكى تامغا تاش، شىپالىق قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ھاشارغا قارىغاندا ئۇزۇن بولدى، كۆلىمىمۇ بىر قەدەر زور بولدى. تەلەمەت داۋىنىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بارلىق ئوزۇق ـ تۈلۈكى مۇشۇ ئۈچ ناھىيىدىكى خەلقنىڭ ئۇستىگە يۈكلەنگەنلىكتىن، پۇقرالارنىڭ كۈنى قىيىنلىشىپ شەھەر، يېزا، كەنتلەرنى يىغا ـ زارە، نالە ـ پەرياد قاپلىدى. پۇل پاخاللىشىپ ئىستېمال بۇيۇملىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئازدىيىشقا باشلىدى. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئالۋان ـ ياساق دېھقانلارنى كۈن ئالالماس دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ھەتتا سەرەڭگە ئورنىغا تېزەكنى كۆمۈپ قويۇپ ئوت ساقلايدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. كىمدە كىم بەلگىلىگەن كۈن ئىچىدىكى ھاشاردىن قېچىپ كەتسە ئۇنىڭغا قاتتىق تەن جازاسى بېرىلەتتى. يېزا ـ كەنتلەردە كەلگەن ـ كەتكەنلەرنى تىزىملاپ قويۇپ مەلۇم قىلىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە خاتىرجەم قونالمايدىغان بولۇپ قالدى. ھاشارغا قاتناشقان بىر قىسىم كىشىلەر قاتتىق سوغۇقتا كېسەل قويۇپ ئوت يېقىپ قۇرۇتۇپ ئېگىز تاغ ئۇستىگە ئېلىپ چىقىپ ئىستىھكام سالسا، بەزىلە-

ـرى، گومىنداڭنىڭ تەلەمەت داۋنىدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق پولكىغا كېرەكلىك ئىگەر ـ توقۇملارنى تىكىش، تاقا، مىق ياساش، ئاتلارغا بېدە توغراش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدى. گومىنداڭچىلار ئەلا شاڭيۇنى تەلەمەت ھاشىرى ئۈچۈن يىغىلغان 40 چارەك بۇغداي ئۇنى، 120 دانە توخۇ، 1200 دانە تۇخۇمنى ۋاقتىدا تەـ لەمەت ھاشىرى مەيدانىغا يەتكۈزۈپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئېتىپ تاشلىدى. كۇچا ناھىيە ئىشخىلا يېزىسىدىن ھامۇت شاڭيۇنى 1200 باغ بېدە، 60 تاغار سامان، 1000 دانە تۇخۇم، 70 دانە توخۇ، 18 سەر تەڭگە قاتارلىق نەرسىلەرنى ھاشار مەيدانىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يامۇلدىن ئادەم چىقىپ 18 كۈن سولاپ قويدى. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ما تۇەنجاڭ «بۇلار ئىلى تەرەپكە قاچماقچى» دەپ 15 ھاشارچىنى باشقا ھاشارچىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن تاش گەمىگە سولاپ كۆيدۈرۈۋەتتى. توقسۇدىن ھېمىت ئىگەمبەردى، شايادىن داۋۇت چورۇق، كۇچادىن ياسىن توختى، گاھىت سۇـ پۇردىن ئىبارەت تۆت ئادەمنى «بۇلار ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ ھاشاردىن قېچىشقا ئۇرۇندى» دەپ ئېتىپ تاشلىدى. نۇرغۇن كىشىلىرىمىز گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن ھەر خىل بەتنامىلار بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بەزىلىرى ئاچارچىلىقتىن يول ئۈستىدە توڭلاپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنى ھاشارچى قېرىنداشلىدـ رىمىز تونۇسا ـ تونۇمىسا قائىدە بويىچە مازار ئالدى قەبرىسـ تانلىقىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا دەپنە قىلدى. ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى ھازىرغىچە ئەشۇ تاغ ئېتەكلىرىدە، يول بويلىرىدا تۈگ ـ شادا قاداقلىق ھالدا نامسىز قەبرە بولۇپ تۇرماقتا.

مەن 1960 ـ يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى 705 ـ گېئولوگىيە ئەترىتى تەركىبىدە بۇ تاغقا رەڭلىك مېتال ئىزدىگىلى بېرىپ تەلەمەت داۋىنىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن بىر پارچە يوغان

مەرمەر تاشقا مايسىرەڭ سىر بىلەن يۇڭ قەلەمدە يېزىلغان ئاپ-تورى نامەلۇم بولغان تۆۋەندىكى شېئىرنى خاتىرەمگە يېزىۋالغا-نىدىم، 1980 - يىلى مۇشۇ تاغ ئىچىگە جايلاشقان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەشھۇر سەيلىگاھ ھېسابلىنىدىغان چوڭ كۆلگە ساياھەتكە بېرىپ قارىغۇدەك بولسام بۇ تاش 1970 - يىلدىكى كۈچا - مايتاغ تاشيولى قۇرۇلۇشىدا يولنىڭ ئوتتۇرىغا توغرا كېلىپ قېلىپ دەريا تەرەپكە غۇلىتىۋېتىلىپتۇ، ھازىر بۇ تاش-نىڭ پارچىلىرى دەريادىكى يوغان تاختا تاشقا يۆلەكلىك، خەت-لىرى ئۆچكەن ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

جېنىمىزنى بەك قىينىدى ئۇ شۇم ھۇررەكلەر،
لەختە - لەختە قانغا تولدى دەرتمەن يۈرەكلەر.
زۇلمەت قاراڭغۇسى بولدى بۇ شۇم زامان،
نەپرەت دەھشەتلىك زامانلەرگە.
زومىگەر مۇشتۇمزور چايانلەرگە،
ئاندىن باشقا گومىنداڭ.
تەييارلاتتى جىق ئوتۇن،
تاش گەمىگە كىرگۈزۈپ.
كۆيدۈردى......،
بۇلار توقسۇدىن كەلگەن.
شاياردىن كەلگەن،
كۇچادىن كەلگەن.
يېتىم باللار —
ئانىسى تۇل خوتۇن.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى ھاشاردا ئەمگەكچان خەلقىمىز مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئۆز ئارا كۆ-يۈنۈپ، ئېغىر كۈنلەرنى بىرلىكتە باشتىن كەچۈردى. بۇ قې-

تىمقى ھاشاردا ئالتە ئاي ئىشلەپ ھازىرغىچە ياشاۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە كۆچا بېھىشباغ يېزا كۆكتىكەن كەنتىدىكى 98 ياشلىق مۆھەممەت ھامۇدۇن بوۋاي مانا شۇ ھاشارچىلىرىمىزنىڭ ۋەكىلى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمى بىلەن تاغ ئىچىدىكى يەتتە ئورۇنغا سېلىنغان ئىستىھكاملارنىڭ بەزىلىرى يامغۇر سۇلىرى بىلەن ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىككىسى تا ھازىرغىچە ئېگىز تاغ ئۇستىدە ئۆتمۈشنىڭ قانلىق شاھىدى سۈپىتىدە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

# شۋېتسىيىدە ساقلانغان شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار

شىنمەن ياسۇشى (ياپونىيە)

## سۆز بېشى

ئىسلاملاشقاندىن كېيىنكى شىنجاڭغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن ئەمەلىي پايدىلىنىش يېتەرلىك بولمىدى. ئۇزۇندىن بېرى پايدىلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىرى خەنزۇ ياكى ياۋروپا تىللىرىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرىدىن ئىبارەت. شۇ ماتېرىياللار ئەينى چاغدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى، بوستانلىقلاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەھۋالىنى بىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ. بىراق ئالدىنقىسىنىڭ (خەنزۇچە ماتېرىياللارنىڭ) كۆپ قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يېزىلغان. كېيىنكىسىنىڭ كۆپ قىسمى، ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ۋاقىتلىق كۆزىتىشى، كۆرگەن - بىلگەنلىرىدىن ئىبارەت بولغاچقا، يۈزەكىلىكتىن خالىي ئەمەس. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى يېزىپ قالدۇرغان ۋە شۇ يەردە تۇرغان «چەت ئەللىك» لەر يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەر، رەسىملەر ئەڭ قىممەتلىك ئۇچۇر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چاغاتاي تىلى قولىيازمىلىرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلانغان بىر قىسمى ئېلان قىلىنىپ پايدىلىنىلىۋاتىدۇ. جۇڭگودا ساقلانغان ماتېرىياللارنى قولغا كىرگۈزۈش ئاسان ئەمەس. ئەينى چاغدا يەرلىكلەشكەن چەت ئەللىكلەرنىڭ قولىيازمىلىرى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىنىڭ دوكلاتى قاتارلىقلار جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى شىن-

جاڭنىڭ سىياسىي تارىخىنى قايتا تۈزۈشتە پايدىلىنىلغان. ئۇ-نىڭدىن باشقا، تارىخ تەتقىقاتىدا پايدىلىنىش قىممىتى بولغان ماتېرىياللارنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تولۇق مەلۇم قىلىنمىغان، بۇ ئەمەلىي ئەھۋال. شۇڭا مەن يېقىندىن بېرى قولغا كىرگۈ-زۈش ئىمكانىيىتى بولغان، شۋېتسىيىدە ساقلىنىۋاتقان شىن-جاڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرماقچىمەن. بۇلار ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى يېزىپ قالدۇرغان قولىيازمىلار، ئەينى چاغدا شىنجاڭدا تۇرغان شۋېتسىيىلىكلەر يازغان دوكلات خاتىرىسى، رەسىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنى شۋېتسىيىلىك داڭلىق دىپلومات، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىسى گۇننارياررىڭ ئەپەن-دى ( Gunnar Jarring ) ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرى-مىدا شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شۋېتسىيىلىك مىسسى-يونېرلار يىغىپ ساقلىغان. ياررىڭ ئەپەندىنىڭ ماتېرىيال توپ-لىغۇچى سۈپىتىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات پائالىيىتى ھەر جە-ھەتتە مىسسىيونېرلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغان.

شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى 1886 ـ يىلى ئافرى-قىنىڭ كونگو، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى ۋە شىنجاڭغا مىسسىيونېرلارنى ئەۋەتىپ، تەشكىللىك دىنىي تەشۋىقات پائالى-يىتىنى قانات يايدۇرغاندى. 1894 ـ يىلى بىرىنچى تۈركۈم-دىكى مىسسىيونېرلار قەشقەرگە كېلىپ 1937 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق بۇيرۇقى بىلەن چېكىنگەنگە قەدەر، قەش-قەر، يەكەن، قەشقەر خەنزۇ شەھىرى (يېڭى شەھەر)، يېڭىسار قاتارلىق تۆت شەھەرنى نۇقتا قىلغان. ئۇلار تار مەنىدىكى دى-نىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن بەلكى دوخ-تۇرخانا قۇرۇش، داۋالاش، يەرلىك ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تىلى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، يەرلىكتە نەشرىيات، باسمىخانا قۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان ۋە دىنىي پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغىمۇ ئارىلاشقان. ياررىڭ ئەپەندى 1929 ـــ 1930 ـ يىللىرى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە قەشقەرگە

كەلگەن، ئۇ رەسىملەرنى يىغىش، مازارلارنى تەكشۈرۈش تەتقىقا-
تى ئېلىپ بارغان، شۇ چاغدىكى شۋېتسىيە مىسسيونېرلار جەم-
ئىيىتى ئورگىنىدىكى مىسسيونېرلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە
بولغان، ئۇلار بىلەن يارىڭ ئەپەندىنىڭ مۇناسىۋىتى شۇ چاغدىن
كېيىنمۇ يەنە داۋاملاشقان. تۆۋەندە تونۇشتۇرۇلىدىغان شۋېتسى-
يىدە ساقلانغان ماتېرىياللار ئەشۇلارنىڭ بىر قاتار تارىخىي
كەچمىشلىرى بىلەن زىچ باغلانغان. مەن 1994 ـ يىلى 12 ـ ئاي-
دىن 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە شۋېتسىيە لۇند (Lund) ئۇنى-
ۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى ۋە ستوكھولم دۆلەتلىك ئارخىپ ما-
تېرىياللار سارىيىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم ۋە ساقلانغان ما-
تېرىياللارنى تۆۋەندىكىچە تۈرلەرگە ئايرىدىم.

Ⅰ. لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يارىڭ توپلانمىلىرى.

بۇلار ئاساسەن يارىڭ ئەپەندى يىغقان ماتېرىياللار بولۇپ، تۆۋەندىكى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

A. تۈركىيچە، پارسچە، ئەرەبچە قولىيازمىلار.

B. قەشقەردە نەشر قىلىنغان باسما ماتېرىياللار.

Ⅱ. شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللىرى سارىيى-دىكى فرانىنى توپلانمىلىرى

شىنجاڭدا تۇرغان شۋېتسىيە مىسسيونېرلار جەمئىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك رەسىملەرنى مەركەز قىلغان توپلانمىلار ئىچىدى-كى A — Ⅰ تۈرىدا خامادا ئەپەندى «چاغاتايچە قولىيازمىلار-نى تونۇشتۇرۇش» دېگەن ماقالىسىدە قولىيازمىلار ھەققىدە مەخ-سۇس توختالغان. باسما بۇيۇملار ۋە فرانىنى توپلاملىرى تۈرى-سىدا يارىڭ ئەپەندى توختىلىپ ئۆتكەن.

Ⅰ. لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىكى ماتېرىياللار

A. تۈركىيچە، پارسچە، ئەرەبچە قولىيازمىلار

**(1) توپلاملارنىڭ دائىرىسى ۋە كېلىش مەنبەسى قاتارلىقلار**

بۇلار ئاساسەن يارىڭ ئەپەندى ۋە شۋېتسىيە مىسسيو-نېرلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگەن قولىيازمىلار بولۇپ، يارىڭ ئەپەندى قولدا يازغان كاتالوگدا 545

پارچە قولیازما، هۆججەت بار. نومۇرى (Prov) 1 دىن 546 غىچە. ئىچىدە Prov 537 كەم قالغان.

شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى دىنىي تەشۋىقات پائالىيىتىنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنىمۇ تەتقىق قىلغان. ئاتاقلىق دوختۇر ھەم شىنجاڭدىكى تۈركىي تىل مۇتەخەسسىسى دەپ ئاتالغان گۇستاف راكۆيېت ئەپەندى ۋەتىنىگە قايتىپ، 1924 ـ يىلىدىن باشلاپ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان ياررىڭ ئەپەندى 1929 ـــ 1930 ـ يىللىرى قەشقەرگە كېلىپ، يەرلىكتىكى كىتابپۇرۇشلاردىن نۇرغۇن كىتاب ۋە قولىيازمىلارنى سېتىۋالغانلىقى كۆپچىلىككە مەلۇم. بىراق، بۇ توپلاملار ئىچىدە ياررىڭ ئەپەندى شىنجاڭدا بىۋاسىتە قولغا كىرگۈزگەنلىرى نىسبەتەن ئاز. قەشقەر، يەكەندىكى شۋېتسىيىلىك مىسسىيونېرلار يىغقان ماتېرىياللار ئەڭ كۆپ. بۇلارنىڭ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا كىرىش جەريانى مۇنداق: 1920 ـ يىللاردا مىسسىيونېرلار قولغا كىرگۈزگەن ماتېرىياللارنى ياررىڭ ئەپەندىگە سېتىپ بەرگەن ۋە 1970 ـ يىلى ئەينى چاغدىكى مىسسىيونېرلار ئۆزلىرى ساقلىغان بىر قىسىم ماتېرىياللارنى ياررىڭ ئەپەندىگە سوۋغا قىلغان ھەمدە 1960 ـــ 1980 ـ يىللىرى مىسسىيونېرلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇش ـ بىلىشلىرى ئۆزلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ماتېرىياللارنى ياررىڭ ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن كۇتۇپخانىغا سوۋغا قىلغان. ئۇيسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ شۇ خىلدىكى قولىيازمىلار ساقلانغان. بۇلار بەلكىم مىسسىيونېرلارنىڭ نەۋرە ـ چەۋرە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ساقلىغان ماتېرىياللار بولۇشى مۇمكىن. ياررىڭ ئەپەندى ۋە شۋېتسىيىلىك مىسسىيونېرلار توپلىغان ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى بۇ بىر پاكىت.

**(2) كاتالوگ**

كۇتۇپخانىدا ياررىڭ ئەپەندى قولدا يازغان ۋاقىتلىق كاتا ـ

لوگنىڭ كوپىيە نۇسخىسى بار بولۇپ، قولىيازمىلارغىمۇ شۇ كا-
تولوگقا قويۇلغان نومۇر (Prov) قويۇلغان. بۇ لازىم بولغان ما-
تېرىيالنى ئىلتىماس قىلىشقا قۇلايلىقتۇر. بىراق كۇتۇپخانىنىڭ
رەسمىي بېجىرىش ئۇسۇلى بويىچە ئەنگە ئېلىنمىغان. بۇ
ۋاقىتلىق كاتالوگنى تۇزۇش خىزمىتى 1983 - يىل 3 - ئاي-
نىڭ 9 - كۇنى بىر تەرەپ قىلىنغان. Prov16 ~ Prov 49
دىن باشلاپ 546 — Prov 542 غىچە ئون يىل ۋاقىت كەت-
كەن، 1993 - يىلى پۇتكەن بۇ كاتالوگلار رەسمىي كىتابچە قى-
لىنمىغان ۋاراقلار توپلىمى بولۇپ، ئۇچ قۇتىغا سېلىنغان. 3 -
قۇتىغا تاش مەتبەدە بېسىلغان ئەرەبچە، پارسچە، تۇركىيچە 106
پارچە ماتېرىيالنىڭ تىزىملىكى سېلىنغان. نومۇر تەرتىپى يار-
رىنىڭ ئەپەندى كاتالوگ تۇزگەن چاغدىكى رەت نومۇرى بويىچە
بېرىلگەن بولغاچقا ھەرقايىسى قولىيازمىنىڭ تۇرى، يازغۇچىنىڭ
ئىسمى، كىتاب ئىسمى تىل ئايرىمىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز
تىزىلغان ھەمدە ئاپتورى، كىتاب ئىسمى، ماتېرىيال ناملىرىنىڭ
ئاچقۇچى بېرىلمىگەن. شۇڭا، زۆرۈر ماتېرىيالنى ئىزدەشتە
ئىنگلىزچە كاتالوگنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرماقتىن باشقا ئامال
يوق. يەنە ئەرەبچە قولىيازمىلارنىڭ قايسى تۇردىكىلىكىنى بىل-
گىلى بولمايدىغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ.

**(3) تارىخىي ماتېرىياللىق ئەھمىيىتى ۋە پايدىلىنىش قىممىتى**

شىنجاڭ تارىخىغا دائىر تۇركىيچە (ئۇيغۇرچە) قولىياز-
مىلارغا نەزەر تاشلايلى

1. ھۆججەتلەر

شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، ئۇي-
غۇرلار ئۆزلىرى يېزىپ قالدۇرغان ھۆججەتلەردىن موغۇلىستان
خانىنىڭ يەتتە پارچە يارلىقى (17 — 16 - ئەسىردىكى) ئالدى
بىلەن دىققىتىمىزنى جەلپ قىلىدۇ. بۇلار خارۋارد ئۇنىۋېرسى-
تېتى خوتون (Houghton) كۇتۇپخانىسىدىكى ئاخىرقى تى-
زىملانغان قولىيازمىلارنىڭ ئىچىدە ساقلانغان. 18 - ئەسىرگە
مەنسۇپ بولغانلىرىدىن مەختۇمزادە (بۇرھانىدىن خوجا) نىڭ

خوجىلارغا چۈشۈرگەن يارلىقى ئىككى پارچە، يەنە مەختۇمـزادى-گە مۇناسىۋەتلىك 4 مېتىرچە كېلىدىغان رەڭدار يۆگەلمە قول-يازما بار بولۇپ، چوڭ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. 2 ـ قىسمى مەخ-تۇمزادىنـى مەركەز قىلغان شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى. 3 ـ قىسمى خوجىلار (بۇرھانىدىن خوجا) تەزكىرىسى (بۇنى ھازىر مەن ئوقۇۋاتىمەن). بۇلار ئارىسىدا يەنە زاكاتقا دائىر بىر پارچە ھۆججەت، 20 ـ ئەسىردىكى مىسسىيونېرلار بىۋاسىتە ئارىلاشقان توختامنامە، ياررىڭ ئەپەندى قولغا كىرگۈزگەن كارۋان سەپىرى-گە دائىر 20 پارچە توختامنامە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ھۆججەت-لەر ئىچىدە تەتقىق قىلىنىپ پايدىلىنىلغانلىرى بەكمۇ چەكلىك. بۇلاردىن پەقەت موغۇلىستان خانىنىڭ يارلىقى (Prov 220) ئېلان قىلىنغان، بۇنى ساۋادا مىنورۇ ئەپەندى تەنقىدىي نۇقتى-دىن پايدىلانغانىدى. يېقىندا سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ تارى-خىنى قايتا ئېلان قىلىش يۈزىسىدىن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇ-غۇلىستان خانىنىڭ مازارغا شەيخ تەيىنلەش يارلىقى (226/227 Prov) بىلەن خوجا ياقۇپنىڭ مازارغا شەيخ تەيىنلەش يارلىقىنى (Prov 222) خامادا ئەپەندى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى.

**2. تارىخىي ماتېرىياللار**

18 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ ماتېرىياللاردىن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ شاگىرتى «ئۈۋەيس» دەپ نام ئالغان «خوجا مۇھەممەت شەرىف تەزكىرىسى»، تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا ئۈندىگەن جالالىدىن خوجىغا مۇناسىۋەتلىك «جالالىدىن كىتىكى تەزكىرىسى»، «تەزكىرەئى سەيىد ئاپاق خوجام» قاتار-لىقلار بار.

18 ـ ئەسىردىكى ۋەقەلەرگە ئائىت «تەزكىرەئى ئەزىزان» ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ، قولىيازمىغا ئۇنىڭ تولۇق سۈپەتلىك كوپىيە نۇسخىسى قوشۇمچە قىلىنغان، بۇ كىتابنىڭ قولىيازمىسىنى گېرمانىيىلىك خارتمان ۋەكىل خاراكتېرلىك قىلىپ تەلتۆكۈس پايدىلانغان. بېرلىندىكى ستائاتىس كۇتۇپخا-نىسى (staats bibliothek) دىمۇ بىر قىسىم قولىيازمىلار

ساقلانغان. يەنە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بودلېئان (Bodleian) كۇتۇپخانىسىدا ئۈچ پارچە قولىيازما ساقلانغان. ئۇنىڭ بىر پارچىسى (Ms. Turk. D. 20) پاكىز، كەم - كۇتىدسىز ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات باشقارمىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى قاتارلىق جايلاردىمۇ قولىيازمىلار ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ. لۇند كۇتۇپخانىسىدىكى قولىيازمىلار تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقاتىدا يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

19 - ئەسىرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدە 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى كەڭ كۆلەمدىكى كۆتۈرۈلۈشلەر ۋە ياقۇپ بەگ دەۋرىگە ئائىت مۇھىم ماتېرىياللاردىن موللا مۇسانىڭ «تارىخى ئەمىنىيە» سى ھەمدە ئۇنىڭ تولۇقلانغان نۇسخىسى «تارىخى ھەمىدى» لەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلارنى پارىژدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانا ۋە رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانغان ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش زۆرۈرىيىتى بار دەپ ئويلايمەن. «تارىخى ھەمىدى» (Prov 163) نى يەكەندە توغۇلۇپ 1940 - يىلى شۋېتسىيىگە كۆچۈپ كەتكەن ستېفېن (J. stephen) ياررىڭ ئەپەندىگە تەقدىم قىلغان. 1911 - يىلىدىن كېيىنكى بىرقانچە ۋەقەلەر بايان قىلىنغان غۇلام مۇھەممەتخان يازغان ماقالە ئەسلىي كىتابنىڭ كەينىگە قىستۇرۇلغان (ff. 1246–1349). ئاخىرىغا 1345 - يىل ھىيت قۇربان ئېيى (1927 - يىل 6 - ئاي) دېگەن ۋاقىت يېزىلغان. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانغان «تارىخى ھەمىدى»نى ئەنۋەر بايتۇر تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا Prov 16 ماتېرىيال «خاقانى چىن» توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈش ۋە «يەتتە شەھەر» دىكى شەھەر، بازارلار ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش — «ئاخىرقى سۆز»نى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا جايلاردىمۇ پەرق بارلىقى ئىسپاتلانغان. مەسىلەن:

قومۇل ۋاڭلىرى ئىشلەتكەن «تارخان بەگلىك» ئەمىلى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش Prov163 نومۇرلۇق قوليازمىدا چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، تالىپ ئاخۇن يازغان 19 - ئەسىردىكى قوزغىلاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ قىسىملىق يىگانە بىر قوليازما ئەسەر بار. بۇنى مىسسيونېر خوگبېرگ (L.E.Hogberg) قولغا كىرگۈزگەن. بۇ قوليازما ياقۇپ بەگ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا باشقا ماتېرىياللاردا يوق تەپسىلىي خاتىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوليازما بولۇپ، ئاخىرىغا 1317 - يىلى جامادىيۇسسانىنىڭ 1 - كۈنى (1899 - يىل 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى) دېگەن ۋاقىت يېزىلغان. بۇ تارىخىي ماتېرىيال نامى كىم خو دوڭ (Kim ho dong) نىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى (1986 - يىل)دە پايدىلانغان ماتېرىياللار مۇندەرىجىسىدە ئۇچرايدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدە مىسسيونېرلارغا مۇناسىۋەتلىكلىرى ئەڭ كۆپ ۋە مول. مىسسيونېرلار ئۇيغۇر ئاھالىلىرىدىن ئالغان خەت - چەكلەر (تەخمىنەن 200 پارچە)، مىسسيونېرلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم - توختامنامە قاتارلىقلار، مىسسيونېرلار جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى، يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئادەتتىكى مۇناسىۋەتلىرىنى ئەينەن چۈشىنىشكە پايدىلىق ماتېرىياللاردۇر. ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىنىڭ دوكلاتىدىمۇ، ئەينى چاغدىكى مىسسيونېرلار جەمئىيىتىگە دائىر ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، خېلىلا رەتلەنگەن. بۇلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ مىسسيونېرلارنىڭ پائالىيىتىگە كۈچلۈك قارشىلىقى باشلانغان چاغدىكى ئەھۋاللار تونۇشتۇرۇلغان. كەلگۈسى ئۈچۈن، بۇ ماتېرىياللار مىسسيونېرلار جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى ۋە ئەينى چاغدىكى جەمئىيەت مۇناسىۋىتىنى كۆپ تەرەپلىمە چۈشىنىشتە زور تۈرتكە بولغۇسى. بۇلار ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئازراق بولسىمۇ بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. يەنە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مىسسيونېرلار ئائىلى-

لىرىگە تارقاتقان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئولتۇراقلىشىش گۇۋاھنا-مىسى، جۇڭگولۇق ئەمەلدار جۇرۇيچىنىڭ مىسسىيونېرلارغا يول-لىغان تەكلىپنامىسى قاتارلىقلار زور قىزىقىش قوزغايدىغان ۋە ئەمەلىي پاكىتلىق ماتېرىياللاردۇر.

**3. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، تىل، دىنغا ئائىت ماتېرىياللار**

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىج-تىمائىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىياللاردىن دىققەتنى قوز-غايدىغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى يازغان يازمىلاردۇر. Prov 207 نومۇرلۇق ماتېرىيال ۋەكىل خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ياررىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ نەشر قى-لىندى. بۇلار ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى ۋە مىسسىيونېرلار جەمئى-يىتى ياللاپ ئىشلەتكەن تىل ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مىسسىيونېرلار باشقۇرغان باسمىخانا تىل قىيىنچىلىقى تۈپەيلى ياللىغان ئو-قۇمۇشلۇق كىشىلەر (بەلكىم يۇقىرىدا تىلغا ئالغان راكۇيت ئە-پەندىنىڭ تەلىۋى بىلەن) يېزىپ قالدۇرغان مىللىي ئۆرپ ـ ئا-دەتكە دائىر ماتېرىياللاردۇر. بۇلاردىن تارىخىي ماتېرىيال سۈپى-تىدە پايدىلانغاندا، ئۇلارنىڭ مىسسىيونېرلارنىڭ تەلىپى ياكى رىغبەتلەندۇرۇشى بويىچە بەلگىلەپ بېرىلگەن تېمىلاردا يېزىلغان بايانلار ئىكەنلىكىنى ئەستە تۇتۇش زۆرۈر. بۇلاردىن باشقا ئوخ-شاش تۈردىكى قوليازمىدىن ئىككىسى بار. بىرى يەكەنلىك بىر كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان مىراس، مۇزىكا، قۇدۇق، مەدرىسە، نىكاھتىن ئاجرىشىش قاتارلىق 30 خىل مەسىلىگە ئائىت قول-يازمىدۇر. يەرلىك ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئىدىئوملار توپلىمى، قەشقەردىكى ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى تۈزگەن گراماتىكا، مىسسى-يونېرلار تۈزگەن لۇغەت قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى ۋە خىلمۇ خىل ئەھۋاللارغا لايىقلاشتۇرۇل-غان سېھىرگەرلىككە ئائىت دۇئا قاتارلىقلار كىشىنى قىزىقتۇ-رىدۇ. تېبابەتكە ئائىت ئۈچ پارچە قوليازما، يەنە شىنجاڭغا ئۆز-لەشكەن ئەدەبىيات، دىنغا ئائىت ماتېرىياللار. مەسىلەن، نەۋايى، ھاپىز شىرازى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى، «مۇھەممەت ئەلەي-

ﻬﺴﺴﺎﻻﻣﻨﯩﯔ ﺗﻪﺭﺟﯩﻤﯩﻬﺎﻟﻰ» ﻧﯩﯔ ﺗﯜﺭﻛﯩﭽﻪ ﺗﻪﺭﺟﯩﻤﯩﺴﻰ، «ﻗﯩﺴﺴﻪﺳﯘﻝ ﺋﻪﻧﺒﯩﻴﺎ»، «ﺷﺎﮪ ﻣﻪﺷﺮﻩﭖ»، «ﺋﯩﺴﻜﻪﻧﺪﻩﺭﻧﺎﻣﻪ»، «ﭼﺎ-ﮪﺎﺭ ﺩﻩﺭۋﯨﺶ»، «ﻟﻪﻳﻠﻰ ـ ﻣﻪﺟﻨﯘﻥ»، «ﻛﻪﻟﯩﻠﻪ ۋﻩ ﺩﻩﻣﻨﻪ» ﻗﺎﺗﺎﺭ-ﻟﯩﻘﻼﺭﻣﯘ ﺑﺎﺭ.

**4. بۇ ماتېرىياللارنى كۈتۈپخانا خادىمىغا ئىلتىماس قىلسا، كۆچۈ-رۈپ ئېلىپ كېتىشكە بولىدۇ**

B. قەشقەردىن ئېلىپ كېلىنگەن باسما ماتېرىياللار. لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان شىنجاڭغا ئائىت ما-تېرىياللار ئىچىدە قولىيازمىلاردىن سىرت باسما ماتېرىياللارمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى قەشقەردە قۇرغان باسمىخانىدا 1901 — 1937 - يىلىغىچە نەشر قىلىنغان ماتېرىياللار بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شۋېتسىيىدىن باشقا جايدا يوق قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر. ياررىڭ ئەپەندىنىڭ ئەسىرى (1991)دە بۇ باسما ماتېرىياللارنى نەشر قىلغان باسمىخانىنىڭ پائالىيەت تارىخى بايان قىلىنغان ۋە باسما ماتېرىياللارنىڭ مۇندەرىجىسىمۇ بېرىلگەن.

**(1) كېلىش مەنبەسى، ساقلاش، ئەنگە ئېلىش ئەھۋالى**

بۇ باسما ماتېرىياللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ياررىڭ ئەپەندى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا ئېلىپ كەلگەن. پەقەت ئاز بىر قىسمى باشقىلار ساقلاپ كەلگەن ماتېرىيالنىڭ كوپىيە نۇسخىسىدىن ئىبارەت. كىتابلار يىل رېتى تەرتىپى بىـ-لەن، بىر ماتېرىيال بىر كونۋېرتقا سېلىنىپ ساقلانغان. كونـ-ۋېرتقا ياررىڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسىگە ئوخشاش يىل تەرتىپى بويىچە نومۇر قويۇلغان. ماتېرىيالنى ئىلتىماس قىلـ-غاندا شۇ نومۇر بويىچە رەسمىيەت بېجىرىلىدۇ. بىراق، باسما ماتېرىياللارغا لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان دېگەن تامغىمۇ، ماركىمۇ، نومۇرمۇ قوشۇمچە يېزىلمىغان. قە-رەللىك نەشر قىلىنغان ماتېرىياللار ئايرىم رەتلەنگەن، مۇندە-رىجىسى يىل تەرتىۋى بويىچە بېرىلمەي ماۋزۇ بويىچە تىزىلغان بولۇپ، كۇتۇپخانىنىڭ مەخسۇس كاتالوگى ۋە كارتوچكا ئاچقۇچى

مەۋجۇت ئەمەس.

**(2) باسما ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى**

بۇ يەردە باسما ماتېرىياللارنى ئاپتورى، نەشر ئەھۋالى بويىچە ئىككى تۈرگە ئايرىپ، ئاددىي چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمەن.

بىرى، شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىگە ئائىت باسما ماتېرىياللار. يەنە بىرى 1933 — 1937 - يىللاردىكى قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپى بىلەن بېسىلغان ماتېرىياللاردۇر. ئالدىنقىسى مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى قۇرغان مەكتەپلەردە ئىشلىتىلگەن دەرسلىك، تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان» (بىر قىسمى) قاتارلىقلار ۋە دىن تارقىتىش پائالىيىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان، كەڭ ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئۈچۈن نەشر قىلىنغان باسما ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەينى چاغدا قەشقەر ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر ئىشلەتكەن ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى (ئالتە شەھەر تۈركى) يېزىلىق بولۇپ، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن ئېيتقاندا سېلىشتۇرما تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە مۇھىم ماتېرىيال دەپ ئويلايمەن. بىراق، بۇ باسما ماتېرىياللارنى ئەينى چاغدا شۇ جەمئىيەتتىكى ئاھالىلەر قانداق شەكىلدە قوبۇل قىلغان، جەمئىيەتتە قانداق «تەسىر» پەيدا قىلغان قاتارلىقلار توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتلار قالدۇرۇلمىغان.

كېيىنكىسى، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپى بىلەن نەشر قىلىنغان بولۇپ، 1930 - يىللاردىكى قەشقەرنىڭ سىياسىي ئەھۋالى، مىللىي قوزغىلاڭنىڭ ماھىيىتى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى تولۇق ئىنكاس قىلىنغان بىرىنچى قول مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1933 - ، 1934 - يىللىرى قەشقەردە نەشر قىلىنغان ھەپتىلىك گېزىت «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» ۋە «ئەركىن تۈركىستان» نى ئەينى دەۋردە قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھەققىدىكى تەتقىقاتىمدا پايدىلاندىم. قوزغىلاڭ تىنچىغاندىن كېيىن قەشقەردە نەشر قىلىنغان «يېڭى ھايات» (قۇتلۇق شەۋقى تەھ-

رىرلىگەن) گېزىتى 1934 — 1937 - يىللىرىدىكى قەشقەردى-
كى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى جانلىق ۋە ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەت-
تۈرۈپ بېرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر. يەرلىك ئۇيغۇرلار
ئۆزلىرى نەشر قىلغان بۇ ماتېرىياللار بىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى
ئالاھىدە ئەھۋاللارنى بىلىشىمىزگە كۆپ ياردەم بېرىدۇ.

**(3) ماتېرىياللارنى كوپىيە قىلىش، مىكرو فىلىمگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىشكە بولىدۇ**

II . شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ سارىيى. دۆلەتلىك ئار-
خىپ ماتېرىياللار سارىيىدىكى شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار
«شەرقىي تۈركىستان توپلانمىلىرى» دېگەن ماۋزۇدا ساقلىنىۋا-
تىدۇ. بۇنىڭغا يارىرىڭ ئەپەندى توپلىغۇچىنىڭ نامىنى تاج قىلىپ
«فرانني توپلانمىلىرى» (Franne collection) دەپ نام بەرگەن.
بۇ توپلانمىلار قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا تۇرغان مىسسى-
يونېرلار تارتقان نۇرغۇن رەسىم، كۈندىلىك خاتىرە، خەت -
چەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر بىلەن
ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىمۇ كىرگۈزۈل-
گەن. ئومۇمەن شىنجاڭدا تۇرغان مىسسيونېرلارغا دائىر توپلام-
دىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى يارىرىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن
تونۇشتۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن يارىرىڭ ئەپەندى رەسىملەر
ئىندېكسىنى تاماملىغان.

**(1) توپلانمىنىڭ مەنبەسى**

ماتېرىيال ئىگىسى s . Franne (س.فرانني) 1908 - يىلى
تۇغۇلغان، كەسپى ئارخىتېكتور. شىنجاڭدا تۇرغان مىسسيو-
نېرلار جەمئىيىتىگە زور قىزىقىشى بولغاچقا، مىسسيونېرلار
تارتقان رەسىملەرنى يىغىپ توپلاپ رەتلىگەن. 1982 - يىلى
راكۋېت ئەپەندىنىڭ 2 - ئايالى خانىنا ئاندىرسون فرانني ئەپەن-
دىنى 1360 پارچە رەسىم بىلەن تەمىنلىگەندىن باشلاپ مىسسى-
يونېرلارنىڭ نەۋرە - چەۋرە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تەمىنلىگەن
رەسىملەرنى رەتلەپ 1988 - يىلى 6 - ئايدا بۇ توپلامنى پۈت-
تۈرۈپ دۆلەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللار سارىيىغا تەقدىم قىل-

غان. توپلامنى تۈزۈش جەريانىدا ياررىڭ ئەپەندى، يەكەنلىك ئايال تۈرنىسا (1985 ــ يىلى شۋېتسىيىگە زىيارەتكە بارغان)، 1920 ــ يىللاردا شىنجاڭدا تۇرغان ئەرمىنىيىلىك پىرانىئان (J. Piranian) قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىنى ئالغان. ھەر بىر مىسسيونېر ۋە ئۇلارغا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشكەن (قولىدا قالغان) 8000 پارچىدىن ئارتۇق رەسىمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەكشۈرۈپ، سىستېما بويىچە رەتلەپ، تۈپلەپ، بۇ توپلامنى تۈزۈپ چىققان بۇ كىشىنىڭ ئەجرى، ئەمگىكى، تىرىشچانلىقى ئالىي مۇكاپاتقا ۋە قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

**(2) توپلامنىڭ مەزمۇنى**

توپلام 155 ساندۇقتىن ئىبارەت. بىر يۈرۈش رەسىم بىر پارچە كەڭ قاتتىق تاختا قەغەزگە جايلاشتۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا چۈشەندۈرۈش قىستۇرۇلغان، شۇنداق تاختا قەغەزدىن ئون نەچچىسى مەزمۇنى بويىچە بىر ساندۇققا سېلىنغان. يەنە كىتاب ۋە ھۆججەت ــ ماتېرىياللار سېلىنغان بىر ساندۇقمۇ بار. تىزىملىككە قارىغاندا بىر يۈرۈش رەسىم چاپلانغان قاتتىق تاختا قەغەزدىن 3116 پارچىسى بار بولۇپ، رەسىملەرنىڭ ئومۇمىي سانى 8631 پارچە (تىزىملىكتىكى ساندۇق ئىچىدىكى سانلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 3194 پارچە ۋە 8729 پارچە) دۇر.

توپلامنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە:

1. 1 ــ ساندۇقتىن 4 ــ ساندۇقچە بولغان تۆت ساندۇققا توپلام تىزىملىكى قاتارلىقلار سېلىنغان. 1 ــ ساندۇققا توپلام ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش، قوشۇمچە تىزىملىك، شىنجاڭدا تۇرغان مىسسيونېرلارغا ئائىت كۆرۈنۈش، 4 ــ ساندۇققا كارۋان سەپىرىگە ئائىت ماتېرىياللار سېلىنغان.

2. 5 ــ ساندۇقتىن 49 ــ ساندۇقچە بولغان ساندۇقلارغا شىنجاڭغا بېرىپ كېلىش سەپىرى (1894 ــ 1938) گە ئائىت ماتېرىياللار سېلىنغان. شۋېتسىيىدىن قەشقەرغىچە بېرىپ كېلىش سەپىرىدە تارتىلغان رەسىملەر ھەر بىر سەپەر لىنىيىسى بويىچە رەتلەنگەن. بۇ توپلامغا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنجان،

ئوش، ھىندىستاننىڭ سىرىناگار قاتارلىق جايلاردا تارتىلغان رەسىملەر كىرگۈزۈلگەن.
3. 50 ـ ساندۇقتىن 110 ـ ساندۇقىچە بولغان ساندۇقلارغا مىسسىيونېرلار ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ رەسىملىرى سېلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 50 ـ ساندۇقتىن 93 ـ ساندۇقىچە بولغان ساندۇقلارغا شىنجاڭدا تۇرغان مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ رەسىمى سېلىنغان بولۇپ، ئىسىملىرى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلىپ بىر كىشىگە بىردىن ئۇچكىچە ساندۇق ئاجرىتىلغان. بۇ ساندۇقلارغا رەسىملا سېلىنغان بولماستىن بەلكى مىسسىيونېرلارنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى، خەت ـ چەكلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. 94 ـ ساندۇقتىن 98 ـ ساندۇقىچە بولغان بەش ساندۇقتا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ستېفېن، تۇرنىسا قاتارلىق يەرلىككە ۋە يەرلىكلەشكەن ھىندىلارنىڭ رەسىملىرى سېلىنغان. 99 ـ ساندۇقتىن 110 ـ ساندۇقىچە بولغان ساندۇقلارغا گۇننار ياررىڭ، مانىرھىم، ھېدىن قاتارلىق مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلغان تەتقىقاتچىلار، قىدىرغۇچىلارغا ئائىت رەسىملەر سېلىنغان. يەنە ئەنگلىيە، رۇسىيە ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ رەسىملىرىمۇ رەتلىنىپ كىرگۈزۈلگەن.
4. 111 ـ ساندۇقتىن 119 ـ ساندۇقىچە بولغان ساندۇقلارغا باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار سېلىنغان. شىنجاڭدا ئۆتكەن مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللار «شۋېتسىيىگە ئائىت» ۋە «چەت ئەللەرگە ئائىت» دەپ ئايرىلغان. بىر ساندۇقتا ماتېرىياللارنىڭ تىزىملىكى سېلىنغان. بۇلار ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان مۇھىم ماتېرىياللار بولغاچقا ئازراق چۈشەنچە بېرىشنى زۆرۈر تاپتىم. مەسىلەن: 1917 ـ يىدىن باشلاپ 25 يىل داۋاملاشقان، مىسسىيونېرلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىياللارنى دىنىي تەشۋىقاتقا دائىر ماتېرىيال دەپلا قارىماي بەلكى قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، دىنىي ئېتىد-

قادى، تۇرمۇش پائالىيىتى قاتارلىق خىلمۇ خىل ئەھۋاللار يې-
زىلغان دوكلات خاتىرىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا
خرىستىئان مۇرىتلىرى — «ياۋروپالىقلار» نىڭ ئۆز يۇرتىدىن
يىراقتىكى چۆل - جەزىرىلەر ئارىسىدىكى بوستانلىقتا ياشاۋات-
قان باشقا دىندىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش - مەدەنىيىتىنى كۆ-
زىتىشى، چۈشىنىشى ئەمەلىي بايان قىلىنغان. باشقا ئەسەرلەر-
دىمۇ دىن تارقىتىش سەھنىسى قىلىنغان قەشقەر توغرىسىدا
مىسسىيونېر رۇبرۇتاجىيونىڭ يازغانلىرى ۋە 1933 - يىلدىكى
قوزغىلاڭغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان كۆپ ساندىكى نوپۇزلۇقلارنىڭ
قالايمىقانچىلىق چىقىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەكەندىكى
مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىدىكى ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتىمۇ بې-
رىلگەن. بۇلار ئىشقىلىپ خرىستىئانلارنىڭ دىن تارقىتىش پا-
ئالىيىتىنىڭ ئىچىدىكى قوشۇمچە مەزمۇنلار بولۇپ بىر تەرەپ-
لىمىلىكتىن خالى ئەمەس. بۇلار قىدىرغۇچىلار ۋە ساياھەتچى-
لەرنىڭ خاتىرىلىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا
جەمئىيەت ۋە تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ ئەينى ئىچكى ماھىيىتى
چوڭقۇر، مۇكەممەل بايان قىلىنغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇلاردىن
باشقا مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىنىڭ يىللىق گېزىتىگە بېسىل-
غان مىسسىيونېرلار يازغان ماقالىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بىراق،
شىنجاڭدىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن،
بۇلار خۇلاسە شەكلىدە نەشر قىلىنغان (Palmaer1942).
بىراق، بۇلارنى تىزىملىكتە بار بولسىمۇ ئىزلەپ تاپالمىدىم.

5. قەشقەر، يەكەن، (قەشقەر يېڭىشەھەر خەنزۇ شەھىرى)، يېڭىسار شەھەرلىرىدىكى مىسسىيونېرلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئورنىنىڭ رەسىملىرى 120 - ساندۇقتىن 137 - ساندۇققىچە بولغان ساندۇقلارغا سېلىنغان. بۇلار، چېركاۋ، دوختۇرخانا، مەكتەپ بىناسى ۋە ئەينى چاغدىكى مىسسىيونېرلار پائالىيىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن نەرسىلەردىن ئىبارەت.

6. شىنجاڭغا ئائىت خىلمۇ خىل مەزمۇنلار 138 - ساند-

دۇقتىن 155 ـ ساندۇقـقىچە بـولغان سانـدۇقلارغا سېلـىنغـان. بۇلار ياررىـلىڭ ئەپەندىـنىڭ تونـۇشتۇرغـىنىدەك 143 ـ سانـدۇق (يەر سۇغىرىش) 147 ـ ساندۇق (ھېيت ـ ئايەم)، 149 ـ ساندۇق (ئىسلام دىنى، قەبرىلەر) قاتارلىقلاردا ئەينى چاغدىكى شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، كۆچۈش، دىنىي پائالىيەت قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمە، پايدىلانغان ئەسۋابلارنىڭ رەسىملىرى سېلىنغان. مەن قىزىققان دائىرە ــ 148 ـ ساندۇقتا 1933 ــ 1934 ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرى، 1934 ـ يىلى قوزغىلاڭ مەلۇم ۋاقىت تىنچىغاندىن كېيىنكى قەشقەرگە كىرگەن ھۆكۈمەت تەرەپ ھەربىي ئەمەلدارلىرى، 1937 ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى پەرقلەندۈرۈلمەي تىزىلغان.

**(3) تىزىملىك ۋە ئىندېكس**

توپلىغۇچى ئۆزى تۈزگەن (ھەربىر ساندۇق ئۈچۈن) تىزىملىك شۋېتچە يېزىلغان. ھەرقايسى تېمىلار بويىچە رەتلەنگەن. ھەربىر ساندۇقتىكى ئالبوم تاختا سانى، رەسىم سانى، ماۋزۇسى بېرىلگەن. ماتېرىيالنى كۆرمەكچى بولغاندا تىزىملىكتىكى ساندۇق نومۇرى بويىچە رەسمىيەت بېجىرىلىدۇ.

**(4) تەتقىقاتتا پايدىلىنىش قىممىتى**

بۇ رەسىملەر شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان دىن تەشۋىقاتى پائالىيىتىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگۈچى ئەمەلىي پاكىت ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. شىنجاڭ تەتقىقاتىغىمۇ تۆھپە قوشالايدۇ.

ئالدى بىلەن دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەينى قىياپىتى بىلەن ئۇچرىشىش مۇمكىنلىكىدۇر. مەسىلەن: 1930 ـ يىللىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنىڭ ئوچۇق رەسىملىرى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ مىللىي ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسى دەپ ئاتالغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ كاتىپبېشى سابىت داموللىنىڭ رەسىم

ىمنى 149 ـ ساندۇقتىن تاپقىلى بولىدۇ. شۇ رەسىمدىكى قال-
غان بەش كىشىنى ئاشۇ ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى تەر-
كىبىدىكىلەر بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.
ئىزاھاتى ئانچە ئېنىق بولمىغان 148 ـ ساندۇقتىكى رەسىم-
لەرمۇ جۇمھۇرىيەتكە ئائىت بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن باشقا
ئەينى ۋاقىتتىكى قوزغىلاڭلاردا قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بار-
غان رەھبەرلەردىن تۆمۈر، ئوسمان ئەلى، ئەمىر ئابدۇللا ئۈچە-
نىڭ بىللە چۈشكەن رەسىمى 146 ـ ساندۇققا سېلىنغان. ئۇ-
نىڭغا توپلامدا ئىزاھات بېرىلمىگەن، ئۇنىڭ مىسسىيونېرلار
جەمئىيىتىنىڭ يىللىق گېزىتىگە بېسىلغان دوكلاتتىكى رەسىم
بىلەن ئوخشاش بىر رەسىم ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ھەربىرىنىڭ
ئىسمىمۇ يېزىلغان بۇ رەسىمدە قوزغىلاڭ مەزگىلىدە بالدۇر
قەشقەرنى ئىشغال قىلغان قىرغىزلار رەھبىرى ئوسماننىڭ
سىماسى ئېنىق تارتىلغان. يەنە 148 ـ ساندۇقتا ئوسماننىڭ
ئائىلىسى ۋە قىرغىز ئەسكەرلەر بىلەن چۈشكەن رەسىمىمۇ بار.
ئۈچ كىشى چۈشكەن رەسىمدىكى قالغان ئىككى كىشىنىڭ بىرى
كۇچادىن قەشقەرگە ئەسكەر تارتىپ كەلگەن تۆمۈر، يەنە بىرى
مەتىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى ئەمىر ئابدۇللا. بۇ رەسىم سۈپەت-
لىك ۋە ئېنىق تارتىلغان. قوزغىلاڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن
قەشقەردە ھەربىي قوماندان بولغان مەھمۇت سىجاڭ، 1937 ـ
يىلى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئابدۇنىيازلارنىڭ رەسىمىمۇ خېلىلا
نۇرغۇن.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى قەشقەردىكى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى
يېرىمىغا ئائىت يىغىلىشلارنىڭ كۆرۈنۈشى، رۇسىيە، ئەنگلىيە
قاتارلىق دۆلەتلەر ئەلچىخانىلىرىنىڭ رەسىملىرى، مىسسىيو-
نېرلار جەمئىيىتىنىڭ بىناسى، ئۇلارنىڭ پائالىيەت كۆرۈنۈش-
لىرى، جۇڭخۇا مىنگو ئەمەلدارلىرىنىڭ رەسىملىرىمۇ ئۇچراي-
دۇ. شەھەر كوچىلىرىدىكى قۇرۇلۇش ئۇسكۇنىلىرى، كاسىپلار،
ھېيت ـ بايراملار، قاتناش ۋاسىتىلىرى، مەسچىت، مازار ـ
ماشايىخلار قاتارلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئائىت نەرسىلەرنى

ئەينەن كۆرگىلى بولىدىغان رەسىملەرمۇ بار. بۇ ماتېرىياللار ھازىرقى جەمئىيەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، بىزنىڭ ئەينى دەۋرلەر ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئەمما بۇ رەسىملەر ئىچىدە توي – تۆكۈن، ئۆلۈم – يېتىم مۇراسىملىرى ھەمدە ئەنئەنىۋى (يەرلىك) داۋالاشقا ئائىت رەسىملەرنىڭ يوقلۇقىدىن رەسىم تارتقۇچىنىڭ يەرلىك ئادەم بولماي غەيرىي دىنىدىكىلەر بولغاچقا، يەرلىكلەر بۇ خىل كۆرۈنۈشلەرنى تارتىشقا رۇخسەت قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

**5) كوپىيە قىلىش مەسىلىسى**

پايدىلانماقچى بولغان كىشىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر مەسىلە بار. يەنى رەسىملىك ماتېرىياللارنى قانداق ئېلىپ كېتىش بۇ بىر مەسىلە. ئەگەر باسما ماتېرىيال، قولىيازمىلار بولسا ئۇنى كوپىيە قىلىپ ئېلىپ كېتىش تامامەن مۇمكىن. رەسىمنى كوپىيە قىلسا، ئەسلىدىكىدەك ئېنىق چىقماي پايدىلىنىش قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، بۇ ئەھۋالدا مىكرو فىلىمگە ئېلىپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. نىگاتىۋنىمۇ تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ. ئالبوم تاختىسىدىكى رەسىملەرنى ئايرىم – ئايرىم رەسىمگە تارتىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئېنىقلىقى ئەسلىدىكىدەك بولمايدۇ. بىراق بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانماي باشقا ئامال يوق.

**خاتىمە**

شىنجاڭغا ئائىت يۇقىرىقى ماتېرىياللارنىڭ شۋېتسىيىدە ساقلىنىشى — شىمالىي ياۋروپادىن ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى قۇملۇق زېمىنغا مىسسىيونېرلارنىڭ ئەۋەتىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇ ۋەقەلەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى بىزدە زور قىزىقىش قوزغايدۇ. بۇ جەھەتتە ئەمگەك سىڭدۈرگەن ياررىڭ ئەپەندى ۋە فرانىي ئەپەندىلەرنىڭ مېھنىتى ۋە ئەجرىگە رەھمەت ئېيتىماي ۋە ئۇلارغا ئا-

لىي ئېھتىرام بىلدۈرمەي تۇرالمايمىز.

لوند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قولىيازما ۋە باسما ماتېرىياللار شىنجاڭ بوستانلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى، ئېتىقادى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى بىۋاستە پاكىتلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. سانكىت پېتېربۇرگتىكى ماتېرىياللارنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، بۇ ماتېرىياللار ياۋروپا، ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ زور توپلانما بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقا جايلاردا ئۇچرىمايدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تاپقىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ساقلانغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش روشەن چەكلىمىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ياررىڭ ئەپەندى توپلىغان ماتېرىياللارنى ھەرگىزمۇ يېرىم ـ ياتا نەرسىلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشنى خالىغان ھەرقانداق كىشى ياررىڭ ئەپەندى ۋە كۇتۇپخانا مەسئۇل خادىملىرىنىڭ ئىجازىتى بىلەن كۆرۈشكە، پايدىلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللار سارىيىدىكى ماتېرىياللار شىنجاڭغا ئائىت نۇرغۇن رەسىم ۋە شۋېتچە ھۆججەت ـ ماتېرىياللار بىلەن تونۇشۇش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئەينى چاغدىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكىلەر تارتقان شىنجاڭغا ئائىت رەسىملەر ئاز ئەمەس ئىدى، شۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللارغا بېسىلغان. لېكىن، قالغان قىسمىنى يەنى ئارخىپ سارىيىدىكى ھەرقايسى سىستېمىلار ئىچىدىكى ماتېرىياللار، شەخسلەر ساقلىغان ھەربىر ھۆججەتنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. بىراق مىسسىيونېرلارنىڭ ھايات پائالىيىتى ئارقىلىق، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى قەشقەرنى مەركەز قىلغان جايلارنىڭ پورترېتى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ ئۆزىلا،

بۇ توپلامدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ قىممىتىگە ئەڭ يۇقىرى باھا بېرەلەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ رەسىملەرنىڭ كونكرېت پايدىلىنىش قىممىتى توغرىسىدا خىلمۇ خىل نۇقتىدىن تەھلىل ـ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش زۆرۈرىيىتى ھەممىگە ئايان.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، شۋېتسىيە شىنجاڭغا ئائىت خىلمۇ خىل، رەڭگا رەڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىمىزنى، پايدىلىنىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ياپونچە «ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇق تارىخى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 11 ـ سانىدىن

تەرجىمە قىلغۇچى: **مەريەم ساقىم**

# مەرىپەت بۆشۈكى ــ ئىلى بىلىم يۇرتى

## مىرغىياس يۇسۇپ

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىدا ئىلى رايونىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئىلى رايونىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلى ممىللەتلەر گىمنازىيىسى ۋە ئۇنىڭ راۋاجى بولغان مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا قوشقان مول تۆھپىسى بىلەن مائارىپ گۈلزارىدا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ شىنجاڭ ـ نىڭ مائارىپ تارىخىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئېلىشى لازىم.

### ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ بەرپا بولۇشى

1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يۈز بەرگەن «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئەينى ۋاقىتتىكى ۋە ـ زىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان «ئالتە بۈيۈك سى ـ ياسەت» نىڭ تۈرتكىسى بىلەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ مائا ـ رىپ ئىشلىرىدا يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. 1934 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چى ـ قىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما» لىرى قۇرۇلۇپ، مىللىي مەدەنىيەت ـ مائا ـ رىپنىڭ يۈكسىلىشىگە يول ئېچىپ بېرىلدى. بۇ ئۇيۇشمىلار مىللىي، ئىجتىمائىي، ئاممىۋى تەشكىلات سۈپىتىدە مەدەنىيەت ـ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالدى. جۈملىدىن ئىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا

ئىقتىساد تولاش مەقسىتىدە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئىلى رايونىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، سودا ـ سانائەتچىلەر تەكلىپ قىلىندى. يىغىندىن كېيىن ئويۇن قويۇپ بېرىلدى. ئويۇننىڭ ئاخىرقى بىر نومۇرىدا ئالتە ئوغۇل، ئالتە قىز ئۆسمۈر ياماق چۈشكەن كىيىملەرنى كىيىپ، مۇڭلۇق ئاھاڭدا ناخشا ئېيتىپ، سەھنىگە چىقتى:

ئاتا يوق، ئانا يوق، يېتىم بىز غېرىب،
چېكەرمىز جاپالار ئۆلۈپ ـ تىرىلىپ.
ئوقۇر، ئوينىشۇر بارلىقلار ئوغۇل قىزلىرى،
كىيىملىرى پۈتۈن، قىپقىزىل يۈزلىرى.

بۇ ھاللارغا رازىمۇ ۋىجدانىڭىز،
ئېچىلىڭ مەكتەپلەر، قالۇر نامىڭىز.
ئەگەر يەتمىسىڭىز ئەۋلادلار ھالىغا،
جاھاننى تۇتىدۇ كېيىن پەريادىڭىز.
....

سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن نەچچە يۈزلەپ قوي، توپ ـ توپ گەزمال، ئاشلىق ۋە نەق پۇل ئىئانە قىلىندى. ئىئانە قىلىنغان نەرسىلەر ئۇيۇشما ھەيئەتلىرى تەرىپىدىن تىزىملىنىپ، ئەتىسى گېزىتتە ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئارقىلىق «ئاتىلار كومىتېتى» قۇرۇلۇپ، مەكتەپ ئېچىش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. ئايخان ئانا سېلىپ بەرگەن مەكتەپ (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 19 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ)، «ھۈسەينىيە» مەكتىپى (ھازىرقى غۇلجا شەھەر 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنىدا) قاتارلىق مەكتەپلەر ئەنە شۇ چاغدا بارلىققا كەلگەن. بۇلاردىن تاشقىرى، ھەر مىللەت ئۇيۇشمىلىرىنىڭ خىزمەت ئىشلىشى ۋە ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن رۇس مەكتەپ، تاتار مەكتەپ، ئۆزبېك مەكتەپ، تۇنگان (خۇيزۇ) مەك-

تەپ، قازاق مەكتەپ، «خەيرىيە» (ياردەم) مەكتەپ قاتارلىق تو-لۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى بولغان مەكتەپلەرمۇ ئارقا - ئار-قىدىن قۇرۇلدى. مەكتەپ ئىچىش شەھەردىن بارا - بارا يېزا-قىشلاقلارغىچە كېڭەيدى. بۇ مەكتەپلەر ئىچىدە ھۆكۈمەت باش-قۇرۇشىدىكى بىر نەچچە مەكتەپتىن باشقىسى ھەر مىللەت خەل-قى تەرىپىدىن قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەردە ھازىرقى زامان پەننىي بىلىملەرنى ئوقۇتۇش ئاساس قىلىندى، يېڭىچە ئوقۇتۇش مەز-مۇنى ۋە تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى.

مۇشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئىلى رايونى بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىلىم ئوچىقىنى قۇرۇش كۈن-تەرتىپكە قويۇلدى: غۇلجا شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا، يېڭى-دىن تەرەققىي قىلىپ كېڭىيىۋاتقان نوۋگورت (يېڭى شەھەر) نىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا 25 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يەر ئاجرىتىلىپ، بۇ يەردىكى كونا خۇمدانلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، مەكتەپ سېلىنىشقا باشلىدى. مەكتەپنىڭ سېلىنىشىغا ئۇي-غۇرلاردىن ھاكىم بەگ خوجا، ھۇسەيىن باي، تۇرداخۇن باي، يا-قۇپ باي، سابىر ھاجىيوپلار، قازاقلاردىن ئوبۇل خەيرى تۆرە، جابىقباي، مەقسۇت ئاقىلاقچى، دەۋلەت كەلدى ئاقىلاقچى، مىد-يىرمان ئاقىلاقچىلار؛ تاتارلاردىن غىلاجىدىن باي، زاكىرجان باي، نىزام بايلار ياردەم قىلدى، بۇلاردىن باشقا، رۇس، موڭ-غۇل، شىبە، خۇيزۇ مىللەتلىرىدىن بولغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلارمۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. ئۆزبېكلەردىن نار-غوجا باي، سېتىۋالدى باي، تاش مەھەممەت باي، تۆلگەن باي قاتارلىق زاتلار مەخسۇس ئىككى قەۋەتلىك ياتاق، 300 كىشى-لىك ئاشخانا ۋە ئارقا سەپ بىنالىرىنى سېلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، 1935 - يىلى يازدىن 1936 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 16 سىنىپ، تەجرىبىخانا، قىرائەتخانا، ئىشخانىلىرى بولغان كەڭ ۋە ئازادە چىرايلىق بىر مەكتەپ سېلىندى. مەكتەپنىڭ نامى «ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى» دەپ ئاتالدى ۋە ئوقۇغۇچى

قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلاندى.

## گىمنازىيىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەھۋالى

ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە 1936 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بىرىنچى قاراردا ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىككىسى خەنزۇ سىنىپ، بىرى مىللىي سىنىپ بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 115 (پۈتۈنلەي ئوغۇللار) ئىدى. لېكىن بۇ يىلى ياتاق بىناسى پۈتمىگەنلىكتىن، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئوقۇغۇچىلار غۇلجا شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە 35 كىلومېتىر كېلىدىغان كۈرەدە ئوقۇدى. 1938 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈردى. بۇ سىنىپلارنىڭ نامى «خەنزۇ 1 ـ»، «ئۇيغۇر 1 ـ» دەپ ئاتالدى. ئىلگىرى ھەر خىل مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ھازىرمۇ مۇھىم ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ياكى دەم ئېلىشقا چىققان زاھىر ساۋدانوپ، مۇھەممەت ئەخمىدى، ئىمىنوپ توختى، مەمتىمىن ئۆمەروف، ئابدۇكېرىم ھاجىيوف قاتارلىق كىشىلەر ئەنە شۇ ئۇيغۇر 1 ـ سىنىپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار.

1937 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىككى خەنزۇ سىنىپ، بىر ئۇيغۇر سىنىپ، بىر قازاق سىنىپ، بىر موڭغۇل سىنىپ، بىر رۇس سىنىپتىن ئىبارەت ئالتە سىنىپقا 220 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، خەنزۇ سىنىپلار «خەنزۇ 2 ـ»، ئۇيغۇر سىنىپ «ئۇيغۇر 2 ـ» دەپ ئاتالدى، باشقا مىللەت سىنىپلىرى «قازاق 1 ـ»، «موڭغۇل 1 ـ»، «رۇس 1 ـ» دەپ ئاتالدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ تولۇق ئۈچ يىل ئوقۇپ، 1940 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەكتەپ پۈتتۈردى.

1938 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە تۇنجى قېتىم قىزلار سىنىپى ئېچىلىپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، رۇس سىنىپلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ سىنىپقا 112 قىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. خەنزۇ قىزلار سىنىپى «خەنزۇ 3 ـ»، ئۇيغۇر

قىزلار سىنىپى «ئۇيغۇر 3 ـ»، رۇس قىزلار سىنىپى «رۇس 2 ـ» دەپ ئاتالدى. قىزلار سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1941 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈردى. ئىلى تارىخىدىكى تۇنجى قىز گىمنازىستلار ھېسابلىنىدىغان بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىلىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر قىزلىرىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىزدەش يولىغا مېڭىشىدا باشلامچىلاردىن بولۇپ قالدى. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن تارتىپ تا يېقىنقى يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا مائارىپ، سەھىيە، مەمۇرىي خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەر ياراتقان سەلىمە تۇرسۇن، پاشاقىز ئەسقەر، ساراتاڭجارىق (قازاق)، ئامىنە غوپۇر، پاتەم سادىق، ئەجۈك، روشەن، توختىبۇۋى (ئۆزبېك)، جاۋ لەنيىڭ (شىبە)، ليۇمىي (شىبە) لەر ئەنە شۇ تۇنجى قىز گىمنازىستلاردىن ئىدى.

1939 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە ئىككى خەنزۇ سىنىپ، بىر ئۇيغۇر سىنىپ، بىر شىبە سىنىپ بولۇپ تۆت سىنىپقا 150 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. «خەنزۇ 4 ـ»، «ئۇيغۇر 4 ـ»، «شىبە 1 ـ» دەپ ئاتالغان بۇ تۆت سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى 1942 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەكتەپ پۈتتۈردى.

1940 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە «يۇقىرى دارىلمۇئەللىمىن» (گاۋشىي) سىنىپى ئېچىلدى. بۇ سىنىپقا شۇ يىلى گىمنازىيىنى پۈتتۈرگەن، كۈرەدىكى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىمتىھاندىن ئۆتكەن جەمئىيەتتىكى زىيالىيلار بولۇپ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان بەش مىللەتتىن 32 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى يەنە پىلان بويىچە ئىككى خەنزۇ، ئىككى ئۇيغۇر، بىر قازاق، بىر موڭغۇل، بىر شىبە، بىر رۇس سىنىپىدىن ئىبارەت سەككىز سىنىپقا 321 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ سىنىپلار «خەنزۇ 5 ـ»، «خەنزۇ 6 ـ»، «ئۇيغۇر 5 ـ»، «ئۇيغۇر 6 ـ»، «قازاق 2 ـ»، «موڭغۇل 2 ـ»، «شىبە 2 ـ»، «رۇس 3 ـ» دەپ ئاتالدى.

1941 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە

ئىككى خەنزۇ سىنىپ (7 ـ، 8 ـ)، ئىككى ئۇيغۇر سىنىپ (7 ـ، 8 ـ)، بىر قازاق سىنىپ (3 ـ)، بىر قىزلار سىنىپ (2 ـ) تىن ئىبارەت ئالتە سىنىپقا 230 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ ئوقۇغۇچىلار 1944 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەكتەپ پۈتتۈردى (قىزلار 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى 1943 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ يېڭى قۇرۇلغان ئىلى قىزلار گىمنازىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى، ئۇلار ئاخىرقى ئوقۇش يىلىدا شۇ يەردە ئوقۇدى).

1942 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىككى خەنزۇ سىنىپ (بۇنىڭ بىرى خەنزۇ قىزلار سىنىپى)، ئىككى ئۇيغۇر سىنىپ (بۇنىڭ بىرى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن)، بىر قازاق سىنىپ، بىر رۇس قىزلار سىنىپى بولۇپ ئالتە سىنىپقا 220 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. «خەنزۇ 9 ـ»، «ئۇيغۇر 9 ـ»، «قازاق 4 ـ» دەپ ئاتالغان بۇ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاچقا مەكتەپنى تولۇق پۈتتۈرەلمىدى.

1943 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلاردا مۇنداق ئۆزگىرىش بولدى: شىبە، موڭغۇل، رۇس سىنىپلىرى ئېچىلمىدى، بىر ئۇيغۇر سىنىپ (تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن)، بىر قازاق سىنىپ (5 ـ) ئېچىلدى، تۆت خەنزۇ سىنىپ (بۇنىڭ بىرى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى) ئېچىلدى.

1944 ـ يىلى ئىنقىلاب بولغاچقا يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىدى، مەكتەپ تاقىلىپ، ئوقۇش توختاپ قالدى.

ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى 1936 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە بولغان سەككىز يىل جەريانىدا 40 نەچچە سىنىپقا 1600 گە يېقىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ 70 پىرسەنتتىن ئارتۇقى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. بۇ مەزگىلدە گىمنازىيىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 50 نەچچىگە يەتتى. مۇشۇ مەزگىلدە ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە ئوقۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

مەزگىللەردە ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ھەربىي قىسىم، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئورۇنلىرىدا ئەجىر سىڭدۈرگەن خادىملار ئىچىدە ئاماز. تۇر بايزاكوپ (قىرغىز)، غېنى كەرىموپ، ئەۋەزبېك (قازاق)، باۋكەي (قازاق)، تۇرسۇن سادىق، يەسۇكەي (تاتار)، سۇلتان ئۆسكەنباي (قىرغىز)، توختى ئىبراھىم، قۇربان نىزام، ئىبرا. ھىم ئەلى قاتارلىق كىشىلەر بار.

## گىمنازىيىنىڭ سەككىز يىللىق ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئەھۋالىدىن قىسقىچە بايان

ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە دەرس بەش خىل تىل بىلەن ئۆتۈلەتتى. قىرغىز ئوقۇغۇچىلىرى قازاق سىنىپتا، تاتار، ئۆزبېك ئوقۇغۇچىلىرى ئۇيغۇر سىنىپتا ئوقۇيتتى. بۇنىڭدىن باشقا خېلى بىر قىسىم ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، شىبە ئوقۇغۇچىلار خەنزۇ سىنىپتا ئوقۇيتتى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر، دەرس ئۆتۈش پىلان ـ پروگراممىلىرى پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدە تۈزۈلۈپ لاتىن يېزىقىدا بېسىلغان شۇ دەرىجىلىك مەكتەپلەر دەرسلىكى ۋە پىلان ـ پروگراممىلىرى ئىدى. 1938 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچى ئىسمايىل ھېۋىزۇللايوپنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن جۇڭگو تارىخ ۋە جۇغراپىيىسى ئۇيغۇر يېزىقىدا كونسپېك قىلىپ تۈزۈلۈپ، مەكتەپ باسمىسىدا بېسىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىلدى. تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدە ھەرقايسى مىللەت سىنىپلىرىدا شۇ مىللەتنىڭ ئانا تىلىدىكى يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئاساس قىلىناتتى. سىياسەت دەرسىدە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى ئۆتۈلەتتى، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» مۇ سىياسەت دەرسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىدىن بىرى ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىگە نومۇر قو-

يۇشتا يۇزلۇك سىستېما قوللىنىلاتتى، ئوقۇش نەتىجىسى دەرد-
جىلەرگە بۆلۈنگەن هالدا هەر مەۋسۇم ئاخىرىدا ئېلان قىلىنىپ
تۇرۇلاتتى (دەرىجىلەرگە ئايرىپىلان، ماشىنا، ئات، تاشپاقا بەل-
گىلىرى چۈشۈرۈلەتتى). ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى
تۇرمۇش تەمىناتىدىكى 1 ـ شەرت قىلىناتتى. تەمىنات «تولۇق
تەمىنات» (كىيىم ـ كېچەك، ياتاق ـ تاماق) ۋە «يېرىم تەمە-
نات» (ياتاق ـ تاماق) دەپ ئىككىگە ئايرىلغانىدى. ئوغۇل ئوقۇ-
غۇچىلار جۇڭشەنفۇ بىلەن بۇرۇلكا، قىز ئوقۇغۇچىلار كاستيۇم ـ
يوپكا كىيىپ، شۇ رەختتىن ئىشلەنگەن گالىستۇك تاقاپ يۈ-
رەتتى. مەكتەپ ئىزنىكى «ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى» دېگەن
خەت چۈشۈرۈلگەن قۇش قانىتى شەكلىدىكى ئىزناك ئىدى.

ئاشۇ يىللاردا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى ئىلى رايونى-
دىكى مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي
پائالىيەتلەرنىڭ بازىسلىق رولىنى ئوينىدى. 1939 ـ، 1940 ـ
يىللىرى گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرى ئويناپ چىققان «كۈرەش»
دىرامىسى (خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان) ياپون باسقۇنچىلى-
رىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى تەشۋىق قىلىشتا ياخشى
ئۈنۈمگە ئېرىشتى. سىنىپلار ئارا ئۇيۇشتۇرۇلغان ناخشا مۇسا-
بىقىلىرىدە «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرى، «پىدائىيلار مارشى»
قاتارلىق ناخشىلار ئېيتىلاتتى. مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا خەن-
زۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، تاتارچە، رۇسچە كىتابلار كۆپ ئى-
دى. بۇ كىتابلار ئىچىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن سىرت، لېنىن-
نىڭ «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە» دېگەن ئەسەرلىرىگە ئوخ-
شاش سىياسىي كىتابلارمۇ بار ئىدى. ئىلى مىللەتلەر گىمنازى-
يىسىدە قۇرۇلغان جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى
(فەندىخۇي) گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توغرا سىياسىي ـ
ئىدىيىۋى يۆنىلىش بويىچە ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىدە زور رول
ئوينىدى. مۇشۇ مەزگىلدە رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇۋاتقان ئوت
يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە پات
ـ پات كېلىپ، گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ

تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازغان جەڭگىۋار شېئىرلىرى مەكتەپ تام گېزىتىگە چىقىپ تۇراتتى. ئۇيغۇر 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى كېۋىرنىيازنىڭ تۆۋەندىكى «ئىز بېسىپ يول ئال» دېگەن شېئىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن شېئىرلاردىن بىرى ئىدى:

ئەجدادلار ئىزىدىن مەرىپەت ئىزدەپ،
ئىلىمنىڭ كانىدىن قازىمىز گۆھەر.
ھەردەمدە ۋەتەننى، خەلقنى كۆزلەپ،
ئۇلۇغۋار غايىدىن تۆكمىز كەۋسەر.

ئىجادلىق تولپىرىن ئىگەرلەپ مىندۇق،
جاھالەت كۆكسىگە ئۇرۇشقا خەنجەر.
خەلقىمىز قەلبىنى نۇرلاتماي تۇرۇپ،
قۇربانلار بەرسەكمۇ يەشمەيمىز كەمەر.

ئۆملۈكنى چىڭىتماق ھەممىدىن ئەۋزەل،
تېرىقتەك چېچىلماق ـ ئۆلۈم ۋە ئەجەل.
گەر بولسا بىر مىللەت تارقاق ھەم نادان،
شۇ مىللەت مەڭگۈ قۇل، ساقايماس كېسەل.

قوشنىغا باق ۋە يەنئەن مېھرىدىن نەپ ئال،
دۇنيادا نېمىلەر بولماقتا ـــ سەپسال.
ئەڭ ئۇلۇغ ئىستەككە يەتمەكنى كۆزلەپ،
مەرىپەت ئىشقىدا ئىز بېسىپ يول ئال.

بۇ شېئىر 1939 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى «ئىلى گېزىتى» گە بېسىلدى.

ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ روناق تېپىشى ۋە گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن كامال تېپىپ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىدە گىمنازىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوينىغان رولى ناھا-

يىتى چوڭ. مەكتەپ مۇدىرى گو فېيدىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئۆلكى-لىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تەرتىپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە مەكتەپ مۇدىرى لى يۇنياڭ (كوممۇنىست) نىڭ تە-سىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ چوڭ بولغان بۇ يۇقىرى مەلۇماتلىق زىيالىي 1937 - يىلى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيى-سىگە مۇدىر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت زىياليلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ قوشۇمچە ئۆتكەن سىياسەت دەرسىدە «بىزنىڭ كەلگۈسى نى-شانىمىز — سوتسىيالىزم» دېگەندەك قاراشلارنى ھەمىشە تىلغا ئالاتتى. ئۇ بەزىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىپ ئوقۇ-غۇچىلار بىلەن مۇڭدىشىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا «مېنىڭ بىردىن-بىر مەقسىتىم — سىلەرنى ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان بىلىملىك زىيالىيلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، ئۆز يۇرتۇڭلار-نىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇش» دەيتتى. 1941 - يىلىنىڭ ئا-خىرى شېڭ شىسەي ئۇنى تۇتۇپ كېتىپ، تۈرمىگە تاشلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، ھەمدۇللا قۇربانوپ، ئىسمايىل ھېۋىزۇللايوپ، ھوشۇر كەرىموپ، مالىك بېكتېمىروپ (تاتار)، شۇمۇتوڭ (شىبە)، تايىر دەۋلەتشنوپ (قازاق)، ئابدۇرېھىم ئابلايوپ، ئەسەيىن جاسلىق (قازاق) قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپا-قىدا ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقى-رىلىقى، كەسپىي قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، دەرس ئۆتۈش مېتودىنىڭ ئىلمىيلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئۇلارنى «تاشكەنتچىلەر» دەپ ئىپتىخارلىنىپ تىلغا ئالاتتى. بولۇپمۇ سەيدۇللا سەيپۇللايوپ دەرسكە ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپ، دەرسنى ياخشى ئۆتۈشتىن سىرت، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان چېغىدىكى ئوقۇش تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىلىم ئىگىلىشىگە ئىلھام بېرەتتى. گېرمانىيە ۋە سوۋېت ئىت-

تىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇتقۇچى مالىك بېكتېمىروپ تەبىـ
ئىي پەنلەر بويىچە ئەڭ كۈچلۈك ئوقۇتقۇچى ئىدى. بىر قېتىم
ئۇ خىمىيە دەرسىدە ئىشلىگەن تەجرىبە تەلەپكە يەتمەي قالـ
دۇ، قايتا ئىشلەي دېسە تەجرىبىگە كېرەكلىك ماددا مەكتەپ
تەجرىبىخانىسىدا يوق بولۇپ چىقىدۇ. ئۆز ئىشىغا مەسئۇلىيەت
چان بۇ ئوقۇتقۇچى بۇ ماددىنى ۋىلايەتلىك دورىخانا ئامبىرىدىن
تېپىپ، ئۆز پۇلىغا سېتىۋېلىپ كېلىپ، تەجرىبىنى تەلەپكە
لايىق ئىشلەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئىلى مىلـ
لەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ تەدرىجىي راۋاجلىنىپ، يۇقىرى ئابرۇي
قازىنىشىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن ھەر مىللەت ئوقۇتقۇ.
چىلىرىدىن يەنە داموللا رازىيوپ، ئابدۇرېھىم يۈسۈپ، ھۈسەيىن
سامساق، سابىت قابىزبوز، ئالىمجان (قازاق)، كەنزەي (موڭـ
غۇل)، بايىن چاغان (موڭغۇل)، شايىماردان (قازاق)، دېلىن
(شىبە)، مەھەممەت يوپۇر (خۇيزۇ)، مۇنىرە خانىم (تاتار)، لېنا
پاۋلىنا (رۇس)، ئالېتىنا پاۋلىنا (رۇس) قاتارلىقلار بار.

1943 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىلى مىللەتلەر گىمـ
نازىيىسى ھەر جەھەتتىن سىقىلىشقا ئۇچرىدى. گومىنداڭنىڭ
ئىلى ۋىلايەتلىك پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭچىلار
مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى ئىگىلىدى، جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ مەسـ
ئۇللىرىنى نەزەر بەنت ئاستىغا ئالدى، ئاندىن مەكتەپتە گوـ
مىنداڭ پىرقىسىنى قۇردى. مەكتەپتە ئاق تېررورلۇق باشلىـ
نىپ، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار قولغا ئېلىندى،
بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار يىراق يېزا ـ قىشلاقلارغا سۈرگۈن
ھېسابىدا يۆتكىۋېتىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇتۇش
پروگراممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دەرسلىكلەر، پايدىلىنىش
ماتېرىياللىرى، ئەدەبىي، سىياسىي كىتابلار، گېزىت ـ ژۇر-
ناللار كۆيدۈرۈلدى، ھەتتا مىللىي بىرلىك سەپىنى مەدھىيىلەيـ
دىغان كىتاب، ئويۇن، شېئىر، رەسىملەرمۇ مەنئى قىلىندى.
ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە ھېچقانداق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تولىسى ئىنقىلاب قاينىمىغا كىرىپ كەتكەنلىكتىن مەكتەپتە ئوقۇش توختاپ قالدى.

## بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى

بىلىم يۇرتىنىڭ جەمئىيەتكە يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك نۇرغۇن يارامىلىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرەلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ــ ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ خىللىقى. بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خېلى بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاللاپ چىقىرىلىپ، ئۇ يەردىكى ھەر خىل ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىدا ئوقۇپ كەلگەنلەر، بىر قىسمى بولسا سابىق مىللەتلەر گىمنازىيىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەنلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە خەلققە، ئەۋلادلارغا ياخشى خىزمەت قىلىپ بېرىش ئىرادىسى كۈچلۈك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ مەلۇماتى يۇقىرى ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، دەرسنى پۇختا ئۆتەتتى. شۇڭا دەرسلەرنىڭ ئۆزلىشىش نىسبىتى يۇقىرى ئىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىلار پېداگوگىكا ئۇسۇلىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، ئوقۇغۇچىلارنى ئىلىم بىلەن قايىل قىلاتتى، تىل ـ ھاقارەت ۋە تەن جازاسى بېرىش ئۇسۇللىرىنى زادى قوللانمايتتى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قايسى مىللەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇلار ئۆتكەن دەرسلەرنى قىزىقىپ ئۆگىنەتتى. بىلىم يۇرتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دۇنيا قاراشتىن تارتىپ خىزمەت، تۇرمۇش ئىستىللىرىدىكى ئېسىل سۈپەتلىرى ئەنە شۇ ئۇستازلىرىدىن يۇققاندى.

مەرھۇم سۇلتان ئۇسكەنباي (قىرغىز) مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان يۇقىرى دارىلمۇئەللـ

لىمىن سىنىپىنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇتقۇچى.
ئۇ رۇس تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ماتېرىياللاردىن تولۇق
پايدىلىنالايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى، بۇ، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا
دەرسلىك كەمچىل شارائىتتا رۇسچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ
دەرس ئۆتۈش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىدە تېگىشلىك ئۇنۇم بەر-
دى. بۇ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقى-
لىق ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغانىدى. سۇلتان ئۇسكەنباي بىلىم
يۇرتىنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن تۆت يىل داۋامىدا،
مەكتەپنىڭ ھەر جەھەتتىكى شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا نۇر-
غۇن ئەجىر سىڭدۈردى.
ئىسمايىل ياسىنوپ بىلىم يۇرتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئى-
دى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بول-
غانىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئالدىنقى قا-
تاردا تۇرىدىغان زىيالىيلاردىن بىرى ئىدى. رۇسچە ماتېرىياللار-
دىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان، ھەممە پەنلەردىن يۇقىرى سەۋى-
يىگە ئىگە بۇ ئوقۇتقۇچى يۇقىرى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپلى-
رىغا ماتېماتىكا، پىسخولوگىيە دەرسلىرىنى ئۆتەتتى. ئۇ مەك-
تەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن كەسپىي سى-
نىپلار دەرسلىرىنىڭ پروگراممىسى بويىچە تولۇق ۋە سۈپەتلىك
ئۆتۈلۈشىنى، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى
باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتاتتى. شۇڭا ئۇ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. ئىسمايىل
ياسىنوپ ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كې-
ڭەشنىڭ رەئىسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.
ئىسمايىل ھېۋىزۇللايوپ مىللەتلەر گىمنازىيىسى قۇرۇلغان
ۋاقىتتىن تارتىپ بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كەلدى،
كېيىن بىلىم يۇرتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولدى. بىلىم يۇرتى-
دىكى خېلى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار بۇ پېشقەدەم ئۇستاز تەر-
بىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلار ئىدى. ئىسمايىل ھېۋىزۇللا-
يوپ 1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن

مۇشۇ بىلىم ئوچىقىدا ئون نەچچە يىل ئىشلىدى. ئۇ باشقا ئو-قۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇتۇش شارائى-تىنى ياخشىلاش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئۇ مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپى-سىنى ئۆتىگەندىن سىرت، ئالگېبرا دەرسى بېرەتتى. كەمسۆز، ئەمما تۈز كۆڭۈل بۇ ئوقۇتقۇچى بەكمۇ تەلەپچان بولۇپ، دەرس سۈپىتىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئىسمايىل ھېۋىزۇللايوپ ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇ-دىرى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

ئابدۇقادىر ھەسەن يۇقىرى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىنىڭ مۇدىرى ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن بۇ ئوقۇت-قۇچى جۇغراپىيە دەرسى بېرەتتى. ئۇ 1947 ـ يىلى ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن بىللە تۇرپان پارتىزانلىرىنى باشلاپ ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن، بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى جانلىق، كۆرسەتمىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ جۇغراپىيە دەرسى ئۆتۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇ-چىلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادى-كى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ھەر جەھەتتىن يېتىلىپ، كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بو-لۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ئابدۇقادىر ھەسەن ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

تۇرسۇن سادىق بىلىم يۇرتىنىڭ خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى ھەم مەكتەپ «ئىتتىپاق» تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئىدى. ئۇ مىل-لەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ يۇقىرى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغانىدى. ئۇ دەرس ئۆتۈش داۋامىدا، ئۆزلۈكىدىن رۇس تى-لىنى ئۆگىنىپ، بىۋاسىتە ماتېرىيال كۆرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بۇ بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچى جۇشقۇن رو-ھى، خۇشخۇيلۇقى ۋە چىقىشقاقلىقى، تەنتەربىيەگە قىزىقىدى-

غانلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى، ئۇ يەنە مەكتەپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى سىياسىي پائالىيەتـ چى ئىدى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

بىلىم يۇرتى ئۇچۇن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلاپ، قان ـ تەر تۆككەن ئوقۇتقۇچىلاردىن يەنە خەمىت ۋەكىلى (ئۆزبېك، ماـ تېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى، مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مائارىپچى، ھاـ زىر دەم ئېلىشتا)، ئابدۇرېھىم ئابدۇللايوپ (تەرتىپ مۇدىرى، ۋاپات بولۇپ كەتتى)، بايبازار ئۆسكە تېمىر (قازاق، فىزىكا ئوـ قۇتقۇچىسى، ۋاپات بولۇپ كەتتى)، ئەسەيىن جاقسىلىق (قازاق، جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى، ھازىر دەم ئېلىشتا)، خەمىت خوجاـ يوپ (ئۆزبېك، سىياسەت ئوقۇتقۇچىسى، ۋاپات بولۇپ كەتتى)، ئەنۋەر بېك (قازاق، تەنتەربىيە بۆلۇم مۇدىرى)، مەھەممەت قاـ دىر (خوجۇلۇق بۆلۇم مۇدىرى، ھازىر دەم ئېلىشتا)، ئاۋۇت ئابـ دۇراخمان (ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى، ھازىر دەم ئېلىشتا)، ھابىل مەخسۇت (فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى، ۋاپات بولۇپ كەتتى)، رىشات، ئىمىر كېۋىر (ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى، ۋاپات بولۇپ كەتتى)، مەمتىمىن يۇسۇپ (سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىدە)، زەكەن مىيىرمان (قازاق، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى)، پاتىمە (قازاق، تىل ـ ئەدەبىيات ئوـ قۇتقۇچىسى)، كەنزەي (موڭغۇل)، گۇەن رۇڭلىن (شىبە، ئىجـ تىمائىي پەن ئوقۇتقۇچىسى، ھازىر دەم ئېلىشتا)، گوجىنەن (شىبە، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى)، خىيىر (شىبە) قاتارـ لىقلار بار. بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن كېيىن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلەر ئىچىدە مالىك بېكتېمىروپ (تاتار، فىزىمات ئوقۇتقۇچىسى)، ئىسرىكچى يۇنىچى (تاتار، فىزىمات ئوـ قۇتقۇچىسى)، شاۋۇدۇن (تارىخ ئوقۇتقۇچىسى)، ئابدۇرېھىم ئىلـ

ياسوپ (ھەربىي بۆلۈم مۇدىرى)، داۋۇت تۇرەخمەتوپ (تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى)، ھۇسەيىن ناسىر (تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى)، خۇدابەردى تالىپ (تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇ ـ چىسى)، چەمەي نۇرپېيىس (قازاق، خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى)، قىزاي (قىرغىز، تارىخ ئوقۇتقۇچىسى)، ئالىمجان دەركەنباي (قازاق، بىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى)، ئىسھاق (قازاق، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى)، كەجەي (قازاق، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچى ـ سى)، نەسىردىن ناكىيوپ (ئۆزبېك، بىئو ـ خىمىيە ئوقۇتقۇ ـ چىسى)، ئابدۇرېھىم يۇسۇپ (بىئو ـ خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى)، ۋاپى يولداباي (تاتار، جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى)، زەينىددىن يۇ ـ سۇپ (رەسىم ئوقۇتقۇچىسى)، ماھىنۇر خانىم (تاتار، پېداگوگى ـ كا ئوقۇتقۇچىسى)، ئالىپتىنا پاۋلىنا (رۇس، رۇس تىلى ئوقۇت ـ قۇچىسى)، لىنا پاۋلىنا (رۇس، لابورانت)، پاشاقىز ئەسقەر (ما ـ تېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى) قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا، ئەنۋەر خانبابا (ئۆزبېك) پېداگوگىكا دەرسىنى، ئۇيغۇر سايرانى تارىخ دەرسىنى، بۇقاراتىشقانبايىپ (قازاق) تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنى سىرتتىن كېلىپ ئۆتۈپ بەرگەنىدى.

## بىلىم يۇرتىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەھۋالى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلىم يۇرتى ـ نىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈردى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ بىلىم يۇرتى ئو ـ قۇغۇچىلىرى ناھىيە، يېزا ـ قىشلاقلار، زاۋۇت ـ كانلارغا بې ـ رىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، خەلق ئازادلىق ئار ـ مىيىسىنى تەشۋىق قىلدى، دېھقانلار جەمئىيىتى، ياشلار ئىت ـ تىپاقى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا ياردەم بەردى، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە

قاتناشتى.

ئازادلىقتا قەدەر بىلىم يۇرتىنىڭ تولۇق ۋە تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپلىرىنى 700 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرى پۈتتۈردى. ئۇلار جايلاردىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا، مەدەنىيەت ـ مائارىپ سېپىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

1950 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ خىزمەت يىغىنىدا سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1951 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 270 ئوقۇغۇچى، 9 ـ ئايدا 110 ئوقۇغۇچى، 1952 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 180 ئوقۇغۇچى بولۇپ جەمئىي 560 ئوقۇغۇچى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى، بۇ مەكتەپ ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئاساس سېلىپ بەردى. شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەينى يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلدى. 1953 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان مائارىپنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىلىم يۇرتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى ۋە ئايرىم خۇلاسە ماتېرىيالى يېزىپ چىقتى.

بىلىم يۇرتى ۋە ئۇنىڭ راۋاجى بولغان ئىلى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى (ھازىرقى ئىلى شىفەن شۆيۈەنىنىڭ تەكتى)، ئىلى ئەرلەر ئوتتۇرا مەكتىپى، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلار ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە ساھەلىرىدە ھەر ساھە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەچچە يۈزلىگەن شەرەپلىك «باغۋەن» لەر، ھەر دەرىجىلىك

ئىلغارلار، رەھبەرىي كادىرلار، ئالىم ـ پروفېسسورلار، يازغۇ-
چى ـ شائىرلار، ئىنژېنېر ـ مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار،
نەشرىياتچىلار، ئاخباراتچىلار ۋە ھەر خىل كەسپىي خادىملار
بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلار ـــ
مائارىپ ساھەسىدىن: شېرىپىدىن ئۆمەر، شاۋكەت، غاپپار تارا-
نوپ، مىرقەدەم (تاتار)، مەھەممەت ئابدۇللا، ئابلىكىم ھاجى،
سابىت، ھېسامىدىن، دەۋلەتكەلدى، رائوپ يائۇشوپ، قۇربان،
غوجىخان پاشا، خەمىت قادىر، ئابدۇۋايىت جاپپار، ھەلىمە ئاب-
دۇرېشىت، ئىبراھىم قاسىم، رابىن ئەسئەت (تاتار)، ھاكىم
تۇرسۇن، ئابلىز پاشا، تۇداخۇن، ھېبىبۇللا، مەمتىمىن، روزد-
يوپ، مەھەممەتجان سادىق، سەلىم ھەمرا، سەكەن؛ پارتىيە،
ھۆكۈمەت، ئارمىيە ساھەسىدىن: مىجىت ناسىر، مەمتىمىن
كەنجى، غوپۇر خەيرى، رۇقىيە، مايمۇنەم ئابدۇۋەلى، ئابلىكىم
(خۇيزۇ)، ۋېنلىن (شىبە)، مالىك ئىبراھىم (خۇيزۇ)، خەمىت
قاسىم، كامال ئىسمايىل (خۇيزۇ)، نىياز (خۇيزۇ)، زاقان
(قازاق)، كەكىم (قازاق)، بىكمۇقامېت (قازاق)، ئەخمەتبېك
(قازاق)؛ ئاخبارات، نەشرىيات ساھەسىدىن: ئابدۇۋەلى خەلپەت،
پەيزۇللا ئىمىن، قوجامقۇل، شەيخىدىن، مالىك كېۋىر، ئابدۇ-
سالام توختى، تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىن؛ ئىلىم ـ پەن سا-
ھەسىدىن: ئابدۇشۇكۇر تۇردى، رىزىدە (تاتار)؛ ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ساھەسىدىن: مىجىت، رۇستەم، ھۇسەيىن، ئىرىك،
پىدا، يى فۇ (شىبە)، ئەر فۇ (شىبە)؛ باشقا ساھەلەردىن: تۇر-
سۇنئاي، جاپپار جابىقباي (قازاق)، بېگزالبېك (قازاق). بۇلاردىن
باشقا، كېيىن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە
باشقا ساھەلەردە شۆھرەت قازانغان بىلىم يۇرتى ئوقۇغۇچىلىرى-
مۇ ئاز ئەمەس.

# 1949 ـ يىلدىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللار

## ئەرشىدىن تاتلىق

شىنجاڭدا شىنخەي ئىنقىلابى، «4 ـ ماي ياشلار ھەرىكىتى» بولۇپمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن نۇرغۇن مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر، توقۇنۇشلار ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەر خىل ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشلىرىمۇ بولۇپ تۇردى. خىلمۇ خىل سىياسەتلەر، ئىدىيىۋى ئېقىملار سەھنىگە چىقىپ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشتى. نەتىجىدە شۇ ھاكىمىيەت ۋە سىياسەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋى ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان گېزىت ـ ژۇرنال، كىتابلار بارلىققا كەلدى. 1957 ـ، 1962 ـ يىللىرى مەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تەشەببۇسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت باشقارمىسىنىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئارخىپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەرھۇم ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ ئەينى نۇسخىسىنى ئۆز ئەينى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بىر قېتىمدا ئۈچ ئايلىق، يەنە بىر قېتىمدا ئالتە ئايلىق مۇددەت بىلەن باردىم. شۇ مەزگىلدە «شىنجاڭ گېزىتى» ئارخىپ ئىسكىلاتىدا ساقلانغان شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. شۇ چاغدا بۇ يەردە ساقلانغان ماتېرىياللار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ كۆرۈش، خاتىرىلەش جەريانى ماڭا شىنجاڭدا چىقىرىلغان گې-

ـزىت ـ ژۇرنال، كىتابلارنىڭ دۇنياغا كېلىش، تارقىلىش جەريا-
نىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. بۇ گېزىت ـ
ژۇرنال، كىتابلارنىڭ بەزىلىرى شاپىگرافتا دۇنياغا كۆز ئې-
چىپ، مىخ مەتبەئە دەۋرىگە كىرگەن، بەزىلىرى ھەشەمەت بىلەن
تەشكىللىنىپ ئۇن ـ تىنسىز غايىپ بولۇپ كەتكەن، بەزىلىرى-
نىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەردە
تەشۋىقات، تەرغىبات، تەشكىللەش رولىنى ئوينىغان. بەزىلىرىدە
ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي مەنبەلەر، ئاز ئۇچرايدىغان ھۆج-
جەتلەر ئېلان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەزمۇنى كەڭ
بولۇپ، مەزمۇنىنى خاتىرىلەشكە ئۈلگۈرەلمىگەن بولسامۇ،
نەشر قىلىنغان، توختىغان يىللىرىنى بىر قۇر خاتىرىلىگەن
بولدۇم. شۇ خاتىرىلەرنى يىل تەرتىپى بويىچە رەتلەپ، قايسى
ھۆكۈمەت، قايسى گورۇھ، قايسى پارتىيىگە مەنسۇپلىقىنى يې-
زىپ چىقتىم. شىنجاڭنىڭ مۇرەككەپ مەتبۇئاتچىلىق تارىخىنى
تەتقىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالار،
دېگەن ئۈمىدتىمەن.

1. باسمىخانا

1871 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلىغىچە شۋېتسىيىنىڭ قەش-
قەردىكى دىن تارقىتىش پونكىتىدا تۇرغان گۇستاۋ راكېت
1910 ـ يىللاردا ئۇيغۇر يېزىقىدا باسمىخانا قۇرغان. ئۇنىڭدا
«تەۋرات» تىن تەرجىمىلەر، ھەرخىل دىنىي ئەسەرلەر ۋە ھۈنەر ـ
سەنئەت رىسالىلىرى، باشقا ئوقۇشلۇقلار بېسىلغان، ئۇيغۇرچە
تەبىئەتشۇناسلىق، جۇغراپىيە، ئىملا قائىدىسى، گراماتىكا قا-
تارلىق بىر قاتار دەسلىكلەر بىلەن يىلدا بىر قېتىم «تەقۋىم»
(كالىندار) نەشر قىلىنغان. بۇ باسمىخانا شۋېتسىيە يازغۇچىسى
سىلىمالا گىرلىيسۇنىڭ «ئېرۇسالىم»، ھېنرىخ سانكىۋىچنىڭ
«نەگە بېرىش كېرەك!؟» رومانلىرىدىن پارچىلارنى ئۇيغۇرچىغا
تەرجىمە قىلىپ بېسىپ تارقاتقان. ئامېرىكا پرېزىدېنتى ۋاشىن-
گىتوننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ئەدەبىي ئوقۇشلۇقنىڭ كۆ-
نۈكمىسىگە باسقان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى قەشقەر، يەكەنلەردە تې-

پىلىدۇ. بۇنىڭ ئاز بىر قىسمىنى 1956 ـ يىلى قەشقەردىكى كىتاپپۇرۇشلاردىن مەنمۇ سېتىپ ئالغانىدىم. دېمەك بۇ خىل نەرسىلەردىن بەزىلىرى مەندىمۇ بار ئىدى، ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە بۇلارنى بۇلاپ كېتىشتى. بۇنىڭدىن باشقا بۇ باسمىخانا يەنە يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە «يېڭى ھايات»، «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» ناملىق گېزىتلەرنىمۇ باسقان. 1935 ـ يىلى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

## 2. گېزىتخانىلار ۋە گېزىتلەر

1) قەشقەردە 1911 ـ يىلى زىيالىي قۇتلۇق شەۋقى تەرىپىدىن مىق مەتبەئەدە «ئاڭ» دېگەن ئۇيغۇرچە گېزىت نەشر قىلىنىپ، شىڭ شىسەي دەۋرىگىچە تارقىتىلغان. بۇنىڭمۇ بەزى ئايلىق توپلاملىرى گېزىتخانا ئارخىپ ئىسكىلاتىدا بار ئىدى.

2) «ئىلى دېھقانلىرى» بۇ گېزىت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن يەنى 1922 ـ يىللىرى ئىلىدا نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ كىم تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانلىقى نامەلۇم، ئۇ ھازىرقى «ئىلى گېزىتى» نىڭ دەسلەپكى ئاساسى بولسا كېرەك. بۇ ھەقتىكى تولۇق مەلۇمات، گېزىتنىڭ تولۇق ۋە ئايلىق سانلىرىنىڭ توپلىمى «شىنجاڭ گېزىتى» ئارخىپ ئىسكىلاتىدىن چىقمىدى. شۇ ۋاقىتتىكى گېزىتنىڭ بەزى سانلىرىدىن قارىغاندا، بۇ گېزىت شىڭ شىسەي دەۋرىدە «ئىلى دېھقانلىرى» دېگەن نامىنى ئۆزگەرتىپ «ئىلى گېزىتى» ياكى «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» بولۇپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

3) 1934 ـ يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تاش مەنبەئەدە ئۇرۇمچىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى» ناملىق گېزىت چىقىشقا باشلىغان. بۇ گېزىت 1936 ـ يىلىغا كەلگەندە مىق مەتبەئەگە ئېرىشىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە چىقىرىلغان، ئۈچ ـ تۆت ئايدىن كېيىن «ئۇيغۇر ئۇيۇشما» دېگەن سۆز ئېلىنىۋېتىلىپ

«ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت» نامىلا قالغان. بۇ گېزىتنى دەسلەپتە سوۋېت مۇتەخەسسىسى، خوجا نىياز ھاجىنىڭ مەسلىھەتچىسى مەنسۇر ئەپەندىن مەسئۇل بولۇپ چىقارغان. ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ ئۆزگەرگەندىن كېيىن قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، ئىلى، چۆچەك، ئالتايلاردا شۆبىلىرى قۇرۇلغان.

4) قەشقەردىكى ئۇيغۇرچە «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىلەن قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى بىرلىكتە مىخ مەتبەئە ئاساسىدا چىقىرىپ كېلىۋاتقان «يېڭى ھايات گېزىتى» دىن ئۆزگەرتىلىپ 1937 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان. 1944 ـ يىلى يەنە «ئالغ»غا، كېيىنچە «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلىپ ئازادلىققىچە چىقىرىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن، گېزىتنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

5) ئاقسۇدىكى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» دەسلەپتە 1924 ـ يىلى «خانىنىڭ تەسىس قىلغان يېڭى ئىشلىرى» دېگەن نامدا چىقىرىلغان. 1935 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى دانىش داموللام تەرىپىدىن «ئاقسۇ ئۇچۇرلىرى» دېگەن نام بىلەن تاش مەتبەئەدە، نىمشېھىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە 1939 ـ يىلغىچە چىقىرىلغان، كېيىن يەنى 1939 ـ يىلى مىخ مەتبەئەگە ئۆزگەرتىلگەن. بۇ ھەقتە شۇ ۋاقىتتا «ئاقسۇ ئۇچۇرلىرى» گېزىتىدە باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن نىمشېھىتنىڭ «باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى» دېگەن شېئىرىنى پاكىت ئورنىدا كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

كەل بادى سابا[①] دەردىمنى ئاڭلا بىناۋا بايمەن،
نېتەي ھەسرەت بىلەن قان يىغلىماقتا مۇپتىلا بايمەن.
بۇ شىنجاڭ تۇپراقىدا مەنمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن ئالغان،
تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلىشقا ئاشىنا بايمەن.
دەرىخا دەردى ھالىمنى سورغالى ھېچبىر كىشىم يوقتۇر،

ئېنىڭچۇن ھېچبىر گېزىتتە ئېتىم يوق بىۋاپا بايمەن.
ھەممىشە خىزمىتىم كۆپكە يېتىشلىك ئات كۆتۈرگەنمەن،
يېرىدىن، ئۆيىدىن ئايرىلغان يېتىملەگە ئاتا بايمەن.
تېخى ھەرنەۋئى مەدەنگە مېنىڭ ساندۇقلىرىم تولغان،
زېمىن ۋە تاغۇ ـ سۇلەر كەڭرىلىكتە پۇر باھا بايمەن.
تاپاخور[2] ئەيلىمەككە مەندە، ئوتتۇز جايدا مەكتەپ بار،
مائارىپقا ئىئانە ئەيلىگەن كۈندە راسا بايمەن.
ئېچىلدى دارىلمۇئەللىم مەندىمۇ ئىككى يېرىم ئاي، قىرىق
بەشتەك مۇئەللىمنى قىلغان ئەلگە ئاتا بايمەن.
ئوقۇشقا ياردەم ئەيلەپ، چىقاردىم نەچچە مىليون پۇل،
گېزىتكە يازدۇرالماستىن ئۆتۈپ كەتكەن خاپا بايمەن.
ئىئانە پۇللىرىمنىڭ كۆپرەگى ئالتۇن ـ كۈمۈش پۇلدۇر،
بۇ پۇللار نامىنى ھېچ كۆرمەيمەن، كۆڭلۈم قارا[3] بايمەن.
گېزىتتە نەشر ئەتمەكتىن جاھانغا پاش ئەمەس مەقسەد،
دەلىللىكتىن ئەل قاتارىدا ئېتىم يوق بىئاتا بايمەن.
ماڭا «شىنجاڭ»[4]، «يېڭى ھايات»[5]، «ئىلى»[6]، «چۆچەك خەۋەرلىرى»[7]،
يەنە «ئاقسۇ ئۇچۇرلىرى»[8] دا ئورۇن يوق بەك خاپا بايمەن.
سەۋەب كىمدىن، قايەردىن ماڭا ھېچكىم ئورۇن بەرمەس،
ئېنىڭچۇن ئۇيقىدىن باش كۆتەرمەستىن ياتار بايمەن.

بۇ چاغلاردا خوتەن ماخۇسەننىڭ قولىدا بولۇپ، گېزىت تەسىس قىلىنمىغان، ئالتايدىمۇ گېزىت چىقىرىلمىغان.

6) ئىلىدىكى ئۇيغۇرچە «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» 1924 ـ يىلى ئەسلىدىكى «ئىلى دېھقانلىرى» گېزىتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان، 1936 ـ يىلى قايتا ئۆزگەرتىلىپ «ئىلى دەرياسى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىت 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن نەشردىن توختاپ، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بۇ گېزىتنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى

تەسىس قىلىنغان. بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى ئۈچ تىلدىكى گېزىتنىڭ نامى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1950 ـ يىلى بۇ گېزىتنىڭ نامى «يېڭى يول» غا ئۆزگەرتىلدى.

7) «چۆچەك ئۇچۇرلىرى شىنجاڭ گېزىتى» 1934 ـ يىلى ئەسلىدىكى «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىدىن ئۆزگەرتىلىپ نەشر قىلىنغان. 1936 ـ يىلىدىن باشلاپ ھاجىيوفنىڭ مەسئۇللۇقىدا «خەلق ئاۋازى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن توختاپ قالغان، كېيىن قازاق تەرجىمان دۇۋبەك شالغىنبايوف تەرىپىدىن «ئىنقىلابچىل ياشلار» نامىدا نەشر قىلىنىپ، ئىتتىپاق تەشكىل قىلىنغاندا توختىغان.

8) خوتەندىكى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» 1939 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا ياش شائىرلاردىن ئەخمەد غوپۇرى ۋە بىلال ئەزىزىلەر بىر مەزگىل ئىشلىگەن. 1943 ـ يىلى نەشردىن توختىغان. 1946 ـ يىلى تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ كېيىنچە توختاپ قالغان.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە مىخ مەتبەئەدە تۆۋەندىكى گېزىتلەر نەشر قىلىنغان.

1) «مۇستەقىللىق گېزىتى»، بۇ ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا چىقىرىلىدىغان گېزىت بولۇپ، «مۇستەقىللىق ژۇرنىلى» دەپمۇ ئاتالغان.

2) «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا چىقىرىلغان. بۇ گېزىتلەرنىڭ ھەر ئىككىسى 1933 ـ يىلىدىن باشلاپ قەشقەردە نەشر قىلىنغان.

3) «ئەرك» گېزىتى 1947 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە «ئالتاي» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا چىقىرىلغان. 1949 ـ يىلى يەنى شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا نەشردىن توختىغان.

4) «يالقۇن» گېزىتى، 1947 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىپ، 1949 ـ يىلى ئازادلىق ھارپىسىدا توختىغان.

5) «ئويغان» گېزىتى، 1947 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئابلەت مەخسۇم، پولات ئالىمى، شەرىپىدىن قاتارلىقلار-نىڭ مەسئۇللۇقىدا چىقىرىلىپ، كېيىن ئىلىغا كۆچكەن، ئۇ يەردە نەچچە سان چىقىرىلىپ توختىغان.

6) «خانتەڭرى» گېزىتى 1946 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىپ كېيىن توختاپ قالغان.

7) «خەلق ئىستىكى» گېزىتى 1947 ـ يىلى قەشقەردە مىخ مەتبەئەدە، ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىپ، 1949 ـ يىلى-غىچە تارقىتىلغان.

8) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيۇشما تەرىپىدىن ئازادلىق ھار-پىسىدا قاسىمجان قەمبىرى تەھرىرلىكىدە «ھەقىقەت» گېزىتى نەشر قىلىنغان.

9) 1948 ـ يىلى ئىلىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىل-لىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن «ئىت-تىپاق»نىڭ ئورگىنى «ئالغا!» گېزىتىنى نەشر قىلغان. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «ئىتتىپاق» غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن 1952 ـ يىلىغىچە چىقىرىلىپ توختىغان. كېيىن قەشقەردە شىنجاڭ گېزىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ «جە-نۇبىي تيانشان گېزىتى» بولۇپ چىقىرىلغان.

10) 1948 ـ يىلى چۆچەكتە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى چۆچەك ۋىلايەتلىك كومىتېتى» نىڭ ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە «خەلقچىللىق گې-زىتى» نەشر قىلىنغان.

### 3. مىخ مەتبەئەدە نەشر قىلىنغان ئايلىق ژۇرناللار

1) «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ» ژۇرنىلى، بۇ ژۇرنال 1939 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىن-غان ئايلىق ژۇرنال.

2) «خەلق بىرلىك سېپى» ناملىق ئايلىق ژۇرنال، بۇمۇ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» تەرىپىدىن ئۇيغۇر

تىلىدا 1939 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە نەشر قىلىنغان. بۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى سوۋېت مۇتەخەسسىسى، خوجا نىياز ھاجىنىڭ مەسلىھەتچىسى مەنسۇر ئەپەندى ئىدى.

3) «يېڭى شىنجاڭ» ئايلىق ژۇرنىلى 1944 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان. گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى.

4) «جەنۇبتىن ئاۋاز»، بۇ ژۇرنالنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىلەن «ئاقسۇ شىنجاڭ گېزىتى» بىرلىكتە مىخ مەتبەئەدە چىقارغان. بۇ ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەرھۇم لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىدى. ژۇرنال بىر سان چىقىپلا توختىغان.

5) «خانتەڭرى» ئايلىق ژۇرنىلى «خانتەڭرى» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1946 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان. مەسئۇلى ئىبراھىم تۇردى بولۇپ، 1947 ـ يىلى غۇلجىغا يۆتكىلىپ توختىغان.

6) «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ م. ئە. بۇغدا مەسئۇللۇقىدا نەشر قىلىنىپ ئازادلىق ھارپىسىدا توختىغان.

7) «چىنى تۈركىستان» (يېرىم ئايلىق ژۇرنال). بۇ ژۇرنال ئالتاي ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1948 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

8) «ئۆرنەك» ژۇرنىلى 1946 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنغان.

9) «كۈرەش» ئايلىق ژۇرنىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىنىڭ ئوچۇق ئورگان ژۇرنىلى. بۇ ژۇرنال 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا چىقىرىلىپ 1948 ـ يىلى 11 ـ ئايدا توختىغان. بۇ ژۇرنال قالغان يەتتە ۋىلايەتكىمۇ تارقىتىلغان.

10) «ئىتتىپاق» ئايلىق ژۇرنىلى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە

خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى. بۇ ژۇرنال 1948 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ غۇلـ. جىدا نەشىر قىلىنىپ، 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل نەشر قىلىنىپ توختىغان. بۇ ژۇرنالنىڭ دەسلەپكى مەسئۇل مۇھەررىرى ئەخمەتجان، كېيىنكى سانلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر سايرانى مەسئۇل مۇھەررىر بولغان.

11) «ھايات مۇجەللىسى» ئىلى دىنىي ئىشلار نازارىتىنىڭ ئايلىق ژۇرنىلى. بۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى نىم شېھىت ئارـ مىيە ئېلى ئىدى.

12) «ھەپتىلىك مەجمۇئە» — ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ گېزىـ تى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن ھەپتىدە بىر قېتىم چىقىرىلغان ژۇرنال. بۇ بىتىم ئىمزالىنىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن توختىغان.

13) «ئالتاي» ژۇرنىلى ئالتاي نەشرىياتى تەرىپىدىن 1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1949 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنـ غان، بۇ ژۇرنالنىڭ ئاساسلىق تەشەببۇسچىلىرى مەسئۇد، ئەيـ سا، مەمتىمىن بۇغرالار ئىدى. بۇ ژۇرنالنىڭ 1 ـ سانى چۇڭـ چەكدا بېسىلغان.

14) «ئۆسمۈرلەر بىلىمى» ژۇرنىلى. بۇ ئايلىق ژۇرنال بوـ لۇپ، 1947 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

15) «دۇنيا ئەدەبىياتىدىن قىسقارتمىلار» 1948 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تەسىس قىلىنىپ، غەربىي شىمال مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

16) «ئىسلام ياشلىرى» ژۇرنىلى. بۇ قەرەلسىز ژۇرنال بوـ لۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ شۆيۈەنى ئىسلامشۇناسلىق جەمـ ئىيىتى تەرىپىدىن 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان.

17) «تارباغاتاي» ئايلىق ژۇرنىلى. بۇ ژۇرنال 1936 ـ يىلىـ نىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ھېكايىسى، شۇكۇر يالقۇننىڭ سەھنە ئەسەرلىرى بار

ئىدى. قاچان توختىغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرچە «يۇرت» ۋە «يۇرتداشلار» ناملىق ژۇرناللارمۇ بار بولۇپ، بۇنىڭمۇ 1945 ـ يىللىق سانلىرى بار ئىدى.

يەنە قازاقچە، قىرغىزچە ژۇرنال، گېزىتلەرمۇ بار بولۇپ، بۇلار مېنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش دائىرەمدە بولمىغاچقا تەپسىلىي خاتىرىلىمىگەنىدىم.

ئىزاھلار:

① بادى سابا ـــ تاڭ شامىلى، سەھەر شامىلى.

② تاپاخور ـــ پەخىرلىنىش، پەخىرلەنمەك.

③ قارا ـــ گۇمانلىنىش.

④ «شىنجاڭ» «شىنجاڭ گېزىتى» نى كۆرسىتىدۇ.

⑤ «يېڭى هايات» «قەشقەر گېزىتى» نى كۆرسىتىدۇ.

⑥ «ئىلى» «ئىلى گېزىتى» نى كۆرسىتىدۇ.

⑦ «چۆچەك خەۋەرلىرى» «چۆچەك گېزىتى» نى كۆرسىتىدۇ.

⑧ «ئاقسۇ ئۇچۇرلىرى» «ئاقسۇ گېزىتى» نى كۆرسىتىدۇ.

# كەلپىن تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

## ئابدۇساتتار ھامىدىن

كەلپىن خېلىلا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە يۇرت. ھازىرغىچە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تارىخىغا دائىر ئېنىق، رەسمىي بېكىتىلگەن ماتېرىيال قولغا چۈشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسەن كەلپىننىڭ تارىخىنى ئېتنوگراپىيە، ئېتمولوگىيە، فىزىئولوگىيە، ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن ئاساسەن مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

1956 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئۆتەڭ ـ قول ئەتراپىدىن جۇڭگو ۋە سوۋېت ئارخېئولوگلىرى ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ تاش قوراللارنى تاپقان. بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسىدە بار.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرى بۇنىڭدىن 6000 ــ 7000 يىل ئىلگىرى ئاياغلاشقان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن 6000 ــ 7000 يىل ئىلگىرى كەلپىندە ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. كەلپىن ناھىيەسىنىڭ بىر تېمىدىن چىققان تاش ئوقيا ئۇچى پىكرىمىزنىڭ يەنە بىر دەلىلى. 1983 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئارخېئولوگلار سېرىق توغراق دېگەن يەرنىڭ تەخمىنەن 500 مېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي زاراتگاھلىقنى تېپىپ چىقتى. ئارخېئولوگلار بۇ زاراتگاھلىق 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن دەپ پەرەز قىلدى. تارىختىن خەۋىرى بار ھەربىر ئادەم شۇنى بىلىدۇكى، مىلادىيدىن 170 نەچچە يىل ئىلگىرى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورىدىن غەربكە كۆچكەن ياۋچىلارنىڭ بىر قىسمى تەكلىماكان

بوستانلىقىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. غەربكە كۆچۈپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا بارغان ياۋچىلار ئۇ يەردىن ساقلار (Saka)نى جەنۇبقا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. جەنۇبقا كۆچكەنلىرى تارىم ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بىزنىڭچە ياۋچىلار بىلەن ساقلار كەلپىن خەلقىنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

كەلپىندىكى يۇرچى دېگەن يەر نامىنى ياۋچىلارنىڭ ئىسمىغا قويۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ياۋچىلارنى بەزى ئالىملار يورىچى، يوچى دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ.

ياۋچى — جەڭگىۋار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كەلپىنلىكلەر ھازىرغىچە سىپايى تىللارنى كەم قوللىنىدۇ، مەسىلەن، ئۇلار يېقىنلىرىنى سىز، سىلى، ئۆزلىرى دەپ ئاتىماي «سەن» دەپ ئاتايدۇ، بىر - بىرىگە مەسلىھەت تەرىقىسىدە ئەمەس، بۇيرۇق شەكلىدە سۆز قىلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياۋچىلار تىلىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تەسىرى دېيىشكە بولىدۇ.

قەدىمكى ياۋچىلار گەنسۇدىكى خېشى كارىدورىدىن قوغلانغاندىن كېيىن ساقلار بىلەن بىرلىشىپ، بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە ساقا دېگەن بىر جاي بار. بۇنى شۇ چاغدىكى ساقا خەلقى ياشىغان جاي دەپ قاراشقا بولىدۇ. ساقا ئەتراپىدىن تېپىلغان ھېجىرلار، قەدىمكى زامانغا مەنسۇپ بەزى بۇيۇملار بۇ نۇقتىنى روشەن دەلىللەپ بېرىدۇ.

ياۋچىلار ۋە ساقلار كېلىپ قوشۇلۇشتىن ئىلگىرىكى كەلپىندە زادى قانداق ئادەملەر ياشايتتى دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بەزىلەر بۇ يەردە كۇسەن خەلقى ياشايتتى دېسە، يەنە بەزىلەر بارچۇق خەلقى ياشايتتى دېيىشىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، كۇسەن بىلەن قۇم (ئاقسۇ)نىڭ، بارچۇق بىلەن قەشقەرنىڭ شىۋىسى ئەينى زاماندا ئوخشاش بولغان، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تورالارغا مەنسۇپ ئىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ

ئىيتقاندا كەلپىندە تورالار ياشىغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. تورالار ساقلار ۋە ياۋچىلار بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىش ئارقىلىق كەلپىن خەلقى بولۇپ شەكىللەنگەن.

سىيىت ھەيدەرخان ئۆزىنىڭ «كۇشان خانلىقى» دېگەن ئەسىرىدە ياۋچىلارنىڭ ئون نەچچە قەبىلىسى بارلىقىنى قەيت قىلغان. بۇ قەبىلىلەرنىڭ تولىسى ھايۋانلارنى توتېم قىلغان. ئاشۇ ئون نەچچە قەبىلە ئىچىدە كالاپان دېگەن بىر قەبىلە بولغان، «كالاپان» دېگەن سۆز كالىنى بەلگە قىلغۇچى، كالىنى مۇقەددەس بىلگۈچى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، «پان» سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، ھەقداسى، ئىگىسى دېگەن مەنىنى بىلدۇرەتتى، شۇڭا «كالاپان» سۆزى كېيىنچە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «كەلپىن» بولۇپ ئۆزگەرگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق ئۆزگەرگەن سۆزلەر خېلى تېپىلىدۇ. مەسىلەن، ئالىپكەل — ئېلىپ كەل، ئەپكەل، ئەپكە، ئەكە... دېگەنگە ئوخشاش.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا، سۆزلەر ھامان قىسقىراش، سىلىقلىنىش تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇكى، ھەرگىز ئۇزىراش، قوپاللىشىش تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلمايدۇ. شۇڭا «كەپە» «كەلكۇن» سۆزلىرى كېيىنچە «كەلپىن» گە ئۆزگەرگەن دېيىش تىل تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياۋچىلاردا ئاياللار ئۆي خوجايىنى ھېسابلىناتتى. شۇ ياۋچىلارنىڭ ئۆي ئىگىسىنى چاقىرىدىغان «ئاغاچا» سۆزى كەلپىندە ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

بىز يۇقىرىدا تورالار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. تورالارنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى توغرىسىدا «كونا تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى»دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. كېيىن ۋېي سۇلالىسى زامانىسىدا

ئۇلار تورالار دەپ ئاتالدى». تورالارنىڭ شىنجاڭدا ياشىغانلىقى توغرىسىدا «سوي سۇلالىسى يىلنامىسى» دىمۇ ئىنىق مەلۇمات بار. كەلپىن ناھىيەسىدىكى گەزلىك يېزىسىدا تورا ئايمىقى دې-گەن قەدىمكى بىر مەھەللە بار. بۇ نامنى شۇ تورالارنىڭ نامى-دىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

مىلادى 1 ـ ئەسىردىن باشلاپ بۇددا دىنى ھىندىستاندىن تارىم ئويمانلىقىدىكى خوتەن، كۇچا، قەشقەرلەرگە، كېيىنرەك تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئې-تىقاد قىلىدىغان دىنىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئورغۇنلىغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بارلىققا كەلدى. كەلپىندە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قىسىل بۇددا خارابىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بۇ خارابىدىكى تام سۈرەتلىرى كۇچادىكى مىڭ ئۆي تام سۈرەتلىرى بىلەن ئوخشاش، بۇ، ئەينى زاماندىكى كەلپىنلىك-لەرنىڭ بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ناھىيەلىك سېمونت زاۋۇتى بۇزۇپ تاشلى-غان قىسىلدىكى بۇ بۇددا خارابىسىنىڭ 30 نەچچە ئېغىزلىق ئۆيىدىن بۇت، تاملارغا يېزىلغان خەتلەر، ساپال قاچىلار چىق-قان. ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى كەلپىندە تەك-شۈرۈش ئېلىپ بارغان چاغدا قىسىل بۇددا خارابىسىدىن تې-رىق، سامان، بۇغداي چىقتى. تومئېرىق كونا شەھىرىدىن كۇ-چانىڭ مىس پۇلى تېپىلدى، ئارخېئولوگلار بۇ پۇل 2000 يىل-لىق تارىخقا ئىگە ئىكەن دەپ قارىدى، ئاچال رايونىنىڭ تىم، دۆ-ۋەتىم، سوك شەھىرى، ئاق شە (ئاق شەھەر) خارابىسىدىن مىس-تىن ياسالغان قەدىمكى ئات بەلبېغى، تاش ئوقيا ئۇچى، تاش ئو-يۇنچۇق، مىس پۇل، مارجان، تۆمۈردىن ياسالغان كىسلا (پۇل قاپچۇقى)، قەدىمكى ياغىچاق تېشى تېپىلدى. يەنە يۇقىرىدىكى جايلاردا تۆمۈر، گۈڭگۈرت ئېرىتكەن ئىزلار، خىلمۇ خىل ساپال قاچىلار ئۇچرىتىلدى. ئىلگىرى كىشىلەر باغلىق ئايمىقىنىڭ يې-نىدىكى سايات خارابىسىدىن قوشۇغۇن ۋە مىس پۇللارنى تاپقان-دى. «يېڭى تاڭنامە»دە يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولى كەلپىندىن

ئۆتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. بۇ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيـ
دىن كەلگەن يولداشلار ھازىرقى تىم ۋە ئاق شەھەرنىڭ يىپەك يو-
لى ئۈستىدىكى ئۆتەڭ ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

629 ـ يىلى شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا بۇددا نومى ئالغىلى بارغان تاڭ راھىبى شۈەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئاقسۇدىن مىس، ئالتۇن، قوغۇشۇن، تۆمۈر، قەلەي چىقىدىغانلىقىنى يازغان. يىپەك يولـ نىڭ جەنۇبىي تارمىقىنىڭ كەلپىندىن ئۆتكەنلىكى ۋە ھازىرمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تۆمۈر، گۈڭگۈرت ئېرىتكەن ئىزلار كەلـ پىننىڭ ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسـ پاتلايدۇ.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرى كەلپىن خەلقى دېھقانچىلىق قىلىشنى باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ چاغدا كەلپىن خەلقى ئۇنسۇ (ھازىرقى ئۇچتۇرپان) ۋە سەپەرۋايىغىچىلىك بولغان رايونلاردا چارۋا باقاتتى. مىلادى 40 ـ يىللىرى كەلپىن يەكەن پادىشاھلىقىغا قارىغان. مىلادى 60 ـ يىللىرى يەكەن پادىشاھـ لىقى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن كەلپىن سۇلى (ھازىرقى قەشـ قەر) غا قارىغان. بۇ مەزگىللەردە كەلپىندىكى يىپەك يولى ئۆـ تەڭلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن. غەربىي رايون تەزكىرىسىدە كۆرـ سىتىلگەندەك «بېكەتلەر ئارىسىدا يۈرۈپ تۇرغۇچى يولۇچىلار ئۈزۈلمەيتتى، ياقا يۇرت سودىگەرلىرى ۋە ئېلىپ ساتارلار ھەر كۈنى قورغان تۈۋىگە كېلىپ تۇراتتى».

ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان بۇددا خارابىلىرىدىن قارىغاندا كەلپىن ناھىيەسىدە مىلادى 277 ـ يىلى ھۇنلارنىڭ بىر تارـ مىقى ياشىغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، بۇ مەزگىلدە ئۇنسۇ (ھازىرقى ئاقسۇ) ۋە سەپەرۋايىلاردىن تاكى كىنگىتقىچە ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى ياشىغاندى. دېمەك بۇ چاغدا كەلپىن ئۇنسۇ تەۋەسىدە ئىدى.

648 ـ يىلى كۇچادا ئاشناشىر تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى تەـ

سىس قىلغاندا، كۇچانىڭ چېگراسى شەرقتە كىنگىت تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىگىچە، غەربىي جەنۇبتا سۇلى قورۇقچىبەگ مەھكى-مىسىگىچە باراتتى. ئۇنىڭ تارمىقىدا توققۇز ئايماق بولۇپ، قۇم ئايمىقى (ھازىرقى ئاقسۇ)، ئونسۇ ئايمىقى (ھازىرقى ئۇچتۇر-پان، سەپەرۋاي)، يۇتۇ ئايمىقى (ھازىرقى ئاقچى ناھىيەسى)، ۋۇ-لى ئايمىقى (ھازىرقى بۇگۇردە) ئاشۇلار جۈملىسىدىن ئىدى. بۇ ئايماقلارنىڭ نامى تەخمىنەن خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن داۋام قىلىپ كەلگەن. جايلاشقان ئورۇنلىرىمۇ ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

763 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار يۇرتىغا ئىچكىرىدىن كەلگەن تۆت راھىبنىڭ مانى دىنىنى تەشۋىق قىلىشى بىلەن كەلپىنلىكلەرمۇ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. Ⅶ ئەسىردە يا-شىغان مەشھۇر بۇددىس ۋە تەرجىمان شۇەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋ-رىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «قەشقەر، خوتەن، كۇچا ئەتراپلىرىدا قوللىنى-لىۋاتقان يېزىق ھىندى يېزىقى بولۇپ، تىلى ھىندى تىلى ئە-مەس» دەپ كۆرسەتكەن.

كەلپىندىكى قىسىل بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى تامغا يېزىل-غان خەتلەر (1976 ـ يىلى بۇ تام ۋەيران قىلىۋېتىلگەن) دەل شۇ خەتلەردىن بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار كۆك تۈرك خانلىقى (522 ــ 744) ئاجىزلىشىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 744 ـ يىلى ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان (744 ــ 840) ئىدى. Ⅸ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بىرمۇنچە تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقى موڭغۇلىيە زېمىنىدىكى ئۆتۈ كەنتىنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر خاندانلىقى ئاجىزلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسەت ۋە مەدەنىيەت مەركىزىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكەشكە مەجبۇر بول-دى. بۇ چاغدا غەربكە كۆچكەن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئەسلىدە كەل-پىندە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىبىگە قوشۇلدى. بۇ چاغدا شىنجاڭغا ئىككى خاندانلىق (يەنى قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى (850 ــ 1250)، بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقى (850 ــ 1212))

ھۆكۇمرانلىق قىلاتتى. قوجۇ خاندانلىقىنىڭ چېگراسى ئاقسۇ رايونىغىچە ئىدى. قوجۇ خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كەلپىن كۇچاغا قارايتتى. كەلپىندىكى يۇرچى يېزىسىدا توققۇز گۇمبەز ۋە ئابدۇل پەتتا سامانى دېگەن كىشىنىڭ قەبرىسى بارلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن قارىغاندا 893 ـ يىلىدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان سامانىلارنىڭ شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۇرۇشلىرى كەلپىن دائىرىسىگىمۇ يېتىپ كەلگەن بولۇشى ۋە توققۇز گۇمبەز شۇ چاغدا بەرپا قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن (ۋاپاتى 956 ـ يىلى) ئىسلام دىنىنى كۇچەيتىش ئۇچۇن جەڭ قىلىپ چېگراسىنى ئاقسۇغىچە كېڭەيتكەن. بۇ چاغدا كەلپىن خەلقى ئىسلام دىنىغا كىرگەن. بەزىلەر قاراخانىلار بىلەن قوجۇلار ئۇرۇشىدا قوجۇ يېڭىلگەچكە كەلپىننى ئۇرۇش چىقىمى ئۇچۇن قاراخانىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن دېيىشىدۇ.

ئىسلام دىنى تەدرىجىي راۋاج تېپىپ ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلارغا تارقالغاندا، كەلپىن ئەسلىدىكى چېگرالىق ھالىتىنى ئۆزگەرتكەن. قاراخانىلار چېگراسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ كەلپىن يەنە ئاقسۇ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. 1264 ـــ 1225 ـ يىللىرى ئىسلام دىنى كۇچاغا تارقالغان. 1220 ـ يىللىرى موڭغۇل ئىستىلاچىلىرى شىنجاڭنى ئىستىلا قىلغان. 1368 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن شىنجاڭ يەنىلا چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى بالىسى چاغاتاينىڭ ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ (1343 ـــ 1363) قولىدا ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئاقسۇدا تۇرغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن شەيخ جامالىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا كىرىپ، مۇشۇ ئەتراپتىكى موڭغۇللارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇۋەتكەن. مۇشۇنداق كىشىلەر كەلپىندىمۇ بار.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلگەندىن كېيىن شىنجاڭدا يەنە بۆلۈ-

نۇش كېلىپ چىققان. 1400 ـ يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭدا بىرقانچە بەگلىك ئۆز ئالدىغا بىر يۇرتنى ئىگىلىۋېلىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن، بۇ چاغدا كەلپىن يەنىلا ئاقسۇ دائىرىسىدە ئىدى. 1429 ـ يىلى يۇنۇس ئاقسۇغا خان بولغان چاغدا كەلپىن يەنە شۇ خانلىققا قارىغان. 1467 ـ يىلى ئابابەكرى قەشقەردە خانلىق قۇرغاندا كەلپىننى يەنە قەشقەرگە تەۋە قىلىۋالغان. 1487 ـ يىلى يۇنۇس ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئەخمەت ئاقسۇدىن تۇرپانغىچە بولغان جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 1509 ـ يىلى ئەخمەت ئاقسۇدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. يۇنۇسنىڭ ئىككىنچى ئوغلى سەئىدخان 1514 ـ يىلى ئاقسۇدىن غەربىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ كەلپىننى ئالغاندىن باشقا ئاتۇشقىچە بولغان جايلارنى ئىگىلەپ، 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغان. بۇ چاغدا كەلپىن سەئىدىيە خانلىقىغا بىۋاستە قارايدىغان بەگلىك بولغان.

«يەركەن تارىخى» دېگەن ماتېرىيالدا سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە بىرقانچە جايلارنىڭ ئاۋاتلاشقانلىقى قەيت قىلىنىپ، كەلپىنمۇ تىلغا ئېلىنغان. سەئىدىيە خانلىقى بىنەم ئېچىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بەرگەنلىكتىن، بۇ دەۋردە ئاچال، چىلان، ئىنگەن، سۇ بېشى قاتارلىق جايلاردا بوز يەرلەر ئېچىلغان ۋە ئادەملەر ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. بۇ چاغدا كەلپىنگە قەشقەر تەرەپتىن كۆپلىگەن كىشىلەر كەلگەن ۋە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھازىرقى گەزلىك يېزىسىغا ئورۇنلاشقان، بۇ ھال گەزلىك شىۋىسىدە ھازىرمۇ خېلى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئابدۇرېشىت خان ئۆلگەندىن كېيىن، خوجىلار ئىچكى نىزا كەلتۈرۈپ چىقارغاندا كەلپىن ناھىيىسى بىرقانچە قېتىم ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلانغان. كەلپىننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلىنىۋاتقان رىۋايەتلەر ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ قولىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەردىن قارىغاندا خوجىلارنىڭ كەلپىندە ۋەخپە يەرلىرى بولغان. گەزلىك يېزىسى-

ـدىكى كىشىلەر بۇباق شاھ توغرىسىدا رىۋايەت قىلىپ ئۇنىڭ يېرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى ئېيتىشىدۇ. يۇرچى يېزىسىدا ساقلىنىۋاتقان ھۆججەتلەردە ئاپپاق غوجىنىڭ ۋەخپىي يېرى تىلغا ئېلىنغان. خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلاردىن كېيىن قورول ئۇجمە (باغلىق ئايمىقىدا) شېھىتلىكى مەيدانغا كەلگەن.

ئىگىلەنگەن رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سەئىدىيە خانلىقى مەزگىلىدە (1513 ــ 1678) كەلپىننىڭ ھازىرقى گەزلىك يېـ ـزىسىنىڭ باغلىق ئايمىقى يېنىدىكى يار ئېقىن بىلەن يۇرچى ئايمىقىدىكى يار ئېقىن بولمىغانلىقتىن، كەلپىننى دائىم كەلـ ـكۈن بېسىپ كېتىپ خەلققە چوڭ بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرەتتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى ئورۇندا بىردىن كىچىك ئۆستەڭ چېپىلىپ مازار ئېقىنىغا تۇتاشتۇرۇلغان. شۇـ ـنىڭدىن كېيىن سۇ تارتىپ كېتىپ بۇ يار ئېقىنلار پەيدا بولـ ـغان. 1757 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ نازارىتىدىن قۇتۇلۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلەنگەن بۇرـ ـھانىدىن غوجا بىلەن غوجا جاھان ئىسيان كۆتۈرگەن. 1758 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا غوجا جاھان كۇچادىن ئاقسۇغا كېلىپ ئاقـ ـسۇ، يەكەن ۋە ئۇچتۇرپاندىن 1000 نەچچە ئۇيغۇرنى توپلاپ ئۇچتۇرپان ۋە ئاقسۇدا جەڭ قىلغان. ئەمما بۇلار جاۋخۇەي باشـ ـچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالماي يېڭىلگەن. غوجا جاھان يەنە 3000 ئەسكەر ئېلىپ قوغلاپ كېـ ـلىۋاتقان چىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن چىلاندا قاتتىق ئۇرۇش قىـ ـلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالماي كەلپىن ئارقىلىق قەشقەرگە چېكىنگەن. بۇ چاغدىكى ئۇرۇشقا كەلپىنـ ـلىكلەردىن ھازىرقى گەزلىك يېزىسىنىڭ پاسۇن ئايمىقىدىكى ساماساق بەگ 40 ئەسكەر بىلەن، ھازىرقى يۇرچى يېزىسىنىڭ قۇمئېرىق ئايمىقىدىكى قوۋان مىراب قاتارلىقلار قاتناشقان. غوجا جاھاننى قوغلاپ كىرگەن چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى كەلپىندە تازىلاش ئېلىپ بارغان. قوۋان مىراب جەڭدە ئۆلگەنـ ـدىن كېيىن ئۇنىڭ توققۇز بالىسى ئىچىدىن يەتتىنى جاۋخۇەي

جاڭجوڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. قالغان ئىككىسى قەشقەرگە قېچىپ كەتكەن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ يەر - زېمىنىنى ۋەخپە قىلمۇالغان. بۇ قېتىملىق جەڭ 6 - يېغىلىق دەپ ئاتالغان. مۇشۇ مەزگىلدە كەلپىننىڭ چىلان دېگەن يېرىدە پوتەيلەر ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەر ياسىلىپ ئىستىھكام قۇرۇلغان. شۇ چاغدا چىلاندا قۇرۇلغان پوتەي ۋە ئىستىھكاملارنىڭ ئىزلىرى ھازىرمۇ بار.

1759 - يىلى كەلپىن ئاقسۇ ئىش باشقۇرغۇچى ئامبالغا قارايدىغان بولغان، بۇ چاغدا ئاقسۇ ئىش باشقۇرغۇچى ئامبىلى قەشقەرگە قارايتتى. مۇشۇ مەزگىلدە كەلپىنگە ئالتە جەرىكلىك ھاكىم بەگدىن بىرى، يەتتە جەرىكلىك قازى بەگدىن بىرى تەيىنلەنگەن، ئۇلارنىڭ تامغىسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن.

1761 - يىلى يېزىلغان «شەرقىي جۇڭگو خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ 31 شەھىرىگە ھاكىم بەگ قويغان، بۇ شەھەرلەر ئىچىدە يەركەن، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن ئۈچىنچى دەرىجىلىك چوڭ شەھەر، ئۇچتۇرپان، يېڭىسار، كۇچار، پىچان، ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەر، شايار، سايرام، باي، كورلا، بۈگۈر، پەيزىۋات، تاشمىلىق، قاراقاش، كەلپىيا، يورۇڭقاش، چىرلا، تاق، ئاستىن ئاتۇش، ئاللاگو، ئۈستۈن ئاتۇش، يېڭى ئىچپەن، بارچۇق، سايرىقول، لوكساق، توققۇزاق، قارا غوجا، ياڭخى، كەلپىن كىچىك شەھەر ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھاكىمبەگ تامغىسى بار ئىدى.

1760 - يىلى ئاقسۇ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى كەلپىن ھاكىم بېگىگە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرى ئىشلىتىدىغان ئوق - دورىلارنى ياساشقا كېتىدىغان گۈڭگۈرتنى يەتكۈزۈپ بېرىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن. ئۇن

ئۇيغۇر ئاچال گۇڭگۇرت كاندىن 607 جىڭ گۇڭگۇرت كولاپ ئۇچتۇرپانغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. 1765 ـ يىلى ئۇچتۇرپان دېھ-قانلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە كەلپىن قۇمئېرىقتىن جانان باي، يۇقىرىستىن تاي باي قاتارلىقلار قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، ئۇچتۇرپان خەلقى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان. كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوزغىلاڭنى تىنچىتىش پىلانىغا ئاساسەن كەلپىندىنمۇ بىر بۆلۈم كىشىلەر ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان.

1826 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى ئىلى جاڭجۇنى چاڭلىڭنى ياڭيۈي قىلىپ، ئۇنىڭغا شەنشى، گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى ياڭ يۈيچۇڭ ۋە سەندۇڭ باش تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار باش مەسلىھەتچىسى ۋۇلوڭانى قوشۇپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن 36 مىڭدىن ئوشۇق ئەسكەر توپلاپ، بۇ ئەسكەرلەرنى جاھانگىر خوجا قىسىملىرىغا قارشى ئەۋەتكەن. 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ، 17 ـ، 18 ـ كۈنلىرى جاھانگىر خوجا 6000 دىن ئوشۇق ئەسكەر بىلەن ئاقسۇنى ئېلىش ئۈچۈن قۇمباش دەرياسىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، دەر-يادىن ئۆتەلمەي 10 ـ ئايدا 3000 ئەسكىرى بىلەن كەلپىندە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ھەمدە قۇرئان ئوقۇپ دۇئا بېرىش بى-لەن كەلپىن خەلقىنى قوزغىغان. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا چىڭ ئەسكەرلىرى كەلپىنگە كىرىپ جاھانگىر خوجىنىڭ 3000 ئا-دىمىنى يوقىتىپ شىمالىي ئايماقلار (ھازىرقى يۇرچى يېزىسى-نىڭ 6 ئايمىقى) بىلەن جەنۇبىي ئايماقلار (ھازىرقى گەزلىك يېزىسىنىڭ 6 ئايمىقى)نى تولۇق كۆيدۈرۈپ تاشلىغان، رىۋايەت-لەرگە قارىغاندا بۇ چاغدا جاھانگىر خوجىنىڭ بىر بۆلۈم ئەس-كىرى قۇمئېرىق ئايمىقىنىڭ جايى مازىرىم، مازار ئېقىن ئۆس-تىدىكى سۇلتان قىرىم ئاتام، پاسۇن ئايمىقى يېنىدىكى قىسماق مازار، ئاياغ بەلجىت، توقسۇن مەسچىت، يۇقىرىسىنىڭ قادراش-

مان، قومئبرىق، ئۇنىيە قاتارلىق نۇرغۇن جايلىرىدا ئۇرۇش مەيدانى ئاچقان، بۇ چاغدا كەلپىن خەلقىنىڭ بىر قىسمى تاغلارغا، ياقا يۇرتلارغا چىقىۋالغان.

1848 ـ يىللىرى كونا چىلان ھەربىي ئەسلىھە پوتەيلىرى قايتا رېمونت قىلىنىپ ياسالغان. كېيىنكى بەزى پوتەيلەر سىپ ـ لىنىغان. 1857 ـ يىلى جاھانگىر خوجىنىڭ جىيەنى ۋەلىخان تۆرە توپىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە ئۇ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئالغان. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن شۇ چاغدا شىن ـ جاڭنىڭ ئاقسۇ، كەلپىن، خوتەن، يەركەن، بارچۇق قاتارلىق جايلىرىدا قوزغىلاڭلار بولغان. 1862 ـ يىلى ئاقسۇدا چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە كەلپىن ئاكتىپ ئاۋاز قوشقان. بۇ چاغدا كەلپىنگە ئاقسۇلۇق سىدىق بەگ بەگ ئىدى. 1865 ـ يىلى ئەتىيازدا ياقۇپ بەگنىڭ ئەلچىسى خوجا نەزەر بەگ چىلانغا كېلىپ ئۇچتۇرپانغا 100 كىشىلىك ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇچتۇرپانىنى ئۆز قارمىقىغا ئالغاندىن كېيىن 12 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن ئاقسۇ، كۇچالاردا جەڭ قىلىپ، خەلق قوزغىلىڭىنىڭ داھىيلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇ يەرلەرنى ئۆز ـ زىگە قاراتقان. بۇ چاغدا كەلپىنمۇ مۇستەقىل بىر بەگلىك سۈ ـ پىتىدە ياقۇپ بەگكە قارىغان.

«قەشقەرىيە» دېگەن كىتابتا 1877 ـ يىلى كەلپىندە 3000 ئاھالە بار ئىدى، ئۇلار قەشقەر دۆلىتىگە 14 مىڭ چارەك پاراق، 20 مىڭ تەڭگە تاناپ بېجى، 25 مىڭ تەڭگە زاكات تاپ ـ شۇراتتى دەپ يېزىلغان.

1877 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى 7 شەھەر («قەشقەرىيە»)نى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىچە كەلپىندىن 100 دىن ئارتۇق كىشى بىدۆلەت ئارمىيىسىدە ئەسكەر ۋە ئو ـ فىتسېر بولغان.

1877 ـ يىلى ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلان ـ

غاندىن كېيىن، ئاقسۇ كونا شەھىرىدىن ئەسكەرلەر بىلەن كەل-
گەن جىسا خەنزۇلار بىر مەزگىل كەلپىندە تۇرۇپ يۇرت سورى-
غان. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەلپىن ئاق-
سۇ دوتەيلىكىگە قارايدىغان بولغان. 1902 ـ يىلى كەلپىندە
شۆبە مۇداپىئە ئامبىلى تەسىس قىلىنىپ، كەلپىن شۆبە ناھىيە
بولغان. 1930 ـ يىلى ئاقسۇ ناھىيىسىدىن رەسمىي بۆلۈنۈپ
چىقىپ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ناھىيە بولغان.

# 1949 ـ يىلدىن ئىلگىرى قەشقەردە ئىشلىتىلگەن پۇللار

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنە چىكى ھېسابلىنىدىغان پۇل ياڭ زىڭشىن دەۋرىدە قەغەز، كۈمۈش ۋە مىستىن ياسالغان ئۈچ خىل ئاقچا ئىدى.

قەغەز ئاقچا ـــ قەغەزدىن ياسالغان پۇل بولۇپ، بۇ خىل پۇل بىر ئۆلكىدە ئىككى خىل قوللىنىلغان، يەنى شىمالىي شىنجاڭدا (ئاقسۇ ۋىلايىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) خەجلىنىدىغىنى سېكپىيو (ئۆلكە پۇلى) دەپ ئاتالسا، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدە خەجلىنىدىغىنى خاپيو (قەشقەر پۇلى) دەپ ئاتىلاتتى، خەلق تىلىدا قەغەز پۇل دېيىلەتتى.

ئۆلكە پۇلى بىر سەرلىك بىر خىللا پۇل بولۇپ، ئادەتتە قىممەت جەھەتتە قەشقەر پۇلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى. بۇ خىل پۇلنىڭ پارچە بىرلىكى تۈچتىن ياسالغان يارماق بولۇپ، ئۇ ئۆز قىممىتى ۋە دائىرىسىدىلا ئۆتەتتى.

قەشقەر پۇلى بىر سەرلىك ۋە تۆت تەڭگىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىللا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سەرلىكى بىر سەر تاۋار كۈمۈش بىلەن تەڭ قىممەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن خەلق ئىچىدە بىر سەر پۇل 16 تەڭگە ھېسابلانسا، ھۆكۈمەت ھېسابىدا 400 داچەن مىس پۇل قىممىتىگە ئىگە ئىدى.

كۈمۈش ئاقچا ـــ ئادەتتە تەڭگە پۇل دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تاۋار ئۆلچىمى بويىچە بىر سەر كۈمۈشتىن ياسالغانىدى. بۇ خىل پۇلنىڭ پارچىلىرى بىر مىسقال، ئىككى مىسقال، ئۈچ مىسقال ۋە بەش مىسقالدىن ئىبارەت تۆت خىل بولۇپ، ئادەتتە بىر سەر كۈمۈش 10 مىسقال ھېسابلىناتتى.

مىس ئاقچا ـــ ئادەتتە بۇ پۇللارنىڭ پارچىسى بولۇپ، بىر داچەن، بەش داچەن، 10 داچەن، 20 داچەن دەپ تۆت خىلغا ئايرىلاتتى. 20 داچەنلىك پۇل ئادەتتە «تىيىن» دەپ ئاتىلاتتى.

قەشقەر پۇلىنىڭ بىر سەرى هازىرقى 10 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ بولۇپ، پۇلنىڭ ئالدى تەرەپ يۈزىگە «بۇ تىيزا پۇل قەشقەر، خوتەن تەۋەلىكىدە ئۆتىدۇ» دېگەن خەت بېسىلغان بولسا، ئوتتۇرىسىغا «بۇ پۇل هۆكۈمەتنىڭ پۇلى، هەر بىر سەرى 400 داچەنگە باراۋەر» دېگەن خەت بېسىلغان، ئارقا تەرىپىگە «بۇ تىيزا پۇل باج قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، يالغان پۇل چىقارغۇچىلار جازالىنىدۇ» دېگەن خەتلەر بېسىلغان. ئاخىرىغا پۇلنىڭ بېسىلغان ۋاقتى كۆرسىتىلگەن. قەشقەر تىيزىسىنىڭ تۆت تەڭگىلىكى هەجىم جەھەتتە سەل كىچىكرەك بولۇپ، قىممەت جەھەتتە 100 داچەنگە باراۋەر، ئەمما خەتلىرى بىر سەرلىك پۇلنىڭكىگە تامامەن ئوخشايتتى. بىر سەرلىك قەشقەر تىيزىسىنىڭ قىممىتى شۇ چاغدىكى بىر سەر كۈمۈش تەڭگە بىلەن باراۋەر بولۇپ، خەجلىنىشتىمۇ پەرقلەنمەيتتى. لېكىن كۈمۈش تەڭگىنىڭ ۋەزنى ئېغىر بولغاچقا، كىشىلەر قەغەز پۇلنى ساقلاشقا ئەپلىك دەپ ئەتىۋارلاپ ساقلايتتى. شۇڭا بەزىدە پۇل سودىگەرلىرى (سەرراپ) گە كۈمۈش تەڭگە ئۈستىدىن ئىككى ـ ئۈچ داچەن پۇل بېرىپ، قەغەز پۇلغا ئالماشتۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆلكە پۇلى جەنۇبتا ئۆتمەيدىغان، قەشقەر تىيزىسى شىمالدا ئۆتمەيدىغان بولغاچقا، جەنۇبتىن شىمالغا بارىدىغانلار قەشقەر تىيزىسىنى، شىمالدىن جەنۇبقا كەلگەنلەر ئۆلكە پۇلىنى مەلۇم باهادا پۇل سودىگەرلىرىگە ساتاتتى. دېمەك، پۇل بۇ مەزگىلدە بىر خىل تاۋارغا ئايلانغان بولۇپ، ئېلىش ـ سېتىش باهاسى مۇقىم ئەمەس ئىدى، يەنى پۇل ئالىدىغانلار كۆپ بولغاندا باها ئەرزان، پۇل ئالىدىغانلار ئازايغاندا باها قىممەت بولغانىدى.

بۇ مەزگىلدە سىرتتىن كېلىدىغان ماللارنىڭ باهاسى مالنىڭ كۆپ كېلىش ـ كەلمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مال باهاسى داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىن

ھۆكۈم سۇرگەن 17 يىل ئىچىدە قەغەز پۇلنىڭ قىممىتى مۇ-قىم ھەم تۇراقلىق بولۇپ كەلگەندى. جىن شۇرېن ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە پۇل مۇقىملىقى بىر مەزگىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، 1931 ـ يىلىغا كەلگەندە باھا جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇشقا باشلىدى. يەنى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ پارت-لىشى ۋە كېڭىيىشى پۇل مۇقىملىقىنىلا ئەمەس، پۇتكۇل شىن-جاڭ ۋەزىيىتىنىمۇ بۇزۇپ تاشلىغانىدى. جىن شۇرېن قۇمۇل ئىنقىلابىنى باستۇرۇشتا زور ھەربىي چىقىمغا دۇچ كەلگەچكە قەغەز پۇلنى ھەدەپ بېسىۋەرگەچكە، جەمئىيەتتە پۇل پاخاللىقى يۈز بېرىپ، قەغەز پۇلنىڭ قىممىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، مال باھاسى ئۆسۈپ كەتكەن. نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ قەغەز پۇل-غا بولغان ئىشەنچىسى سۇسلاپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشكە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇۋالغان ھەمدە قوللىرىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى سىرتقا چىقارمىغان، مىس پۇللارمۇ ئارىدا كۆرۈن-مەيدىغان بولۇپ قالغان. 1932 ـ يىلىغا كەلگەندە، مال باھاسى بىراقلا ئۆرلەپ كېتىپ، قەغەز پۇلنىڭ قىممىتىگە ماس كەل-مەس بولۇپ قالغاچقا «پۇل قىممەت ئۆلچىمى» مەيدانغا چىققان.

پۇل جىددىيچىلىكى تازا ئەۋجىگە چىققان كۈنلەردە «پارچە پۇل مەسىلىسى» ئوتتۇرىغا چىققان، پارچە پۇللۇق رولىنى ئوي-نايدىغان تىيىن ـ داچەنلەر بازاردا يوقاپ كەتكەچكە، تۆت تەڭ-گىلىك قەغەز پۇل سانى ئاز بولغاچقا پارچە پۇللارنىڭ ئورنىنى باسالماي، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا پۇل قىيىنچىلىقى تۇغۇل-غان. مال ساتقۇچىلار بىلەن خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدا ھەركۈنى، ھەر سائەتتە دېگۈدەك جېدەل ـ ماجىرا بولۇپ تۇرغان. بۇ ئەھۋالنى ئوڭشاش ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى دوتەي مەھكىمىسى بىر مىسقاللىق قەغەز پۇل چىقارغان. 40 داچەن قىممىتىدىكى بۇ تىيزا شۆيت مەتبەئەسىدە بېسىلغان بولۇپ، سانى چەكلىك ھەم نېپىز بولغاچقا، قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئىككى ـ ئۈچ قات-لىنىش بىلەنلا يىرتىلىپ كەتكەن. خەلق يىرتىلغان پۇللارنى چاپلاپ ئىشلەتسە سودا ـ سېتىقتا ئۆتمىگەن. دەسلەپتە ئازراق

بىسىققان ماجىرا بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپەيگەن. بۇ ئەھۋال بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، مال باھاسىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتكەن. بۇ چاغدا «سودىگەر» قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ھۆكۈمەت چېرىكلىرى «پارچە پۇل مەسىلىسى» نى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. مەسىلەن: دۇكاندارغا بىر سەر (16 تەڭگە) پۇل بېرىپ، ئىككى تەڭگىلىك مال ئېلىپ، قالغان 14 تەڭگىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قىستىغان، پارچە پۇللارنى ئاياپ ياكى پارچە پۇلى بولمىغانلىقتىن پۇل قايتۇرۇپ بېرەلمىگەنلەرنى ھاقارەتلىگەن، ئۇرغان، شۇنىڭ بىلەن دۇكاندارلار ئىلاجىسىزلىقتىن پارچە پۇل ئورنىغا پۈتۈن پۇللارنى ياكى پۇلنىڭ قىممىتىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق مالنى بېرىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان.

پۇل پاخاللىقى ئېغىرلاشقانسېرى، قەغەز پۇلنىڭ ئېتىبارى قالمىغان، قولدىن قولغا ئۆتكەنلىرى پۇرلىشىپ، يىرتىلىپ كەتكەن. ھۆكۈمەت بانكىسى يىرتىلغان پۇللارنى دەسلەپتە يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، كېيىنچە بۇنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرغان. ھەتتا باج ئورۇنلىرىمۇ چاپلىغان، يىرتىق پۇللارنى ئالمايدىغان بولۇۋالغان. ئەھۋال شۇنداق داۋاملىشىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن «ياماق پۇل» سودىسى بارلىققا كېلىپ، بىر سەر يېڭى پۇلى بارلار بۇنى بىر نەچچە سەر ياماق پۇلغا ئالماشتۇرغان. بولۇپمۇ چېرىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرغان، يەنى ئىش ھەققى ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن يېڭى قەغەز پۇللارنىڭ بىر سەرىنى بىر نەچچە سەر ياماق پۇلغا تېگىشكەن. ئەمما دۇكاندارلارغا بېسىم ئىشلىتىپ ياماق تىيىزىنىڭ ئۆز قىممىتى بويىچە مال سېتىۋالغان. لېكىن ھۆكۈمەت چېرىكلەرىنىڭ شۇ چاغدىكى ئالدىنقى سەپكە بېرىشتىكى قىسمەن رولىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ھەرىكىتىنى تىزگىنلىيەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەر تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ پۇلنى ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان پاخال ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان. ھەمدە پۇلنى قىمار سورۇنلىرىدا پۇرلاپ يىرتىپ خەلققە كۆز - كۆز قىلغان. چې-

رىكلەرنىڭ مۇنداق قىلمىشىغا چىدىيالمىغان خەلق شۇ مەز-گىلدىكى ھۆكۈمەتتىن نارازى ھەم بىزار بولغان. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئۇرۇمچى بىلەن قەشقەر يولى ئېتىلىپ قېلىپ، ئۇرۇمچىدىن كېلىدىغان پۇل ئۈزۈلگەن. قەشقەردىكى يەرلىك ھۆكۈمەت بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى سۈپىتىدە «يا-ماق تىيىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى 400 داچەن، 100 داچەن دېگەن خەنزۇچە خەت ساق بولسىلا ئۆتۈۋېرىدۇ» دېگەن بۇيرۇقنى چىقارغان. بۇنىڭ بىلەن قالايمىقانچىلىق بىر مەزگىل ئازراق ئوڭشالغان بولسىمۇ، كېيىن چېرىكلەر يەنە ئىشنى بۇزغان، يە-نى ئىش ھەققى ئۈچۈن ئالغان يېڭى پۇللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرىقىدەك خەنزۇچە خەتلەرنى ئويۇپ ئېلىۋېلىپ، يىرتىق پۇللاردىن قوراشتۇرۇلغان ياماق پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاپلىغان. خېتى ئويۇۋېلىنغان يېڭى پۇللارغا بولسا يىرتىق پۇلنىڭ مەلۇم خەتلىرىنى چاپلاپ قويغان. خەنزۇچە خەت بىلمەيدىغان بىچارە پۇقرالار يۇقىرىقىدەك ساختا پۇللارغا چېرىكلەرگە مال سېتىد-ۋەرگەن. ئاخىرىدا بۇ پۇللارنىڭ قىممىتى پۈتۈنلەي يوقىلىپ، ھەر ئىككىسى ساختا پۇل دەپ ئېلان قىلىنغان. لېكىن ۋەھشى چېرىكلەر يەنە ساختىلىقتىن قول ئۈزمەي پۇقرا، سودىگەرلەرنى بوزەك قىلىشقا باشلىغان، زۇلۇمغا چىدىمىغان سودىگەرلەر تى-جارەتنى تاشلاشقا مەجبۇر بولغان.

ئەھۋال شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ پۇلغا بولغان ئېھتىياج خەلقنى قىيناۋەرگەنلىكتىن، ھۆكۈمەت شىمالىي شىنجاڭدا ئۆ-تۈدىغان ئۆلكە پۇلىنى جەنۇبتىمۇ ئىشلىتىشكە يول قويغان. بىر سەر قەشقەر پۇلىغا تۆت سەر ئۆلكە پۇلى ئالماشتۇرۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، شىمالنىڭ پۇلى جەنۇبقا كۆپلەپ كەلتۈ-رۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنقىلاب يالقۇنى جەنۇبقىمۇ تۇتىد-شىپ، قەشقەردە بۇ يالقۇننى ئۆچۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىنغان بولسىمۇ، دەماللىققا كۈچ يېتىشمىگەنلىكتىن جەنۇبتىكى ھۆ-كۈمەت قوشۇنىنىڭ دىۋىزىيە قوماندانى جىن شۇجى (جىن شۇ-رېننىڭ 2 ـ ئىنىسى) ئۆزىنى ئۆلتۈرۇۋالغان. جىن شۇجىنىڭ

ئورنىغا قوماندان بولغان ماشاۋۋ يۇرت ـ يۇرتلارغا چېرىك ئالۋىڭى سېلىپ، يىغىلغانلارنى ئۇدۇللۇق شىمالغا ماڭدۇرغان. بۇنىڭ بىلەنمۇ ھاكىمىيەت پۇت تىرەپ تۇرالماي، 1933 ـ يىلى جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆلكە پۇلىنىڭ كۇرسى يەنە تۆۋەنلەپ ئۆتمەس بولۇپ قالغان. شۇڭا خەلق بۇ پۇلنى مازاق قىلىپ لەڭپاي دەپ ئاتىۋالغان. 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرى ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن مەز ـ گىلدىمۇ بازار ۋە مال باھاسى جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق يە ـ نىلا ئېغىر ئىدى. لېكىن سابىت داموللىنىڭ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەرتىپكە چۈشۈپ، مال مەنبەسى كېڭەي ـ گەن، باھا بارا ـ بارا تۆۋەنلىگەن. چۈنكى بۇ چاغدا شىمالدىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا يۇتۇنلەي ئۆلكە پۇلى بار بولغاچقا تۆمۈر سىجاڭ ئۆلكە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بەش سەر ئۆلكە پۇلىنى بىر سەر قەشقەر تىيىزىسى ئورنىدا ئىشلە ـ تىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا قەشقەر ۋالىيسى يۇنۇسبەگ سەئىدى يېڭى پۇل قۇيۇش ئىشىنى كەڭ كۆلەمدە باشلىغان. يېڭىدىن قۇيۇلغان پۇللار بىر سەرلىك كۇمۇش پۇل، 10 داچەنلىك ۋە 20 داچەنلىك مىس پۇل بولۇپ، بۇرۇنقى پۇللاردىن كىچىك ئىدى. 1933 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇڭگان ماجەنساڭ بىلەن قىرغىز ئوسمان ئەلى بىرلىشىپ قۇرغان تەشكىلات تەرىپىدىن تۆمۈر سىجاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرى سەككىز كۈن تۇڭگانلار قولىغا ئۆت ـ كەن. بۇ مەزگىلدە تۇڭگانلار ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىكى مەبلەغ ـ لەرنى يېڭىشەھەرگە توشۇپ كەتكەن. ئەمما ئۇلار يېڭىدىن قۇ ـ يۇلغان پۇللارنى ئوتتۇرىغا چىقارغىچە ئۇيغۇر ـ قىرغىز بىر ـ لەشمىسى شەھەرنى تۇڭگانلاردىن تارتىۋالغان. بىراق بىر قىس ـ سىم بۇلاڭچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خەزىنىدىكى مال ۋە پۇللارنى قوشۇپ يېڭى قۇيۇلغان پۇللارنىمۇ بۇلاپ كەتكەن. شۇ ـ نىڭ بىلەن يېڭى پۇل ئىشلىتىلمەي تۇرۇپلا يوقاپ كەتكەن. بۇ پۇلدىن خەلق قولىدا ساقلىنىپ قالغانلىرى ھازىرمۇ ئاندا ـ

ساندا ئۇچرايدۇ.

1933 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ماجەنساڭغا قارشى يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسى ئۇرۇشى بارلىققا كەلگەن. ماشاۋۋۇ يەنىلا يېڭىشەھەردە دوتەيلىك ئەمىلىدە بولۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى قامداش ئۈچۈن «ياغ تىيزا» دەپ ئاتىلىدىغان قەغەز پۇلنى چىقارغان. بۇ پۇل خام سۇرۇپ (يەڭبيو) نى ياغقا چىلاش ئارقىلىق ياسالغان بىر سەر ئۆلچىمىدىكى پۇل بولۇپ، يېڭىشەھەرنىڭ ئۆزىدىلا بىز مەزگىل خەجلەنگەندىن كېيىن، 1934 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قەشقەر قايتا تۇڭگانلار قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىدىمۇ خەجلىنىشكە باشلىدى. لېكىن قەشقەر خەلقى بۇ پۇلنى تازا ياقتۇرماي، سابىت داموللا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1933 ـ يىلى چىقىرىلغان قەغەز پۇل ـــ ئاق تىيزىنى خەجلەشكە باشلىغان. بۇ پۇل بازارغا يامان تەسىر كۆرسەتمىگەن.

قىسقىسى، 1933ـ، 1934ـ يىللىرى قەشقەردە ئىشلىتىلگەن پۇللار قەشقەر پۇلى، ئۆلكە پۇلى، ياغ تىيزا، ئاق تىيزا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. قەشقەر پۇلى بىلەن ئۆلكە پۇلى 1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىتىلگەن، ياغ تىيزا، ئاق تىيزىلار 1934 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1939 ـ يىلى ئۇرۇمچىدىكى يېڭى ھۆكۈمەت «يۈەن» ياكى «دوللار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۈەن، ئۈچ يۈەن، بەش پۇڭ، 10 پۇڭ، 20 پۇڭ ۋە 50 پۇڭلۇق قەغەز پۇلنى چىقارغان بولۇپ، بۇ خىل پۇل 1940 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىنمۇ بۇ پۇل يەنىلا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، مەركەز ۋە ئۆلكە تەرىپىدىن چىقىرىلغان «دۆلەت پۇلى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قانچە خىل پۇللار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەنە پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىققان. بۇ ئەھۋال تاكى 1949 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان. 1949 ـ يىلىدىن كېيىن بىرلىككە كەلگەن خەلق پۇلى بارلىققا كېلىپ بازار تەرتىپى ئوڭشالغان.

# ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر

## قۇربانجان ئابلىمىت

ئىلى ۋادىسى گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى، باي، مۇنبەت تۇپرى-قى، شۇنداقلا ياخشى هاۋا كىلىماتى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مەشهۇر جاي هېسابلىنىدۇ.

سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە بەنگۇنىڭ «خەننامە» ناملىق ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەر: ساكلار، توخرىلار ۋە ئۇسۇنلار ئىكەن[1]. بىز تۆۋەندە بۇ ئۈچ مىللەتنى ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆ-تىمىز.

1. ساكلار

ساكلار ــ ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى كۆچمەن خەلق بولۇپ، چەت ئەل ئالىملىرى ‹Saca› (ساكا) دەپ[2] ئاتاي-دۇ. هەرقايسى مەنبەلەردە ئۇلارنىڭ ناملىرى ئوخشىمىسىپ كېتى-دىغان بولۇپ، قەدىمكى پېرسىيىدىكى بېخىستون مەڭگۈ تېشىدا «ساككارلار» دەپ، گرېك تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە «ساكا» ياكى «ساگا» دەپ، هىندىستاننىڭ تارىخىي داستانلىرى «رامايا-نا» بىلەن «ماخابخاراتا»دا «ساكارلار»[3] دەپ، خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «سەيجۇڭ» (赛种)، «سەيرېن» (赛人)، «شىمۇ» (西木)، «شىجا» (释迦)[4] دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئەسلىدە «گېيۇن» قامى-لىلىك رۇڭلار[5] دىن ئىدى. ئۇلار قەدىمكى دەۋرلەردە تەڭرىتاغ-نىڭ شىمالى، بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپى، ئىران تۈزلەڭلىكىنىڭ بىرقىسمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان هەم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەبىلىلەرنىڭ بىرى، كۆك تۈرك خانلىقى مەيدانغا كېلىشتىن 1000 يىللار

ئىلگىرىلا ساكلار «ئاۋېستا»دا «جەڭگىۋار تۇرالار» دەپ[⑥] تىلغا ئېلىنغانىدى. بۇ يەردىكى «تۇرا» «تۇران» قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، ئەسلىي جاي ئىسمى ئىدى. تۇران — ئويمانلىق بولۇپ، ئۇ كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى چەكسىز كەتكەن دالانى كۆرسىتىدۇ[⑦].

گرېك تارىخچىسى ھېرودوت «تارىخ» دېگەن ئەسىرىدە: «ساكلار ئىسكىف قەبىلىلىرى بولۇپ، كىگىز قالپاق ۋە ئېغى بار ئىشتان كىيەتتى. ئۆزلىرى ياسىغان ئوقيا، قىلىچ ۋە ئالا ـ ھەدە ياسالغان ئايپالتىلارنى ئىشلىتەتتى»[⑧] دەپ يازغانىدى. ئۇ يەنە «ساكلار يەنى سكىتيانلار (skythen) ئىشتان كىيىدۇ، قالپىقى ئۇچلۇق، ئېگىز ھەم قاتتىق كېلىدۇ. ئۇلار <Amyrgiol> دەپ ئاتىلىدىغان سكىتيانلار بولۇپ، پارسلار ئۇلارنى ساكا دەپ ئاتايدۇ»[⑨] دەپ يازىدۇ.

ساكلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅴ — Ⅵ ئەسىرلەردە ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كېلىپ ياشىغان ۋە ئۆز نامىدا دۆلەت قۇرغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ، جۇ لىيەنكۇەنىڭ كۆرسىتىشىچە: «ساكارائۇللار ساكلار بولۇپ، تەڭرىتاغ ئېدىرلىرى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان»[⑩] ۋە شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئاساس سالغان، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئارخېئولوگلار «شىنجاڭنىڭ ئىلى، ئۈرۈمچى، لوپنور رايونلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلاردىن ساكلارغا ئائىت نۇرغۇنلىغان قەبرىلەرنى قازغان. بۇ قەبرىلەردىكى جەسەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ساقاللىق، ئېگىز بوي، گەۋدىلىك، قاڭشارلىق كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوخشاش بولغان»[⑪]. بۇ نۇقتىنى كۇنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان سەركەردە ھەيكىلىنىڭ قىياپىتى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ، «مىستىن ياسالغان بۇ ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 40 نەچچە سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرام كېلىدۇ»[⑫].

ساكلارنىڭ ئۈچى ئۈچلۈق قالپاق كىيگەنلىكىدەك ئالاھىدىلىك ئىلى ئۇيغۇرلىرىدا ھېلىھەم بار. مەسىلەن: «ئاۋىستا، ۋە ئىران مەنبەلىرىدە ‹تۇر›، ‹تۇران› نامىدا ئاتىلىپ كەلگەن بۇ ئاپراسىياپ ساكلىرى ئالتاي ئېتەكلىرىدە ئاسىنا قەۋمىنى ئاساس قىلغان ھالدا ‹خۇرات› نامى بىلەن ئەمەس، ‹تۈرك› نامى بىلەن، ئېنىقراقى ‹كۆك تۈرك› نامى بىلەن سىياسىي ھاكىمىيەت قۇردى ۋە ھۇن ـ خۇرات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشتى. ‹تۈرك› ئىبارىسى ساكلارنىڭ خۇددى مۇشۇ ئەسىرگىچە ساقلانغان ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ گىرۋىكى تۈرۈلگەن قالپاقلىرىغا ئوخشاش ئۈچلۈق قالپاقلىرىنى ئېتىنىك نام قىلدى...» [13].

يولداش ۋاڭ جىلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» دېگەن كىتابىدا ھېرودوتنىڭ پارسلار بىلەن ساكلارنى ئوخشاش دەپ قارىغان پىكرىگە قوشۇلغان[14] بولۇپ، ساكلارنىڭ ماسساگىت، دايى ۋە ساكتىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلىگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئىگە بولغانلىرىنىڭ يەنە ئۈچ تارماققا بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئىلى ۋادىسىدا ياشىغانلىرى ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى تىگراخاۋدا ساكلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ساكلار «ساك پادىشاھلىقى»نى قۇرغان. ساك پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «ئۇسۇن دۆلىتى... شەرقتە ھۇنلار بىلەن، غەربىي شىمالدا كانگا بىلەن، غەربتە پەرغانە بىلەن، جەنۇبتا شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ، ئەسلىدە ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى...» [15] دەپ كۆرسىتىلگەن.

ساكلار ئىلى ۋادىسىدا پادىشاھلىق قۇرۇپ، ئۇزۇن يىللار مابەينىدە، خېلى كۈچلەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ھۇنلارنىڭ تەسىركۈچى ئاستىدا ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن توخرىلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئىلى ۋادىسىدىن ئايرىلدى. بۇ ھەقتە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «... توخرىلار ساك پادىشاھىنى غەربكە قوغلىدى، ساك پادىشاھى جەنۇبتا شەندۇدىن ئۆتۈپ كەتتى،

توخرىلار ئۇلارنىڭ زېمىنىغا ماكانلاشتى...» [16] دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. «ئىلى ۋادىسىدىن كېتەلمەي قالغان ياكى كېتىشنى خالىمىغان ناھايىتى ئاز ساندىكى ساك قەۋملىرىمۇ بولغان»[17].

ساكلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، يەنە مىس رۇدىسى قېزىش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۇنەس، نىلقا، تېكەس، توققۇزتارا ۋە چاپچال ناھىيىلىرىدىن تېپىلغان «بىر تۈركۈم ساكلار تارىخىغا ئائىت مىس بۇيۇملار» [18] بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ساكلار ئەينى زاماندا تۆمۈر تاۋلاشنى بىلگەنلىكى، شۇنداقلا ھازىرقى نىلقا ناھىيىسىنىڭ نۇراساي جىلغىسىدا مىس كېنىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلىمگە تايىنىپ ئېچىپ، مىس بۇيۇملارنى كۆپرەك ئىشلىتىش بىلەن بىرگە «يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مىس مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقى»[19] ساكلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەبىلە بولماستىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى قەبىلە ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

### 2. توخرىلار

توخرىلار ئەسلىدە دۇنخۇاڭ بىلەن چىلەن تېغى ئارىلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مىللەت بولۇپ، دائىم ھۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ تۇراتتى. ھۇن تەڭرىقۇتى مودۇن ۋاقتىدا، ھۇنلارنىڭ تېخىمۇ قاتتىق دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچراپ خانىۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان. ھۇن تەڭرىقۇتى ئاغا تەڭرىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە توخرىلار ئانا ماكانىدىن يىراق ـ يىراق جايلار — ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى»دىكى جاڭ چيەننىڭ مەلۇماتىدا: «... ئاغا تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، توخرىلارنىڭ خانى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى شاراپ قاچىسى قىلغانىكەن، توخرىلار ھۇنلاردىن يېڭىلگەندىن كېيىن، يىراقلارغا كۆ-

چۇپ كەتكەن»[20] دېيىلگەن. ئاغا تەڭرىقۇتنىڭ تـوخرىلارغا ھـۇ-جۇم قىلىپ ئۇلارنى ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈشكە مەجبـۇر قىلغـان ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 173 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە كۆرسـىتىلىشىچـە، «دۇنخۇاڭ بىلەن چىلەن تېغى ئارىلىقىدىن ئىلى ۋادىسىغا كـۆ-چۈپ كەلگەن توخرىلار ‹ئۇلۇغ توخرىلار› (大月氏) دەپ ئاتال-غان، يىراققا كېتەلمەي قالغان ئاز بىرقىسىم توخـرىلار بولسـا جەنۇبىي تاغدىكى چياڭلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرىپ ‹كىچىك توخرىلار› دەپ ئاتالغان»[21].

بىراق، توخرىلار ئىلى ۋادىسىغا كېلىپ ساكلارنىڭ زېمى-نىدا ماكانلاشقان بولسىمۇ، ھۇنلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئۇسۇنلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 161 — 160 ـ يىللىرى توخ-رىلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئىلى ۋادىسىدىن قوغلاپ چىقار-دى. توخرىلارنىڭ بىرقىسمى غەربكە كۆچۈپ باكترىيىنى بوي-سۇندۇردى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا پايتەخت قۇرۇپ، خاندا-لىق تىكلىدى[22]. بۇ، تارىختا «كۇشان خانلىقى» دەپ ئاتالدى. جەنۇبقا كۆچكەن توخرىلارنىڭ زادى قايسى زېمىنلاردا ياشىغاندا-لىقى ھەققىدە ئېنىق ماتېرىيال يوق.

**3. ئۇسۇنلار**

ئۇسۇنلار يېغىلىق دەۋرى ۋە چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي شىمالدا ياشىغان قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورى، دۇنخۇاڭ، چى-لەن تېغى ئەتراپلىرىدا ياشىغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 161 — 160 ـ يىللىرى ئۇسۇن كۈنبىيسى نەندومىنىڭ ئوغلى ئونغۇمى ھۇنلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئىلى ۋادىسىدا ياشاۋاتقان كونا دۈشمىنى توخرىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى 2 ـ قېتىم كـۆ-چۈشكە مەجبۇر قىلغان. بۇ ھەقتە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەز-كىرىسى»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كېيىن ئۇسۇن كۈنبىيسى توخ-رىلارنى مەغلۇب قىلدى، توخرىلار غەربكە يۆتكىلىپ باكتىرى-يىگە بەيئەت قىلدى. ئۇسۇن كۈنبىيسى ئۇلارنىڭ زېمىنىغا ما-

كانلاشتى. شۇڭا ئۇسۇن ئىلىدە ساك قەۋمىمۇ، توخرىلار قەۋ-مىمۇ ساقلىنىپ قالدى»[24]. لېكىن ئۆز كۆچىنى كۈچەيتسۇالغان ئۇسۇنلار ھۇنلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەن. بۇ نۇقتىنا «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى»دە ئېنىق كۆرۈلىدۇ: «ئۇسۇن. پەرغانىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 2000 چا-قىرىم كېلىدىغان كۆچمەن چارۋىچى ئەل ئىكەن. ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىكەن، ئۆرپ - ئادەتلىرى ھۇنلارغا ئوخشايدىكەن. بىرنەچچە تۈمەن ئەسكىرى بولۇپ، ئۇلار جەسۇر، جەڭگىۋار كېلىدىكەن. ئۇسۇنلار بۇرۇن ھۇنلارغا قارىغان بول-سىمۇ، قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ نازارىتىنىلا قوبۇل قىلىپ، تەڭرىقۇتنى زىيارەت قىلماس بولۇۋاپتۇ»[25].

**ئىزاھات:**

① «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» خەن-زۇچە نەشرى 26 - بەت.

② خەن كاڭشىن: «ساك، ئۇسۇن، ھۇن ۋە تۈركلەرنىڭ ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق ئالاھىدىلىكلىرى»، خەنزۇچە «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1992 - يىل 2 - سان.

③ يىن ۋېيشەن: «‹ساك›نىڭ مەنىسى، كېلىپ چىقىشى ۋە جاي-لىشىشى»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 - يىل 2 - سان.

④ ئابىلقايىرى ئابدۇجاپپار: «قەدىمكى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىز ساكلار»، قازاقچە «ئىلى ياشلىرى» ژۇرنىلى 1992 - يىل 2 - سان.

⑤ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، ئۇيغۇرچە نەشرى 468 - بەت.

⑥ ⑬ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «سىكتاي - ساك - ئۇي-غۇرلارنىڭ كېيىم مەدەنىيىتىدىكى ئېتنولوگىيىلىك ئىزچىللىق توغ-رىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇي-غۇرچە 1992 - يىل 3 - سان.

⑦ «بىلىم - كۈچ ژۇرنىلى»، ئالمۇتا، قازاقچە نەشرى.

⑧ ⑨ ھېرودوت: «تارىخ»، خەنزۇچە نەشرى. 41 — 64 - بەت-لەر.

⑩ ۋاڭ زوڭۋېي: «دۇنخۇاڭ دىگەن ئىسىم ۋە جوڭگو توخارلىرى»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1987 ـ يىل 3 ـ سان.

⑪ ئابلەت سەمەت: «ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز»، ئۇيغۇرچە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 3 ـ سان.

⑫ ئابدۇقېيۇم غوجا: «ئىلى ۋادىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىل 4 ـ سان.

⑭ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» خەنزۇچە نەشرى 25 ـ، 87 ـ بەتلەر.

⑮⑯⑰㉒㉔ بەنگۇ: «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» خەنزۇچە نەشرى 3890 ـ، 3891 ـ، 3903 ـ، 3904 ـ بەتلەر.

⑱⑲ يۇنۇسجان ئېلى: «ئىلى رايونىدا ياشىغان ساكلار توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، ئۇيغۇرچە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1987 ـ يىل 1 ـ سان.

⑳㉑㉕ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار، پەرغانە تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرى 501 ـ، 407 ـ، 406 ـ، 505 ـ، 490 ـ بەتلەر.

㉓ رەخىمە ئوسمان: «ئۇسۇنلار»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» 1990 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى سانى.

# «رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ستاتىستىكىلىق لۇغىتى»دىكى شىنجاڭغا ئائىت مەلۇماتلار

رەخمەتجان يۈسۈپ (قازاقىستان)

شىنجاڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ دۇنيا ئالىملىرىنىڭ، ساياھەتچىلىرىنىڭ قىزىقىشىنى پەيدا قىلغانىدى. بۇ دەۋردە ئىلى ۋادىسىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئىلى سۇلتانلىقى ۋۇجۇدقا كەلدى. شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى، بۇ رايوندا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈش مەقسىتىدە ن. م. پرژېۋالسكىي، ئاكا ـ ئۇكا گرۇم ـ گرژىمايلولار، م. ن. پېۋسوف، گ. ن. پوتانىن، ن. ف. كاتانوف قاتارلىق رۇس ئالىملىرى، شۇنداقلا گېرمانىيىلىك ئا. لېكوك، ئەنگلىز ئالىمى ستەيىن، فرانسۇز ئالىمى پ. پېللىئوت ۋە باشقىلار بىر قانچە قېتىملىق تەكشۈرۈشلەرنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا ئۇنۇملۇك پايدىلىنىلماقتا. يۇقىرىقى ئالىم ۋە ساياھەتچىلەر قاتارىدا پ. پ. سېمېنوف تيانشانسكىي (1827 ـــ 1914) نىڭ ئىسمىنىمۇ ئاتاپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. ئۇ شىنجاڭدا بىۋاسىتە تەكشۈرۈشتە بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەركىزىي ئاسىيادا، بولۇپمۇ ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت نۇرغۇن مەلۇماتلار يىغىلغانىدى.

ئالىم ھەم جەمئىيەت ئەربابى پېتر پېتروۋىچ سېمېنوفنىڭ نامى ئۇنىڭ 1856 ـ، 1857 ـ يىللىرى ئىسسىقكۆل ئەتراپىـ

ـدىكى تەكشۈرۈشلىرىدىن كېيىن چىقىشقا باشلىغان. چۈنكى بۇ ساياھەت نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئىسمى كۆپلىگەن ئەللەرگە تونۇلـ غاندى. 1906 ـ يىلى پ. پ. سېمېنوفنىڭ تەگرىتاغقا قىلغان سەپىرى يەنە بىر قېتىم يۇقىرى باھالاندى ھەم مۇشۇ قېتىملىق ساياھەتنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ساياھەتچىنىڭ ئىسمى «تيانشانسكىي» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

پ. پ. سېمېنوف تيانشانسكىينىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارـ غا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار كۆپ ئەمەس. بىز بۇ ماقالىمىزدە ئۇنىڭ پەقەت 1858 ـ يىلى ۋ. زۋېرىنىسكىي، ئى. مايكوف، ئى. بوك قاتارلىق رۇسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن «رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ستاتىستىكىلىق لۇغىتى»نىڭ 5 ـ تومىدا بېرىلگەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار ياشايدىغان يەرلەر ھەققىدىكى بەزى مەلۇماتلار ئۈستىدە توختالماقچىمىز.

تارىختىن مەلۇمكى، 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىن يەتتىسۇ تەۋەسىگە كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار كۆچۈپ چىققانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق سەۋەبلەر بىلەن بۇ يۇرتلارغا چىققانلىقى ھەققىدە يازما مەنبەلەر، تارىـ خىي قوشاقلار ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمىز. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىگە ئايلانغان يەتتىسۇ تەۋەسى ئۇ ۋاقىتلاردا كىمنىڭ قولىدا ئىدى دېگەن سوئالنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي. بۇ رايون ھەققىدە يۇقىرىدىكى كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈركىستان ھەربىي رايونى ئىمپېـ رىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياـ نىڭ ئەڭ يىراق چەت ـ چېگرا رايونى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شىـ مالدا تورغاي، ئاقمولا ۋە شەمەي ۋىلايەتلىرى، شەرقتە جۇڭگوـ نىڭ جۇڭغارىيە رايونى ۋە ئۈرۈمچى ۋىلايىتى، جەنۇبتا قەشقەرىـ يە، پامىر يەرلىرى، بۇخارا تەۋەسى ۋە خىۋا خانلىقى، غەربتە ئارال دېڭىزى بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئۇنىڭ يېرى 609 مىڭ 652 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئىمپېرىيە زېمىنىنىڭ

20دىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. زېمىنىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتە ياۋروپانىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئەللىرىدىن ئۇس-تۇن تۇرىدۇ؛ گېرمانىيە ۋە ئاۋسترو ۋېنگرىيىنىڭ زېمىنىغا تەڭ كېلىدۇ ھەم فرانسىيە، بۈيۈك برىتانىيە ۋە ئىتالىيىنىڭ زېمىنىدىن سەل كىچىك. تۈركىستان گېنېرال گۇبېرناتورلۇقى 1867 - يىلىدىن تارتىپ يەتتىسۇ ۋە سىردەريا ۋىلايەتلىرى دائىرىسىدە قۇرۇلغانىدى؛ 1868 - يىلى بېسىۋېلىنغان بۇخارا يەرلىرىدە زەرەپشان ۋىلايىتى قۇرۇلدى؛ 1871 - يىلى غەربىي جۇڭگونىڭ ئىلى ۋىلايىتى قوشۇلدى؛ 1873 - يىلىدىكى خىۋا تەكشۈرۈشىدىن كېيىن ئامۇ دەريا ۋىلايىتى قۇرۇلدى» (271 - بەت). 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا روسىيىنىڭ جىد-دىي كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تو-لۇقى بىلەن بېسىۋېلىندى.

1755 - يىلى چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار خانلىقىنى تارمار قىلىپ داۋاملىق غەربىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى ھەم 1759 - يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىنى بويسۇندۇردى. شۇنىڭدىن تارتىپ پۈتكۈل غەربىي يۇرت شىنجاڭ دەپ ئاتالدى. روسىيە بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي يۇرۇشلىرى مانا مۇشۇ شىنجاڭغا كېلىپ توختىدى. ئۇلارنىڭ يەنىمۇ ئالغا ئىل-گىرىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى بۇ يەردە باشلانغان قوزغىلاڭلار ئۇلارنى خېلى ھالسىرىتىپ قويغانىدى.

1871 - يىلى رۇسىيە ئىلى سۇلتانلىقىنى بېسىۋېلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. ئىلى سۇلتانلىقى ئون يىل رۇسىيىنىڭ قارىمىقىدىكى يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ تەركىبىدە بولدى. مەزكۇر لۇغەتتە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يەت-تىسۇ ۋىلايىتى زېمىن ھەم ئاھالىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى جە-ھەتتە سىر دەريا ۋىلايىتىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرات-تى. يەتتىسۇنىڭ يېرى 73 مىڭ 520 كۋادرات كىلومېتىر، ئا-ھالىسى 857 مىڭ 250 بولسا، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئىلى ۋىلا-يىتىنىڭ زېمىنى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 139

مىڭ 680 ئىدى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ زېمىنى ھەققىدە تارىخچى د. ئىسسېپېف مۇنداق دەيدۇ: «ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ يەر مەيدانى 50 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن بولۇپ، شىمالدا جۇڭغار ئالاتېغى، جەنۇبتا تەڭرىتاغ تىزمىلىرى قورشاپ تۇراتتى... ».

تۈركىستان ھەربىي رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبى لۇغەتتە تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىلگەن:

رۇسلار 59280، 2.1 %

تاتارلار: 7300، 0.3 %

سارتلار: 690300، 24.2 %

تاجىكلار 137280، 4.8 %

ئۆزبېكلەر 182120، 6.4 %

قاراقالپاقلار 58770، 2.1 %

قىپچاقلار 70100، 2.4 %

تۈركمەنلەر 5860، 0.2 %

تۇڭگانلار 20000، 0.7 %

تارانچىلار 36260، 1.1 %

قىرغىزلار 1462690، 51.2 %

قۇرامىلىقلار 77300، 2.7 %

قالماقلار 24790، 0.9 %

مانجۇلار 22120، 0.8 %

پېرسىيىلىكلەر 2920، 0.1 %

ھىندىلار 860 (273 ـ بەت ).

مىللەتلەرنىڭ سانى ھەققىدىكى بۇ مەلۇماتلار 1881 ـ يىدىلىدىن كېيىن، يەنى ئىلى ۋىلايىتى قايتىدىن جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن تۈزۈلگەن بولسا كېرەك. مۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەگەر رۇسىيە بېسىۋالغان ئىلى ۋىلايىتىنىڭ خەلقى 139 مىڭ 680 ئادەمنى تەشكىل قىلغان بولسا، شۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپى، كەم دېگەندە 60 مىڭى ئۇيغۇرلار ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇرلار يەتتىسۇ تەۋەسىدە قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقتۇر، ئەمما ئۇلارنىڭ سانى ھەق-

قىدە ئېنىق مەلۇماتلار يوق. 1881 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلى ۋىلايىتىدىن يەتتىسۇغا 50 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر كۆچۈپ چىقـ. تى. پېكرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن تارىخچى ئەرشىدىن ھىدايە. تۇللىنىڭ «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرى» دېگەن كىتابىدىن نەقىل كەلتۈرەيلى: «ئىلىدىن يەتتىسۇغا كۆچۈش 1881 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا باشلىنىپ، 1883 ـ يىلى تامام بولدى. ئىلىدىن يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 1884 ـ يىلى 45 مىڭ 373 ئادەم بولغان»( 95 ـ، 97 ـ بەتلەر).

بۇ يەردە شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئەگەر يەتـ. تىسۇ تەۋەسىدە بۇرۇندىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئىلىدىن 45 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر كېلىپ قوشۇلغان بولسا، ئۇلارنىڭ سانى كېمەيمەي، ئەكسىچە كۆپىيىشى كېرەك ئىدى. لۇغەتتە بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى قايسى يىللاردىكى ساناق بويىچە تۈزۈلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. 36 مىڭ 260 دېگەن سان يەتتىسۇدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بولۇشى مۇمكىن. ئەـ. گەر شۇنداق بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار 80 مىڭدىن كۆپ دېگەن سۆز. تۈركىستان ھەربىي رايونىنىڭ قارىمىقىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا سان جەھەتتە سارتلار ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدىكەن (690 مىڭ 300). سارت دېگەن سۆزنىڭ قايسى خەلقنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىش قىيىن. لۇغەتتىن ئېلىنـ. غان تۆۋەندىكى پارچىدا تارانچىلارنىڭ (يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ) چىراي شەكلى، تىلى ۋە تۇرمۇش تىرىكچىلىكى قەشقەر سارتـ. لىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. دېمەك، ئىلىغا كۆچۈپ كەلگەن تارانچىلار بىلەن قەشقەر سارتلىرى بىر خەلق، يەنى ئۇيغۇرلاردۇر. ئەمدى تۈركىستان ھەربىي رايونىدىكى سارتلار لۇغەتتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پەرغانە ۋىلايىتىدە 344 مىڭنى، سىر دەريا ۋىلايىتىدە 211 مىڭنى، زەرەپشان ۋىلاـ. يىتىدە 132 مىڭنى تەشكىل قىلغان. مەزكۇر سارتلارنىڭ قايسى خەلقنى كۆرسىتىدىغانلىقى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلىدۇر.

«رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ستاتىستىكىلىق لۇغىتى»دە ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: تارانچىلار بىر تۈركىي خەلق بولۇپ، ئۇلار ئۆتكەن ئەسىردە (18 ـ ئەسىردە) چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە شىنجاڭدىن كۆچۈرۈلگەن؛ ئۇلار كۆپىنچە قەشقەر سارتلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە شۇلارنىڭ تىلىدا سۆزلىشىدۇ. تارانچىلار ئولتۇراق تۇرمۇشتا بولۇپ، بويى ئېگىز بولمىغان، لېكىن قەددى ـ قامەتلىك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقتۇر. ئۇلارنىڭ بارلىقى مۇسۇلمانلار. 1867 ـ يىلى تارانچىلار ئىلىدا تۇڭگانلارنى يەڭگەن ۋە شۇلار بىلەن بىللە ئىلىدا ياشىغۇچى قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، سولۇن ۋە مانجۇلارنىمۇ ئۆزلىرىگە بېقىندۇرغان. ئۇلارغا تارانچىلار ئىچىدىن چىققان سۇلتان ۋە بەگلەر ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ھەممە خەلق شۇلارغا بېقىناتتى؛ پەقەت رۇس يەرلىرىدىن قېچىپ كەلگەن قىرغىز(قازاق)لارلا تارانچىلار تەرىپىدىن ياخشى قارشى ئېلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ رۇس يەرلىرىدىكى بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى تارانچىلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىناتتى. تارانچىلارنىڭ بۇ ئىشى رۇسىيەنىڭ نارازىلىقىنى پەيدا قىلدى، نەتىجىدە بۇ ئىش 1871 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىنى ئىستىلا قىلىشىغا سەۋەب بولدى؛ شۇ يىلى ئۇ يەردە 38 مىڭ 211 جان بار ئىدى (21 مىڭ 243). تارانچىلار ھازىرقى ۋاقىتتا ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئەڭ كۆپ سانلىق خەلقتۇر(41ـ، 42 ـ بەتلەر). ئەگەر مۇشۇ پاكىتلارغا ئاساسلانساق، 1871 ـ يىلى ئىلىدا ئاران 38 مىڭ 211 ئادەمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مۇبادا بۇ يەردە پەقەت ئۇيغۇرلارلا كۆزدە تۇتۇلسا، بۇ سان ھەقىقەتكە بىر ئاز ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىنى دەلىللەش ئۈچۈن يەنە بىر مەنبەگە پ. ئى. فېسېنكونىڭ «شىنجاڭ تارىخى» (موسكۋا 1935 ـ يىلى رۇسچە نەشرى) ناملىق ئەمگىكىگە مۇراجىئەت قىلايلى. مەزكۇر كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىلى سۇلتانلىقى خەلقىنىڭ سانى 129 مىڭ 708 ئادەمدۇر، شۇ

جۇملىدىن ئۇيغۇرلار 51 مىڭ 891، قازاقلار 3823، تۇڭگانلار 4031، خەنزۇلار 2847، موڭغۇللار 13 مىڭ 840، سولۇنلار 7617، شىبەلەر 1838، ئۆزبېكلەر 2086 ئادەمدۇر» (121 ـ بەت).

مەلۇمكى 1765 ـ يىلى ئۇچتۇرپاندا يۈز بەرگەن چوڭ قوزغىلاڭ پۈتكۈل شىنجاڭغا كېڭىيەلمىگەچكە كۆپ ئۆتمەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بۇ ھەقتە تارىخچى ئە. ھىدايەتوف يۇ-قىرىدا ئاتالغان كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مانا شۇ ئۇچتۇر-پان قوزغىلىڭى مۇناسىۋىتى بىلەن چىيەنلۇڭ خان جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنى ئىلى ۋىلايىتىگە مەجبۇرىي كۆچۈردى. بۇ كۆچۈرۈشتىكى مەقسەت بىرىنچىدىن، ھەدېسىلا قوزغىلاڭ قىلىپ كېلىۋاتقان خەتەرلىك ئۇيغۇرلارنى سۈرگۈن قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلارنى يوق قى-لىش ۋە شۇ ئارقىلىق (تىنچلىق) ئورنىتىش بولسا، ئىككىنچى-دىن، ئۇيغۇرلارنى دېھقانچىلىققا سېلىش ئارقىلىق چىڭ سۇلا-لىسىنىڭ جۇڭغارىيىگە كەلگەن 40 مىڭ چېرىكىنى بېقىش ئىدى. مانا شۇ سىياسەتنىڭ نەتىجىسىدە 18 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى 8000 ئۆيلۈك ئۇيغۇر جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلدى، يەنى سۈرگۈن قىلىندى» (82 ـ بەت).يۇقىرىقى لۇغەتتە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرى ھەققىدە ھېچ نەرسە ئېيتىلمىغان، پەقەت 1867 ـ يىلى تاراڭ-چىلارنىڭ ئىلىدا تۇڭگانلارنى يەڭگەنلىكى ھەم باشقا خەلقلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرغانلىقى ئېيتىلغان. ئەمدى رۇسىيىنىڭ ئىلى سۇلتانلىقىنى بېسىۋېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، لۇغەتتىن كەلتۈرۈلگەن يۇقىرىقى نەقىلدە رۇسىيىنىڭ ئىلىنى بېسىۋې-لىشىغا قازاقلارنىڭ رۇس يەرلىرىدىكى بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى سەۋەب بولغانلىقى تەكىتلەنگەن. بىراق چارروسىيىنىڭ بۇ تا-جاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغىشىدىكى بىردىنبىر مەقسىتى ئى-لى سۇلتانلىقىنى يوقىتىش ئىدى. چۈنكى مەزكۇر سۇلتانلىق

قانچە ئۇزۇن دەۋر سۈرسە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كۈ-رەشلىرىگە شۇنچە كۆپ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى رۇسىيە ياخشى چۈشىنەتتى. كېيىن 1871 - يىلىنىڭ 12 - ئىيۇنىدا ئىلىغا ھۇجۇم قىلىدۇ ھەم ئىلى سۇلتانلىقىنى ئۇجۇقتۇرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىچكىرىدىكى قوزغىلاڭلارنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن 1870 - يىللىرى شىنجاڭنى قايتۇرۇ-ۋېلىش پىلانىغا ئاكتىپ كىرىشىدۇ. زو زۇڭتاڭ كۆپ سانلىق ئارمىيىسى بىلەن 1877 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئون يىلدىن ئوشۇق ھۆكۈم سۈرگەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالىدۇ. 1878 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى ئۆلكىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە رۇسىيىگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. 1881 - يىلى ئىمزالان-غان سانكت پېتربۇرگ شەرتنامىسىگە بىنائەن رۇسىيە ئىلىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. مەزكۇر كېلىشىم ھەققىدە تارىخچى ئىبراھىم نىياز «تارىختىن قىسقىچە بايانلار» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى) ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: 1881 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۆزگەرتىلگەن «ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالاندى ۋە «رۇسىيىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى يوللاردا سودا قىلىش نىزامى»مۇ تۈزۈلدى. ئۇ-نىڭدا:

1. قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ناھىيىلەر رۇسىيىگە بېرىلىدۇ. رۇسىيە ئىلىغا قاراشلىق توققۇز شەھەرنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. تېكەسنىڭ غەربىدىكى ناھىيىلەر جۇڭگوغا تەۋە بولىدۇ.

2. تۇرپان، سۇجۇ(جيۇچۈەن) شەھەرلىرىدە رۇسىيىنىڭ ئەلچى تۇرغۇزۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. قۇمۇل قاتارلىق بەش جايدا ئەلچى تۇرغۇزۇش ئىككى تەرەپ كېلىشكەندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

3. رۇسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭ ۋە شىنجاڭدىكى سۇجۇ-

غا قەدەر بولغان جايلاردا ۋە مەملىكەتنىڭ ئىچكى جايلىرىدا سودا قىلىدۇ.

4. شىنجاڭدا رۇسىيە سودىگەرلىرىدىن ۋاقتىنچە باج ئېلىنمايدۇ.

5. جۇڭگو رۇسىيىگە 9 مىليون سوملۇق ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەيدۇ.

6. ئىلى خەلقىنىڭ رۇسىيىگە بېرىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ... دېگەنلەر بەلگىلەنگەن (303 ـ، 304 ـ بەتلەر).

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن خەلقتىن ھېساب ئېلىشىدىن قورققان ئىلى خەلقى 1881 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدىن تارتىپ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى يەرلەرگە كۆچۈشكە باشلايدۇ. يۇقىرىدا نامى ئاتالغان كىتابتا كۆرسىتىلگەندەك قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى يەرلەر خەلقى بىلەن بىللە رۇسىيىنىڭ يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە قوشۇلدى. ھازىرقى ياركەنت ۋە ئۇيغۇر ناھىيىلىرىگە قاراشلىق پەنجىم، ئالتە ئۆي، ياركەنت، غالجات، كەتمەن، تۇگمەن، دوۋۇن، دولاتا قاتارلىق يېزىلىرى جايلاشقان يەرلەر دەسلەپتە ئىلى سۇلتانلىقىغا قارايتتى. 1883 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇشۇ يۇرتلاردا بولغان يەنە بىر ساياھەتچى گ. س. گرۇم گرژىمايلو مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يېڭى ئۆلكىدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇھاجىرلىرى — تارانچىلار(ئۇيغۇرلار) يېڭى بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرگە مەجبۇرىي ئورۇنلاشقانلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆز جايلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ئويلاشقىمۇ ئىمكانىيىتى بولمىغان. بىزنىڭ ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشى ناھايىتى تەس ئوخشايدۇ، كۆپچىلىكى ئىنتايىن كەمبەغەللەشكەن بولسا كېرەك»، «غەربىي جۇڭگوغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى» (موسكۋا 1948 ـ يىل، رۇسچە نەشرى).

«رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ستاتىستىكىلىق لۇغىتى»دە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈرگە باي

ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. «بۇ يەر كۆمۈرگە شۇنچىلىك بايكى، ھەر يىلى 20 مىليون پۇتتىن قازىدىغان بولسا 300 يىلغا يېتىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا پۈتكۈل تۈركىستان ھەربىي رايونىدا قېزىلغان 400 مىڭ پۇتقا يېقىن كۆمۈرنىڭ 300 مىڭ پۇتى غۇلجا ۋىلايىتىدىن قېزىلغان» (277 ـ بەت).

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، يۇرتى ھەققىدىكى ماتېرىياللار پ. پ. سېمېنوف قاتارلىق ساياھەتچى ۋە ئالىملار ـ نىڭ ئەمگەكلىرىدە ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە. پ. پ. سېمېنوف 1873 ـ يىلى رۇسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رە ـ ئىسى بولۇپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ پا ـ ئالىيىتى تېخىمۇ جانلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانلىرىغا قىلىنغان ھەر قانداق تەكشۈرۈشلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشتىمۇ پ. پ. سېمېنوف تيانشانسكىينىڭ ئوينىغان رولى چوڭ، ئەلۋەتتە.

# ئىلى دەرياسىنىڭ تارىختىكى سۇ قاتناش ئىشلىرى

## خەپىز ساتتار سالىھ

ئىلى دەرياسى ــــ شىنجاڭدىكى دۆلەت ھالقىغان چوڭ دەر-يا. بۇ دەريا تەڭرىتاغنىڭ قازاقىستان تەۋەسىدىكى غەربىي قىس-مىم ئىگىز چوققىلىرىدىن باشلىنىپ، ئاۋۋال شەرق تەرەپكە، ئاخىرىدا غەرب تەرەپكە ئېقىپ، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، توققۇز-تارا، كۈنەس، نىلقا، غۇلجا، چاپچال، قورغاس ناھىيىلىرى ۋە غۇلجا شەھىرى تەۋەسىدىن ئۆتۈپ، قازاقىستان تەۋەسىدىكى بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئىلى دەرياسى تېكەس دەرياسى، كۈ-نەس دەرياسى، قاش دەرياسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دەريا ۋە 50 نەچچە ئېقىندىن تەركىب تاپقان. تېكەس دەرياسى كۈنەس دەر-ياسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن ئىلى دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. قاش دەرياسى ياماتۇدا ئىلى دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. ئىلى دەريا-سىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىر، جۇڭگو - قازاقىستان چېگراسىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 212 كىلومېتىر، قارا تۇمشۇقتىن دۆلەت چېگراسىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 194 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئىلىدا ئىنسانلار پائالىيىتى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە باشلانغان. ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى يېقىدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىدا قۇرۇقلۇق يولىدىن پايدىلانغاندىن سىرت، سۇ يولىدىنمۇ پايدىلانغان. ئۇلار قىش كۈنلىرى دەرياغا مۇز تۇتقاندا مۇز ئۈستىدىن ئۆتۈپ قاتناپ تۇرغان؛ ياز كۈنلىرى تاشقىندىن كېيىن سۇ ئازايغاندا دەريانىڭ ئەپلىك جايىنى تېپىپ ئات - كالا، تۆگە ئارقىلىق دەريادىن ئۆتكەن؛ چوڭ كۆچۈش، ھەربىي يۈرۈشلەردە ئۇزۇن ياغاچلارنى

باغلاپ سال ياساپ، يۇك ـ تاق، قېرى ـ چۆرى، ئۇششاق ماللارنى، باللارنى دەريادىن ئۆتكۈزگەن؛ قوينى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ، تېرىسىنى پۈۋلەپ تۇلۇم قىلىپ، تۇلۇملارنى بىرى بىرىگە چېتىپ، كېمە قىلىپ ئىشلەتكەن؛ چوڭ كۆتەكلەردىن قېيىق ياسىغان، تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا سال، تۇلۇم، قېيىق، كېمىلەرنىڭ ئورنىنى ھەر خىل كېمىلەر ئىگىلىگەن؛ كېيىنكى چاغلاردا دەريا ـ ئېقىنلارغا ھەر خىل كۆۋرۈكلەر سېلىنىپ، قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىغا زور قۇلايلىقلار يارىتىلغان.

## 1. كېچىكلەر

قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ شەرقتىكى مىللەتلەرنىڭ ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىشى ۋە مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يەنە غەربكە كۆچۈشى، يىپەك يولىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېچىلغان يېڭى شىمالىي لىنىيىسىنىڭ ئىلى تەۋەسىدىن ئۆتۈشى، قاراخانىيلار سۇلالىسى لەشكەرلىرىنىڭ ئىلىدىكى تاتلار (مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار)نى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىشى، چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى، ئالمالىق شەھىرىنى پايتەخت قىلغان چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىلىدا شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خەلقلەر مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە ئىلى دەرياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇقىم كېچىكلەر بارلىققا كەلگەن. بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «ئاق تەرەك ـ ئاق تەرەك ياغما ئېلىدە ئىلى دەرياسىدىكى بىر كېچىك» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 111 ـ بەت) دەپ شۇ چاغدا ئىلى دەرياسىدا مەخسۇس كېچىكلەرنىڭ بولغانلىقىنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئىلىنىڭ ھەرقايسى جايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرى راۋاجلىنىپ، ئىلى دەرياسىدىكى كېچىكلەر كۆپەيگەن.

17 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن باشلانغان جوڭغار خانلىقى دەۋرىدە ھازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىنى مەركەز قىلىپ، قارادۆڭدە ھەيۋەتلىك غۇلجا كۈرەسى (ئالتۇن قۇببىلىق ئىبادەتخانا) ياسالغان، ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە جوڭغار ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئوردا ـ سارايلىرى بىنا قىلىنغان. جوڭغارلار ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە قاينۇق كۈرەسى (كۈمۈش قۇببىلىق ئىبادەتخانا)نى بىنا قىلغان. جوڭغارلار 1678 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ھەر يىلى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئاشلىق، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئولپان قىلىپ ئېلىپ تۇرغان، بۇ ئولپانلار ھەر يىلى غۇلجىغا ئۇزۇلمەي توشۇلۇپ تۇرغان. غۇلجا كۈرەسى قاينۇق كۈرەسىدىكى دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ كۆچىيىشى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ كۈللىنىشى نەتىجىسىدە ئىلى دەرياسىدىكى بۇرۇنقى كېچىكلەر داۋاملىق پايدىلىنىلغاندىن سىرت، يېڭى كېچىكلەر ئۇزلۇكسىز بارلىققا كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى 1955 ـ يىلى جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندا شىمالىي يول قوشۇنى غۇلجا كېچىكىدىن ئۆتۈپ تۆمۈرلۈك تېغى ئارقىلىق ئىلگىرىلىگەن، غەربىي يول قوشۇنى كەتەك كېچىكىدىن ئۆتۈپ گەدەنتاغقا ئۇدۇل بېرىپ، داۋاچىنى مەغلۇپ قىلغان. 1762 ـ يىلى كۈرەدە ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى دەرياسىدىكى بۇرۇنقى كېچىكلەردىن داۋاملىق پايدىلانغان ۋە يېڭى كېچىكلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە غۇلجا كېچىكى، كۈرە كېچىكى، جىرغىلاڭ كېچىكى، ياماتۇ كېچىكى، قاراتام كېچىكى، قارابۇرا كېچىكى، زېكتى كېچىكى قاتارلىقلار بار.

غۇلجا كېچىكى ـــ غۇلجا بىلەن چاپچال ئارىلىقىدىكى قەدىمىي كېچىك، ئۇ خەلق ئارىسىدا ئايدۆڭ كېچىكى دەپ ئاتال-

غان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ كېچىككە مەخسۇس باشقۇرغۇ-چى قويۇلۇپ، ئىككى كېمە ماڭدۇرۇلۇپ، كېمە بىلەن هارۋا، يولۇچىلار ئۆتكۈزۈلگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى پولات ئارقان تارتىلىپ، چىغىرىق بېكىتىلىپ، ئاپتوموبىل، هارۋا، يولۇچىلار دەريادىن كېمە بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن. 60 ـ يىللاردا پولات ئارقان چوڭايتىلىپ، چوڭ كېمە سېلىنىپ، بىر قېتىمدا تۆت ئاپتوموبىل، بىرقانچە هارۋا ۋە نۇرغۇن ئادەم ئۆتكۈزۈلى-دىغان بولغان، ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈش كۈچى 40 توننىغا يەت-كەن. 1976 ـ يىلى ئىلى دەرياسى 1 ـ چوڭ كۆۋرۈكى پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن كېيىن كېمە ئىشتىن توختىغان.

كۇرە كېچىكى ــ ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى جايلاشقان قەلئە شەھەر كۇرە بىلەن چاپچالنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم كې-چىك، ئۇنىڭدىن 1765 ـ يىلدىن تارتىپ پايدىلىنىلغان، بۇ كېچىكتە ئىككى كېمە ماڭدۇرۇلغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى پولات ئارقان تارتىلىپ، چىغىرىق بېكىتىلىپ، ئاپتو-موبىل، هارۋا، يولۇچىلار كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتكۈزۈلگەن. 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ئىلىنىڭ مەركىزى كۇرەدىن غۇلجىغا يۆتكەلگەنگە قەدەر بۇ كېچىكتىن پايدىلىنىلغان.

جىرغىلاڭ كېچىكى ــ بۇ قەدىمىي كېچىك بولۇپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى جىرغىلاڭ بىلەن چاپچال ناهى-يىسىنىڭ كېمىچى مەھەللىسى ئارىلىقىغا جايلاشقان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى غۇلجا كېچىكىنىڭ تەرەققىي قىلى-شى بىلەن پايدىلىنىشتىن تەدرىجىي توختىغان.

ياماتۇ كېچىكى ــ بۇ غۇلجا شەھىرىدىن موڭغۇلكۇرە، تې-كەس، كۈنەس، توققۇزتارا ناهىيىلىرىگە بېرىشتىكى قەدىمىي مۇھىم ئۆتكەل. قەدىمكى زاماندا كىشىلەر تۇرلۇك ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇ كېچىكتىن ئۆتۈپ كەلگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ باش-لىرىدا بىرقانچە ئۆيلۈك موڭغۇل بىرلىشىپ، قېيىق بىلەن يو-

لۇچىلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. 1933 ـ يىللىرى رۇسلار يەرلىك كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئىككى قېيىقنى بىرلەشتۈرۈپ كېمە قىلىپ، ئىككى قىرغاقتا ئارقان تارتىپ چىغىرىق بېكىتىپ، بىر قېتىمدا ئىككى هارۋا ۋە يولۇچىلارنى دەريادىن ئۆتكۈزگەن. 1956 ـ يىلى توققۇزتارا ناهىيىسىنىڭ قاتناش تارمىقى بۇ كېچىكنى ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىپ، كېمىنى چوڭايتقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى بۇ كېچىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قوش قېيىقتىن تەركىب تاپقان كېمىنى ئىشقا سېلىپ، قاتناشنى راۋاجلاندۇرغان. 1959 ـ يىلى ئىلى كېمە زاۋۇتىدا ياسالغان 32 تونىلىق كېمە ئىشقا سېلىنغان، 1966 ـ يىلى كېمە 40 تونىلىق كېمىگە ئالماشتۇرۇلغان. 1983 ـ يىلى ياماتۇ كۆۋرۈكى پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، كېمە ئىشتىن توختىتىلغان. هازىرقى كۈندە ياماتۇ كۆۋرۈكىنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر كېمە شۇ ئەتراپقا ئۆتىدىغان يولۇچىلارنى توشۇماقتا.

قاراتام كېچىكى ـــ غۇلجا ناهىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى جايلار بىلەن چاپچال ناهىيىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇهىم قەدىمىي ئۆتكەل. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى جۇڭگو يادرو سانائىتى 734 ـ زاۋۇتى قاراتام كېچىكىگە كېمە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاپتوموبىل، هارۋا، يولۇچىلارنى دەريادىن ئۆتكۈزگەن. 1986 ـ يىلى قاراتام كۆۋرۈكى سېلىنغاندىن كېيىن، كېمە ئىشتىن توختىتىلغان.

ئىلى دەرياسىدىكى كېچىكلەردە يازدا دەرياغا كەلكۈن كەلگەندە، قىشتا قاتتىق سوغۇقتا دەرياغا مۇز تۇتۇپ كەتكەندە كېمە بىرقانچە كۈن ئىشتىن توختاپ قالاتتى. بەزىدە قاتناش قىستاڭچىلىقى تۈپەيلىدىن يولۇچىلار دەريا بويىدا قونۇپ قالاتتى. شۇڭا يولۇچىلارنىڭ ئېهتىياجى ئۈچۈن دەريا بويىدا ياتاق سېلىنغان، ئاشخانا ئېچىلغان، كىچىك بازارمۇ شەكىللەنگەن.

## 2. سالچىلىق

سالدىن قەدىمكى زاماندا دەريا ــ ئېقىنلاردىن ئادەم، يۈك ــ تاق ۋە ئۇششاق چارۋا ــ مال ئۆتكۈزۈشتە پايدىلىنىلغان. كېيىنچە سال سۇ يولى ئارقىلىق ياغاچ توشۇش قورالىغا ئايلىنىپ قالغان. ئىلى دەرياسىدىكى سالچىلىق ئىشلىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئەينى زاماندىكى جۇڭغارلارنىڭ ئوردا، ساراي، ئىبادەتخانىلىرى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلىدا بىنا قىلىنغان توققۇز قەلئە شەھىرىدىكى مەھكىمە، ساراي، ئىبادەتخانا، مەسچىت قاتارلىق ئىمارەتلەرنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى دەريانىڭ يۇقىرىسىدىكى جايلاردىن سال قىلىپ باغلىنىپ، سۇ يولى ئارقىلىق ئېلىپ كېلىنگەن. 1806 ــ يىلى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى 70 % لىك ياغاچ بېجىنى يولغا قويغان. قارىغاي كېسىش، توشۇش، سېتىش ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەر ئىشلىگەن. ھازىرقى ئىلى دەرياسى 1 ــ چوڭ كۆۋرۈكى ئەتراپىدا ياغاچ بازىرى بارلىققا كەلگەن. 1936 ــ يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلغان، 1943 ــ يىلى ئىدارە نامى قۇرۇلۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، ئارقىدىنلا دېھقانچىلىق ــ ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانى قۇرۇلغان. 1936 ــ يىلى سودىگەرلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ئىلى تاختاي زاۋۇتى قۇرۇلغان. ئىلى دەرياسىدا سال بىلەن ياغاچ توشۇش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ــ يىللىرىغىچە داۋاملاشقان.

سالچىلىق كەسپى باتۇرلۇق، چەبدەسلىكنى تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق ۋە خەتەرلىك كەسىپ. سالچىلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىجاد قىلغان، سالچىلارنىڭ باتۇرلۇق، ئەمگەك سۆيەر روھىنى ئىپادىلەيدىغان ئەمگەك قوشاقلىرى ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە:

چېكىرتىدىن سال باغلاپ،
دوگوۋار تولماي كۆز جايلاپ.
سالنى باغلاپ ھەم چىگىپ،
ئارقان كۆتۈردۇق ئاۋايلاپ.

سال بىشنى باغلايمىز
ئىككىمىز چۇشۇپ ھەيدەيمىز.
چاغانسايدا توختىتىپ،
بوزا ئىچىپ قاينايمىز.

كۆكتىرەك چىتى سىپىلدەك،
شامال ئۆتەر يەلپۇلدەپ.
ئۆتەلمىگەن ئادەمنى،
ئىسلام ئۆتەر يىتىلەپ.

ئۇندىن چۇشۇپ ھەيدەيمىز،
يىرىمدىن توقاچ چىشلەيمىز.
قىزىلكۇرەدە توختىتىپ،
ئارقاننى مەھكەم باغلايمىز.

قىزىلكۇرە ئاتاقلىق،
كەچكە تاپتۇق ياتاقنى.
چاچقان سالنى يىغالماي،
ئاقچاباي تاپتى چاتاقنى.

قارنىڭ تىشى يىقىن يەر،
قىشتا چىقار مۇزدەك تەر.
مەدىيانىنىڭ بىشىدا
ئولتۇرىدۇ قىزاي ئەل.

قاراكۇرە قاپچاغاي،
تارتىمىز كۇرەك چارچىماي.
قاپچاغايدىن ئۆتكەندە،
ناخشا ئىيتىمىز ھارماي.

**3. كېمە، پاراخوت قاتنىشى**

ئىلى دەرياسىدا كېمە قاتنىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. كۇنەس ناھىيىسىنىڭ زېكتى بازىرىدىن تېپىلغان بىر قەدىمىي تاش ئويمىغا ئىككى قېيىقنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن. بۇ، ئىلىدا خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىن تارتىپلا قېيىقتىن پايدىلىنىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «كەمى ئىچرە ئولدۇرۇپ، ئىلا سۇۋىن كەچتىمىز، ئۇدغۇر تابا باشلانىپ، مىڭلاق ئەلىن ئاچتىمىز» (كېمىگە ئولتۇرۇپ ئىلى سۇيىدىن ئۆتتۇق، ئۇيغۇرلار تەرەپكە يۈزلىنىپ، مىڭلاق ئېلىنى ئالدۇق) («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم 324 ـ بەت) دېگەن باياندىن ئەينى ۋاقىتتا زور قوشۇننىڭ ئىلى دەرياسىدىن ئۆتكۈزەلەيدىغان چوڭ كېمىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇنىڭ زور قوشۇنى ئىلىغا كېلىپ دەم ئېلىپ، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، كېمە، سال ئارقىلىق دەريادىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان. جۇڭغارلار دەۋرىدە ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا خوجىگىر، قاينۇق، چېتىم، شىمالىدا بوربولسۇن، ئويمانبايتوقاي، غۇلجا قاتارلىق ئۇيغۇر يېزىلىرى بولغان، بۇ مەزگىلدىكى كېمىچىلەر ئۇيغۇرلار بولغان. ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كېمىچىلەر مەھەللىسى ئەنە شۇ جۇڭغارلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن.

ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى دېھقانلارنىڭ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان ئاشلىقى ئاۋۋال غۇلجا شەھىرىگە يىغىلىپ، ئاندىن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق كورەگە ئېلىپ بېرىلغان، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىنغان. ئىلى جاڭجۇنى بۇ ئاۋارىچىلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئىلى دەرياسىنىڭ غۇلجا شەھىرى بىلەن كورە ئارىلىقىدىكى بۆلىكىدە 1766 ـ يىلى سىناق تەرىقىسىدە كېمە ماڭدۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئارىدىن بەش

يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رەسمىي سۇ قاتنىشى يولغا قويۇلۇپ، كۇرە بىلەن غۇلجىدا پىرىستان ياسالغان. ھەر يىلى 4 ــ 10 ـ ئايغىچە بۇ سۇ يولىدا كېمە قاتنىغان. يىللىق سۇ توشۇش مىقدارى 700 توننا بولغان. 16 كېمە قاتنىغان. ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى توققۇزتارادىكى موخۇردا كېمە ياساش زاۋۇتى قۇرۇپ، كېمە، قېيىق ياساتقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئىلى جاڭجۇنى توققۇزتارادىن كېمە بىلەن ئاشلىق توشۇشنى يولغا قويغان، بۇنىڭغا ئىككى يانداش ئامبال بىلەن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان 10 نەچچە ئەمەلدارنى مەسئۇل قىلغان، كېمە بىلەن ئاشلىق توشۇشتا 400 دىن ئارتۇق مەھبۇس ئىشلىگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە چاررۇسىيە ئىلى دەرياسىدا سۇ قاتنىشىنى يولغا قويۇشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئىلى جاڭجۇنى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. 1914 ـ يىلى چاررۇسىيىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بۇ ئىشنى قايتا ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما بۇ تەلەپ يەنىلا رەت قىلىنغان. 1937 ـ يىلى سوۋسىنتورگ شىركىتى (سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى)نىڭ باش دىرېكتورى جۇ خەيدىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى گرىكوفنىڭ مەسئۇللىقىدا «ئىلى دەرياسىدا قاتناشنى يولغا قويۇش توختامى» ئىمزالانغان. سوۋسىنتورگ شىركىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈچ پاراخوت، تۆت كېمە ئىجارىگە ئېلىپ، ئىلى دەرياسىدا خەلقئارالىق سۇ قاتنىشىنى يولغا قويغان. پاراخوتلارغا جۇڭگو دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان. بۇ پاراخوتلاردا شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان يەرلىك مەھسۇلاتلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان سانائەت مەھسۇلاتلىرى توشۇلغان. قورغاس ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ساندۇخوزىدا پىرىستان ياسالغان. پىرىستاندا 3000 كۋادرات مېتىرلىق ئامبار ۋە مال مەيدانى، چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 3097 تونىلىق ماي باكى، 7.5 توننىلىق بىر

زەنجىر تاپان كىران، ئۈچ يۈتكەش ماشىنىسى ۋە بىر ماي پومپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. پىرىستان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىنىڭ ئارىلىقى 11 كىلومېتىر بولۇپ، ھەر يىلى 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بۇ سۇ يولىدا 300 توننىلىق پاراخوتلار قاتنىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئىلى دەرياسىدا سۇ قاتنىشى نورمال داۋام قىلغان.

4. كۆۋرۈكلەر

ئىلى دەرياسىنىڭ تارماقلىرىغا سېلىنغان كۆۋرۈكلەردىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھازىرقى قاش دەرياسى كۆۋرۈكى ئورنىغا سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 54 مېتىر كېلىدىغان ياغاچ كۆۋرۈك (بۇ كۆۋرۈك 1948 ـ، 1966 ـ يىللىرى قايتىدىن سېلىنغان)، 1930 ـ يىللاردا موڭغۇلكۈرەدىكى يەرلىك مۆتىۋەرلەرنىڭ پۇل چىقىرىشى، قادىر ئاخۇن ئۇستىنىڭ پىلانلىشى بىلەن چوڭ مۇزئارت دەرياسىغا سېلىنغان ئىككى كۆۋرۈك، 1933 ـ، 1934 ـ يىللىرى تېكەس دەرياسىغا سېلىنغان قۇربانجان كۆۋرۈكى (ھازىرقى «ئازادلىق» كۆۋرۈكىنىڭ 100 مېتىرچە غەربىگە سېلىنغان بولۇپ، ھازىر ئىزناسى بار، بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پايدىلىنىلغان). 1936 ـ يىلى موڭغۇلكۈرەدىكى ئاغياز سۈيىگە مازاق ئاقىلاقچى سالدۇرغان ساغا كۆۋرۈكى بار.

ئازادلىقتىن كېيىن ئىلى دەرياسىغا ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىغا نۇرغۇن زامانىۋى كۆۋرۈكلەر سېلىنىپ، ئىلىنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىغا زور قۇلايلىق ئېلىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىرىدىن سىرت، 2006 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قاتناش باشلانغان، ئىلى دەرياسى 1 ـ چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر غەربىگە سېلىنغان ئىلى دەرياسى پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆۋرۈكى، قورغاس ناھىيىسى بىلەن چاپچال ناھىيىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان (يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى 63 ـ تۈەن ـ مەيدانى بىلەن 67 ـ تۈەن ـ مەيدانى ئارىلىقىغا جايلاشقان)، 2005 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قات-

ناش باشلانغان ئىلى دەرياسى 3 ـ چوڭ كۆۋرۈكى قاتارلىق چوڭ كۆۋرۈكلەر ۋە نۇرغۇن ئوتتۇراھال كۆۋرۈكلەر بار.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**


1. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. «ئىلىنىڭ قاتناش تەزكىرىسى»، سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسى تۈزگەن، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

3. «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

4. «17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جوڭغارلارنىڭ مۇناسىۋىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

5. «كۆۋرۈك ياساش ئۇستىسى قادىر ئاخۇن». «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۇيغۇرچە 15 ـ سان.

6. «غۇلجا خەلق قوشاقلىرى»، غۇلجا شەھەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىشخانىسى باستۇرغان.

7. بىرقىسىم پېشقەدەملەر بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسى.

# نوشىرۋان يائۇشېۋ ئۇيغۇرلار ھەققىدە

ھۇسەيىن ئەبەيدۇللا

نوشىرۋان يائۇشېۋ دېگەن بۇ ئىسىم يۇرتىمىزدىكى كونا زىيالىيلارغا ناھايىتىمۇ تونۇشلۇق، تاتارىستانلىق تاتار يازغۇچى، ئاتاقلىق ژۇرنالىست، تارىخچى نوشىرۋان يائۇشېۋ ئەسەرلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ يۇرتىمىز شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى تاتارىستاندا قازان شەھىرىدىن چىقىدىغان «شۇرا» ژۇرنىلى ئارقىلىق 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۇرتىمىزغا يېتىپ كېلىپ، كەڭ زىيالىيلار ۋە خەلق بىلەن ئۇچراشقان، شۇلار قاتارىدا مەنمۇ 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە يائۇشېۋنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازغان بىرقەدەر ئەمەلىي ۋە قىزىقارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، بۇ ئەسەرلەر مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. بولۇپمۇ ن. يائۇشېۋ شىنجاڭدىكى ساياھىتىدە كۇچاغا كېلىپ، كۇچىدا ئۇچرىغان بىر ئۇيغۇر كىشىدىن سوئال سورىغانلىقى ۋە ئالغان جاۋابى توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «مەن كۇچىدا ئۇچرىغان بۇ ئادەمگە سالام بېرىپ ‹تەقسىر، سىزنىڭ مىللىتىڭىز نېمە؟› دەپ سورىسام، ئۇ كىشى ئىككىلەنمەيلا، ‹ئەلھەمدۇلىللا، ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ ئەۋلادىمىز› دەپ جاۋاب بەردى. مەن جاۋابىدىن ھەيران بولدۇم ۋە ئىچىمدە ئىھا! بىچارە خەلق، نادانلىق، قالاقلىقنىڭ كاساپىتىدىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، مىللىتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن، دەپ ئېچىندىم ھەمدە بۇ كىشىگە، مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، بۇ مىللەتنىڭ ناھايىتى قەدىمىي مىللەت بولۇپ، تارىختا مەدەنىيىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم» دەپ يازغان بىرنەچچە جۈملە سۆزى

هازىرغىچە ئىسىمدىن چىقمايدۇ.
ئۆزبېكىستانلىق تارىخچى ئابدۇخېلىل ئىبىتبايېۋ 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يازغان «نوشىرۋان ياۋۇشېۋ ئۇيغۇرلار ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە ن. ياۋۇشېفنىڭ شىنجاڭدىكى ساياھىتى توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق توختالغان. ئۇ ماقالىسىنىڭ بېشىنى مۇنداق باشلىغان: «نوشىرۋان ياۋۇشېۋ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى بىرقەدەر ئەمەلىي، ئوبيېكتىپ يازغان تالانتلىق تارىخچى، ئۇ شىنجاڭدا بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە، بۇ زېمىندا ياشىغۇچى ئاساسىي خەلق — ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى، ئېتنوگرافىيىسى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى كونكرېت ۋە ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇ يىللاردىكى ئومۇمىي ھاياتىنى ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ، ماقالىلىرىدە ئېلان قىلغان».
نوشىرۋان ياۋۇشېۋ 1914 ـ يىلى ساياھەت ئۈچۈن شىنجاڭغا كېلىپ، قەشقەردىن ساياھىتىنى باشلىدى. ئۇ، ئەينى ۋاقىتتا شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تارقالغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان ماكان توغرىسىدا پەقەت ئوتتۇرا ئەسىر ساياھەتچىلىرىنىڭ يازغانلىقىنىلا بىلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بۇ ئەلگە كەلگەندىن كېيىن ئاجايىپ كاتتا يېزا ـ قىشلاق، شەھەرلەرنى ۋە ئادالەت، پاراۋانلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقنى كۆرىمەن دەپ خىيال قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ تەۋەگە كېلىپ كۆرگىنى كونىراپ كاردىن چىققان، خۇددى خارابىلىككە ئوخشاش ئەسكى تام ئىمارەتلەر ۋە كونا ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان يوۋاش، ساۋاتسىز خەلق بولدى. بۇ نادان خەلق بالايى ـ ئاپەت، ئازاب ـ ئوقۇبەت، ئاغرىق ـ سىلاقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مازارغا توپلىشىپ ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەۋلىيالاردىن تىلەيتتى. ن . ياۋۇشېۋ خەلقنىڭ بۇ ھالغا قاتتىق ئېچىنىپ، ئۆز يۇرتىغا ئەۋەتكەن دەسلەپكى ماقالىلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى يازدى ھەمدە ئۇيې-

غۇر خەلقىنىڭ مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى خۇراپاتلىق ۋە ساۋاتسىزلىقتىن دەپ چۈشەندى.

تارىخچى ئابدۇخېلىل ئىبىتبايېف نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ئۆز ساياھىتى جەريانىدا قىلغان بەزى ئەمەلىي ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ياش ئالىم ۋە ساياھەتچى ن. يائۇشېف قەشقەردىن كۇچاغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىش مەقسىتىدە شۇ شەھەردىكى ئائىلىلەردىن ئاز كەم 50 بالىنى يىغىپ ئۇلارنى يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى مەكتەپتە باشقا تىل ئۆگىتىپ بالىلىرىنىڭمۇ بىللە ئوقۇۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدۇ. بىلىملىك ياش سەيياھ بۇ ئەھۋالغا تېخىمۇ ھەيران قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ن . يائۇشېفنىڭ بۇ ئىشى شۇ يەرلىك ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ بىر يېڭى باشلىنىشى بولدى».

ئا. ئىبىتبايېف شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى مۇستەبىتلەرنىڭ يەرلىك فېئودال بەگلەر بىلەن بىرلىشىپ خەلقنى ئېزىپ، قېنىنى شورىغاندىن تاشقىرى باشقا جەھەتتىمۇ خەلققە قەبىھ سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ن . يائۇشېفنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن ئېنىق كۆرگەنلىكىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: «مۇستەبىت ئەمەلدارلار ئۇيغۇر خەلقىنى قۇللۇق ئاسارەتتە تۇتۇپ تۇرۇش مەقسىتىدە، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى بوغۇپ، خۇراپاتلىق، ساۋاتسىزلىق پاتقىقىغا چوڭقۇرراق پاتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى. ياش سەيياھ بۇ يەردە يېڭى مەكتەپ ئېچىشقا ھەرىكەت قىلغان كىشىنىڭ تاياق يەيدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرگەن»، شۇڭلاشقا ئۇ 1911 ـ يىلى جۇڭگودا يۈز بەرگەن بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى توغرىسىدا يازغان ماقالىسىدە مۇنداق تەكىتلەيدۇ: «جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلمىدى. ھاكىمىيەت تۇزۇلمىلىرى بۇرۇن قانداق بولسا، ھازىرمۇ

شۇنداق بولۇپ كەلدى. ئەزگۈچىلەر بۇرۇن قانداق بولغان بولسا، هازىرمۇ خەلقنى شۇنداق ئېزىپ، ئۇلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ، تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ، خەلقنى بولىماقتا».

ن . يائۇشېۋ «ئالتە شەھەر ھاياتىدىن»، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلىرىدە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا خەلقلەر توغرىلىق تەپسىلىي توختىلىدۇ، بولۇپمۇ خوتۇن ـ قىزلارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ كىيىم ـ كېچىكى، ئائىلە مۇناسىۋىتى، ئادەم تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملار ھەققىدە تەپسىلىي ۋە ئەتراپلىق خاتىرە قالدۇرغان. بۇ مەلۇماتلار ئۆزىنىڭ ئېنىقلىقى ۋە توغرىلىقى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئا. ئېيتبايېۋ ن . يائۇشېۋنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرى، كاسىپلىرى توغرىسىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يازغانلىرىدىن مۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇ: «ئالتە شەھەر تۈركلىرى ھۈنەر ۋە سەنئەتتە بەكمۇ قابىلىيەتلىك، ماھىر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ھۈنىرى: تۆمۈرچىلىك، زەرگەرلىك، تاش تاراشلىق ۋە توقۇمىچىلىقتىن ئىبارەت. قول بىلەن ياسىغان ۋە توقۇغان نەرسىلىرى فابرىكىلاردا توقۇلغان نەرسىلەرنى بېسىپ چۈشىدۇ، ئۇ پۇختا ۋە سۈپەتلىك، ئېسىل تاشلاردىن ياسىغان نازۇك، چىرايلىق زىننەت بۇيۇملىرى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ». ن. يائۇشېۋ بۇنداق ئېسىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنى نامراتلارنىڭ سېتىۋېلىشىغا ھەرگىزمۇ قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ بەكمۇ ئەپسۇسلىنىدۇ. يىپەكتىن توقۇلغان گەزماللارنىڭ ئاجايىپ كۆركەملىكىنى، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ نەپىس كىيىم ـ كېچەكلەرنى تىكىدىغانلىقىنى، ئاياللىرى يىپەك چىقىرىش، چاق ئېگىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ چاقلىرى ناھايىتى ئاددىي كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇرچۇق بىلەن ئون كۈندە قىلىدىغان ئىشنى ئۇيغۇر ئاياللىرى چاقتا بىر

سائەتتىلا قىلىپ بولىدىغانلىقىنى ئاجايىپ تەسۋىرلەپ كېلىپ، «بۇ ئىشچان خەلق شۇنچىلىك بىرلىكتە ئىشلىسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ تاپقىنى تىزىدىن ئاشمايدىكەن» دەپ يازىدۇ.

ئا. ئىپتىبايېۋ ن. يائۇشېفنىڭ قوليازمىلىرىدىن مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ياغاچچىلار ياسىغان بۇيۇملارنى كۆرۈپ ھەيران قالىسىز، بۇ ئۇستىلارنىڭ ئۆزلىرى سىزىپ چىققان رەڭلىك رەسىملىرىنى كۆرۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى چىۋەرلىكىگە، ماھىرلىقىغا ۋە ئەمگەكچانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايسىز، قول ھۈنەرۋەنچىلىككە كەلگەندە ئۇيغۇر خەلقى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا ناھايىتى چوڭ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن خەلقتۇر، باشقا بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ئۆلگە ئېلىشىغا ئەرزىيدۇ».

ئۇ يەنە ن. يائۇشېۋ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قابىلىيىتىگە ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ چىقىدۇ ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى ئەڭ باي تىل ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ تاتار تىلىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ، چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئورنىغا ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى قوبۇل قىلىش كېرەك، دەيدۇ ھەمدە ئۆز پىكىرلىرىنى ژۇرنال سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىدۇ. ن. يائوشېفنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئۇيغۇر، پارس تىلىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يىغقانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تارىخىي ئەسەرلەردىن مىرزا مۇھەممەد ئىبنى پازىلنىڭ «تارىخى شاھ مەخمۇت جوراس» ناملىق كىتابى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ن. يائوشېۋ بۇ ئەسەرنى تاتار تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئۆز مۇلاھىزىلىرى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ تۇردى. بۇ ئەسەر توغرىلىق يازغان مۇلاھىزىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ شىنجاڭ تەۋەسىدە يۇت تىرەپ تۇرغان، باي، كۈچلۈك ھەم مەدەنىيەتلىك ئەل بولۇپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئابدۇخېلىل ئېيتىبايېۋ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قابىلىيەتلىك ژۇرنالىست ھەم تارىخچى ن. يائۇشېۋ ئۇيغۇرلار تارىخىنى ئوغۇزخان تەرىپىدىن مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت قۇرۇلۇشى بىلەن باغلاپ باھالايدۇ. ئۇ، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا ئائىت قاراخانىيلار دۆلىتى ھەققىدە: بۇ دەۋردە ئاھالە ناھايىتى راھەت ئۆمۈر سۈرگەن، بىلىم ۋە مائارىپ، ھۈنەر ۋە تىجارەت ئەركىن تەرەققىي قىلغان، دەپ تەكىتلەپ كېلىپ قاراخانىنىڭ ئوغۇزخان ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى، بۇ دۆلەتنىڭ تەۋەسى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. تارىخچى، ژۇرنالىست ن. يائۇشېۋ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئۆزى ئوقۇپ چىققان كىتابلاردىنلا تەرجىمە قىلىپ يازغان ئەمەس. ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرى ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن يېزىلغانلىقى بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ن. يائۇشېۋ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 17 ــ 18 ـ ئەسىردىكى تارىخىنى يازغاندا قاراتاغلىق ۋە ئاقتاغلىق غوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارنىڭ ئۇيغۇر دۆلىتى (يەكەن خانلىقى)نى بەكمۇ ئاجىزلاشتۇرغانلىقىنى، نەتىجىدە بۇ ئەلنىڭ كۆپ ۋەيرانچىلىققا ۋە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكىنى ناھايىتى ئېچىنىشلىق قىلىپ جانلىق پاكىتلار بىلەن يېزىپ چىققان، ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي مۇلاھىزىلىرىنى ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن قۇرۇلغان «يەتتە شەھەر دۆلىتى» ھەققىدە قىسقىچە توختىلىش بىلەن ئاياغلاشتۇرىدۇ».

ئابدۇخېلىل ئېيتىبايېۋ ماقالىسىنى مۇنداق تاماملايدۇ: «ن. يائۇشېۋ 30 يىلدىن سەل ئوشۇقلا ئۆمۈر كۆرەلىدى. ئۇ 1876 ـ يىلى روسىيە تاتارىستاندا تۇغۇلغان، 1907 ـ يىلى مەدرىسىنى تاماملاپ، نۇرغۇن ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇنىڭ دەسلەپكى سەپىرى قازاق يەرلىرىنى ئارىلاشتىن باشلاندى ھەمدە قازاقىستاننىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىنى ئارىلاپ، قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆگىنىپ،

كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى توپلىدى. ن. يائۇشېفنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان سەمەرقەنت، تاشكەنت، بۇخارا شەھەرلىرىگە قىلغان سەپىرى ئۇنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. ئۇ بۇ يەرلەردە شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار ئادەملىرى: زىيالىيلار، ئالىملار، خەلق ئىچىدىن چىققان شائىرلار بىلەن تونۇشۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز بىلىمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، ئۇ بۇ يەردە ئازلا ۋاقىت ئىچىدە پارس تىلىنى ئۆگىنىۋالدى».

ئا. ئېيتبايېف يازغان ماتېرىياللىرىدىكى شىنجاڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ھەققىدىكى ن. يائۇشېفنىڭ ئېلىپ بارغان كونكرېت، ئەمەلىي تەكشۈرۈشلىرى، كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدىكى ئاجايىپ جانلىق تەسۋىرلەشلەر مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مەيلى قانداق دەۋر شارائىتىدا ۋە مەيلى قانداق ئىجتىمائىي شارائىتتا بولسۇن، بىزنىڭ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ن. يائۇشېف ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

# شىنجاڭدا قۇرۇلغان چەت ئەل كونسۇلخانىلىرى

## ئابدۇرېھىم ياقۇپ

ۋەتىنىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا جۈملىدىن يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا كونسۇلخانا قۇرۇلغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ كونسۇلخانىلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، بەزىلىرى مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، بەزىلىرى مىنگونىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قۇرۇلغان.

ئۇنداق بولسا كونسۇلخانا زادى قانداق ئورگان؟ چەت ئەللىكلەر نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدا كونسۇلخانا قۇرۇشقا خۇشتار بولىدۇ؟

كونسۇلخانا ئەسلىدە خەلقئارا قائىدىلەر ۋە كېلىشىملەرگە ئاساسەن بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتنىڭ مەلۇم شەھىرى ياكى مەلۇم رايونىدا قۇرىدىغان دىپلوماتىك ئورگان. كونسۇلخانىغا ئادەتتە باش كونسۇل، كونسۇل، مۇئاۋىن باش كونسۇل، كونسۇل ۋاكالەتچىسى قويۇلىدۇ. كونسۇلخانىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى مۇھاجىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مۇھاجىرلارنىڭ ھەققانىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش؛ پاسپورت، ۋىزا بېجىرىش؛ ئۆز دۆلىتى بىلەن ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە پەن ـ تېخنىكا مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

1840 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، يۇرتىمىز شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىش ئوبيېكتىغا

ئايلاندى. ئۇلار ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، سودا قىلىش دېگەن نام بىلەن ئېلىمىز زېمىنىغا قول سوزدى ۋە نۇرغۇن تەڭسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق ئېلىمىزدە كونسۇلخانا قۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالدى. خۇددى «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك كونسۇلخانىدىن ئىبارەت دىپلوماتىيە ئورگىنىدىن پايدىلىنىپ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى.

**شىنجاڭدا قۇرۇلغان كونسۇلخانىلار**

1. رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان كونسۇلخانىلىرى

1847 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋە 1848 ـ يىلى 7 ـ ئايدا رۇسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاسساللار مەھكىمىسىگە ئىككى قېتىم نوتا تاپشۇرۇپ غۇلجا، چۆچەك، قەشقەرلەردە رۇسىيە سودىگەرلىرى ئۈچۈن سودا چەمبىرىكى ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپكە قوشۇلمىدى. 1850 ـ يىلى 1 ـ ئايدا رۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى يەنە تىلغا ئېلىپ چىڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتتى. چىڭ ھۆكۈمىتى رۇسىيەنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي 1851 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «جۇڭگو ـ رۇسىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ غۇلجا، چۆچەكلەردە سودا ئالاقىسىنى يولغا قويۇش نىزامى»غا ئىمزا قويدى. بۇ رۇسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ ئىمزالاتقان، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا مۇناسىۋەتلىك تۇنجى تەڭسىز شەرتنامە ھېسابلىنىدۇ. رۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ شەرتنامە ئارقىلىق غۇلجا، چۆچەكلەردە كونسۇلخانا قۇرۇش، سودىدا باج تاپشۇرماسلىق، كونسۇل كېسىم ھوقۇقى قاتارلىق ئىمتىيازلارغا ئېرىشىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ يەنە بىرقاتار تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاش ئارقىلىق قەشقەر، تۇرپان (كېيىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈلگەن)، ئالتايلاردا كونسۇلخانا قۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن غۇلجا، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچى، ئالتايدىن ئىبارەت بەش جايدا رۇسىيە كونسۇلخانىسى بار بولدى.

1911 ـ يىلى جوڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق بۈيۈك زۇڭتۇ-ڭى جايلاردىكى چەت ئەل كونسۇلخانىلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكتىن، رۇسىيە ھۆكۈمە-تىنىڭ شىنجاڭدىكى بەش كونسۇلخانىسىمۇ ساقلاپ قېلىندى. 1917 ـ يىلى رۇسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلەندى. يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سوۋېت ھاكى-مىيىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئىككى يىلدىن ئارتۇق سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى-نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بەش جايدا كونسۇلخانا قۇرۇش، بۇنىڭغا جاۋابەن سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى بەش كونسۇل-خانىسىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. كېلىشىم بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى بەش كونسۇلخانىسىنى داۋاملىق ساقلاپ قالىدىغان بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە-تىنى تۇنجى بولۇپ ئېتىراپ قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈ-مىتىنىڭ شىنجاڭدىكى بەش كونسۇلخانىسىمۇ داۋاملىق ساقلاپ قېلىنىدىغان بولدى.

1) رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى

رۇسىيە ھۆكۈمىتى 1895 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەل-چى ئەۋەتىپ، 1881 ـ يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئى-لى شەرتنامىسى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، تۇرپاندا قۇرغان كونسۇلخانىسىنى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كېلىش ئىلتىماسىنى سۇندى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئىلتىماسقا قوشۇل-دى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى 1896 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۇرپاندىكى كونسۇلخانىسىنى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كەلدى ۋە دەرىجىسىنى باش كونسۇلخانا دەرىجىسىگە ئۆستۈردى. باش كونسۇللۇقنى تۇرپاندىكى كونسۇلخانىنىڭ كونسۇلى فېدوروف ئۈستىگە ئال-دى. بۇ كونسۇلخانىنىڭ ئورنى ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق

ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئورنىدا ئىدى. كونسۇلخانىغا بىر باش كونسۇل، بىر مۇئاۋىن كونسۇل، بىر دوختۇر قويۇلدى.

1920 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋەكىل ئەۋەتىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق «ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى، ئارقىدىنلا سوۋېت ھۆكۈمىتى چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىمتىيازلىرى ۋە كونسۇل كېسىم ھوقۇقىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇ يىلى چارروسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە قۇرغان باش كونسۇلخانىسى تاقالدى. 1924 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانا قايتىدىن ئېچىلدى. 1925 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىستروفنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىغا تۇنجى باش كونسۇل قىلىپ تەيىنلىدى. كونسۇلخانىنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ باش كونسۇل، مۇئاۋىن كونسۇل، كاتىپ، تەرجىمان، سودا خادىمى، پوتوكچى، ماشىنىست، دوختۇر، مۇھاپىزەتچى... دېگەندەك 40 — 50 كىشىگە يەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇل رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ كان رايونى، سانجى ۋىلايىتى، قومۇل ۋىلايىتىنى ئۆزئىچىگە ئالاتتى. 1956 ـ يىلى ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇل رايونى بولغان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇل رايونى قىلىپ ئايرىپ بېرىلدى.

1962 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى چېرۋونېنكو ئېلىمىز ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ خەنفۇغا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسىنى تاقاشنى قارار قىلغانلىقىنى

ئۇقتۇردى. 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كونسۇلخانا رەسمىي تاقالـ-
دى. كونسۇلخانا خادىملىرى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ ، 8 ـ كۈنلىرى
ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئايروپىلان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىـ-
غا قايتىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرغان رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدـ-
دىكى باش كونسۇلخانىسى جىمجىتلا غايىپ بولدى.

2) رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە قۇرغان
كونسۇلخانىسى

روسىيىنىڭ قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرۇش ئىشى ئەسلى
1860 ـ يىلى بېيجىڭدا ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ روسىيە بېيجىڭ
شەرتنامىسى»نىڭ 8 ـ ماددىسىدا بەلگىلىنىپ بولغان بولسىمۇ،
ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تۈپەيلىدىن كېچىكىپ كەتكەنىد-
دى، 1881 ـ يىلى «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى»
ئىمزالىنىپ، ئۇنىڭ 10 ـ ماددىسىدا رۇسىيىنىڭ قەشقەردە
كونسۇلخانا قۇرۇش ئىشى قايتا تەكىتلەندى. نەتىجىدە كېيىنكى
يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە رۇسىـ-
يىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى قۇرۇلدى.

رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا بىر
كونسۇل، بىر ياردەمچى كونسۇل، بىر تەرجىمان، بىر دوختۇر
قويۇلدى، تۇنجى كونسۇللۇققا پېتروۋسكى ئۇستىگە ئالدى،
كېيىنچە ئۇ باش كونسۇللۇققا تەيىنلەندى، كونسۇلخانىنىڭ دە-
رىجىسىمۇ باش كونسۇلخانا دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلدى. 1920 ـ
يىلى ئەڭ ئاخىرقى باش كونسۇل ئۇسپىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرد-
نى ئېلىپ قەشقەردىن ئايرىلدى، كونسۇلخانىدا پەقەت بىر تەر-
جىمان ۋە بىرقانچە چاكارلا قالدى. بۇ ئەمەلىيەتتە رۇسىيىنىڭ
قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ تاقالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

1924 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن سوۋېت
ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم هاسىل قىلىنغاندىن كېيىن،
سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرۇشنى
قارار قىلدى ھەمدە 1925 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دۇمىسپىسنى باش

كونسۇللۇققا تەيىنلەپ، ئەسلىدىكى رۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتتى ۋە شۇ كونسۇلخانا ئاساسىدا يېڭى كونسۇلخانا قۇردى، يېڭى كونسۇلخانىدا 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. كونسۇلخانا قۇرۇلۇپ ئىش باشلانغاندىن كېيىن كونسۇلخانا خادىملىرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 31 گە، 1948 ـ يىل 4 ـ ئايدا 53 كە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر باش كونسۇل، ئۈچ مۇئاۋىن كونسۇل، كاتىپ، تەرجىمان، خىزمەتچى، دىپلوماتىيە پوچتالىيونى، تەكشۈرگۈچى، مۇپەتتىش، سودا خادىمى، ماشىنىست، دوختۇر، سېستىرا، شوپۇر قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ كونسۇلخانىنىڭ كونسۇل رايونى قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالاتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1956 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بۇ كونسۇلخانىنى تاقىدى، كونسۇلخانىنىڭ ئۆيلىرىنى جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشى ۋە ھەقسىز پايدىلىنىشى ئۈچۈن تاپشۇرۇپ بەردى، كونسۇلخانىنىڭ كونسۇل رايونى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. باش كونسۇل ئاۋروف 1956 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، مۇئاۋىن كونسۇل ئۇلكېنوف 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قەشقەردىن ئايرىلىپ دۆلىتىگە قايتتى.

3) رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا قۇرغان كونسۇلخانىسى

1851 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى ـ تارباغاتاي سودا شەرتنامىسى» ئىمزالاندى، مۇشۇ شەرتنامىگە ئاساسەن 1852 ـ يىلى رۇسىيە ھازىرقى غۇلجا شەھىرىدە رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجا كونسۇلخانىسىنى قۇردى.

1924 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كېلىشىمگە ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى يېڭىدىن كۇلكوفنى غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىنىڭ كونسۇللۇقىغا تەيىنلەپ، سابىق رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، غۇلجا كونسۇلخانىسى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. بۇ كونسۇلخانىنىڭ كونسۇل رايونى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە ـ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەك، ئالتايلاردىكى كونسۇلخانىلىرى تاقالغاندىن كېيىن، بۇ كونسۇلخانىنىڭ كونسۇل رايونى كېڭىيىپ تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ كونسۇل ئىشلىرىنىمۇ باشقۇرىدىغان بولدى.

1962 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى چېرۋونېنكو جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى تاقاشنى قارار قىلغانلىقىنى، ئەگەر جۇڭگونىڭ يەرلىك دائىرىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىشكە قوشۇلسا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى ئاغزاكى ئۇقتۇردى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بۇ تەلەپكە قوشۇلغانلىقىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇردى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كونسۇلخانىنىڭ مۈلۈكلىرى جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كونسۇلخانىنىڭ بارلىق خادىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتتى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى رەسمىي تاقالدى.

4) رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتە قۇرغان كونسۇلخانىسى

رۇسىيە ھۆكۈمىتى 1851 ـ يىلى «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى ـ تارباغاتاي سودا شەرتنامىسى»گە ئاساسەن، چۆچەكتە كونسۇلخانا

قۇرۇپ تاتارىنوفنى تۇنجى كونسۇللۇققا تەيىنلىدى، كونسۇلخانا ئورنى چۆچەك شەھىرىدىكى رۇسىيە سودا كونتورى ئىچىدە ئىدى.

1924 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى چۆچەككە كونسۇل ئەۋەتىپ چۆچەك شەھىرىدە (ئەسلىدىكى چاررۇسىيىنىڭ چۆچەك كونسۇلخانىسى ئورنىدا) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەك كونسۇلخانىسىنى قۇردى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتىكى كونسۇلخانىسى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقى بېرىېوفنى چۆچەك كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇللۇقىغا تەيىنلىدى، ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى چۆچەكتىكى كونسۇلخانىغا تەيىنلىگەن تۇنجى كونسۇل ھېسابلىنىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چۆچەكتىكى كونسۇلخانىسىنى تاقىدى، شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ كونسۇلخانىنىڭ مال ـ مۈلكىنى جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشى ۋە ھەقسىز پايدىلىنىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتىكى كونسۇلخانىسى رەسمىي تاقالدى. بۇ كونسۇلخانىنىڭ كونسۇل رايونى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

5) رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتايدا قۇرغان كونسۇلخانىسى

1907 ـ يىلى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى قۇبدو (ھازىر بۇيەر موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە)دىكى كونسۇلخانىسىنى ئالتايغا يۆتكىدى. چىڭ ھۆكۈمىتىمۇ ئالتايدىن كونسۇلخانا قۇرۇشقا كېرەكلىك يەر ئاجرىتىپ بەردى.

1920 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلخانىسى تاقالدى.

1924 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن سوۋېت

ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئالتايدا كونسۇلخانا قۇرۇپ كونسۇل تۇرغۇزدى. بۇ كونسۇلخانا چارروسىيىنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلخانىسى ئورنىدا ئىش بىجىردى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلخانىسى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. كونسۇلخانا تاقالغانغا قەدەر كونسۇل ۋە مۇئاۋىن كونسۇللار ئىككى قېتىم ئالماشتى، ئەڭ ئاخىرقى كونسۇل كاۋاردلوف 1953 ـ يىلىدىن باشلاپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

1955 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئالتايدىكى كونسۇلخانىسىنى تاقاشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كاۋاردلوف سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ۋاكالىتەن كونسۇلخانىنىڭ مال ـ مۈلكىنى جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىشى ۋە ھەقسىز پايدىلىنىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ كونسۇلخانىنىڭ كونسۇل رايونى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

2. ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان كونسۇلخانىلىرى

ئەنگلىيە شىنجاڭدا ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئىككى كونسۇلخانا قۇرغان، ئۇلارنىڭ بىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى قۇرۇلغان قەشقەر كونسۇلخانىسى، يەنە بىرى مىنگونىڭ ئاخىرقى يىللىرى قۇرۇلغان ئۈرۈمچى كونسۇلخانىسىدىن ئىبارەت.

1) ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسى

1895 ـ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قەشقەرگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ قەشقەردە ئارام ئالىدىغان جايى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ چىڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق شۇ يىلى قەشقەردە ئالاھىدە ۋەكىل مەھكىمىسى قۇردى، جورجى ماكارتنېي ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ۋەكىللىكىگە تەيىنلەندى. بۇ ئالاھىدە ۋەكىل مەھكىمىسى ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى

قەشقەردە قۇرغان كونسۇلخانىنىڭ تەكتى ئىدى.

1908 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ۋەكىل مەھكىمىسىنى كونسۇلخانىغا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپكە قوشۇلدى. 1909 ـ يىلى ئەنگلىيە يەنە قەشقەردىكى كونسۇلخانىنىڭ دەرىجىسىنى باش كونسۇلخانا دەرىجىسىگە ئۆستۈردى، باش كونسۇللۇقنى جورجى ماكارتنىي ئۈستىگە ئالدى.

1913 ـ يىلى كونسۇلخانا بىنالىرى باشقىدىن سېلىندى، بىنالارنىڭ قۇرۇلۇشى 1917 ـ يىلى پۈتتى، بىنالارنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى تەخمىنەن 33 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ چىنەباغ كوچىسىدا ئىدى.

1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھىندىستان، پاكىستانلار مۇستەقىل بولدى، ئارقىدىنلا ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھىندىستان بىلەن پاكىستانغا قالدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى، ئۇزۇنغا قالماي كونسۇلخانىنى تاقايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا باش كونسۇل شىپتون كونسۇلخانىنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئارخىپلىرىنى ھىندىستان، پاكىستانلارغا ئايرىپ بېرىپ، 10 ـ ئايدا ئەنگلىيىگە قايتتى، كونسۇلخانىنىڭ ئىشلىرىنى مۇئاۋىن كونسۇل مېرىش (پاكىستانلىق)نىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇرۇشىغا قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسى رەسمىي تاقالدى.

2) ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسى

ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسى 1943 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قۇرۇلدى. ئورنى ئۈچتاش شەرقىي كوچا 13 ـ قورۇ يەنى ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئورنىدا ئىدى، كۆلىمى 17 مىڭ 814 كۋادرات مېتىر كېلەتتى.

بۇ كونسۇلخانا ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان

خرىستىيان دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش مەقسىتىدە قۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى، غۇلجا، قومۇل، گۇچۇڭ، ماناس، قۇتۇبى، قاراشەھەرلەردە خرىستىيان دىنى جەمئىيىتى بار ئىدى. دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە جەمئىيەتكە قاتناشقانلار ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ دوختۇرخانىسىدا ھەقسىز داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولالايتتى.

1948 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى جورجى خوكس جامۇس (خەنزۇچە ئىسمى خې رېنجى)نى ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇللۇقىغا تەيىنلىدى. ئۇ كونسۇللۇققا تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا 12 يىل دىن تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى، كونسۇللۇققا تەيىنلەنگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزمەي دىنىي جەمئىيەتتە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىز ھۆكۈمىتى بۇ كونسۇلخانىنى ئېتىراپ قىلمىدى. خې رېنجىمۇ دىپلومات دېگەن سالاھىيەتتىن بەھرىمەن بولالمىدى. 1950 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كونسۇلخانا تاقالدى.

3. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان كونسۇلخانىسى

1942 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا كونسۇلخانا قۇرۇشىغا قوشۇلدى. بۇ كونسۇلخانا 1943 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە رەسمىي قۇرۇلدى، تۇنجى كونسۇللۇقنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ كاتىپى كۇلۇب ئۈستىگە ئالدى. كونسۇلخانىنىڭ ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭماۋخۇ 1 ـ كوچا 5 ـ قورۇ (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى «تىنچلىق» كوچىسى 1 ـ قورۇ)دا بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى تەخمىنەن 7000 كۋادرات مېتىر كېلەتتى.

بۇ كونسۇلخانا 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بىر مەھەل تاقىـ

لىپ قالدى، ئادەملىرىمۇ چېكىندى، ئەمما ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا كونسۇلخانا قايتا ئېچىلدى، بۇ چاغدا كونسۇلخانىدا كۆندىلىك ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مۇئاۋىن كونسۇل ماكنان قالدۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، باشقا خادىملىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق پاكىستانغا بېرىپ شۇ يەردىن دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى.

ماكنان كونسۇلخانىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى خې رېنجىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا قالدۇرۇپ، 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قېچىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ رەسمىي تاقىلىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كونسۇلخانا پايدىلانغان ئۆيلەر ئەسلىدىلا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئىجارىگە ئېلىنغان بولغاچقا، كونسۇلخانا تاقىلىپ قالغاندىن كېيىن، كونسۇلخانىنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋالدى.

4. ھىندىستان، پاكىستانلارنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان كونسۇلخانىلىرى

ھىندىستان ۋە پاكىستانلارنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانىلىرى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسى تاقالغاندىن كېيىن قۇرۇلدى. 1947 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستان ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى. 1947 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى پاكىستان، 1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھىندىستان مۇستەقىل بولدى. ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ قەشقەردە قۇرغان كونسۇلخانىسىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ھىندىستان ۋە پاكىستانلارغا ئايرىپ بەردى. مۇشۇ ئاساستا ئەسلىدىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدا ھىندىستان بىلەن پاكىستان كونسۇلخانا قۇردى.

1) ھىندىستاننىڭ قەشقەردە قۇرغان باش كونسۇلخانىسى

ھىندىستاننىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى شى يىخۇا (خەنزۇچە ئىسمى)نى 1948 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەرگە ھىندىستاننىڭ قەشقەردە قۇرىدىغان باش كونسۇلخانىسىنىڭ

تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە ئەۋەتتى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ھىندىستان ھۆكۈمىتى سات (R.D.SATHE)نى قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇللۇقىغا تەيىنلىدى، سات 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سەككىز ھەمرىيى بىلەن بىرگە نەنجىڭدىن ئۈرۈمچى ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى، كونسۇلخانا 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى رەسمىي ئىش باشلىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1949 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جاۋ شىگۇاڭ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇملارغا ھەمدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خاس ۋەكىل مەھكىمىسىنىڭ قەشقەر ئىش باشقارمىسىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ھىندىستان يېڭى جۇڭگو بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن بۇرۇن ھىندىستاننىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، تېلېگراف ئاپپاراتىنى پېچەتلەش، كونسۇلخانا خادىملىرىغا ئادەتتىكى چەت ئەللىك مېھمان سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشنى ئۇقتۇردى. نەتىجىدە ھىندىستاننىڭ قەشقەردە قۇرغان باش كونسۇلخانىسى جۇڭگو ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى.

سات 1950 يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خانىمىنى ئېلىپ چەت ئەللىك مۇھاجىر سالاھىيىتى بىلەن قەشقەردىن ھىندىستانغا قايتتى، ئۇ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى كونسۇلخانىنىڭ ئىشلىرىنى ھىندىستان مۇھاجىرى دېگەن سالاھىيەت بىلەن قەشقەردە تۇرۇۋاتقان كونسۇلخانا كاتىپى قوشۇمچە بوغالتىرى ماتايىغا تاپشۇردى، كونسۇلخانىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان-

لىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇقتۇردى. ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ
ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشى تاماملانغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 9 ـ
ئايدا ماتاي قاتارلىقلار قەشقەردىن ھىندىستانغا قايتتى. بۇنىڭ
بىلەن ھىندىستاننىڭ قەشقەردە قۇرغان باش كونسۇلخانىسى
رەسمىي تاقالدى.

2) پاكىستاننىڭ قەشقەردە قۇرغان باش كونسۇلخانىسى

ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە قۇرغان باش كونسۇلخانىسىنىڭ
مۇئاۋىن كونسۇلى مېرىش (پاكىستانلىق) پاكىستان ھۆكۈمىتى-
گە ۋاكالىتەن 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردى-
كى باش كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى شىپتوننىڭ قولىدىن
پاكىستانغا ئايرىپ بېرىلگەن ئۆي ۋە مال ـ مۈلۈك، ئارخىپلار-
نى تاپشۇرۇۋالدى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا 1949 ـ يىل 5 ـ ئاي-
نىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەردە باش كونسۇلخانا قۇرۇپ كونسۇلخانى-
نىڭ ئىشلىرىنى ۋاقىتىنچە ئۆزى باشقۇردى.

1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پاكىستان ھۆكۈ-
مىتى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ ئەۋەتكەن مۇھەممەد سادىق قەشقەرگە
كېلىپ پاكىستاننىڭ قەشقەردە قۇرغان باش كونسۇلخانىسىنىڭ
باش كونسۇلى بولدى، مېرىش پاكىستانغا قايتىپ كەتتى.

پاكىستاننىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسى قۇرۇلغاندا
جۇڭگو بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا تېخى دىپلوماتىك مۇنا-
سىۋەت ئورنىتىلمىغاچقا، بۇ كونسۇلخانا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ
ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. شۇڭا شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت ۋاقىتلىق تاشقى ئىشلار باشقارمىسى ئۆزىنىڭ قەش-
قەردىكى شۆبە باشقارمىسىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ جۇڭگو بىلەن
پاكىستان ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلمىغاچ-
قا، مەركەز يولىيورۇق بېرىشتىن ئاۋۋال كونسۇلخانىنىڭ قانۇ-
نىي ئورنىنى ۋاقىتىنچە ئېتىراپ قىلماسلىق، كونسۇلخانا خا-
دىملىرىغا پەقەت چەت ئەللىك مېھمان سۈپىتىدە مۇئامىلە قى-
لىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ
كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پاكىستاننىڭ قەش-

قەردىكى باش كونسۇلخانىسىنى دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

گەرچە جۇڭگو ـ پاكىستان ھۆكۈمەتلىرى 1951 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان بولسىمۇ، پاكىستاننىڭ قەشقەردە قۇرغان باش كونسۇلخانىسىنى ساقلاپ قېلىش ـ قالماسلىق مەسىلىسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى. باش كونسۇل مۇھەممەد سادىق 1952 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەردىن پاكىستانغا قايتىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن پاكىستاننىڭ قەشقەردە قۇرغان باش كونسۇلخانىسى تاقىلىپ قالدى.

**كونسۇلخانىلارنىڭ رولى**

شىنجاڭدا قۇرۇلغان چەت ئەل كونسۇلخانىلىرى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەيلى ئىجابىي ياكى سەلبىي جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ تارىختا ئوينىغان رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

**1. ئىجابىي رولى**

شىنجاڭدا قۇرۇلغان چەت ئەل كونسۇلخانىلىرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، چۆچەك، ئالتايلاردا قۇرغان كونسۇلخانىلار ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو ـ سوۋېت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1954 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىن مۇھاجىرلىرىنى قايتۇرۇشنى باشلىغاندا يۇقىرىقى كونسۇلخانىلار ئۆز كونسۇل رايونلىرىدا مۇھاجىرلارنى تىزىملاش، «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»دىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن چار روسىيە پۇقرالىرىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلاشتى ۋە كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ ۋەزىيەتنى ياخشى ئورۇندىدى. ئۇنىڭدىن باشقا پاسپورت، ۋىزا بېجىرىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىز-

مەت قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىسلىرىنى باشقۇرۇش، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، ئۆز دۆلىتىگە ۋاكالىتەن يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن سۆزلىشىش، كونسۇل رايونى ئىچىدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇمچىدە ۋە غۇلجىدا قۇرغان كونسۇلخانىلار ئازادلىقتىن ئىلگىرىمۇ بەزى ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەسىلەن: 1944 ـ يىلى كۈزدە نىلقىدىن باشلانغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەمىنلىگەن ھەربىي ئەشيالارنى پارتىزانلار ئەترەتلىرىگە يەتكۈزۈشتە غۇلجا كونسۇلخانىسى مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. يەنە مەسىلەن: 1945 ـ يىلى جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىغان چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋسېيېف، باش كونسۇلى ساۋىلىيېفلار ئوتتۇرىغا چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئىككى تەرەپنى ياراشتۇردى ۋە سۆھبەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ۋە كېيىن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى بەش كونسۇلخانىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە قەرەللىك تۈردە بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇپ، جۇڭگو ـ سوۋېت خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى كۈچەيتىشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشتى.

2. سەلبىي رولى

شىنجاڭدا قۇرۇلغان چەت ئەل كونسۇلخانىلىرىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ئوينىغان رولىغا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ كونسۇلخا-

نلارنىڭ سەلبى جەھەتتە ئوينىغان رولىنىڭ ئىجابىي جەھەتتە ئوينىغان رولىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى كۆ-رۈۋېلىش تەس ئەمەس. چۈنكى چەت ئەل كونسۇلخانىلىرى قۇ-رۇلغان كۈندىن باشلاپلا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش، تاجاۋۇز قىلىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش يولىدىكى ئالدىنقى سەپ ئىستىھكامىغا ئايلاندى، بەزى كونسۇلخانىلار ئې-لىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراپ باقساقلا كۇپايە.

1911 - يىلى پارتلىغان شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ئىلىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەت كۆتۈرۈل-دى. چارروسىيىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسى ئىلى تەۋەسى-دىكى چارروسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشنى با-ھانە قىلىپ چارروسىيىدىن ئىككى يېڭ ئاتلىق ئەسكەر يۆتكەپ كەلدى. بۇ ئەسكەرلەر تاكى 1917 - يىلى روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغانغا قەدەر تۇردى، بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ قىلـ-مىغان ئەسكىلىكى قالمىدى.

1913 - يىلى چارروسىيىنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلخانىسى-نىڭ كونسۇلى كۈشىنىڭ ئالتاي كونا تۇرغۇت موڭغۇللىرىنىڭ ئاقساقىلى پالتانى ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈشكە كۈشكۈرتتى، پالتا شۇ يىلى 10 - ئايدا ئالتاينىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇ-رۇشىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە ئالتاي ئامبىلى دىگەن سالاھىيەت بىلەن ۋەتەنگە ھاقارەت كەل-تۈرىدىغان «جۇڭگو - روسىيە ۋاقىتلىق شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇ ئىش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى پالتانى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى، چارروسىيىنىڭ ئالتاينى جۇڭگودىن ئايرىپ مۇستەقىل قىلىش سۈيىقەستى ئىشقا ئاشمىدى.

ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسى ساۋۇت داموللا، مەمتىمىن بۇغرالارنىڭ قەشقەر، خوتەنلەردە بۆلگۈنچى-

لىنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىدى. ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ بىۋاسىتە قوللىشى ۋە كۇشكۇرتۇشى بىلەن ساۋۇت داموللا قاتارلىقلار 1933 ـ يىلى قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ چىقتى، ئەمما بۇ «جۇمھۇرىيەت» ئۇزۇنغا بارمايلا ۋەيران بولدى. ساۋۇت داموللا قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن تۈرمىدە تۆۋىنامە يېزىپ ئۆزىنىڭ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرغانلىقىنى بىلدۈردى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يولغا قويۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلاشتى. بۇ مەزگىلدە ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتى گەنسۇلۇق مىللەتچى ما جۇڭيىڭ ۋە ئىلىدا تۇرۇشلۇق يېڭى 8 ـ شىنىڭ كوماندىرى جاڭ پېيۈەن قوشۇنلىرىنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ ئاسانلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سورىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسى مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

شىنجاڭدا قۇرۇلغان چەت ئەل كونسۇلخانىلىرى ئىچىدىكى بەزى كونسۇلخانىلار ۋە كونسۇلخانا خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان رەزىل ھەرىكەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ئالايلۇق ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى جورجى خوكس جامۇس كونسۇلخانا دوختۇرخانىسىغا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن كىشىلەرنى گەپكە سېلىش ئارقىلىق ئاخبارات ئوغرىلىدى ھەمدە ئۆسەك سۆز تارقى-

تىپ كىشىلەر كۆڭلىنى پاراكەندە قىلدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمە-تىمىزنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. شۇڭا ئۇ 1950 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئې-لىمىز ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى پاكستون خانىمىنى ئېلىپ كونسۇلخانىنىڭ دالا ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ 1948 - يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 4 - ئاي-نىڭ 18 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا، 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتايلاردا «ساياھەت» قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ شىنجاڭ-نىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسمىنىڭ يەر شەكلى، كىلىماتى، خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئايرودروم ۋە ھەربىي نىشانلىرى-نىڭ جايلىشىش ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئائىت نۇرغۇن ئاخبارات توپلىدى ھەمدە 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن نەن-جىڭغا بېرىپ ئۆزى ئىگىلىگەن ئاخباراتلارنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئامېرىكى-نىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ ئوسمان، جانىمقان باشچىلىقىدىكى بىر ئوچۇم باندىتلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئوچۇق - ئاشكارا قوللاپ خەلق بىلەن دۈشمەن-لەشتى. ئۇلارغا قورال - ياراغ ۋە 250 سەر ئالتۇن بەردى، ئىشى ئوڭغا تارتمىغاندىن كېيىن تارىخ چاقىنى كەينىگە بۇراشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەن ماكنان 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قېچىپ كەتتى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسى 1959 - يىلىدىن كېيىن ئىلى ۋىلايەتلىك سوۋېت مۇھاجىرلار ئۇيۇشمىسىدىن پايدىلىنىپ ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى قانۇنسىز تىزىملى-دى، مۇھاجىرلىق كىنىشكىسىنى كۆپلەپ تارقاتتى، كونسۇلخا-نىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى تىتوف، كونسۇلخانا كاتىپى ئىمخې-

نىكلار مۇھاجىرلار خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش نامى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەرگە ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق قىسمەن ناھىيىلەرگە كۆپ قېتىم بېرىپ كىشىلەرنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىشقا قۇتراتتى. نەتىجىدە 1962 ـ يىلى ئەتىيازدا پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان «ئىلى ـ چۆچەك ۋەقەسى» كېلىپ چىقتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا قۇرۇلغان چەت ئەل كونسۇلخانىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى مىنگو دەۋرىدە قۇرۇلغاندىن سىرت، قالغان كونسۇلخانىلارنىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان. شۇڭا بۇ كونسۇلخانىلارنى غەربتىكى كۈچلۈك جاھانگىر مەملىكەتلەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ چىرىكلەشكەن چىڭ ھۆكۈمىتىنى ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلىغان تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ مەھسۇلى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى غەربتىكى جاھانگىر مەملىكەتلەر مۇشۇ تەڭسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنى قىستاپ سودىدا باج تاپشۇرماسلىق، كونسۇلخانا كېسىم ھوقۇقى قاتارلىق ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋېلىپ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى تالان ـ تاراج قىلدى، خەلقىمىزنى قاقتى ـ سوقتى قىلدى ۋە خورلىدى، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى سادىر قىلدى. گەرچە بۇ كونسۇلخانىلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دوستلۇقنى كۈچەيتىش، چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، بىراق كۆپىنچىسى دىپلوماتىيە ئورگانلىرىنىڭ سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان پەسكەش قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ بىر مەزگىللىك تارىخنى ئۇنتۇپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى»

(خەنزۇچە)، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار تەزكىردسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 5 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

2. «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىل 10 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

3. «چۆچەك شەھىرى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، چۆچەك شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 6 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

4. «شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەر» 1 ـ قىسىم (خەنزۇچە)، «بۈگۈنكى شىنجاڭ» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل 8 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

5. «خەلقئارا قائىدىلەر ۋە ئالاقە يوسۇنلىرى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل 4 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

6. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 2 ـ قىسىم (ئۇيغۇرچە)، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل 5 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

7. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 22 ـ، 27 ـ سانلىرى (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ ، 1992 ـ يىللار 1 ـ نەشرى.

8. بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى بېيجىڭ، 1986 ـ يىل، 1 ـ نەشرى.

9. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)نىڭ 1997 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 2002 ـ يىللىق 2 ـ سانى.

# قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى

مېي سۇن

ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشىدىن ئىبارەت بۇ تارىخ سەھنىسىدە كوئېنلۇننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تارىم ئويمانلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇدۇنلۇقلار مۇنداق بىر تراگېدىيىنى ئويناپ چىقتى. ئۇلار نەچچە مىڭ يىللىق يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمكى پادىشاھلىقنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنى بىپايان قۇم دېڭىزى رەھىمسىزلەرچە يۇتۇپ كەتتى. بۇ تراگېدىيىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە سەۋەب ئىسلام غازاتچىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى بولسىمۇ، لېكىن، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب، شۈبھىسىزكى، ئۇدۇن-نىڭ كۆپلىگەن زېمىنىنى قۇمنىڭ يۇتۇپ كېتىشى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۈندىن-كۈنگە خاراب-لىشىپ، ئاخىرىدا ئىسلام مۇرىتلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان 24 يىللىق غازاتتا ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراپ گۇمران بولدى. ئۇدۇن گەرچە تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ-نىڭ مەدەنىيىتى جۇڭگو مەدەنىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆر-سەتكەنىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅶ ئەسىردىلا ئۇدۇنلۇقلار خۇاڭخې ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر بىلەن ئىقتىسادىي مەدە-نىيەت ئالاقىسى ئورناتقان، يازما ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، جۇڭگولۇق راھىبلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى غەربكە بېرىپ نوم ئەپكې-لىدىغان يېرى ھىندىستان زېمىنى بولماستىن، بەلكى دەل ئۇدۇن ئىدى. كېيىن جۇڭگو بۇددىزمى زور دەرىجىدە ئۇدۇن بۇددىزمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. جاڭ يەنيۈەن (张彦远)نىڭ «تارىختىكى مەش-

ھۆر رەسىملەر» نامىلىق ئەسىرىدە تونۇشتۇرۇلغان تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر رەسسام ۋېيساكىمۇ دەل ئۇدۇنلۇق كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبى شۇ زاماندىكى جۇڭگو رەسساملىرىغا تەسىر كۆرسەتكەندى. ئەمما قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىلىشى مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن تارتىپ ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشقا مەنسۇپ بولۇپ كەلدى.

## كوئېنلۇن قاشتېشى

جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆز دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سەنئەت ئەسەرلىرى بولغان. مەسىلەن: شاڭ، جۇ دەۋرلىرىدىكى تۇچ قوراللار، خەن دەۋرىدىكى سىرلانغان ئەسۋابلار، يىپەك توقۇلمىلار، سۇي ـ تاڭ دەۋرىگە ئائىت ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان بۇيۇملار، سۇڭ سۇلالىسىدىن مىڭ سۇلالىسىگىچە بولغانغا ئائىت ساپال بۇيۇم قاتارلىقلار بار بولغان بولسىمۇ، لېكىن قاشتېشىدىن بۇيۇم ئىشلەيدىغان بۇ سەنئەت قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆزگەرمىدى. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىلا كىشىلەر قاشتېشىنى ئويۇپ، ھەر خىل زىننەت بۇيۇم- لىرىنى ياساشنى ئۆگىنىۋالغان ھەمدە ئۇنى بايلىقنىڭ سىمۋولى قىلغان. شاڭ، جۇ دەۋرلىرىدىكى خان، بەگ، ئاقسۆڭەكلەرمۇ قاش- تېشىنى ئاتا ـ بوۋىلىرىغا نەزىر ـ چىراغ قىلىشتا مۇھىم بۇيۇم ئورنىدا ئىشلەتكەن. چىن بەگلىكىدىكى جاۋ گۇۋاڭ جاۋ بەگلىـ كىدىكى خۇيۋېنۋاڭنىڭ خې جەمەتى تېمى بەدىلىگە 15 شەھەرنى بېرىۋېتىشتىن باش تارتمىغان. جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ھەرقاي- سى سۇلالىلەر قاشتېشىدىن ئويۇلغان تامغىنى پادىشاھلىق ھو- قۇقنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئىگىلەشتىكى بەلگە سۈپىتىدە ئىش- لەتكەن. جۇڭگونىڭ قەدىمكى قاشتاشلىرى ئىچىدە ئۇدۇندىن چىـ قىدىغان «كوئېنلۇن قاشتېشى» ئەڭ مەشھۇر ئىدى. «تارىخىي خا-

تىرىلەر. جاۋ بېگى خاندانى تەزكىرىسى»دە سۆلىنىڭ جاۋ بەگ-
لىكىدىكى خۇيۋېنۋاڭغا يوللىغان بىر پارچە مەكتۇبى خاتىرىلەن-
گەن، مەكتۇبتا «مۇبادا چىن لەشكەرلىرى گۇجۇ تېغىنى ئىگى-
لەپ، خېڭشەن لىنىيىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتمىدىغان بولسا، كو-
ئېنلۇن قاشتېشىنىڭ جاۋ بېگىنىڭ ئىلكىگە قايتىپ كېلىشى
تەسكە توختايدۇ» دېيىلگەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتا شەنشىنىڭ شىما-
لىدىن شىنجاڭنىڭ كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى
ئۇدۇنغىچە بولغان ئارىلىقتا قاشتېشى توشۇيدىغان بىر قەدىمكى
كارۋان يولىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئالدىنقى
چىن رىۋايىتى «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»دە جۇ تەڭرىقۇتىنىڭ
غەربكە قىلغان ساياھىتى ھەققىدىكى ھېكايىدە شىنجاڭدىن
جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا بارىدىغان قاتناش لىنىيىسى تەپ-
سىلىي خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرىلەر ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش
ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. ئارخېئولوگلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايون-
لىرىدىكى ئالدىنقى چىن دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى قەبرىلەردە
شىنجاڭنىڭ خوتەندىن چىقىدىغان قاشتېشىنىڭ بارلىقىنى خېلى
بۇرۇنلا بايقىغان. بۇنىڭدا تېخىمۇ مۇھىم بايقاش شۇكى، 1976 -
يىلى خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسىدىكى شاڭ دەۋرىدە ياشى-
غان ئايالنىڭ قەبرىسىدىن 750 تىن ئارتۇق قاشتېشى ئويمىسى
قېزىۋېلىنغان، ئۇلارنىڭ ياسىلىشى سىپتا، خىلمۇ خىل بولۇپ،
كىشىلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم بولغى-
نى شۇكى، بۇ قاشتاشلىرىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ خوتەندىن
چىقىدىغان يۇمىلاق قاشتېشى ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.
كوئېنلۇن قاشتېشى دېگىنىمىز مانا شۇ. بۇ ئايال قەبرىسىنىڭ
يىل دەۋرى يىن پادىشاھى ۋۇدىڭ زامانىسىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ
بايقاش ئۇدۇن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد -
مەدەنىيەت ئالاقىسىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىرگە
سۈردى.

# ئۆدۆنلۇقلار ئىرقىنىڭ سىرى

ئۆدۆننى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش 100 يىلغا يېقىن تارىختا ئىگە بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇزۇندىن بېرى ئىنسانشۇناسلىق جەھەتتىكى تەتقىقاتلار كەمچىل بولغاچقا، ئۆدۆنلۇقلارنىڭ ئىرقى مەسىلىسىدە نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار بولۇپ كەلدى، بىر تۇرۇپ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ساياھەت»تە تىلغا ئېلىنغان «ئۆدۆنلۇقلارنىڭ ئىرقى خۇاشيالارغا ئىنتايىن يېقىندۇر» دېگەنگە ئاساسلىنىپ، ئۆدۆنلۇقلار «خەنزۇلار» دەپ قىياس قىلىنسا، يەنە بىر تۇرۇپ تۈبۈتچە قەدىمكى خاتىرىلەردىكى ئۆدۆننىڭ تارىخىغا ئائىت رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ، ئۆدۆن پادىشاھ ئاسوكا دەۋرىدە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 242 - يىلى) دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان يەنى ھىندىستان شاھى ئاسوكانىڭ شاھزادىسى ھىندى ئاھالىلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ قۇرغان دەپ قارالدى. يەنە ئۆدۆنلۇقلار جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى دەپمۇ قارالدى. نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئۆدۆن تىلىغا ئائىت ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئۆدۆنلۇقلارنى ساقلار («ئىسكىفلار»، «ئىسكىتلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ بىر تارمىقى دەپ قارىدى. ھازىر قارايدىغان بولساق، بۇ قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسى يېتەرلىك دەلىل - ئىسپاتلارغا ئىگە ئەمەس. ئۇنداقتا، قەدىمكى ئۆدۆنلۇقلار زادى قايسى ئىرققا مەنسۇپ؟ جۇڭگو ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ ئەڭ يېڭى بايقاشلىرى بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئەتتى. 1984 - يىلى شىنجاڭ مۇزېيى بىلەن خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە يېغىلىق دەۋرىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىگىچە بولغان ئۆدۆنلۇقلار قەبرىستانلىقىنى قازدى. مەزكۇر قەبرە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا يەنى بۈگۈنكى خوتەن لوپ ناھىيىسى سامپۇل يېزىسىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر جەنۇبىدىكى قە-

دىمكى دەريا بويىغا جايلاشقان. ئۇلار جەمئىي 52 قەبرىنى ئاچقان بولۇپ، بۇ قەبرىلەردىن ياغاچ، ساپال، مىس، تۆمۈردىن ياسالغان تۇرلۇك بۇيۇملار ھەمدە يۇڭ، پاختا، يىپەك توقۇلما قاتارلىق نۇرغۇن قەدىمكى ماددىي بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدى- كى ئادەم يۇزلۇك، ئات تەنلىك كەشتە ئىشلەنگەن رەڭلىك گۇل- لۇك ئىشتان، مايمۇن شەكلى چۈشۈرۈلگەن كىمخاپ، كۆك رەڭ- لىك گۇل بېسىلغان پاختا رەخت قاتارلىقلار بۇ مەدەنىيەت يادى- كارلىقلىرى ئىچىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. قې- زىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە يەنە گىلەمۇ بار بولۇپ، گېئومې- تىرك شەكىلدىكى كەشتىلەرگە گۇل ئۆرنەكلىرى ۋە ئادەم سۇ- رەتلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭغا 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭمىگەن. ئەڭ مۇھىمى

ئۇدۇنلۇقلارنىڭ بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان زور تۇركۇمدىكى قال- دۇق سۆڭەكلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى ئۇدۇندىن ئىنسانشۇ- ناسلىققا ئائىت باشقا ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يىل دەۋرى ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم تېپىلغان ماتېرىياللار ئىنتايىن مول بو- لۇپ، كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇ- نىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن 2290 يىلدىن 1715 يىلغىچە دەپ بېكى- تىلدى. بۇ يېغىلىق ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ. 1988 ـ يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخې- ئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خەن كاڭشىن ئەپەندى «لوپ ناھى- يىسىنىڭ سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئا- دەم سۆڭەكلىرىنىڭ ئىرقىي مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىدە ئۇ- دۇنلۇقلار ئىرقىنىڭ سىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېچىپ بەردى. ئۇ سامپۇلدىن قېزىۋېلىنغان سۆڭەكلەر بىلەن قوشنا رايونلاردى- كى قەدىمكى ياۋروپا ئىرقىدىكى تارماق سىستېمىلارنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، سامپۇلدىن تېپىلغان ئىنسانشۇناسلىققا ئائىت ماتېرىياللاردا ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئوت- تۇرا دېڭىز تارمىقىغا يېقىنلىشىدىغان تىپىك خۇسۇسىيەتلىرى-

ـنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ يەنە بۇ خىل ئادەم سۆڭەكلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىگە جايلاشقان موڭغۇل ئىرقىدىكى مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشتەك ئەھۋال كۆرۈلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا، ياۋروپا ئىرقىنىڭ باشقا تارماق تىپلىرى بىلەن «ئارىلاشما قانلىق» ئىزلىرى بارلىقىنى كۆرسەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە ئەسىردە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق مەزگىللەردە ئوتتۇرا دېڭىز تارماق سىستېمىسىنىڭ بىر گۇرۇپپا ئاھالىسى پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغاقلىرىنى بويلاپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە شىنجاڭ تەۋەسىگە كۆچۈپ كىرگەنلىكى ۋە ھەتتا لوپنۇر رايونىغىچە يېتىپ بارغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خەن كاڭشىن ئەپەندىنىڭ بۇ يەكۈنى تىلشۇناسلارنىڭ ئۇدۇن تىلىنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسى بىلەن بىردەك بولۇپ چىقتى.

## سىرلىق ئۇدۇن تىلى

سىبىلشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ تىلى تارىختىكى پارس، سانسكرىت، گىرېك، لاتىن تىللىرى ھەمدە ھازىرقى ياۋروپادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى تىللار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە. نۆۋەتتە ئۇدۇندىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى ھۆججەتلەر قارۇشتى يېزىقى، قەندەھار تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ تىل مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن III ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئىشلىتىلگەن. قەندەھار تىلى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا قوللىنىلغان بىر خىل ھىندى شىۋىسى ھېسابلىناتتى. يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن، قەندەھار تىلى يىپەك يولىدىكى سودا ـ ئالاقە ئىشلىرىدا قوللىنىلىدىغان تىلغا ۋە دىنىي تىلغا ئايلاندى. بىراق، ئۇدۇندا ئىشلىتىلگەن قەندەھار تىلى زور مىقداردا يەرلىك

شىۋېلەر ئارىلاشقان ئەبجەش بىر تىل ئىدى. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ تىل ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىللىرىنىڭ شەرقىي رايون شىۋىسىنىڭ بىرى بولغان. IV ئەسىردىن X ئەسىرگىچە ئۇدۇنلۇقلار بىراھمى يېزىقى ئارقىلىق ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، ئۇدۇندىكى خارابىلاردا ۋە دۆنخۇاڭدىكى بۇددا نومىلىرى ساقلانغان ئۆڭكۈرلەردە بۇ تىلغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلەر ساقلىنىپ قالغان. ھالبۇكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇدۇن تىلىدىكى ھۆججەتلەر تېپىلغاندىن بۇيان، بۇ تىلغا نام بېرىش مەسىلىسى دېگەندەك ھەل قىلىنماي كەلدى. دەسلەپتە گېرمانىيىلىك تىلشۇناس رايمان بۇ تىلنى «شىمالىي ئارىيان تىلى» دەپ ئاتاپ، بۇ ھىندى ۋە ئىران تىللىرىدىن باشقا، ئۈچىنچى بىر خىل ئارىيان تىلى، دېگەن قاراشقا كەلدى. كېيىن فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پېللىئوت بۇ تىلنىڭ ئىران تىلىغا ناھايىتى يېقىن كېلىدىغانلىقىنى بايقىغاچقا، بۇ تىلنى «شەرقىي ئىران تىلى» دەپ ئاتىدى. ئەڭ ئاخىرىدا گېرمانىيىلىك سانسكرىت تىلى تەتقىقاتچىسى ئالىم لۇدېرس بۇ تىل ئىران تىللىرىنىڭ شەرقىي رايون شىۋىسىدىكى ساق تىلى بىلەن ئەڭ يېقىن كېلىدىغانلىقىنى بايقىغاچقا بۇ تىلنى «ساق تىلى» دەپ مۇقىملاشتۇردى. لۇدېرسنىڭ بۇ كۆزقارىشىنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلدى، مۇنداق نام بېرىش تىلدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسىمۇ، لېكىن تارىخىي پاكىتنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. بىز خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ۋە غەربنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن ساقلارنىڭ ئۇدۇننى بويسۇندۇرغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق ماتېرىيال تاپالمىدۇق. جاڭ چيەن، بەن چاۋ، بەن يۇڭ قاتارلىق غەربىي يۇرتتا ئۇزۇن مۇددەت تۇرغان جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ساقلار بىلەن ئۇدۇنلۇقلارنىڭ پەرقى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا بۇنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىل-

غان نۇرغۇن ھۆججەتلەردىمۇ بۇ تىل ساق تىلى دەپ ئاتالمىغان ھەم ئۇدۇنلۇقلارمۇ ساقلار دەپ ئاتالمىغان. ساق تىلى دېگىنىمىز ئىسكىتلارنىڭ تىلى بولۇپ، ھازىر بۇ تىلنىڭ باشقا تىللاردا خاتىرىلەنگەن ئايرىم سۆزلۈكلىرى بايقالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تىلدا يېزىلغان مۇكەممەل ھۆججەتلەر تېخى تېپىلمىدى، بۇ سۆزلۈكلەر بىلەن ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەردىكى ئوخشاش سۆزلەرنىڭمۇ خېلى چوڭ پەرقلىرى بار. شۇڭا، بىز ھازىر ئېقىپ يۈرگەن ئۇدۇن تىلىنى ئاددىي ھالدا ساق تىلى بىلەن بىر قىلىپ قويىدىغان نەزەرىيىنى قوبۇل قىلالمايمىز. ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىنىڭ باشقا شۆبىلىرى ئۆزىنىڭ مىللىي تەۋەلىكلىرى بويىچە مۇناسىپ ھالدا سوغدى تىلى، باكتېرىيە تىلى، خارەزىم تىلى ۋە پارپىيە تىلى دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇدۇندا تارقالغان بۇخىل ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىدىكى شەرقىي رايون شۆبىسىنى مۇۋاپىق ھالدا «ئۇدۇن تىلى» دەپ ئاتاپ، ئورۇنسىز خاتا چۈشەنچىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

## ئۇدۇندىكى دىن ۋە دىنىي سەنئەت

1984 ـ يىلى قېزىلغان شىنجاڭنىڭ خوتەندىكى سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق يىپ ئۇچى تېپىلمىدى. مانا بۇ شەرقىي خەن دەۋرىگىچە بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇنغا تارقالمىغانلىقىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. «كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋ تەزكىرىسى»دە «ئۇدۇن دۆلىتىدىكىلەر باخشىغا ئىشىنىدۇ. باخشى: تەڭرىلار قانداقمۇ سىلەرنىڭ خەن سۇلالىسىگە تەلپۈنۈشۈڭلارغا غەزەپلەنمەي تۇرالىسۇن، خەن سۇلالىسى ئەلچىسىدە بالايى ـ ئاپەت ئېتى بار. ئۇ ئات سويۇپ، نەزىر قىلىپ مەندىن شەپقەت تىلەيدۇ، دەيدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خىل ئات سويۇپ نەزىر ـ چىراغ قىلىشتەك شامان دىنىغا ئائىت خارابىلەر سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن تېپىلدى. خەۋەر قىلىنىشىچە، سامپۇلدىكى M01 ۋە M16 نومۇرلۇق ئىككى قەبرىد-

نىڭ يان تەرىپىگە بىردىن ئات قوشۇپ كۆمۈلگەن. ئاتنىڭ بېشى يۇقىرىغا قارىغان بولۇپ، بېشىغا توق رەڭلىك پۆپۈك قىستۇرۇلغان، تۆت پۇتى تۈز سوزۇلۇپ، ئايرىم قەبرىگە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. بۇ خىل كۆمۈش ئۇسۇلىنىڭ مەنىسى ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن روشەنكى بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۇدۇندا تارقالغان شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بۇددىزمنىڭ ئۇدۇنغا تارقىلىشىغا دائىر ئەڭ دەسلەپكى ئىسپات شىنجاڭنىڭ خوتەندىن تېپىلغان قاروشتى يېزىقىدىكى «dhammapada» (دامماپادا) بولۇپ، بۇ بۇددا دىنى كىچىك كۈلۈنگۈ مەزھىپىنىڭ دىنىي قانۇن دەستۇرى ھېسابلىنىدۇ. ئىسپاتلىنىشىچە، ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن دەۋرى تەخمىنەن II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدىكەن. بۇ كۆچۈرمە نۇسخىغا نۇرغۇن ئۇدۇن تىلى سۆزلۈكلىرى ئارىلاشقان، ئۇنىڭ باش قىسمىغا ئەينى ۋاقىتتا ئۇدۇندا بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ياسالغانلىقى ئېنىق قىلىپ يېزىلغان. ئۇدۇنلۇقلار ھىندىستاننىڭ بۇددا نوملىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلغاندىن سىرت، يەنە ئۆزلىرىنىڭ بۇددا دىنى دەستۇرلىرىنىمۇ ياراتقان. مەسىلەن: خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نومى «Mahavai pulyamahasannipata sutra» (ماخاۋائى پۇلياماخا سانىپاتا سۇترا)دا ئۇدۇنلۇق نۇرغۇن ئەۋلىيالار تىلغا ئېلىنغان. ئالىملار بۇ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئەسلى ئۇدۇننىڭ بۇددا ئەسىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن، بۇنىڭدىن باشقا، ئۇدۇنلۇقلار يەنە بىر داستان شەكلىدە يېزىلغان كاتتا ئەسەر «باستاغا مەدھىيە»نى ياراتقان بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئۇدۇن ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر دەپ ھېسابلانغان.

يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، شەرق ــ غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۇدۇنغا مىسلىسىز گۈللىنىش ئېلىپ كەلدى. ئىگىلىكنىڭ بۇنداق گۈللىنىشى، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇدۇن مەدەنىيەت ــ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيىلىك

ئارخېئولوگ ستەيىن خوتەننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇققا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، قارا دۆڭ، مازار تاغ، دەندەن ئۆيلۈك، يوتقان، راۋاق ھەمدە قۇملۇقنىڭ چېتىدىكى چىرىيە ناھىيىسىدىكى كونا دامىكۇ قاتارلىق خارابىلەرنى قېزىپ تەكشۈردى. نۆۋەتتە بۇ خارابىلەرنى ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن ئۇدۇندىكى شەھەر - بازارلار بىلەن پۈتۈنلەي باغلاپ كەتكىلى بولمايۋاتىدۇ. «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختى غەربىي قەلئە دېيىلگەن. ستەيىن بۇنى ھازىرقى يوتقان خارابىسى دەپ بېكىتكەن. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن تۇبۇتچە مەكتۇپلاردىكى مازار تاغ تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن گۇدەننىڭ «جۇڭگو خانلىرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا قىلغان يۈرۈشلىرى»دە خاتىرىلەنگەن «ئىلاھىي تاغ» بولۇشى مۇمكىن. ھازىر ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرى ئاساسەن تۇبۇتلەر ئۇدۇنغا باستۇرۇپ كىرگەن چاغدا سېلىنغان ھەربىي قورغانلاردىن ئىبارەت. خەنزۇچە - ئۇدۇنچە قوش تىلدا پۈتۈلگەن بىر پارچە مەكتۇپتا دەندەن ئۆيلۈك «كەنچېڭ» دەپ ئاتالغان. بۇ ئۇدۇننىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بىرى ئىدى. «بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ساياھەت»دە ئۇدۇننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە راخۇلى (RAHULI) دەيدىغان بىر شەھەرنىڭ بارلىقى تونۇشتۇرۇلغان. ئادەتتە، بۇ شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىننىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىي رايونىدىن تاپقان قارا دۆڭ خارابىسى دەپ قارىلىدۇ. ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنى مۇقىملاشقان كۆزقاراش دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە يەنە كۆپلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇدۇننىڭ قەدىمىي شەھەر ئىزلىرىنى شەرق - غەربنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەتتى جەملەشكەن قۇملۇقتىكى خەزىنە دېيىشكە بولىدۇ. يوتقان خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال ئەسۋابلار ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن گىرېتسىيە - رىم ئۇسلۇبىدىكى سىزىقچىلار ۋە ئىلاھلار سۈرىتى بىلەن زىننەتلەنگەن. دۇندەن ئۆيلۈكتىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ تاختىلارغا ئەج-

دەرھا قىز ھەققىدىكى رىۋايەت، پىلە ئۇرۇقىنىڭ غەربكە تارقى-لىشى ھەققىدىكى ھېكايىلەر، ئىران داستانلىرىدىكى رۇستەم ئوبرازى ھەم بۇددا دىنى مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان زور تۈركۈمدىكى ئېسىل رەسىملەر سىزىلغان. «پىرسىيە بۇدساتۋا-سى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ياغاچ ئويما رەسىمدىكى ئادەملەرنىڭ كىيىنىشى ۋە چىرايى ئىران شەكلىدە بولۇپ، ئارقا تەرىپى پۇ-تۇنلەي ھىندىستاننىڭ بۇددا رەسىمچىلىك ئۇسلۇبى بويىچە سىزىلىپ چىقىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھەرقايسى خارابىلەردىن خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىق چۈشۈرۈلگەن بىر خىل پۇل تېپىلغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇدۇن مەدەنىيىتى-نىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ۋەكىل خاراكتېر-لىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

## يات مىللەتلەرنىڭ بېسىپ كىرىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ خارابىلىشىشى

ئۇدۇنلۇقلار قەدىمدىن تارتىپلا بالايى ـ ئاپەتلەرگە كۆپ ئۇچرىغان خەلق. ئۇدۇنچە يېزىلغان «باستاغا مەدھىيە»دە «مۇقام (تۈركلەرنىڭ باشقىچە نامى)، جۇجانلار، ھىندىلار، ئېفتالىتلار، كۇسەنلىكلەر، ھۇنلار، خەنزۇلار، سۇبى (تۇبۇتلەرنىڭ بىر تارمى-قى)لەر دىيارىمىز ئۇدۇن تۇپرىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى» دې-يىلگەن. بۇ مىللەتلەر بىلەن ئۇدۇنلۇقلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئەمەلىيلەشكەن. «باستاغا مەدھىيە» دېگەن ئەسەر V ئەسىردە يېزىلغاچقا، ئۇنىڭدا ئۇدۇنغا كېيىنكى چاغلاردا يات مىللەتلەرنىڭ بېسىپ كىرگەنلىكى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. ستەيننىڭ مازار تاغ ۋە مىرەن خارابىلىرىدىن تاپقان تۇبۇتچە ھۆججەتلىرى تۇبۇتلەرنىڭ ئۇدۇنغا بېسىپ كىرگەنلىكىنى بىۋاسىتە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە ـ تۇبۇتچە ـ ئۇدۇنچە ھۆججەتلەردىن بىز ئۇدۇننىڭ گەرچە IX، X ئەسىرلەردە تۇبۇت-لەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇدۇن خان

جەمەتىنىڭ يەنىلا پادىشاھلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ كەل-
گەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. تۇبۇتلەر ئۇدۇن ئاقسۆڭەكلىرى ئارقى-
لىق ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈز-
گەن. ھالبۇكى، بۇ چاغدا ئۇدۇن زېمىنىنىڭ بېرىمى، مەسىلەن:
قارا دۆڭ، دەندەن ئۆيلۈك قاتارلىق شەھەر - بازارلىرى قۇم دې-
ڭىزىغا ئايلىنىپ بولغانىدى. ئۇدۇننىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق
تاشقى دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىشى XII ئەسىردىكى ئىسلام
غازاتچىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك دىنىي ئۇرۇش قوزغىشىدىن ئى-
بارەت بولدى. ئۇدۇننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇقنىڭ بەزى
جايلىرىدا يېپىلىپ ياتقان ئادەم سۆڭەكلىرى كىشىلەرگە ئەينى
دەۋردە بۇ جايلاردا يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق ئۇرۇشلارنى ئەسلە-
تىدۇ. ئەنگلىيىلىك ئىنسانشۇناس چوۋىيس ستەيىن تەمىن ئەت-
كەن ھازىرقى زامان خوتەن ئادەملىرىگە ئائىت ئىنسانشۇناسلىق
ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى تەتقىق قىلىپ، ھازىرقى خوتەن
ئادەملىرىدە روشەن ھالدا ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى بارلىقى-
نى بايقىغان. مانا بۇلار ئۇرۇش جەريانىدا بەختكە يارىشا ئامان
قالغان ئۇدۇنلۇقلارنىڭ كېيىن تارىم ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن
ئۇيغۇرلار بىلەن سىڭىشىپ، ھازىرقى زامان خوتەنلىكلەرنى شە-
كىللەندۈرگەنلىكى ھەققىدىكى قىياسىمىزنى چۈشەندۈرۈشىمىز-
گە ياردەم بېرىدۇ.

«مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئالەمى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق
2 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: مەمتىمىن ئەمەت، ئابلىز مەمتىلى**

# موڭغۇللار دەۋرىدىكى پولات شەھىرى

## ئەركىن ئەرشىدىن

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن قەدىمكى يىپەك يولىدا قايتىدىن جانلىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. خۇددى جۇڭگو ۋە چەتئەل مۇناسىۋەت تارىخى مۇتەخەسسىسى شياڭدا ئەپەندى كۆرسەتكەندەك «موڭغۇللارنىڭ غەربكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى ئىلگىرى توسۇلۇپ قېلىپ، ئېچىلمىغان يوللارنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان. بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، غەرب ـ شەرق مەدەنىيىتى دەل مۇشۇ مەزگىللەردە كەڭتاشا ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى [1]. بۇ مەزگىللەردىكى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان قۇرۇقلۇق يولىدا، يەنى «يىپەك يولى»دا ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى، سەيياھلار، دىن تارقاتقۇچىلار، سودىگەرلەر خۇددى بۆزچىنىڭ موكىسىدەك قاتناپ تۇراتتى. مانا مۇشۇنداق ئاۋات مەنزىرىلەر بىلەن تولغان بۈيۈك كارۋان يولىنىڭ غەربىي دىيار بۆلىكى توغرىسىدا جۇڭگولۇق ۋە غەربلىك ئەلچى سەيياھلار سەپەر جەريانىدا غەربىي دىياردا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا ساياھەت خاتىرىلىرىنى يېزىپ چىقىپ، كېيىنكىلەرنىڭ غەرب ـ شەرق قاتناش تارىخىنى تەتقىق قىلىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ رايونلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللىرى ھەمدە موڭغۇللارنىڭ بۇ رايونلاردىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بىز ئۇلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىرقىسىم مەشھۇر تارىخىي شەھەرلەر، يەر ـ جاي، ئۆتەڭ-

لەرنىڭناملىرىنى ئۇچرىتىمىز. يەنە بەزى جايلىرىدا «پولات» شەھىرى دېگەندەك ئىلگىرى نامى ئانچە مەلۇم بولمىغان شەھەر ناملىرىنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

«پولات» شەھىرى توغرىسىدا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي شىمال يەر ناملىرىنىڭ قوشۇمچىسى» دا «勃罗»[2]، «不喇»[3] دېگەندەك خەنزۇچە ئاتالغۇلار بار، پارسچە تارىخىي بايانلاردىمۇ مەزكۇر شەھەرنىڭ نامى «پولات»دەپ خاتىرىلەنگەن. 13 ـ ئەسىردىكى كىچىك ئەرمىنىيە پادشاھى «خىتۇمنىڭ ساياھەت خاتىرىسى»نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىمۇ مەزكۇر شەھەرنىڭ نامى خېلى كۆپ ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ[4]. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە مەشھۇر سەييياھ ياللۇغ چۇسەي موڭغۇل قوشۇنلىرى غەربكە يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە قوشۇن بىلەن بىرگە پولات شەھىرىدىن ئۆتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دىكى بايانلىرىنى تەتقىقاتچىلار بىرقەدەر ئىشەنچلىك دەپ قاراۋاتىدۇ، «چۆللۈكتىكى ئوردىنىڭ مىڭ چاقىرىم نېرىسىدا پولات دېگەن بىر شەھەر بار، شەھەر ئەتراپىدا ئۇچتىن بەشكىچە قەلئە بار، پولات شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا تەڭرىتاغ بار بولۇپ، شەرقتىن غەربكە مىڭ چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا 200 چاقىرىم كېلىدۇ، تاغ چوققىسىدا بىر يۇمىلاق كۆل بار، دائىرىسى 70 — 80 چاقىرىم كېلىدۇ، يۇمىلاق كۆلدىن ئايلىنىپ جەنۇبقا قاراپ ماڭسا، تاغ ئېغىزىدىن كىرىپ، بۆك ـ باراقسانلىق ياۋا مېۋە دەرەخلىرى ۋە قارىغايلار بىلەن قاپلانغان تەلكە داۋىنىغا چۇشىدۇ. داۋان ئىچىدىكى بەزى جايلاردا كۈن نۇرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ»[5]. دېمەك، بىز ياللۇغ چۇسەينىڭ خاتىرىسىدىن پولات شەھىرىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكىنى يۇمىلاق كۆل (سايرام كۆلى)دىن ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ھەقتە راشىدىنىنىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ئېنىق بايانلار بار. «ئەلى بۇقانىڭ سەركەردىسى قارا بۇقا پولات شەھىرىنىڭ يېنىدىكى سۈت كۆل ئەتراپىدا ئارغۇن بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، ئارغۇن ئۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشىپ قارا بۇقانى ئۆلتۈرىدۇ. ئارغۇن ئۇنىڭ (ئەلى بۇ-

قانىڭ) مۇداپىئەسىنى ۋەيران قىلىپ ھەم قارا بۇقانى ئۆلتۈرۈپ، مەغرۇرلىنىپ ھوشيارلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ ھەمدە ئىلىبالىق-قا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئوردا سالدۇرۇپ ئەسكەر-لىرىنى تارقىتىۋېتىپ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىدۇ، پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئەلى بۇقانىڭ ھىمايىچى سەركەردىسى ئا-سۇتاي تۆمۈر چاخالچا دەيدىغان تاغ تىزمىسىدىن ھالقىپ ئالما-لىقنى بېسىۋېلىپ ئارغۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى تالان - تاراج قىلىدۇ» [6].

«جامىئۇت تەۋارىخ»تا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پولات شە-ھىرىنىڭ ئورنى سايرام كۆلىنىڭ ئەتراپىدا دەپ بېكىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پولات شەھىرى بىلەن سايرام كۆلى، ئال-مالىق ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېنىقلاپ بېرىل-گەن، پولات شەھىرى كۆلگە يېقىن بولغىنى بىلەن ئۇرۇش مەيدا-نىنىڭ ئۆزى بولمىغاچقا ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدىن ئامان قالغان.

يۇقىرىقى ئىككى مىسالدا پولات شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا، سايرام كۆلىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكى ئېنىق قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما شەھەرنىڭ ئېنىق ئورنى توغرىسىدا مە-لۇمات بېرىلمىگەن، پولات شەھىرىنى كونكرېت تەسۋىرلەش بى-لەن بىرگە مەزكۇر شەھەرنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى مۇرەككەپلەشتۈرىدىغان بايان بولسا، لو يۈنىڭ «غەربكە ئەلچى-لىككە بېرىش خاتىرىسى»دىكى بىر ئابزاس باياندۇر: «غەربكە سۇ-رۇلسە ئېمىل شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ، يەنە غەربىي جەنۇبقا قاراپ ماڭسا پولات شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە ئاساسلىق بۇغداي، شال تېرىلىدۇ، تاغلىرىدا ئارچا دەرىخى كۆپ، سۇندۇ-رۇشقا بولمايدىكەن، دەرەخلەر تاش ئاراشلىرىدىن ئۈنۈپ چىقىۋې-رىدىكەن، شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى يېزا مەھەللىلىرى بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئۆيلىرىنىڭ تاملىرى توپا بىلەن خاڭداپ قوپۇ-رۇلغانىكەن، شەھەرنىڭ شىمالىدا دېڭىز بار ئىكەن، تۆمۈر تاغ تەرەپتىن گۈكىرەپ چىققان شامال كۆپىنچە ھاللاردا يولدىكى ئا-دەملەرنى ئۇچۇرۇپ دېڭىزغا چۈشۈرۈۋېتىدىكەن، شەھەردىن

غەربكە قاراپ 20 چاقىرىم ماڭسا تۆمۈر چاغالچا دېگەن ئېغىزغا كېلىدۇ، ئېغىزنى ساقلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەنزۇلار ئىكەن، ئېغىزدىن كىرگەندىن كېيىنكى يول ناھايىتىمۇ ئېگىز ـ پەس بولۇپ بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى، مەزكۇر جىلغىدىن چىققاندىن كېيىن ئالمالىق شەھىرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ»[7].

لو يۇنىڭ خاتىرىسىدە پولات شەھىرىنىڭ ئورنى، تۆمۈر چاغالچا تاغ ئېغىزىنىڭ 20 چاقىرىم شەرقىي شىمالىدا دەپ مەلۇمات بېرىلگەن، تۆمۈر چاغالچا تەلكە داۋىنىغا كىرىشتىكى تاغ ئېغىزىدۇر. ئۇنداقتا پولات شەھىرىنىڭ جايلاشقان ئورنى پەقەت سايرام كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىرغىقى ئەتراپىدا يەنى سەنتەي ئەتراپىدىكى مەلۇم ئورۇندا بولغان بولىدۇ. ئەمما پولات شەھىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان جاڭ چېڭجى ئەپەندى سايرام كۆلىنىڭ بويلىرىنى، كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بويلىرىدىكى يايلاقلارنى ۋە تەلكە ئېغىزىنىڭ شەرقىدىكى قوش ئەمچەك تاغ جىلغىلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ «يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سايرام كۆلى بويلىرى ۋە قوش ئەمچەك تاغ جىلغىسىدىكى رايونلاردا قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ ئىزنالىرى بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئورۇنلاردا شەھەر بىنا قىلىش مۇمكىنچىلىكىمۇ يوق. تەلكە داۋىنىنىڭ ئېغىزىدىن سەنتەيگىچە سوزۇلغان بۇ لىنىيە ئاساسەن دېگۈدەك كۆل ياقىلىرىدىكى تەگرى تېغىنىڭ باغرىدىكى قىيپاش يايلاقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ئېتىزلارنىڭ ئىزنالىرى ياكى قۇرۇلۇش ئىزنالىرىمۇ بايقالمىدى. قوش ئەمچەك تاغ جىلغىسىمۇ تار، ئويمان ـ دۆڭ بولغاچقا بۇ ئورۇندىمۇ بۇنداق بىر شەھەرنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس»[8] دەپ خۇلاسە چىقارغانىدى، يەنە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان تارىخىي ماتېرىيال بولسا روبرۇكنىڭ سەپەر جەريانىدىكى پولات شەھىرى توغرىسىدىكى خاتىرىسى بولۇپ «گېرمان قۇللىرى مۇشۇ شەھەردە تۇرىدىكەن، بۇ قۇللار توغرىلىق مەن سۇرتادا ۋە باتۇ خانىنىڭ ئوردىسىدىكى ۋاقتىمدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆپ قېتىم سۈرۈشتە قىلغانىدىم، ئەمما بۇ

گېرمانلار توغرىلىق مەن مۆڭكەنىڭ ئوردىسىغا كېلىشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىغانىدىم، ئەمما كېيىن مۆڭكەخان باتۇخاننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇ گېرمان قۇللىرىنى تالاسنىڭ شەرقىدىكى پولات دېگەن قىشلاقتا كۆچۈرۈپ ئەكەلگەنلىكىنى، مەزكۇر ئورۇننىڭ تالاس بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر ئايلىق مۇساپە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئۇلار ئۇ يەردە ئالتۇن كانلىرىنى قازىدىكەن ھەمدە قورال - ياراغ ياسايدىكەن»[9] دەپ خاتىرىلەنگەن.

بۇ مۇھىم بايان يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پولات شەھىرىدە قورال - ياراغ ياسايدىغان ئىشخانىلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خاتىرىدىكى بايانلار سايرام كۆلىگە ئانچە يىراق بولمىغان بورتالا دەريا ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بورتالا قەدىمكى شەھىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن خېلىلا بىردەكلىككە ئىگە.

بورتالا قەدىمكى شەھىرىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مىتال تاۋلىغان ئىزلار ۋە تۆمۈر قويمىلار بايقالغان بولۇپ، 50 ـ يىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بۇ ئورۇندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە تۆمۈر پارچىلىرى، پېچ ئورۇنلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»نىڭ 1960 ـ يىللىق 178 ـ سانىدىكى لى يۈچۈننىڭ «بورتالا ئوبلاستى تەۋەسىدىكى بالباللارنى تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە خاتىرە»دە «ھەممىلا يەردە داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر پارچىلىرى بار، بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆمۈر قوراللار تېپىلدى. 1958 ـ يىلى ئاھالە قەدىمكى خارابىلىقتىن نۇرغۇن كېرەكسىز تۆمۈرلەرنى تېرىۋالغان. ھازىر يەنە بىر ئورۇندا دۆۋىلەپ قويۇلغان، داتلىشىپ كەتكەن 1200 جىڭدىن ئارتۇق كېلىدىغان تۆمۈر پارچىسى بار. تۆمۈر پارچىلىرى ئادەتتە يۇمىلاق بولۇپ، ئوتتۇرىسى ئويمان ئىدى» دېيىلگەن.

يۇقىرىقى بايانلارنى تەھلىل قىلىپ يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ:

1) رۇبرۇك گەرچە بىۋاسىتە پولات شەھىرىگە بارالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ گېرمان قۇللىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئىستىكى ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىنغان، شۇڭلاشقا پولات شەھىرىدە مېتال تاۋلاش سانائىتى مەۋجۇت دېگەن تونۇشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تامامەن بولىدۇ.

2) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ 50 ـ يىللاردىكى تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندىمۇ، بورتالا قەدىمكى شەھىرىدىكى تۆمۈر تاۋلاش ئىزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن يۇقىرىقى ئىككى خاتىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە.

3) بورتالا دەريا ۋادىسىدىكى بورتالا قەدىمكى شەھىرىدىن باشقا يەنە يىل دەۋرى 8 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا تورا كېلىدىغان بىرقانچە قەدىمىي شەھەر بار بولۇپ، بۇ يالىلۇغ چۇسەينىڭ «ئەتراپىدا ئۈچتىن بەشكىچە شەھەر قەلئەسى بار» ⑩ دېگەن خاتىرىسىگە تازا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

قىسقىسى، بۈگۈنكى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بورتالا قەدىمكى شەھىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پولات شەھىرى بولسا كېرەك.

ئىزاھلار:

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1996 ـ يىلى، 3 ـ سان، 29 ـ بەت.

② لو يۇ: «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى».

③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. يىنلۇشياڭ تەزكىرىسى».

④ «خىتۇمىنىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، 1981 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 6 ـ بەت.

⑤ يالىلۇغ چۇسەينىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1981 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ بەت.

⑥ «جامىئۇت تەۋارىخ» 2 ـ توم، 164 ـ بەت.

⑦ «جۇڭگو ـ غەرب قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»

5 ـ قىسىم، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1979 ـ يىلى، 158 ــ 159 ـ بەتلەر.
⑧ «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى» 1987 ـ يىلى نەشرى، 5 ــ 15 ـ بەت.
⑨ «موڭغۇلىيىگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» 1983 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 152 ــ 153 ـ بەتلەر.
⑩ بورتالا دەرياسى ۋادىسىدا ھازىرمۇ ئاز دېگەندە ئىككىدىن ئۈچ- كىچە قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار بولۇپ، يىل دەۋرى 8 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ.

# مارك ئاۋرېل ستەيننىڭ غەربىي رايوندىكى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى

ئەركىن ئەرشىدىن

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، چاررۇسىيە ئالدى بىلەن ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايونىغا ھەر خىل نامىلاردىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ، غەربىي رايون مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇشقا باشلىغان بىر ۋاقىتتا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىمۇ بۇ سىرلىق زېمىنغا كېلىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ھەرقايسى ئەل ئېكسپېدىتسىيە خادىملىرى ئىچىدە ئارخېئولوگ، ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگرىيىلىك يەھۇدى مارك ئاۋرېل ستەيىن دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، كۆزدىن كەچۈرگەن جايلىرىنىڭ كۆپلۈكى، قولغا چۈشۈرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ جىقلىقى ھەمدە كېيىنكى ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ مولluqى بىلەن شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن، فرانسىيىلىك پائۇل پېللىئوتلار قاتارىدا شۆھرەت قازىنىشقا باشلىدى.

مارك ئاۋرېل ستەيىن 1862 ـ يىلى ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشتتا بىر ئاددىي يەھۇدى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 10 ياشقا كىرگەندە گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ گېرمانىيىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ھەر خىل چەت ئەل تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ھەر خىل پەنلەردە سىستېمىلىق بىلىمگە ئىگە بولغان.

ستەيىن غەربىي رايونغا قىلغان 1 ـ قېتىملىق سەپىرىنى

1900 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا باشلايدۇ، ئۇ قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، تاشقورغان ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىدۇ، ئۇ يەردىن خوتەنگە بېرىپ، بۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى ئېنىق بېكىتىۋالىدۇ. ئارقىدىنلا خوتەندىن 30 نەچچە ئىشلەمچى يالللىۋېلىپ، يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسى ئارىلىقىدىكى «تەكلىماكان قەدىمىي شەھىرى» دەپ ئاتالغان خارابىلىكتە قېزىش ئىشىنى ئېلىپ بارىدۇ، بۇ جەرياندا Ⅵ، Ⅶ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان ناھايىتى نۇرغۇن ئويما رەسىم، تام رەسىم، ياغاچ تارشا پۈتۈك ۋە سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى تاپىدۇ، 1901 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ستەيىن نىيە دەرياسىنى بويلاپ ئىچكىرىلەپ، يېرىمى قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان «نىيە قەدىمىي شەھىرى»نى تاپىدۇ، ئۇ بۇ يەردىن كارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكتىن 728نى تاپىدۇ. ئۇ ئارقىدىنلا ئەندىر دەريا ۋادىسىدىن ئەندىر بەگلىكىنىڭ ئورنىنى تاپىدۇ، كېرىيە دەرياسىنىڭ قەدىمىكى ئېقىن بويىدىن يەنە بىر قەدىمكى «راۋاق» ئورنىنى تاپىدۇ، ئۇ بۇ خارابىلىكتىن كارۇشتى ۋە باشقا يېزىقلاردىكى نۇرغۇن ھۆججەت، ۋەسىقىلەرنى قېزىپ چىقىش بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم قەدىمكى پۇللارنى قولغا چۈشۈرۈپ 12 ساندۇققا قاچىلاپ، لوندۇنغا ئاپىرىپ بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىغا تاپشۇرىدۇ، ئۇ ئەنگلىيىدىكى ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇدۇل كەشمىرگە كېلىپ، مەشھۇر ئەسىرى «قەدىمكى خوتەن»نى يېزىشقا كىرىشىدۇ.

1904 ـ يىلى يازدا ستەيىن ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە «2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېكسپېدىتسىيە قىلىش» لايىھىسىنى تاپشۇرىدۇ. ئۇ 2 ـ قېتىملىق سەپىرىنى 1906 ـ يىلى باشلاپ ھىندىقۇش ۋە پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ، ئارقىدىنلا خوتەنگە كېلىپ، كېرىيە ناھىيىسىدە بىر قەدىمىي بۇتخانىنىڭ ئاستىدىن سانسكرىت يېزىقى ۋە باشقا يېزىقلاردىكى نۇرغۇن ھۆججەت، ۋە-

سىقە، تارشا پۈتۈكلەرنى تاپىدۇ، كېيىن ئۇ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بولارنىڭ Ⅷ ئەسىرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بېكىتىپ چىقىدۇ. 1906 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ستەيىن نىيە ناھىيىسىگە كېلىپ 50 كىشىلىك قېزىش ئەترىتى تەشكىل قىلىپ، نىيە قەدىمىي خارابىلىكىنى قېزىش ئىشىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇ بۇ خارابىلىكتىن نۇرغۇن تارشا پۈتۈك، كارۋشتى يېزىقىدىكى ھۆججەت، ۋەسىقىلەرنى، قەدىمكى پۇل ۋە كىيىم ـ كېچەك پارچىلىرىنى قولغا چۈشۈرىدۇ، ئۇ 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەشھۇر كروران شەھىرىنىڭ خارابىلىكىنى تېپىپ، 11 كۈنلۈك قېزىش جەريانىدا نۇرغۇن قەغەز پۈتۈك، شايى پۈتۈك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تاپىدۇ، 1907 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ستەيىن مىراندىن دۇنخۇاڭغا كېلىپ راھىبلارغا پارا بېرىپ، نۇرغۇنلىغان بۇددا نوملىرى ۋە ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ، يەنە نۇرغۇن قەدىمىي مەتبەئە پارچىلىرى، سەنئەت بۇيۇملىرى، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى 29 چوڭ ساندۇققا قاچىلاپ، ئۇنى 1909 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لوندونغا ئەۋەتىۋېتىدۇ. ئۇ بۇ بايلىقلارغا قانائەت قىلماستىن يەنە داۋاملىق خوتەن بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدىكى بىپايان زېمىندا تەكشۈرۈشتە بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ئۈششۈك تېگىپ پۇتىنىڭ بارماقلىرى ئۈششۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇ بۇ قېتىملىق سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، دۆلىتىگە قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ستەيىن 1913 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى غەربىي رايونغا قىلغان 3 ـ قېتىملىق پائالىيىتىنى باشلايدۇ. ئۇ قەشقەردىن يولغا چىقىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قەدىمىي ئىزلارنى تەكشۈرىدۇ، 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا جىمىساردىكى قەدىمىي خارابىلىككە كېلىپ قېزىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپىدۇ، ئۇ ئارقىدىنلا يالقۇنتاغ باغرىدىكى بېزەكلىك مىڭ ئۆيگە كېلىپ، ئۆڭكۈرلەردىكى تام رەسىملىرىنى كېسىپ قومۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇ يەنە ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قېزىپ جەسەت بىلەن

بىللە كۆمۈلگەن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈ-شۈرىدۇ. ستەيىن تۇرپاندا قازغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى 50 نار تۆگىگە ئارتىپ، قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا توپلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رەتلەپ 182 ساندۇققا قا-چىلاپ، ھىندىستانغا يولغا سالىدۇ، ئۆزى كەشمىر ئارقىلىق دۆ-لىتىگە قايتىدۇ، ستەيىن 1930 ـ يىلى 4 ـ قېتىملىق ئېكىس-پېدىتسىيە پائالىيىتىنى پىلانلاپ، ئامېرىكا، ياپونىيە ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىدۇ، ئۇ قۇمۇلغا يېتىپ كېلىشى بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغاچقا، نىشانىنى غەربىي جە-نۇب تەرەپكە بۇرايدۇ. 1938 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلىغىچە ئۇ پەنجاپ، ئىران، سۇرىيە، ئىئوردانىيە قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولىدۇ، 1943 ـ يىلى 82 ياشلىق بۇ يەھۇدى بوۋاي ئافغانىستان-غا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بو-لۇۋاتقاندا كېسەل بولۇپ كابۇلدا ۋاپات بولىدۇ.

ستەيىن بىر ئۆمۈر توپلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا، يەنە بىر قىسمى ھىندىستان يېڭى دېھلى مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

# مىڭ يىللاپ ئۈيغۇردا ياتقان ئوغاي بالىق قەدىمكى دۆلىتىنىڭ چۇمپەردىسى ئېچىلدى

فۇ دو

يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ نىيە خارابىسى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغاپ كەلدى. جۇڭگو ـ ياپونىيە ئارخېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئۈچ يىلدىن ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بىر غايەت زور مەھەللە خارابىلىكى، بىر كىچىك ساگرام ۋە بىر قەدىمي قەبرىستانلىقنى ئىلمىي يوسۇندا قېزىش ئىشىدا ناھايىتى زور بايقاش بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىپايان قۇملۇقتا 2000 يىلدىن ئارتۇق قاتتىق ئۈيغۇردا ياتقان چادوتا قەدىمكى دۆلىتىنىڭ چۇمپەردىسى ئېچىلدى.

1988 ـ يىلىدىن بۇيان، ياپونىيىلىك دوست كوجىما ياسىنورىنىڭ مەبلەغ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو ـ ياپونىيە ئىككى تەرەپ نىيە خارابىلىكىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 6 قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 1995 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو ـ ياپونىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 36 خادىمى نىيە خارابىلىكىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي قىرغىقىدىن بوران ئېچىۋەتكەن قەدىمكى قەبرىستانلىقنى بايقىدى ھەمدە شۇ ئەتراپتىكى 100 كۋادرات مېتىرلىق دائىرىدىن 8 قەبرىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ قەبرىلەرگە 1000 يىللاردىن بۇيان بىرەر ئادەمنىڭمۇ قولى تەگمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەسەتلەر ئىنتايىن قۇرغاق مۇھىتتا تۇرغاچقا، ھەممىسى قۇرۇپ كەتكەن،

كىيىم ـ كېچەك ۋە دەپنە بۇيۇملىرىمۇ ناھايىتى ئوبدان ساقلانـ
غان. مۇتەخەسسىسلەر قېزىپ چىقىرىلغان قەبرىلەرنى ئانالىز
قىلىش ئارقىلىق جەسەت ساندۇقلىرىنى ئىككى تۈرگە بۆلگەن.
بۇنىڭ بىرى چوڭ توغراقلارنىڭ غولىنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالـ
غان، بىرلا كىشى دەپنە قىلىنىدىغان يالغۇز كىشىلىك جەسەت
ساندۇقى؛ يەنە بىرى سىرتىغا يەنە جەسەت ساندۇقى قاپلانغان، ئەر ـ
ئايال بىرلىكتە دەپنە قىلىنىدىغان ساندۇق شەكلىدىكى جەسەت
ساندۇقىدىن ئىبارەت. نۆۋەتتە، مۇتەخەسسىسلەر 3 ـ نومۇرلۇق
قەبرىنى تازىلىغاندا ئەر ـ ئايالنىڭ بىرگە دەپنە قىلىنغانلىقىـ
نى، ئەر ـ ئايال خوجايىنلارنىڭ ئۈستىگە رەڭلىك كىمخاب يوتقان
يېپىپ قويۇلغانلىقىنى، ئۇچىسىغا كىمخاب كەمزۇل، شايى كىـ
يىم كىيدۈرۈلگەنلىكى، پۇتىدا كەشتىلىك ئاياغ كىيىم بارلىقىـ
نى، يېنىغا ھايات ۋاقتىدا ئۇزۇن مۇددەت كىيگەن كىمخاب پەشـ
مەت، يا ۋە ئوقدان قويۇلغانلىقىنى بايقىدى. ئەر خوجايىنىنىڭ
بەلۋېغىغا غىلاپ ئېسىلغان بولۇپ، كىمخاب بەلۋاغقا چىگىلگەن
ۋە ئوقدانغا قاچىلانغان يا ئوقىنىڭ دەستىسى، ئۇچى قاتارلىق
نەرسىلەر ئەسلىدىكىدەكلا ياخشى ساقلانغان. ئايال خوجايىنىنىڭ
بېشىغا گېئومېتىرىيىلىك شەكىلدە چىرايلىق نۇسخا ئېلىپ توـ
قۇلغان يىپەك رومال ئارتىلغان، قۇلىقىدا ئۈنچە ۋە ئالتۇن
ياپراقچە بولۇپ، ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇلۇپ بوينىغا قىزىل مەرۋاـ
يىت مارجان ئېسىلغان، يېنىغا ئاق يىپەك يېپىنچا قويۇپ قوـ
يۇلغان، ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈـ
رۈلگەن مىس كۆرگۈدىن ھېلىھەم ئادەمنىڭ ئەكسى كۆرۈنىدۇ،
ئۇ كىمخاب خالتىغا سېلىپ قويۇلغان، لاك بېرىلگەن بىر قۇتىغا
تارغاق ـ سۈزگۈچ، گىرىم بۇيۇملىرى، يىپ ـ يىڭنە دېگەندەك
نەرسىلەر سېلىنغان. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا،
پەقەت 3 ـ نومۇرلۇق قەبرە ئىچىدىن چىققان توقۇلما بۇيۇملارلا
10 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىلـ
گىرى ئۇچراپ باقمىغان يېڭى تۈرلەر ئىكەن، بۇ نەرسىلەرنىڭ
گىرۋەكلىرى ساق، رەڭگىمۇ ئېنىق بولۇپ، ئاسان ساقلىغىلى

بولمايدىغان سىرىق، يېشىل رەڭلەرمۇ ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قالغان.

ياپونىيە تەرەپ 1 ـ رايوندىكى N2 نومۇرلۇق چوڭ كۆلەملىك مەھەللە خارابىلىكىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا قېزىش ئارقىلىق، ئۈچ ئورۇندىن ئۆي ئىزىنى بايقىدى. ئۆيلەرنىڭ ئىچىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە كاڭ چىقىرىلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا ئوتدان قويۇلغان. ياغاچلارنى قوراشتۇرۇش ۋە يۇلغۇن شاخلىرىنى توقۇشتىن تام ھاسىل قىلىنغان، ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىدە چەللە، ئارقا تەرىپىدە قوتان، يېنىدا مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئۈزۈمزارلىق بار بولۇپ، بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك كىلىمات شارائىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە روشەن ھالدا ماسلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تېپىلمىلار ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ جايلىشىشى ۋە قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى چۈشىنىۋېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇلاردىن باشقا بۇ يەردىن يەنە ئۈچ پارچە پۈتۈك بايقالدى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا جۇڭگو ئالىملىرى قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن باشقا يەنە 1 ـ رايوندىن N5 نومۇرلۇق كىچىك بۇددا ساڭرامىنى ئۆلچەپ، قېزىشقا تەشكىللەپ، ساڭرامىنىڭ چاسا شەكلىدە ئىكەنلىكىنى، 5 × 5 كۋادرات مېتىر كېلىدىغانلىقىنى، غەرب تەرەپتىن ئىشىك قويۇلغانلىقىنى، ئوتتۇرىغا كاڭ ياسالغانلىقىنى، چۆرىدەپ كارىدور قويۇلغانلىقىنى بايقىدى. مۇتەخەسسىسلەر يەنە ساڭرامىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى بۇرجىكىدىن ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرى ئۇسلۇبىدىكى بۇت ھەيكىلى ۋە بۇتساتۇۋانىڭ پارچىلىرىنى تاپتى. تونۇشتۇرۇلۇشلارغا ئاساسلانغاندا، كىچىك ساڭرامىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بىر خارابىلىكتىن توپىنى قېزىپ جىن دەۋرىگە ئائىت زور مىقداردىكى پۈتۈكلەرنى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە «تەيشىنىڭ 5 ـ يىلى» (296 ـ يىلى) دېگەن يىلنامە پۈتۈكلىرىمۇ بار.

1995 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

مەدەنىيەت نازارىتى ۋە جۇڭگو ـ ياپونىيە نىيە خارابىلىكىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە تەشكىلـلىگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئاالاقىدار ئالىملار: نىيە خارابىلىكىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش داۋامىدا ئېرىشكەن بۇ تېپىلمىلارغا ئاساسەن، بۇ يەردىكى قەدىكى قەبرىلەرنىڭ خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە نىيە دەرياسى بوستانلىقىدا ياشىغان يۇقىرى قاتلام ئېكسپىلاتاتورلار گۇرۇھىنىڭ قەبرىستانلىقى ئىـكەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ، بۇ خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى چادوتا، پىشامشانلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى، چادوتا دۆلىـتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالى ھەمدە ئەينى يىللار ـ دىكى نىيە بوستانلىقىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى چۈشىنىـ ۋېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىدى.

خەنزۇچە «يىپەك يولى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئۆمەرجان ھەسەن**

# ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەڭ دەسلەپ كەلگەن ئەرەب سایاھەتچىلىرى

جەملە ئابلا

تەمىم ئىبن بەھرۇل مۇتتەۋى (8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى) ئەسلىدە بىر پىدائى ئەسكەر ئىدى. ئەرەب تارىخى ماتېرىياللىرىدا تەمىمنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا، شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا كەلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى فاتىق، ياقۇتى، خۇردادبېھلارنىڭ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان. مىنورىسكى بۇ ماتېرىياللارنى 1948 ـ يىلى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. تەمىمنىڭ سایاھەت قىلغان ۋاقتى 760 ~ 800 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ سایاھەت خاتىرىسىدە ئەڭ ئاۋۋال توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان. تەمىم مۇشۇ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايونغا كەلگەن. توققۇز ئوغۇز ئادەتتە ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار بۇنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزگىچە ئاتىلىدىغان مەنىسىمۇ ئوخشىمايدۇ دەپ قارايدۇ. بارتولدنىڭ قارىشىچە، بۇ نام دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى سارت تۈركلىرىنى كۆرسىتەتتى. ئەبۇ سەئىد «جۇڭگو ۋە ھىندىستاندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» دېگەن ئەسىرىدە جۇڭگو خانى خۇاڭ چاۋغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن توققۇز ئوغۇز پادىشاھىدىن ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى يېزىلغان، بۇ مۇقەررەر ھالدا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەرياسى بويىدا دۆلەت قۇرۇپ، 840 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن غەربكە كۆچكەن. تەمىمنىڭ سایاھەت قىلغان ۋاقتى 800 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا

كېلىدۇ. تەمىم ساياھىتىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا زوروئاستىر دىنى مۇرىتلىرى بىلەن مانى دىنى مۇرىتلىرىنى كۆرگەن، زوروئاستىر مۇرىتلىرى ئادەتتە يېزا ـ كەنتلەردە، مانى دىنى مۇرىتلىرى بولسا پايتەختتە ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئىدى.

خۇردادبېھ (820 ــ 913، 912 ـ يىللار) ئەرەب جۇغراپىيىسى ئىلمى بويىچە ۋەكىللىك ئەرباب بولۇپ، ئىراندا بىر داڭدار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى تەبەرىستاننىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئىدى. خۇردادبېھ دەسلەپتە باغداتتا ئوقۇغان، كېيىن ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇريي ئەمەلدارى بولغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، بۇگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگىنى «ئەللەر ۋە يوللار تەزكىرىسى»دىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئەينى ۋاقىتتىكى سودا لىنىيىسى ھەم ھەرقايسى مۇھىم بازارلارنىڭ ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ كىتاب 846 ــ 847 ـ يىللىرى تاماملانغان، كېيىن يەنە تولۇقلىنىپ، 885 ــ 886 ـ يىللىرى تاماملانغان، ئۇ بۇ كىتابنى يېزىشتا ئارخىپ ـ ماتېرىياللار ھەم باشقىلار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلاردىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلانغان. خاتىرىلەر مەزمۇنى 9 ـ ئەسىر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئەھۋاللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ خاتىرىلەرنىڭ بىرقىسمىنى جاڭ شىڭلىياڭ ئەپەندى تەرجىمە قىلىپ، «جۇڭگو ـ غەرب مۇناسىۋەت تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»نىڭ 2 ـ قىسمىغا كىرگۈزگەن. ئۇيغۇرلارغا دائىر خاتىرىلەرنىڭ بىرقىسمى تۆۋەندىكىچە:

«بارلىق تۈركلەر ئىچىدە توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇرلار)نىڭ يېرى ئەڭ كەڭ، ئۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ بىرقىسمى زوروئاستىر دىنى مۇرىتلىرى، يەنە بىرقىسمى مانى دىنى مۇرىتلىرى. توققۇز ئوغۇز قاغانى 12 قاناتلىق تۆمۈر قوۋۇقلۇق چوڭ شەھەردە تۇردۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. قاغان ئىچكى شەھەرنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە ئالتۇن رەڭلىك ئوردا ياساتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇلازىم 900 گە يېتىدۇ. قاغان بۇ يەردە تۇرۇپ بەش فەرسەق (بىر فەرسەخ بەش كىلومېتىرغا

تەڭ) يىراقلىقتىكى مەنزىرىنى كۆرەلەيدۇ».
«تۈرك، تۈبۈت، قاسارلارنىڭ پادىشاھى ئومۇمەن قاغان دېيىـ
لىدۇ، قارلۇق پادىشاھى يابغۇ دېيىلىدۇ، جۇڭگو پادىشاھى تەڭرىـ
نىڭ ئوغلى يەنى پەغپۇر دېيىلىدۇ. بۇ پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى
ئەفرىدۇننىڭ پۇشتىدۇر». ئەفرىدۇن رىۋايەتلەردىكى ئىران پادىـ
شاھى بولۇپ، خۇردادبېھ پېرسىيىلىك بولغاچقا ئاشۇنداق دەپ
مۇبالىغىلەشتۈرگەن.

ئەبۇ دۇلەف (10 ـ ئەسىردە ياشىغان) ئەرەب شائىرى، ئاـ
لىم، ساياھەتچى. ئۇ ئەسلى سامانىيلار خاندانلىقى ناسىر II
(914 ـــ 943 ـ يىللار) زامانىدىكى ئوردا شائىرى ئىدى. ئەينى
ۋاقىتتا بۇخارادا جۇڭگودىن كەلگەن بىر ئەلچى بار ئىدى. دۇلەف
بۇ ئەلچى جۇڭگوغا قايتىش ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا
ئاسىيا، ئۇيغۇر، تۈبۈتلەر رايونى ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىـ
رىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ھىندىستان ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە قايتـ
قان. ئۇنىڭ بۇ ئىش ـ ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن ئەسەرنىڭ ئەسلى
نۇسخىسى ساقلانمىغان، بۇنى پەقەت ياقۇتى، قەزۋىنىيلەرنىڭ
كىتابىدىكى پارچىلاردىنلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ساياھەت
خاتىرىسىدىكى نۇرغۇن يەر ناملىرىنى بېكىتىش ناھايىتى تەس.
ئۇ جۇڭگونىڭ دىنىي ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ، باخې شەھەـ
رىدە مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار، خىرىستىئان مۇرىتلىرى، ئاتەشـ
پەرەسلەر ۋە بۇتپەرەسلەرنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان. ئەبۇ دۇـ
لەفنىڭ جۇڭگو پادىشاھى دەپ ئاتىغىنى ئۇيغۇر قاغانىنى كۆرسىـ
تىدۇ، بۇنى كىتابتا كۆرسىتىلگەن جۇغراپىيىلىك ئورۇندىن
بىلگىلى بولىدۇ.

# قەدىمي شەھەر بېشبالىق ۋە ئۇيغۇر بىلەن تۆبۆتلەرنىڭ بېشبالىقنى تالىشىشى

ئابلەت نۇردۇن

جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە مەشھۇر بېشبالىق شەھىرىنى ئەجداد- لىرىمىز بۇنىڭدىن 1300 - يىل ئىلگىرى بىنا قىلغان. بۇ شە- ھەرنىڭ خارابىسى جىمسار ناھىيىسى تەۋەسىدە. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئۇ جايدا غەربىي رايوندىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان ئالدىنقى قاڭقىل دۆلىتى قۇرۇل- غان. ئەينى ۋاقىتتا ، بۇگۇنكى تۇرپان رايونى بىلەن جىمسار مەزكۇر دۆلەتنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئىدى. كېيىن ھۇنلار غەربىي رايونغا كېڭەيمىچىلىك قىلغاندا، خەن سۇلالىسى ھۇن دۆلىتى بىلەن قاڭقىلنى تالىشىپ 30 يىل ئۇرۇش قىلغان، ئاخىرى خەن سۇلالىسى غەلىبە قىلغان. ۋاڭ ماڭ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، خەلق ئۇستىدىكى ئالۋان - ياساقلارنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن غەربىي رايوندا خەن سۇلالىسى- گە قارشىلىق كۆرسىتىش ئەۋج ئالغان، كېيىنكى قاڭقىل خانى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزد- نى ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوينىغا ئاتقان. شەرقىي خەن سۇلا- لىسىنىڭ خانى مىڭدى 72 - يىلى ئويسۇنلار بىلەن بىرلىكتە ھۇجۇم قوزغاپ، ئىۋىرغۇل، قاڭقىل قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىلد- كىگە ئالغان.

تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، قاڭقىل ئەتراپلىرىدا غەربىي تۈركلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇ- غۇللانغان. 638 - يىلى غەربىي تۈركلەر ئارىسىدا ئىچكى توقۇ-

نۇش يۈز بېرىپ، غەربىي تۈرك خانلىقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتـ-
كەن. ئىل بىلگە قۇتلۇق قاغان سۇياب دەرياسى (ھازىرقى قىر-
غىزىستاندا)نىڭ شەرقىدىكى ۋە غەربىدىكى قەبىلىلەرنى باشقۇر-
غان. لېكىن كېيىنكى چاغلاردا بېشبالىقتىكىلەر قوچوخانى بىد-
لەن تىل بىرىكتۈرۈپ يىپەك يولىنى توسۇپ، سودا ئالاقىسىگە
توسقۇنلۇق قىلغان. 640 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى خۇجۇنجېنى
قوچوخانى چۇي ۋېنتەينى جازالاشقا ئەۋەتكەن. خۇجۇنجې قوچونى
تىنچىتىپ، قوچونىڭ نامىنى غەربىي ئايماق (شىجۇ)قا ئۆزگەرتـ-
كەن. تاڭ سۇلالىسى يەنە بېشبالىقتا تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى
قۇرۇپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جە-
نۇبىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈز-
گەن.

تاڭ سۇلالىسى شاڭيۈەن يىللىرىنىڭ تۇنجى يىلى (670 ـ
يىلى)دىن كېيىن تۇبۇتلەر خېشى كارىدورىنى ئىشغال قىلىۋال-
غاچقا، غەربىي رايون بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئالاقىسى بىر
مەھەل ئۈزۈلۈپ قالغان. تاڭ سۇلالىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى
بىلەن سودا يولىنى ئېچىش توغرىسىدا كېلىشكەن. بۇ سودا يولى
871 ـ يىلى رەسمىي ئېچىلغان، بۇ يول «ئۇيغۇر يولى» دەپ ئا-
تالغان. بۇ يولنىڭ ئېچىلىشى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن غەربىي
رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ كۈچـ-
يىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇيغۇر خانلىقىمۇ مۇشۇ يول ئار-
قىلىق بېشبالىققا سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتكەن. نەتىجىدە تۇ-
بۇتلەر بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زىددىيىتى كەسكىنلىشىپ قاند-
لىق ئۇرۇش يۈز بەرگەن. 789 ـــ 790 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلار
بېشبالىقنى تالىشىپ تۇبۇتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان. لېكىن ئۇ-
رۇشتا ئۇيغۇرلار يېڭىلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان، كېيىن
كىچىك كۆلەملىك جەڭلەر داۋاملىق بولۇپ تۇرغان، ئۇيغۇرلار
بېشبالىقنى تارتىۋېلىشقا پۇرسەت كۈتكەن. ئۇيغۇر خانلىقى قۇتـ-
لۇغ قاغان (795 ـــ 850) دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ
قىلىپ بېشبالىقنى تارتىۋالغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى خاقاند-

لىرىنىڭ بېشبالىققا يۈرۈش قىلغانلىقى ھەققىدە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دىمۇ مەلۇمات بار: ئوتتۇز ياشىما بېشبالىق تاپا سۈلەدىم. (تەرجىمىسى «ئوتتۇز يېشىمدا، بېشبالىققا يۈرۈش قىلدىم»)[1].

سۈڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، غەربىي رايوندا قوچو خانلىقى قاتارلىق خانلىقلار قۇرۇلغان، بېشبالىق قوچوخانلىقىنىڭ مۇھىم سىياسىي مەركىزى بولغان، 1125 ـ يىلى ياللۇغ تاشىن غەربىي رايوندا قاراقىتان خانلىقىنى قۇرغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بىلگە قاغان ئۇنىڭغا بېقىنغان. قاراقىتانلارنىڭ قاتتىق زۇلمىغا چىدىمىغان ئۇيغۇرلار قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى ــــ بارچۇق ئارتتېكىننىڭ باشچىلىقىدا، قارا قىتانلار ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن «شاۋكىم»[2] نى ئۆلتۈرۈپ، قارا قىتانلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلغان. بارچۇق ئارتتېكىن چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش نىيىتىنى بىلدۈرگەن، بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشاللانغان چىڭگىزخان ئىدىقۇتنى 5 ـ ئوغلۇم دەپ ئاتىغان ۋە قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان.

1271 ـ يىلى قۇبلايخان يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، چاغاتاينىڭ نەۋرىسىنى بېشبالىقتا تەختتىگاھ قۇرۇپ، ھەربىي تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇشقا بەلگىلىگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بېشبالىق چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ پائالىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە كەلگەن چېن چېڭ مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: بېشبالىقنىڭ دائىرىسى بۇرۇن «شەرقتە قومۇلغا، غەربتە سەمەر

---

[1] «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 101 ـ ، 95 ـ بەت.

[2] شاۋكىمنى بەزى تارىخچىلار ئادەم ئىسمى دەپ قارىسا، بەزىلەر ئەمەل نامى دەپ قارايدۇ. تارىخنامىلەرگە ئاساسلانغاندا، 1 ـ خىل قاراشنىڭ ئېھتىمالى چوڭدەك قىلىدۇ. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىل 9 ـ نامىغا قاراڭ.

قەنتكە تۇتىشاتتى، كېيىن بېشبالىقنى تۆمۈر (تۇغلۇق تۆمۈرنى دېمەكچى ـــ ئا) ئىشغال قىلىۋالدى. ھازىر بېشبالىق غەربتە توقماق بىلەن، شىمالدا ئويرات بىلەن، شەرقىي جەنۇبتا خوتەن بىلەن چېگرالىنىدۇ»، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى»نىڭ 4 ـ جىلدىدا يەنە: «بېشبالىق غەربىي رايوندىكى چوڭ دۆلەت. جەنۇبتا ئۇدۇن (خوتەن) بىلەن، شىمالدا ئويرات بىلەن، غەربتە سەمەرقەنت بىلەن، شەرقتە قوچو بىلەن چېگرالىنىدۇ، شەرقىي جەنۇبتا جىيايۇگۇەنگە 3700 چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن. كېيىنكى چاغلاردا چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن مەھمۇتخان بېشبالىقتا بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن. 1416 ـ يىلى مەھمۇتخان ئۆلگەندە، جىيەنى تەختكە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنىسى ئۇۋەيس تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. ئۇۋەيسخان ھاكىمىيەت مەركىزىنى ئالمالىق (ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا)قا يۆتكىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان بېشبالىق شەھىرى پەيدىنپەي خارابىلىققا ئايلانغان.

# ئۈرۈمچى — يەنئەن ئارىلىقىدا سىمسىز تېلېگراف ئالاقىسى يولغا قويۇلغانلىقنىڭ باش - ئاخىرى

## چياۋ رېنشىن

1937 - يىلى 4 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن شىڭ شىسەي جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش قىسىملىرى سول تارماق ئەترىتىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قوشۇلدى. چېن يۈن، تېڭ دەيىۋەنلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈرۈمچىدە 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى. بۇ ئىش بېجىرىش ئورنى ۋەزىيەتكە ئاسىمىدى. بۇ ئورۇننىڭ يا مۇھاپىزەتچىسى يا قوراللىق كۈچى يوق ئىدى. ئۆز ئالدىغا ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىمۇ يوق ئىدى. ئەمما شىنجاڭ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ راتسىيىسىنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلىتىشكە بولاتتى. شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ قاتناش باشقارمىسى (بۇ باشقارما شىنجاڭ تېلېگراف ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزەتتى) شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 1 - راتسىينى يەنئەن بىلەن تېلېگراف ئالاقىسى ئورنىتىشقا بۇيرۇدى. 1938 - يىلى 2 - ئايدا سىناق تەرىقىسىدە تېلېگراممىا بېرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 1 - راتسىيە ئەسلىدە قۇۋۋىتى بىر كىلوۋاتلىق كونا ئۈسكۈنە ئىدى. ئۇنىڭ ئەمەلىي قۇۋۋىتى پەقەت 500 - 600 ۋاتقىلا يېتەتتى، يەنئەندىكى راتسىينىڭ قۇۋۋىتى تېخىمۇ كىچىك بولغاچقا، سىگنال بەك ئاجىز بولغانلىقتىن ئالاقە راۋان بولمىدى، ئىككى تەرەپتە دائىم تېلېگراممىلار بېسىلىپ قالاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم بېرىپ قۇرۇپ بەرگەن 15 - راتسىيە پۈتكەندىن كېيىن تەستىقلىتىش ئارقىلىق ، يەنئەن بىلەن ئالا-

قىلىنىشىش ۋەزىپىسى 1940 ـ يىلى 4 ـ ئايدا 15 ـ راتسىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ چاغدا قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىڭنەن شىڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن 15 ـ راتسىيىگە كېلىپ، نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان لى يۈەنفېننى چاستوتىنى 60 مېتىرلىق دولقۇنغا تەڭشەشكە بۇيرۇدى. بۇ راتسىيىدە بۇ دولقۇن ئىشلىتىلمەيتتى. ۋاڭ جىڭنەن: «تەڭشەپ چىقالمىساڭ كاللاڭدىن ئايرىلىسەن» دەپ كەسكىنلىك بىلەن تەھدىت سالدى. لى يۈەنفېن دەرھال دولقۇن ئۆزۈنلۈقى جەدۋىلىدىن پايدىلىنىپ تەڭشەپ چىقىپ، تېلېگرامما بېرىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدى. شۇنىڭدىن كېيىن لى يۈەنفېن مۇشۇ دولقۇن ئارقىلىق كۇنگە بىر قېتىم ئالاقىلىشىپ تۇردى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋاڭ جىڭنەن لى يۈەنفېنغا سىرلىق تۇستە «بۇ دولقۇننى قوبۇل قىلىۋاتقان تەرەپ يەنئەن بولىدۇ» دېدى. 15 ـ راتسىيە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن 27 ـ CMN تىپلىق بىر كىلوۋاتلىق ھەم تېلېگرامما بەرگىلى، ھەم سۆزلەشكىلى بولىدىغان يېڭى ئۈسكۈنە بولۇپ، خىزمەتچى خادىملارنى راتسىيە باشلىقى كۆڭۈل قويۇپ تاللىغانلىقتىن، يەنە كېلىپ ئىككى تەرەپ ياخشى ماسلاشقانلىقتىن ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاندى. بولۇپمۇ، يەنئەن تەرەپنىڭ رادىستى سىگنال ئاجىز، تېپىش تەس بولغان ئەھۋالدا سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىشلەپ ھەر بەش گورۇپپا كودنى بېرىپ بولغاندا بىر قېتىم قارشى تەرەپنىڭ كۆچۈرۈۋالغان ياكى كۆچۈرۈۋالمىغانلىقىنى سوراپ تۇراتتى، تاكى تېلېگراممىنى تولۇق بېرىپ بولغانغا قەدەر شۇنداق قىلاتتى. ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ دوستانە مۇناسىۋەتكە زىت كېلىدىغان بەلگىلەرنى ئىشلەتمەي، ئۇرۇمچى تەرەپ رادىستىنى قايىل قىلىپ، «يەنئەن تەرەپنىڭ رادىستىنى ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۆلگىسى بولىدىكەن» دېگەن تونۇشقا كەلتۈرەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇرۇمچى تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تۇنجى باشلىقى بولغان پېڭ گوئەن بۇرۇن يەنئەن 1 ـ راتسىيىسىدە ئۇرۇمچى تەرەپنىڭ رادىستى بىلەن تېلېگراممىا بې-

ـرشكەن رادىست ئىدى. ئۇ ، 1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەنجىڭدە دۆلەت يېزۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنـ ـقىلابى كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلـەن بىللـە تېلېگراف ئاپپاراتىنى ئېلىپ شىنجاڭغا كېلىپ، ئىلىدا خىزمەت قىلغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ بۇرۇنقى 15 ـ راتسىيىنىڭ رادىستى ساڭ شىليـەن بىلەن ھاياجان ئىچىدە ئۇچرىشىپ، ئۇ ۋاقىتتا زىچ ماسلىشىپ، ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئورۇندىغانلىقىنى ئەسلەشتى.

8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ تېلېگراممىلىرىدا تېلېگراما بېشىغا رەت نومۇرى قويۇلغاندىن سىرت، ھېچقانداق مەخپىي بەلگە يوق ئىدى. تېلېگراف لىنىيىسىنى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە ۋەكىلى دېڭ فا (مەخپىي ئىسمى فاڭ لىن) شېڭ شىسەي بىلەن سۆزلىشىپ ئاچقانلىقتىن، دەسـ ـلەپكى چاغلاردا ھەربىر پارچە تېلېگراممىغا فاڭ لىن بىلەن شېڭ شىسەينىڭ تامغىسى بېسىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئەۋەتىلەتتى. بىر قېتىم تېزدىن ئەۋەتىشكە تېگىشلىك بىر پارچە تېلېگراممىـ ـغا شېڭ شىسەينىڭ تامغىسىنى بېسىش ئۈچۈن ئاپىرىپ بەرگەندە ئۇنىڭ تاپشۇرۇۋېلىش ئورنى (ھازىرقى مۇھىم ئىشلار كاتىباتى باشقارمىسىغا باراۋەر كېلىدۇ)دا تۇرۇپ قېلىپ دەخلى يەتكەندىن كېيىن، 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى شېڭ شىسەي بىلەن سۆزلەشتى. نەتىجىدە شېڭ شىسەي: فاڭ لىننىڭ تامغىسى بېـ ـسىلغانلىكى تېلېگراممىلارنى يوللاشقا بولىدۇ، دېگەن مەزمۇندا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ تاپشۇرۇۋېـ ـلىش ئورنى 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ تېلېگراممىـ ـلىرىنى تەكشۈرىدىغان بەلگىلىمە ئەمەلدىن قالدى، 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ تېلېگراممىلىرىنى ئەۋەتىدىغان چاغدا، مەخسۇس بىر كىشى ئاتقا مىنىپ، بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىـ ـكى راتسىيىگە ئېلىپ باراتتى. ناۋادا تېزدىن جاۋابىنى ئېلىشقا تېگىشلىك تېلېگراممىلار بولۇپ قالسا، تېلېگراما ئېلىپ بارغان كىشى شۇ يەردىلا ساقلاپ تۇراتتى. يەنئەن تەرەپ بۇنداق تېـ

لېگراممىلارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئادەتتىكى تېلېگراممىلارنى قويۇپ تۇرۇپ تېزدىن جاۋاب بېرىشكە تىرىشاتتى. تېلېگرامما ئېلىپ بارغان كىشى مۇشۇ بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ رادىستقا يەنىمۇ ئەھۋالنى تونۇشتۇراتتى. بەزى چاغلاردا تېلېگرامما كۆپ بولۇپ كېتىپ ياكى تېلېگرامما لىنىيىسى راۋان بولماي قېلىپ، تېلېگراممىلارنى ئىككى تەرەپ پۈتۈشكەن ۋاقىتتا بېرىپ بولۇشقا مۇمكىن بولمىغاندا، ئىككى تەرەپ تېلېگرامما بېرىش ۋاقىتلىق ئۇزارتىشنى ئالدىن پۈتۈشۈۋالاتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتە ئۇرۇمچى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا شەھىرى ئوتتۇرىسىدىكى تېلېگرامما بېرىش ۋاقتى قىسقارتىلاتتى ياكى بولمىسا ئەتىسى سەھەردە تېلېگرامما ئاز چاغدا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. تېلگرامما ئورگىنالىنى كۆپ ھاللاردا ئېلىپ بارغان كىشى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتەتتى، ئېلىپ كەتمىگەنلىرىنى راتسىيە باشلىقى ۋاڭ شۇيى يىغىپ ئايرىم ساقلاپ قوياتتى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شېڭ شىسەينىڭ مەخپىي بۇيرۇقىغا بىنائەن بارلىق تېلېگرامما ئورگىناللىرى پېچەتلىنىپ شېڭ شىسەينىڭ تاپشۇرۇۋېلىش ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدۇ. شېڭ شىسەي بۇ تېلېگراف لىنىيىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن نازارەت قىلاتتى، تېلېگراف لىنىيىسى راۋان بولمىغان ياكى نۆۋەتچى رادىست ئاغرىپ قېلىپ رۇخسەت سورىغان ۋە ياكى باشقا غەيرىي نورمال ھادىسىلەر كېلىپ چىققان چاغلاردا تېلېگراف ئىدارىسى دەرھال يازما دوكلات تەييارلاپ، قاتناش باشقارمىسىغا سۇنسا، قاتناش باشقارمىسى شېڭ شىسەيگە يوللاپ بېرەتتى. ئەمما تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ كەسپىي مەلۇمات جەدۋىلى، شىنجاڭ سىملىق، سىمسىز تېلېگراف لىنىيىلىرىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى ۋە ھۆكۈمەت ئارخىپلىرىدىن بۇ تېلېگراف لىنىيىسىنى تاپقىلى بولمايتتى.

1942 ـ يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت گېرمانىيە ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى خاتا مۆلچەرلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىپ

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»كە ئاسىيلىق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى يولغا مېڭىپ، ئۆزىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئاتتى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئۇرۇمچىگە يىغىپ نەزەربەنت قىلغاندىن كېيىن، يەنە «مېھمانغا چاقىرىش» نامى بىلەن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى نەزەربەنت قىلدى. 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى مەجبۇرىي تاقىۋېتىلدى. ئۇرۇمچى ـ يەنئەن ئارىلىقىدىكى سىمسىز تېلېگراف لىنىيىسىمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۈزۈلۈپ قالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايوندىكى ئۆلكە مەركىزىگە جايلاشقان تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ يەنئەن بىلەن مەخسۇس لىنىيىلىك تېلېگراف ئالاقىسىنى ئاز كەم تۆت يىل يولغا قويۇشى مەملىكەتنىڭ باشقا يېرىدە بولۇپ باقمىغان. بۇ لىنىيە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپكە دائىر سىياسەت ـ فاڭجېنلارنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە رول ئوينىغانىدى. 1939 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئىلغار تەشكىلات «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» ئىئانە قىلىنغان پۇلدىن 2 مىليون 525 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، «شىنجاڭ» ماركىلىق كۈرەشچى ئايروپىلاندىن ئوننى سېتىۋېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىپ بەردى. دېڭ فا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ئىئانە قىلىنغان پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان قىممەتلىك دورا بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ يەنئەنگە يەتكۈزۈپ بەردى. 1941 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گومىنداڭ جاھىل ئۇنسۇرلىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەل-

لەرنى زىلزىلىگە سالغان «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» نى پەيدا قىلدى. 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە ۋەكىلى چېن تەنچيۇنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە شېڭ شىسەي ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا گومىنداڭ جاھىل ئۇنسۇرلىرىنى كۆچلۈك ئەيىبلەيدىغان تېلېگراممىا ئەۋەتتى. «شىنجاڭ گېزىتى» «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» نىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلايدىغان خەۋەر ۋە باش ماقالىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ جاھىللار گۇرۇھىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا پۈتۈنلەي ئېچىپ تاشلىدى.

تېلېگراف ئالاقىسى ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ يەنئەن بىلەن موسكۋا ئارىلىقىدىكى بېرىش ـ كېلىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. 1940 ـ يىلى 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ باش تارماق ئەترىتىدىكى 390 دىن ئارتۇق ئادەم ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئۈرۈمچىدىن يەنئەنگە قايتتى. كومپارتىيە ئەزالىرىدىن فېڭ شۈەن، زېڭ سەن، دېموكراتىك زاتلاردىن جاڭ جۇڭشى، شېن يەنبىڭ قاتارلىق 20 كىشىنىڭ ئۈرۈمچىدىن يەنئەنگە قايتىپ بارالىشى كۆپ قېتىملىق مەخپىي تېلېگراف ئالاقىسىنىڭ نەتىجىسى. ئۇلار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەرقايسى ئەسكىرىي تۈرلىرىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. خەلقئارادىن جۇڭگوغا ياردەم قىلىنغان زور تۈركۈمدىكى ھەربىي لاۋازىمەتلەرمۇ تېلېگراف ئالاقىسى داۋامىدا ئالدىنقى سەپكە ئۈزلۈكسىز توشۇلۇپ تۇردى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا كومپارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغاچقا، بۇ تېلېگراف لىنىيىسىدە خىزمەت قىلغان

يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئاددىي، مۇنەۋۋەر تېلېگراف ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كوم ـ مۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان مۇشۇ بىر مەھەللىلىك ئائىلىدە كەچۈرمىشىدىن ئىپتىخارلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا رادىست بولغان، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ شىنجاڭنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف تارىخ ـ تەزكىرە ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىۋاتقان ساڭ شىليەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەس ـ لەپ مۇنداق دەيدۇ: «ۋاقىتنىڭ سۈدەك ئۆتۈشى بىلەن، ھەش ـ پەش دېگۈچە يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ كەتتى. تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاش ـ قان زامانىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى ئالدىدا، جاپالىق يىللاردىكى كەچۈرمىشلەر قىممەتلىك تارىخىي خاتىرىگە ئايلىنىپ قالدى».

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇرېھىم ياقۇپ**

# 1954 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايىتىدە يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانى

كاڭ جۇاڭ

تەخمىنەن 1954 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قاراقاش ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن شۇمىن (تەشكىلات بۆ-لۈمىنىڭ باشلىقى خۇ چىشياڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن) ۋىلايەتلىك پارتكومغا كېلىپ: ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇر قازىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، قاراقاش ناھىيىسىدى-كى ئىشانلار كاتتىبېشى ھېمىت داموللا يېقىندا يېزىدا ئى-شانلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىدىن پايدىلى-نىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ خەلق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇ-رۇپ، «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» قۇرۇشنى تەرغىپ قى-لىۋېتىپتۇ، شۇنىڭدەك ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەر-لەرگە قارشى تۇرۇش جەريانىدا باستۇرۇلغان زومىگەر پومې-چىك مەھەممەت ئېلىخان خوجا ئۈچۈن قىساس ئېلىشنى ئوت-تۇرىغا قويۇپتۇ، مۇرىتلارنى ھېمىت داموللىغا ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم بېرىشكە مەجبۇرلاپ-تۇ، دېدى. قاراقاش ناھىيىسى سوپىلار كۆپرەك ناھىيە ئىدى، مەن شۇ چاغدا قاراقاش ناھىيىسىگە بېرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلغان يولداشلار بىلەن بىرلىكتە تەھلىل ـ تەتقىق قىلدۇق: بىرىنچى، نۇر قازى ئازادلىقتىن كېيىن ئىزچىل تۇردە پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرۇپ كەلگەن ئىلغار دىنىي دې-موكراتىك زات، ئۇ دوكلات قىلغان ئەھۋاللار ئىشەنچلىك. ئىككىنچى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم قاراقاش ناھىيىسىدە ئى-

جاره ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچقان. بۇ ناھىيىنىڭ يارىبېشى يېزىسى سىناق نۇقتىسى قىلىنغان چاغدا، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ فېئودال قورۇق ئىگىسى زومىگەر پومېشچىك مەھەممەت ئېلىخان خوجا (بۇ چاغدا بۇ پومېشچىك ئاللىقاچان ئۆلگەندى) نىڭ قورۇقى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش ئېلىپ بېرىلىپ، 120 ئائىلىلىك يانچى ئازاد قىلىنىپ، ئۇلارغا يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشۇ يېزىدىكى يەنە بىر قەبىھ زومىگەر پومېشچىك ئەخمەتخان خوجا (ئۆز ئالدىغا سوراقخانا قۇرۇپ، 14 دېھقاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن) قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىپ، ئوچۇق سوت قىلىنىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. بۇ، خوتەن ۋىلايىتىدە ناھايىتى زور زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى. ئۇچىنچى، كەڭ دېھقانلارغا ئىشىنىش. ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىسىمۇ، لېكىن خوتەن ۋىلايىتىدە سوپى ئەقىدىلىرىنىڭ دېھقانلار ئىچىدە مەلۇم تەسىرى بولغانلىقتىن، ئۇلار قايمۇقتۇرۇلۇشى مۇمكىن. «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم بېرىش خېلىلا سۈرلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، قىسمەن ئاممىلار قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كېتىشى مۇمكىن. تۆتىنچى، خوتەن ۋىلايىتىدە باندىت ـ ئىشپىيونلارنى تازىلاش، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، خەلق ئارىسىدا تىقىپ قويۇلغان قورال يوقلۇقى ئېنىقلانغان. لېكىن تاياق ـ توخماق بىلەن ئەلەم كۆرىشى قىلىش تارىخى بار، شۇڭا توپىلاڭ جەريانىدا يەنىلا تاياق ـ توخماق بىلەن ئەلەم كۆرشى قىلىش ئېھتىمالى مەۋجۇت.

بىز ئەھۋاللارنى يۇقىرىدىكىدەك تەھلىل قىلىش ئاساسىدا مۇنداق فاڭجېن بەلگىلەپ چىقتۇق:

1. نۇر قازى قاتارلىق ئىلغار دىنىي زاتلار ۋە مىللىي كادىرلار ئارىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى، ئاكتىپلار ئارقىلىق تەھ-

قىقلەشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئەھۋالنى ئىگىلەش.

2. قاتتىق ھوشيار بولۇش، لېكىن ئالاقزادە بولۇپ كەتمەسلىك. بۇنىڭدىكى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز مۇنداق بولدى: ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك قىسمى بىر يەرگە يىغىلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇش، قىسمىدىن ئايرىلىپ كەتمەسلىك، قوغداشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كادىرلىرى بىلەن ناھىيىلىك پارتكوم ئەزالىرىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا يىغىش. ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار بىردەك دەم ئالماسلىق، شۇنداقلا ئادەم تەشكىللەپ ئورگانلارنى قوغداش. بولۇپمۇ بانكا، سودا، تەمىنات ـ سودا، ئاشلىق تارماقلىرى قاتارلىق مالىيە ـ سودا تارماقلىرى قوراللىق قوغداش كۈچلىرىنى كۈچەيتىش. نۇر قازىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا مەخپىي كۆچۈرۈپ كېلىش. «غالىبىيەت» دېھقانچىلىق مەيدانى (سابىق 5 ـ شى 15 ـ تۇەن قىسمى) غا قوراللىق قىسىم تەشكىللەپ، قاتتىق ئېھتىيات قىلىش، جەڭچىلەرنىڭ سىرتقا چىقىشىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىش. ناھىيە بازىرىدا چارلاشنى، ھوشيارلىقنى كۈچەيتىش، خوتەن، قاراقاش ناھىيىلىرىنىڭ بازىرىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش.

3. توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى توپىلاڭچى كاتتىباشلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىنداڭ ۋە پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىرىلدۈرۈپ، كەڭ نامرات دېھقانلارنى داۋاملىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلماقچى بولغان ماھىيىتىنى تولۇق پاش قىلىش، نامرات دېھقانلارنى ئالدام خالتىغا چۈشمەي، خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھامكارلىشىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىباشلىرىنى تۇتۇشقا چاقىرىش، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى ھۆكۈمەت

مۇكاپاتلاش.

4. قايمۇقتۇرۇلغان ئاممىغا قورال ئىشلەتمەسلىك.

5. تۇرمە ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن قاتتىق هوشيار بولۇش ۋە مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، جامائەت خەۋپسىز-لىكى چوڭ ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى فېن جىنشىڭنى ۋىلايەتلىك كادىرلار كۆرسىدىن دەرهال ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىش مەيدانىغا قايتۇرۇپ، مۇداپىئە خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلدۇ-رۇش.

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يەنە ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەزاسى ئابدۇلهەمىت لېتىپ (ۋالى)، پىڭ شىچىڭ (جا-مائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) ۋە خوتەن شۆبە هەربىي رايونى ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شىۋي XX، قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لەن تىگرۇي (شۇ چاغدا شۆبە هەربىي رايوننىڭ قوماندانى خۇاڭ چىڭ سىرتقا خىزمەتكە چىد-قىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىگەنىدى) لەرنى چاقىرىپ كېلىپ يىغىن ئېچىپ، يۇقىرىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ ئىلگىد-رىلىگەن هالدا مۇزاكىرە قىلدۇق. يۇقىرىدىكى فاڭجېن ۋە ئو-رۇنلاشتۇرۇشتىن باشقا، يەنە 39 ـ تۈەننىڭ خوتەن شەهەر ئىد-چىنى قوغداشتا ئاساسىي كۈچ بولۇش ۋەزىپىسىنى ۋە خوتەن شەهىرىنى چارلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ خوتەن شەهد-رىنى قوغدىشى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك چوڭ ئەترد-تىنىڭ ۋالىي مەهكىمىسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى، بانكا قاتارلىق ئورۇنلارنى قوغدىشى، شۆبە هەربىي رايون مۇهاپىزەتچىلەر لىيەنىنىڭ باش زاپاس ئەتد-رەت بولۇشى، ۋىلايەتلىك تەپتىش مەهكىمىسىنىڭ باشلىقى نۇ-رىيىفنىڭ 39 ـ تۈەندىن بىر قىسىم كادىر ئاجرىتىپ، ئاتلىق قورallىق تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، قاراقاش، خوتەن قا-تارلىق جايلارنىڭ يېزىلىرىدا سەييارە يۈرۈپ، هىمىت قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى

پاش قىلىشى، ئاممىنى ئالدام خالتىغا چۈشمەي، ئىشلەپچىقى-رىش، تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولۇشقا، ئەكسىيەتچىل ئالاقە باغلاش ھەرىكەتلىرى سېزىلگەن ھامان ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىك ئورگى-نىغا دوكلات قىلىشقا چاقىرىشى قارار قىلىندى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇنداق قارار قىلىندى: ۋىلايەتلىك پارتكوم تەربىيىلەش ئەترىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا قورال تارقىتىپ بې-رىش، ۋىلايەتلىك پارتكوم مەخپىي ئالاقىلىشىش بەنمۇ تەشكىل-لىنىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شۇي فازېڭنىڭ مەسئۇللۇقىدا ۋىلايەتلىك پارتكومنى قوغداش ۋەزى-پىسىنى ئۈستىگە ئېلىش، ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئوتتۇرا ئەترەتلىرى ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىدا ناھىيە بازىرىنى قوغداش، توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش ھەمدە گوما ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چۇ يىڭنى بىر قىسىم جەڭچىلەرنى باشلاپ، ھىندىستانغا ئۆتىدىغان چېگرا مۇداپىئە يوللىرىنى قامال قىلىپ، توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار-نىڭ سىرتقا قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەۋەتىش. يىغىندىن كېيىن يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار دەرھال تېلېگراممىا ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ۋە ج ك پ مەر-كىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىغا دوكلات قىلىندى.

12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كەچتە، ئالدى بىلەن، توپىلاڭ-چىلارنىڭ بازاردىن 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ خىش زاۋۇتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىل-غانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئىشنىڭ جەر-يانى مۇنداق بولغان: شۇ كۈنى كېچە سائەت 12 لەردە 100 دىن ئارتۇق توپىلاڭچى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى خىش زاۋۇتىنىڭ قورۇسىنى قورشىۋالغان ۋە قورۇ ئىچىگە بېسىپ كىرگەن، قاراۋۇللىرىمىز ئالاقىلىشىش بەلگىسىنى سورىغاندا،

قارشى تەرەپ جاۋاب بېرەلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن قاراۋۇللىرى-
مىز دەرھال ئوق چىقىرىپ، ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن، توپىلاڭ-
چىلار ئېتىلىپ كىرگەن، ئۇلاردىن بەش ـ ئالتە كىشى يېتەك-
چى فېن چىنشىڭنىڭ ياتىقىغا باستۇرۇپ كىرگەن. فېن چىن-
شىڭ ھاراق ئىچىۋالغانلىقتىن ئورنىدىن دەرھال تۇرالماي قال-
غان ۋە توپىلاڭچىلار ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن
قۇربان بولغان. باشقا جەڭچىلەر ئالدىراپ ـ تېنەپ جەڭگە
ئاتلانغان، بەنجاڭ ۋاڭ جەنكۇي ياتاقتىن ئېتىلىپ چىقىپ، تو-
پىلاڭچىلارغا ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلاردىن بىرنى يېقىتقاندىن كې-
يىن توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن بېشىغا توخماق تېگىپ قۇربان
بولغان. توپىلاڭچىلار ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋالغان، جەڭچى-
لەر ئوق ياغدۇرۇپ، توپىلاڭچىلارنىڭ ئىككى ئادىمىنى ئېتىپ
تاشلىغان، توپىلاڭچىلار ياتاققا بېسىپ كىرگەن، ئىككى تەرەپ
ئېلىشقان، دۈشمەن كۆپ، جەڭچىلىرىمىز ئاز بولغانلىقتىن،
يەتتە نەپەر جەڭچىمىز توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈ-
رۈلگەن. خىش زاۋۇتىدىن تەخمىنەن تۆت چاقىرىم يىراقلىقتى-
كى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ شتابى مىلتىق
ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەترەت باشلىقى كاڭ شىنۋاڭ
دەرھال ئەترەتنى باشلاپ، بىر يېنىك پىلىموت، ئون نەچچە تال
مىلتىق ئېلىپ ياردەمگە ماڭغان. خىش مەيدانىغا بىر چاقىرىم-
چە قالغاندا، مىلتىق ئاۋازى ئاڭلانمىغانلىقتىن، نەق مەيدانى
تەكشۈرمەيلا، ئەترەتنى باشلاپ قايتىپ كەتكەن (ۋەقەدىن كېيىن
كاڭ شىنۋاڭ مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاش-
لىنىپ بىر تەرەپ قىلىندى).

توپىلاڭچىلار مۇھاپىزەتچى جەڭچىلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەندىن
كېيىن، «ئىسلام ھۆكۈمىتى»نىڭ ھەربىي ئىشلار مىنىستىرى
بەدىردىن بۇلاپ كېلىنگەن قوراللارنى باشقا توپىلاڭچىلارغا تار-
قىتىپ بەرگەن ھەمدە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىنىڭ
ئىشىكىنى چېقىپ ئېچىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان

جىنايەتچىلەرنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە توپىلاڭ قوزغاشقا مەج-بۇرلىغان، بىر جىنايەتچى ئامالسىز قالغان ئەھۋالدا مىلتىقنى ئالىدۇ، يولدا ئۇ توپىلاڭچى ئۇنسۇرلارنىڭ كاتتىبېشىنىڭ يىد-غىنغا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىغا قېچىپ بېرىپ، قورالنى تاپشۇرۇپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ.

مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈلگەن يەنە بىر جىنايەتچى خۇكۇي (گومىنداڭنىڭ شاڭشياۋ دەرىجىلىك باشلىقى بولۇپ، 20 يىل-لىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان) شۇ چاغدا خىش مەيدانىدا ماشىنا ھەيدەيتتى، ئۇ توپىلاڭچىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ماشىنىنى سىلىجۇاڭ كەنتىگە ھەيدەپ كەلگەندىن كېيىن، تو-پىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشى ھىمىت داموللا قاتارلىق يەتتە كىشى بىر ھويلىغا يىغىن ئاچقىلى چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدى-لىنىپ، ماشىنىنى خوتەن شەھىرىگە ھەيدەپ ج خ باشقارمىسى-غا كېلىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ. مەن باشقارما باشلىقى پېڭ شىچىڭ ۋە شۇ چاغدا بىز بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ج خ ئەترى-تىنىڭ باشلىقى لى ۋېنكۇي بىلەن بىللە ج خ ئەترىتىنىڭ باشلاپ، خۇكۇينىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ سىلىجۇاڭ كەنتىگە كېلىپ، توپىلاڭچىلار يىغىن ئېچىۋاتقان ھويلىنى قورشىۋال-دۇق، توپىلاڭچىلار ئىچىدە ھىمىت داموللا ئەھۋالنى بالدۇرراق سېزىپ قېلىپ قېچىپ كەتكەندىن باشقا (بۇ جىنايەتچى خوتەن-نىڭ 7 - رايونىدا گەمىگە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ 1956 - يىلى قولغا چۈشكەن)، قالغان ئالتىسى پۈتۈنلەي قولغا ئېلىندى. ئالتە مىلتىق ۋە قورچاق «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ تەشكىلىي نىزامنامىسى، قورچاق ھۆكۈمەت تەشكىلاتىنىڭ ئىسىملىكى، تامغىسى قاتارلىق ئىسپات ماتېرىياللىرى قولغا چۈشۈرۈلدى.

شۇ قېتىمقى توپىلاڭدا قاراقاش، لوپ، خوتەن قاتارلىق ئۈچ ناھىيىدىن تەخمىنەن 6000 دىن ئارتۇق دىندار پۇقرا ئالدانغان، قايمۇقتۇرۇلغان بولۇپ ئۇلار 12 - ئاينىڭ 31 - كۈ-

نى كەچتە تەرەپ ـ تەرەپتىن خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى سايغا يىغىلدى، بىز بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بىر تە ـ رەپتىن خوتەندە تۇرۇشلۇق 5 ـ كورپۇسنىڭ 39 ـ تۇەننى قاتـ تىق نازارەت قىلىشقا تەشكىللىدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن ئامم ـ نىڭ بۇزۇق ئادەملەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىل ـ دۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خوتەن شەھەر ئىچىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن چارلاش قىسىملىرىنى ئەۋەت ـ تۇق، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇراخ ـ مان هاجى قاتارلىق ئالتە نەپەر مۇھىم ئۇنسۇر قولغا ئېلىنغان ھەم توپىلاڭچىلارنىڭ ھۆججەتلىرى قولغا چۈشۈرۈلگەندىن كېـ يىن، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستىنى دەرھال ئاشكارا ئېـ چىپ تاشلىدۇق. 1955 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا خوتەندىكى خەلق باغچىسى مەيدانىدا، كاڭ جۇاڭ ئاما ۋە ئىدارە ـ ئورگان ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ھىمىت داموللا قاتارلىق يەتتە كىشى باشچىلىـ قىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ جىنايەتلىرىنى ۋە ماتېرىيال ـ لىرىنى ئاشكارا پاش قىلىپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى خەلق ئاممىسىـ نى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىسىنى تو ـ نۇشقا، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىككە چاقىردى، قايمۇقتۇرۇلغان ئاممىنى قولىدىكى كالتەك ـ توقماقلارنى تاشلاپ، ئۆزلىرىنى توپىلاڭ چىقىرىشقا قۇتراتقان ئۇنسۇرلارنى قوغلاپ تۇتۇپ، خوتەن ج خ باشقارمىسىغا ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدۇق، بىر كۈن ئىچىدىلا سوپىلارنىڭ يېزىلاردىكى كىچىك كاتتىباشلىرىدىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم تۇتۇپ كېلىـ نىپ تەكشۈرۈلدى ۋە تىزىمغا ئېلىندى. ئىككى كۈن ئايرىم ـ ئايرىم ئېنىقلاش ئارقىلىق، توپىلاڭچىلارنىڭ ئالتە نەپەر ئەڭ مۇھىم تاپانچىلىرىدىن باشقا، قالغانلىرى قويۇپ بېرىلىپ ئۆيـ

لىرىگە قايتۇرۇلدى، ئۇلاردىن خاتىرجەم ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، پىتنە ـ ئىغۋالارغا ئىشەنمەسلىك، ئالدام خالتىـ غا چۈشمەسلىك تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئەكسىلئىنقىلا ـ بىي توپىلاڭ تىنچىتىلدى. سوراق قىلىش ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىـ تى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ۋە ج ك پ جەنۇبىي شىنـ جاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ كاتتىبېـ شى، قورچاق «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ رەئىسى ھىمىت دامولىنى داۋاملىق ئىزدەپ تۇتۇشنى، قورچاق «ئىسلام جۇمھۇـ رىيىتى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇراخمان ھاجى، قورچاق «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ھەربىي ئىشلار مىنىستىرى بەدىرـ دىنگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى، قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ قالغان «دىپلوماتىيە»، «مالىيە»، «خەلق ئىشلىرى» قاتارلىق مىنىسـ تىرلىكلىرىنىڭ مىنىستىرلىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىشنى تەستىقلىدى. ئاساسلىق تايانچ ئۇنسۇرلاردىن بەش كىشىگە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى، جىنايىتى يەڭگىللىرىگە تەربىيە بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلار ئاممىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇلدى.

بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقەدىن بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، بىز پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى، دىنىي سىياسىتىنى ھەمدە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلساقلا، ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارغان تەقدىردىمۇ، كەڭ ئامما پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى چوقۇم چەكلەيدۇ. بۇرۇن جازا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر پارتىيىـ نىڭ سىياسىي تەربىيىسى ئارقىلىق تەسىرلەنگەندىن كېيىن، ئۆزگىرىپ قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان بولىدۇ. بۇ

قىتىمقى توپىلاڭدا خوتەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىدىكى جىنايەتچىلەردىن بىرەرسىمۇ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا قاتناشمىدى، توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدا تېخى بەزىلىرى تۆھپە كۆرسىتىپ جىنايىتىنى يۇدى. خوتەندىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىش ئارقىلىق، ئامما چوڭقۇر تەربىيىلىنىپ، ئىنقىلاب ۋە ئەكسىلئىنقىلابتىن ئىبارەت ھەق ـ ناھەقنىڭ چېگراسىنى ئايرىۋالدى. بۇ ئارقىلىق پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ، ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيدى.

# «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى»دىن پارچە

س.گ.كلياشتورنىي (رۇسىيە)

## 1. تۈركىي تىللارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى تىللارنىڭ تۈركلىشىشى

ھۇنلار مەركىزىي ئاسىيادىكى توخرىلار ۋە باشقا ساك قەبىلىلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا سۈرۈپ، چوڭ بىر «ئىمپېرىيە» تەشكىللىگەنىدى. مانا شۇ ھۇنلارنىڭ ئەسلىي تىلى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى. ئەمما ھۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە ئىپتىدائىي تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى[①]. قەدىمكى تۈرك ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە سىلجىپ كىرىشى بەك بالدۇر باشلانغان. ئىنسانشۇناسلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 10 ـ ئەسىردىكى ئارال دېڭىزى يېنىدىكى ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى ساك قەبىلىلىرى ئىچىدە موڭغۇل ئىرقىغا خاس بەلگىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. دەل مۇشۇ «ئالتاي» قەبىلىلىرى فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈش جەھەتتە موڭغۇل ئىرقىغا خاس قەبىلىلەر ئىدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا «ئالتاي» قەبىلىلىرى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ قەبىلىلەر ئىدى. شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمال تەرەپلىرىدىكى ئوتلاقلار ئىران، ئۇگۇر (ئۇرال بويىدىكى قەبىلىلەر) ۋە «ئالتاي» قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرى ۋە مەدەنىيىتى دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئورۇن ئىدى. لېكىن مىلادىيىنىڭ باشلىرىدا ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە

① شۇنىمۇ نەزەردە تۇتۇش كېرەككى، ھۇن ئىمپېرىيىسى تەركىبىگە كىرگەن كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى تىل جەھەتتە ئومۇمىيلىققا ئىگە ئەمەس ئىدى.

كۆچۈشى تۈپەيلىدىن مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتلاق بەلباغلىرىدا چوڭ تۈركىي تىل ئومۇمىيلىقى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە ۋولگا بويى ۋە غەربىي قازاقىستاندا «ئۇگۇر» قەبىلىلىرى دەپ ئاتىلىدىغان خەلقلەر توپلىنىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭراقى بۇلغار قەبىلىلىرى ئىدى. بۇلغارلار ئەڭ ئىپتىدائىي تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچىلەر ئىدى. يازما يادىكارلىقلاردا ساقلىنىپ قالغان بۇلغار تىلىنىڭ ئايرىم سۆزلىرى ۋە گرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشى ۋولگا ۋە دوناي بۇلغارلىرىنىڭ تىللىرىنى (دوناي بۇلغارلىرى سلاۋىيانلىشىپ كەتكەنگە قەدەر) ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. ئارال دېڭىزى ۋە ۋولگا بويىدىكى بۇلغارلارنىڭ تىللىرى بۈگۈنكى چۇۋاش تىلىنىڭ قەدىمكىسى ئىدى. بۇ تىلنىڭ ئامىللىرى بۈگۈنكى ۋولگا بويىدىكى تاتارلار، گاگاۋۇزلار، قۇمۇقلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر تىلىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

2 ـ، 5 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا شەرقىي قازاقىستان ۋە جۇڭغارىيىدە ھۇنلار قۇرغان خېلىلا چوڭ بىر دۆلەت بار ئىدى. چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى مەزكۇر دۆلەتنى «يۆبەن 悦般» دەپ ئاتايدۇ. بۇ دۆلەت ئاھالىسىنىڭ تىلى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان گاۋجۇ (قاڭقىل) قەبىلىسىنىڭ تىلىغا يېقىن بولغاچقا ئۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

غەربىي يۇرتقا قوشنا يايلاقلاردىكى تىللار 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يەنى تۈرك خانلىقى تەشكىللىنىپ تۈركىي قەبىلىلەر مۇشۇ يەرلەرگە كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغاندىن كېيىن جىددىي ئۆزگىرىشكە باشلىدى. 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي ۋە ۋولگا دەرياسى بويىدا قەدىمكى تۈركىي تىلنىڭ بىرنەچچە گۇرۇپپىسى شەكىللەندى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

1) بۇلغار ـــ خازار تىل گۇرۇپپىسى.
2) غەربىي تۈرك (ئوغۇز) تىل گۇرۇپپىسى.
3) قارلۇق تىل گۇرۇپپىسى.

ئەلۋەتتە، مۇشۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئېتنىك گۇرۇپپىلار بەك ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. مۇشۇ گۇرۇپپىلارغا كىرگەن قەبىلىلەر دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، بۇ تىللار ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىپ باشقا قەبىلە دىئالېكتلىرى بىلەن ئارد-لىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداق ئارىلىشىشلار نەتىجىسىدە غەربىي تۈرك ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى ئىچىدە «ي» تاۋۇشىنى «ج» تاۋۇ-شىغا ئۆزگەرتىپ سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر بارلىققا كەلدى[1].

10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئىككىنچى يېرىمى ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى تاغ ۋە ئوتلاقلاردا ياشىغۇچى ئاھالىلەر-نىڭ تۈركلىشىش دەۋرى بولدى. غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسد-يانى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن تېررىتورىيىدە قەدىمكى تۈركىي تىل ۋە ئۇنىڭ دىئالېكتلىرىنىڭ تارقىلىشىغا شەرقتىكى تۈر-كىي قەبىلىلەرنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىشى ۋە مۇشۇ يەرلەردە يا-شىغۇچى ھىندى ـ ياۋروپا تىلىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۈر-كىي تىللىق قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىشى سەۋەب بولدى.

2. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر خانلىقى

مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبد-لىلەر ئىتتىپاقى — ئۇيغۇرلاردۇر. ئادەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كې-يىنكى ھۇنلار تەشكىللىگەن ھاكىمىيەتلەر بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىلىدۇ. 3 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار قاڭقىل قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخد-رى 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى ئافۇجد-لو ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تارىم ئويمانلىقىدا روورانلار بىلەن ھا-كىمىيەت تالىشىپ ئوڭۇشلۇق كۈرەشلەر ئېلىپ بارغان.

[1] ئەرمەن مەنبەلىرىدە غەربىي تۈرك يابغۇقاغانىنىڭ 627 ـ يىلى كاۋكاز ئار-قىغا قىلغان ھۇجۇمى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇلار يابغۇنى «جابغۇ» دەپ يازغان. ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدىمۇ 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردىكى يەتتىسۇ (ئالتاي) ۋە توخارىستان (بەدەخشان) قارلۇقلىرى خانى بەزىدە يابغۇ، بەزىدە «جابغۇ» دەپ ئې-لىنغان. بۇ قارلۇق ۋە ئوغۇز قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن قەبىلىلەر دىئالېك-تىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

5 ـ ئەسىردىكى جۇڭگو مەنبەلىرىدە يەنە بىر يېڭى قەبى-
لىلەر ئىتتىپاقى ـ تېلې (تىگرىك)لارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنى-
دۇ. ئۇيغۇرلار مۇشۇ تېلې قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى تەركىبىگىمۇ
كىرىدۇ. تېلې قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى غەربكە، غەربىي ـ
جەنۇبىي ياۋروپا، شىمالىي كافكاز ئوتلاقلىرىغا كۆچۈپ كېتى-
دۇ. لېكىن ئاساسىي قىسمى يەنىلا مەركىزىي ئاسىيادا قالىدۇ.
تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن تېلې قەبىلىلىرى تۈرك
خانلىقى تەركىبىگە كىرىدۇ. 600 ـ يىلدىن تاكى 630 ـ يىلى
تۈرك خانلىقى ھالاك بولغانغا قەدەر تېلېلار تۈرك خانلىقىغا
قارشى ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

605 ـ يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ خانى چۈرىن تېلېلارنىڭ
بىرنەچچە يۈز باشلىقىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. مۇشۇ ۋەقەدىن
كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر باشلىقى تېلې قەبىلىلىرىنىڭ خېلى
بىر قىسمىنى شىمالىي موڭغۇلىيىگە كۆچۈرۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇ
يەردە تېلېلارنىڭ «توققۇز قەبىلە» دەپ ئاتالغان ئايرىم بىر گۇ-
رۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ①.

جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، توققۇز ئوغۇزلار
603 ـ يىلدىن باشلاپ ئۆز ئالدىغا ئايرىم سىياسىي ۋە ھەربىي
كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. 7 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىل-
لىرىدىن باشلاپ توققۇز ئوغۇزلار ئىتتىپاقىدىكى رەھبەرلىك
ئۇزۇل ـ كېسىل ئۇيغۇرلار قولىغا يەنى ياغلاقار قەبىلىسى
باشچىلىقىدىكى ئون ئۇيغۇرلار قولىغا ئۆتىدۇ.

توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلىقى ئىلتەبىر تۇمىد
647 ـ يىللار ئەتراپىدا شىمالىي موڭغۇلىيىدىكى تۇغلا دەرياسى
بويىدا ئۆز دۆلىتىنى تەشكىللەيدۇ. جۇڭگو سالنامىلىرىدە: «تۇ-
مىد شۇنداق قىلىپ ئۆز مەيلىچە ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلى-
دى، ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بېكىتتى. بۇلارنىڭ ھەممى-

① بۇلار ئورخۇن ئابىدىلىرىدە «توققۇز ئوغۇز» نامى بىلەن، مۇسۇلمان مەنبەلى-
رىدە بولسا «توققۇزغۇز» نامى بىلەن مەشھۇر.

سى تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولدى» دەپ كۆرسىتىدۇ. تاڭ سۇلالىسى يېڭى تەشكىل قىلىنغان بۇ خانلىقنى ئېتىراپ قىلـ. مىدى. 660 ـ 663 ـ يىللار ئارىلىقىدا تاڭ سۇلالىسى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ غەلىبە قازىنالمىدى، ئاخىر بۇ ماجىرا تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل بولدى.

7 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى توققۇز ئوغۇزلار شەرقىي تۈركلەر بىلەن بولغان كۆرەشتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بىر قىسمى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىنى خالىماي ئېـ. جىنغول دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا كۆچۈپ كەتتى ھەم گەنجۇ ۋە لەنجۇلاردىكى تاڭ مەمۇرلىرىغا ئىتائەت قىلدى. ئۇيـ. غۇرلارنىڭ مانا مۇشۇ گۇرۇپپىسى 843 ـ يىلدىن كېيىن گەنـ. جۇدا تەشكىل بولغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولۇپ قالدى. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى 727 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىغۋاسى بىلەن موڭـ. غۇلىيىگە قايتىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانلىرى مانا مۇشۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققانىدى.

744 ـ، 745 ـ يىللاردا ئۇيغۇر، باسمىل ۋە قارلۇق قەـ. بىلىلىرىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى تارمار قىلىدۇ. 746 ـ، 747 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئىتتىپاقداشلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇب قىلىپ، باسمىللارنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرىدۇ. قارـ. لۇقلارنىڭ كۆپچىلىكى يەتتىسۇ ۋە جۇڭغارىيىگە كۆچۈپ كېتىدـ. دۇ. كېيىن (766 ـ يىللىرى) قارلۇقلار غەربىي تۈركلەر ئىدـ. چىدە باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىغا 747 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى تەشكىل قىدـ. لىنىدۇ. ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (747 ـ 759 ـ يىللار) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇنجى قاغانى بولىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئورـ. نىغا ئوغلى تەڭرى ئەل تۇتمىش ئالىپ ئىنىگى بىلگە قاغان (757 ـ 779 ـ يىللار) تەختكە ئولتۇرىدۇ. كۆپلىگەن تارىخىي

مەنبەلەردە مەزكۇر قاغان بۆگۈ قاغان دەپ يېزىلىدۇ[①].

يۇقىرىقى ئىككى قاغان دەۋرىدە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەر مەركىزىي ئاسىيا ۋەزىيىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. 755 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىر ھەربىي قوماندانى ئەن لۇشەن تاڭ ئىمپېراتورى شۈەن زۇڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئەن لۇشەن تۈرك ـ سوغدىلارنىڭ بىر مەشھۇر ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنى تاڭ ئىمپېرىيىسى تەركىبىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان ئاتلىق قوشۇن ئىدى. ئەن لۇشەن قوشۇنى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى قەدەممۇ قەدەم مەغلۇب قىلدى. ئىمپېراتور شۈەن زۇڭ جەنۇب تەرەپكە قېچىپ كەتتى. لوياڭ ۋە چاڭئەندىن ئىبارەت ئىككى پايتەخت قولدىن كەتتى. مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، تاڭ ئوردىسى ئۇيغۇر خانلىقىغا مۇراجىئەت قىلىپ ياردەم سورىدى. ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئوغلى ئەل تۇتمىشنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق قوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ياردەمگە كەلگەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئەن لۇشەن قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇب قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەل تۇتمىش ئۇيغۇر خانلىقىغا قايتىپ كېتىدۇ ۋە قىرغىزلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا (758 ـ يىلى) قاتنىشىدۇ. تاڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىپ ئەل تۇتمىش ئەسكەرلىرىنى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. لېكىن تاڭ سۇلالىسى دائىرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. 757 ـ يىلى ئەن لۇشەن قەستكە ئۇچراپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا تەجرىبىلىك قوماندان شى سىمىڭ چىقىدۇ. 761 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ شى سىمىڭنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى شى چاۋيى چىقىدۇ. جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمى ھەربىي ھەرد-

① ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشىگە دائىر ۋەقەلەر رۇنىك يېزىقىدىكى ئىككى ئابىدىدە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىككى ئابىدىنىڭ بىرى تېرخىن ئابىدىسى، يەنە بىرى موغۇن شىنە ئۇسۇ ئابىدىسى بولۇپ، ھەر ئىككى ئابىدە 760 ـ يىللاردا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان نامىغا ئورنىتىلغان.

كەتلەر تۈپەيلىدىن پۈتۈنلەي خارابلىشىدۇ. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپلا تۇرىدۇ. ئىسيان كۆتۈرگۈچىلەرمۇ ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كىرگۈزۈش ئىقتىداردىن ئايرىلدۇ. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە سىرتنىڭ ھەر قانداق ھەربىي ياردىمى مەسىلىنى ھەل قىلىشتا زۆرۈر ئىدى.

تاڭ ئوردىسى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئىككىنچى قېتىم مۇراجىئەت قىلدى. بۇ چاغدا ئەل تۈتمىش بىلگە قاغان (بۆگۈ قاغان) تەختتە ئىدى. ئۇ 14 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ سوقۇش بولۇۋاتقان رايونلارغا يېتىپ كەلدى. 762 ـ يىلى ئىسيان بېسىقتۇرۇلدى. 763 ـ يىلى شى چاۋيى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. «ئەن لۇشەن تەرجىمىھالى»نىڭ ئاپتورى: «ئىككى سوغدى (ئەن لۇشەن، شى چاۋيى) پۈتۈن جۇڭگونى ۋەيران قىلدى. قوزغىلاڭ باشلىنىپ سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا مەملىكەتتە تىنچلىق ئورنىدى»[①] دەپ يازىدۇ.

ئەن لۇشەن، شى چاۋيى قوزغىلىڭى تاڭ سۇلالىسى ھالاكىتىنىڭ باشلىنىشى بولدى. تاڭ ئوردىسى شۇ ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن ۋەيرانچىلىقتىن ئۆزىنى ئوڭشاپ ئەسلىگە كېلەلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر خانلىقى ئىسيانچى ئارمىيىنى يوقىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر قاغانى تاڭ ئوردىسىنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرى ۋە ئۇرۇش غەنىمەتلىرى بىلەن بىللە تۆت نەپەر سوغدى مانى دىنى تارقاتقۇچىنىمۇ ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى پايتەختكە بىللە ئېلىپ كەلدى. قاغان مانى دىنىنى لوياڭ شەھىرىدە قوبۇل قىلغان ئىدى. مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇر خانلىقىغا قارىغاندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. ئۇيغۇر مانىخەيلىرى غەربىي

---

① ر. روتۇس (R. Rotous) «ئەن لۇشەننىڭ تەرجىمىھالى» 1962 ـ يىل پارىژ نەشرى، 352 ـ بەت.

⑥ تۇرپاندىن تېپىلغان تۈركچە مانى يادىكارلىقىدا بۆگۈ قاغان «ئۇلۇغ قاغان»، «ئۇيغۇرلارنىڭ دانىشمەن قاغانى»، «مانى دىنىنى چۈشەندۈرگۈچى» دېگەنناملار بىلەن تەرىپلەنگەن.

يۇرت ۋادىلىرىدا ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى ياراتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ تۈرك ۋە سوغدى تىللىرىدىكى يېزىق ئەنئەنە-سىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مانى دىنىنى تار-قاتقان ئادەم بۆگۈ قاغان دېگەن يازما خاتىرىلەر بار. ئۇيغۇرلار 763 ـ يىلدىن باشلاپ تاكى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مەر-كىزىي ئاسىيا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەل قىلغۇچ سىياسىي كۈچ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى رىقابەتچىسى پەقەت تىبەتلىكلەرلا ئىدى.

679 ـ يىلدىن كېيىن لەنجۇ ۋە گەنجۇ رايونلىرىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتتىكى يىپەك يولى بويىدىكى بوس-تانلىق شەھەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، بۇ مۇناسىۋەت بارغانسېرى قويۇقلاشتى ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلدى. مانا مۇشۇ ئەھۋال كېيىنكى دەۋرلەردە غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر دۆلىتى-نىڭ قۇرۇلۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە ئاساسلىق تۇغدۇردى. 744 ـ يىلى ئۆتۈكەن تېغىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن ئۇيغۇرلار ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىگە كېلىپ ئورناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىق-لىرىمۇ يەنە ياغلاقار قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئۇيغۇرلار ئىدى. تۇر-پاندىكى تۈرك (توققۇز ئوغۇزلار)لەر 727 ـ يىلى موڭغۇلىيىگە قايتا كۆچۈپ بېرىپ 744 ـ يىلدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان خانلارنىڭ نامىلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى①.

3. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆ-كۈمرانلىقى

بۆگۈ قاغان ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان يىللاردا (757 ـ 779) شەرقىي تەڭرىتاغدىكى رايونلار ئوچۇقتىن ئوچۇق ئۇي-

---

① قوچودىن تېپىلغان تېكىستلەرنىڭ بىرىدە «كۆل بىلگە ئىلىگنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ يۇرت سورىغان كىشى بۆگۈ قاغاندۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن، سېلىنگىدىكى ئابىدىدە خانلىققا ئاساس سالغۇچى كىشى «كۆل بىلگە قاغاندۇر» دېيىلگەن. بۇ ئىككى مەلۇماتنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇشى تاسادىپىي بولمىسا كېرەك. بۆگۈ قاغاننىڭ ئوغلى ئېل ئۆگەسى تۇزلۇك بەگ بوۋىسى ئورناتقان خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي بەلكى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى شەھەرلەر بىلەن ئور-ناتقان ئالاھىدە مۇناسىۋەتلەرگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان.

غۇرلارنىڭ دائىرىسىدە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يەردە خەنزۇلارنىڭ ياشىشىغا، ۋادىلاردىكى دۆلەتلەر ۋە كۆچمەنلەرنىڭمۇ ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا يول قويۇلغانىدى. سىياسىي جەھەتتىكى بۇ يېڭى ئۇسۇلنىڭ دەرىجىسىنى پەقەت تۇرپاندىن تېپىلغان تۈركچە مانى ۋە بۇددىزم مەزمۇنىدىكى تېكىستلەرلا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. قوچودىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان ياغاچقا يېزىلغان ئىككى تېكىستنىڭ بىرىسىدە كۆرسىتىلىشىچە «بىزنىڭ تەڭرى بۆگۈ تەڭرىكەن» يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆگۈ قاغانى يۇرت سوراشقا باشلىغانىنىڭ ئىككىنچى يىلى «قوچو شەھىرىنىڭ بېگى (Qocho baliq b āgi)» ئالپ ئۆگە دېگەن ئادەم بولغان ئىكەن. ئۇ ئادەم بۆگۈ قاغانىنى ئۆزىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى دەپ ھېسابلىغان. مۇشۇ تېكىست مەزمۇنىغا قارىغاندا بۆگۈ قاغاننىڭ ئىككىنچى يىلى 760 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۆگۈ قاغاننىڭ ئەمەل ناملىرى تېخىمۇ تولۇق يېزىلغان ئىككىنچى بىر تېكىستتە 767 ـ، 768 ـ يىللاردىمۇ ئالپ تۇتۇق ئۆگەنىڭ يەنىلا قوچونىڭ بېگى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

مانى دىنى مەزمۇنىدىكى تۈركىيچە تېكىستتە (TM 301 نومۇرلۇق) كۆرسىتىلىشىچە قوچونىڭ سىرتىدىكى يەرلەر يەنى يايلاقلارنى «ئەل تۇتمىش ئۇلۇغ بىلگە تەڭرى [قاغان] » يەنى بۆگۈ قاغان ئىدارە قىلغان. بۆگۈ قاغاننىڭ «ئەتىۋارلىق ئوغلى» ئىبىل ئۆگەسى تۇزلۇك بەگ «قوچو شەھىرىنىڭ بېگى» بولغان ئىكەن. ھازىر تۇيۇقتىكى بىر ئىبادەتخانا تېمىغا يېزىلغان بۇددىزم مەزمۇنىدىكى بېغىشلىما ئېلان قىلىندى. مەزكۇر تېكىستنى يازغۇچى ۋە يازدۇرغۇچىلار ئۆز ھىمايىچىلىرىنى «بىزنىڭ ئىلاھ بۆگۈ تەڭرىكەندۇر»، «قوچو بالىق بەگى تۇزلۇك بەگدۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر بېغىشلىما 767 ـ 780 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۆگۈ قاغانى تەختكە ئولتۇرغان يىلدىن باشلاپ يەنى مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن

بۇرۇن، پايتەختى گەرچە ئورخۇن دەرياسى بويىدا بولسىمۇ، تۇر-پان ئويمانلىقىدىكى مانى ۋە بۇددا دىنىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھىمايىچىسىگە ئايلانغان. ياغاچتىكى بىر تېكىستقا قارىغاندا، قاغاننىڭ ھاكىمىيىتى «شەرقتە ساجۇ (دۇنخۇاڭ) دىن باشلاپ، غەرب تەرەپتە نوچ بارسغانغىچە يەتكەن». قارىغاندا بۇ يەردىكى گەپ، بۆگۈ قاغاننىڭ دۇنخۇاڭ، تارىم ئويمانلىقى ۋە يەتتىسۇنىڭ (ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ) بىر قىسمىدىكى مانى، بۇددا دىنىدىكى تۈركىي خەلقلەر ئۈستىدىكى ھامىيلىقى ئۈس-تىدە كېتىۋاتسا كېرەك. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 767 - يىلدىن كېيىن بۆگۈ قاغاننىڭ ئوغلى قوچوغا بەگ بولدى.

كېيىنكى ۋەقەلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى بۆگۈ قاغاندىن بۇرۇن، بولۇپمۇ بۆگۈ قاغان تەختكە چىققاندىن باشلاپ كۇچا، قاراشەھەر، بەشبالىق ۋە شۇنىڭدەك شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدى-كى ئاساسىي تۈركىي قەبىلە — باسمىللار ۋە قارلۇقلارنىڭ بىر قىسمىغىمۇ يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئىسپاتلىماقتا. تېرخىن مەڭگۇ تېشىدا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (747 - 759 - يىللاردا) پۇقرالىرى ئىچىدە ياغما قەبىلىسىدى-نىڭمۇ بارلىقى سۆزلىنىدۇ. ياغما قەبىلىسى قارلۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك قەبىلە ئىدى.

8 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن شەرقىي تەڭرىتاغدىكى ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناچارلىشىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال «كونا تاڭنامە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بەشبالىق ۋە ئەنشى (كۇچا)دىكىلەر ئور-دىغا ئەۋەتىلىدىغان نەرسىلەرنى ئۇيغۇر خانلىقى ئارقىلىق ئۆتىد-دىغان يوللار بىلەن ئەۋەتەتتى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارغا بويسۇنات-تى. ياۋايىلار ئاچكۆز ۋە زالىم ئىدى، تەلەپلىرىنىڭ چېكى يوق ئىدى. بەشبالىق ۋارۋارلاردىن يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇلار زور-لۇق بىلەن خەلقنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلىرىد-نى ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى تارتىۋالاتتى. خەلقنىڭ قولىدا جان ساقلىغۇدەك ھېچ نەرسە قالمىدى. بۇنىڭدىن باشقا

6000 تۈتۈن شاتو بەشبالىق بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى. ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارغا ئىتائەت قىلاتتى. ئۇيغۇرلار ئۇلارنى خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى. خەلق مانا مۇشۇ ئىشلارغا نارازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى»[1].

شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا تۆۋەندىكىچە ئىدى: قارا بالغاسۇن يادىكارلىقلىرىغا قارىغاندا « [قارا خەلق] ھىلىگەر، قارا نىيەت، يارامسىز دۈشمەنلەر بىلەن بىرلىشىپ، تۆلەشكە تېگىشلىك ئولپانلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تۆلىمەيدىغان بولدى». يەنە شۇ چاغلاردا تىبەتلەر لوپنور بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى ئىگىلىۋالدى. 787 ـ يىلى دۇنخۇاڭنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تىبەتلەر بىلەن يۈزمۇيۈز دوقۇرۇشۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلار پايتەختىدە يۈز بەرگەن مانى دىنىدىكىلەرگە قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش تارىم ۋادىسىدىكى شەھەرلەردە كۆپ نارازىلىق پەيدا قىلدى. 779 ـ يىلى بۆگۈ قاغان ئۆز ئوردىسىدا يۈز بەرگەن ئىسيانىنىڭ قۇربانى بولدى. بۇ ئىسيانىنى تەسىرى چوڭ ئەمەلدار، قاغانىنىڭ شىرەم تۇغقىنى تۇن باغا تارقان باشلامچىلىق قىلىپ قوزغىدى[2].

تۇن باغا تارقاننى تاڭ ئوردىسىمۇ يۆلەپ كەلدى. ئوردىدىكى ئۆزگىرىشتە ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە بۆگۈ قاغاندىن باشقا، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى، يېقىن مەسلىھەتچىلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان سوغدى، قاغان ئەتراپىدىكى مانى تەلىماتىنى ئۆگەنگۈچى ۋە تەشۋىق قىلغۇچى ئادەملەرمۇ بار ئىدى. ۋەقە تاماملانغاندىن كېيىن مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى «ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان» (780 ـ 789 ـ يىللاردا) دەپ ئېلان قىلىندى. شۇنداق قىلىپ خانلىق تەختىگە ياغلاقارلارنىڭ يان تارمىقى چىقتى، يېڭى قا ـ

---

① ئا.گ. مالياۋكىن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 138 ـ بەت.

② تېرخىن ئابىدىسىدە «ئىچكى بۇيرۇقلارنىڭ باشلىقى ئىنانچۇ باغا تارقان» دەپ يېزىلغان (ۋاسلىيېف: «قوشۇ سايدام ۋە قارابالغاسۇندىن تېپىلغان ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى خەنزۇچە تېكىستلەر» 1897 ـ يىل پېتربۇرگ نەشرى، 25 ـ بەت).

غاننىڭ ۋارىسلىرى كۆلۈگ بىلگە قاغان (789 ـ 790) ۋە قۇتـ
لۇق بىلگە قاغان (790 ـ 795) لار بولدى. بۇلار دادىلىرىنىڭ
سىياسەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. بۆگۈ قاغاننىڭ تارىم ۋادىسىدا
پۇت دەسسەپ تۇرالىشىغا ئاساس بولغان ئىتتىپاق ۋە بېقىندىـ
لىق مۇناسىۋەت توختامىنىڭ پرىنسىپلىرى بۇزۇلدى. يېڭى قاـ
غانلار سودا ـ تىجارەتتىن كىرگەن پايدىلارغا قارىغاندا، تەڭرىـ
تاغ باغرىدىكى سوغدى ۋە تۈرك ئاھالىلىرىدىن بىۋاسىتە باج ـ
سېلىق يىغىش يولى بىلەن ئۇلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنى
ئەۋزەل كۆردى. بۇ شەھەرلەردە مانى دىنىنىڭ ئورنى خېلىلا
چوڭ ئىدى. سوغدى ۋە تۈركلەرنىڭ مانى دىنى تەشكىلاتلىرى
يەتتەسۇدىن ئىچكى جۇڭگوغىچە بارىدىغان يول ئۈستىدىكى
سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى ئاساسىي باشقۇرغۇچىلار ئىدى. بۇ
تىجارەت يولىنىڭ ئوردۇبالىق ئارقىلىق ئۆتىدىغان قىسمى ئالپ
قۇتلۇق تەرىپىدىن توختىتىپ قويۇلغان ئىدى. بۇنداق قىلىشـ
نىڭ نەتىجىسى تېزلا ئۆزىنى كۆرسەتتى. «كونا تاڭنامە» دە تۆـ
ۋەندىكى مەلۇماتلار بېرىلگەن: «قارلۇقلار ۋە ئاق كىيىملىك
تۈركلەر (يەنى مانى دىنىدىكىلەر) ئۇيغۇرلار بىلەن ئوبدان ئۆتۈپ
كەلگەن ئىدى. لېكىن ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىـ
شىغا نارازى ئىدى. تىبەتلەر قىممەتلىك سوۋغا ـ سالاملار
بىلەن ئۇلارنى سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قارلۇقلار ۋە مانى دىـ
نىدىكى تۈركلەر تىبەتلەرگە ئەگىشىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن
تىبەتلەر قارلۇقلار ۋە ئاق كىيىملىك تۈركلەرگە باشلامچىلىق
قىلىپ ئالدىنقى يىلى (788 ـ 789 ـ يىللاردا) بەشبالىققا
ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرى ئىل ئۆگەسى ياردەم
بېرىش مەقسىتىدە ئەسكەر باشلاپ كەلدى. لېكىن بىرنەچچە
قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. تىبەتلەر بەشبالىقنى قاتتىق
قورشىۋالدى. بەشبالىق ئاھالىسى ئۇيغۇرلاردىن بىزار بولغان
ئىدى. شۇڭلاشقا شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدىلا (790 ـ يىل) پۈتۈن
شەھەر تىبەتلەرگە تەسلىم بولدى. شاتو (دالا تۈركلىرى) قەبىـ

لىلىرىمۇ تەسلىم بولدى»[1] ئۇيغۇرلار ئۆز ئىتتىپاقچىسى بولغان تاڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن شىمال تەرەپكە چېكىندى. 791 ـ يىلى ئۇيغۇرلار يېڭىدىن 50 ـ 60 مىڭ ئەسكەر باشلاپ، ۋەزىيەتنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق تەرەپكە بۇرىماقچى بولغان بولسىمۇ بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تىبەتلەرنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان قارلۇقلار موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ستۇپا دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاقلىرىنى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار غەرب تەرەپتىكى ئاخىرقى بازا تۇرپان ئويمانلىقىنى تاشلاپ چىقتى.

ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەت، قارلۇقلار ئوتتۇرىسىدا بولغان قاتتىق ئۇرۇش خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. ئەمما ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئۇيغۇرلار 791 ـ يىلى كۈزدە بەشبالىق يېنىدا غەلىبە قازانغانلىقى توغرىسىدا تاڭ ئوردىسىغا مەلۇم قىلدى. ئەمما بۇ ۋەقەنىڭ ئېنىقلىقى توغرىسىدا زىت مەلۇماتلارمۇ بار. 795 ـ يىلى ئادىز قەبىلىسى ئوردا بالىقتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. قاغان ئالپ قۇتلۇق (795 ـ 805 ـ يىللار) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى قاغانلارنىڭ سىياستىنى ئۆزگەرتتى. 795 ـ يىلى «يورۇقلۇق دىنى» (مانى دىنى) تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مانى مۇخلىسلىرى خانلىق پايتەختىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرىدىغان ئورۇنلىرىغا ئايلاندۇردى. قارابالغاسۇندىن تېپىلغان ئابىدىلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇر قاغانى يەنسەي قىرغىزلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ بەشبالىق ۋە كۇچالاردىكى ھاكىمىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. تىبەت ۋە قارلۇقلار تولۇق تارمار قىلىنغان. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى پەرغانىگىچە يېتىپ بارغان.

ئۇيغۇر خانلىقى 840 ـ يىلى قاتتىق ئىچكى نىزاھ ۋە قىرغىزلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىشلىرى نەتىجىسىدە ھالاك بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ (توققۇز ئوغۇزلارنىڭ) ئون

---

① ئا. گ. مالياۋكىن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 138 ـ، 139 ـ بەتلەر.

بەش قەبىلىسى ياغلاقار پانتېكىن رەھبەرلىكىدە ئۆز يەرلىرىنى يەنسەي قىرغىزلىرىغا تاشلاپ بېرىپ، شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىغا يېتىپ كەلدى. شەرقىي تەڭرىتاغ رايونى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەسلىدىكى چەت رايونلىرى ئىدى (پانتېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن «مەڭلىك» ئۇنۋانىدا يۇرگەن). «مەڭلىك» قاغان ئالىي ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش مەقسىتىدە كۇچا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. قارىغاندا پانتېكىنىنىڭ ئومۇمىي رەھبەرلىكى ئۇزۇن ئۆتمەيلا قولدىن كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر كۇچلۇك گۇرۇپپىسى بەشبالىققا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۆكۇچىن مانا مۇشۇ گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئىدى. بۆكۇچىن 866 ـ يىلى «تۇرپاننى ئالدى ۋە ئۇ يەردىكى بارلىق قەبىلىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى»[1]. بۆكۇچىن تىبەتلەرنى تارمار كەلتۇردى ۋە پۇتۇن شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى قوچو ئۇيغۇر دۆلىتى تىكلەندى. بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى دەسلەپ كۇچادا، كېيىن بەشبالىقتا، ئاخىرىدا قوچودا بولدى.

قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرى توغرىسىدا تارىخىي مەنبەلەردە يېتەرلىك ماتېرىيال يوق. پەقەت قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىست پارچىلىرىلا تارىخىي ۋە جۇغراپىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە[2].

غەربىي يۇرت ئۇيغۇرىيىسى توغرىسىدىكى ئەڭ بالدۇرقى مەلۇماتلار «ھۇدۇدۇل ئالەم» ۋە گەردىزىنىڭ ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ (توغۇزغۇزلارنىڭ) شۇ چاغدىكى قوشنىلىرى شەرقتە چىن، جەنۇب ۋە

① ئا.گ.مالياۋكىن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 138 ـ، 139 ـ بەتلەر.

② «توققۇز ئوغۇز دۆلىتى» گە دائىر بايانلار 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت بولۇپ، بۇ مەلۇماتلار گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» ناملىق ئەسىرى، ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ۋە پارسلارنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەسىرى «ھۇدۇدۇل ئالەم» (982 ـ يىلى يېزىلغان)نىڭ «توققۇز ئوغۇز يەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى توغرىسىدا بايان» دېگەن بابىدا ئۇچرايدۇ.

غەربىي جەنۇب تەرەپتە تىبەت، قارلۇقلار، شىمالدا قىرغىز ۋە قىماقلار بولغان ئىكەن. «خاننىڭ يازلىق ئوردىسى» پەنجىكەنت (بەشبالىق) دېيىلگەن، «ھۇدۇدۇل ئالەم»دە كۆرسىتىلىشىچە، توغۇزغۇز مەملىكىتىنىڭ زېمىنى باشقا تۈركلەر يەرلىرىگە قارىغاندا ھەممىدىن كەڭ، ئاھالىسى كۆپ بولۇپ، ئاساسەن كۆچمەنلەر بولغان، كۆچمەنلەرنىڭ بايلىقى «قوي، كالا، يىلقىلار» دىن ئىبارەت بولۇپ، ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرىمۇ خېلى رول ئوينىغان، مەنبەدە ئىككى شەھەر، چوڭ بەش يېزا كۆرسىتىلگەن.

گەردىزىنىڭ كۆرسىتىشىچە، توغۇزغۇزلار خانىنىڭ باش ئوردىسى «ئارگ» شەھىرى يەنى قاراشەھەر ئىدى. پەنجىكەنت مەملىكەتنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. بەشبالىق بېگى بىلەن قاغان ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق جەڭلەر نەتىجىسىدە ھاكىمىيەت بېشىغا خانلىقنىڭ بەشبالىق تارمىقى چىققان. ئومۇمەن مەملىكەتنىڭ دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغان ئەل ئىكەنلىكى، ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى، شەھەر، كەنتلەرنىڭ كۆپلۈكى تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئەمما، توغۇزغۇزلارنىڭ ئۆزلىرى، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ «ئاددىي خەلق» دەپ ئاتالغان قىسمى «چېدىرلاردا ياشىغۇچى چارۋىچىلار» دىن ئىبارەت ئىدى. جەرىمانە ئېلىشقا توغرا كېلىپ قالغاندا «يېڭى كىگىز بىلەن قاپلانغان چېدىر» ئېلىناتتى. قاغان ئۆزى پاكارراق ياسالغان ۋە جۇڭگو تاۋار — دۇردۇنلىرى بىلەن قاپلانغان، كىگىزلەر سېلىنغان سارايدا تۇراتتى. ئەمما قاغاننىڭ كىيىملىرى خەلق ئىشلىتىدىغان يىپەك ۋە پاختا رەختلەردىن تىكىلەتتى، يۇڭ رەخ ۋە كىگىزلەردىن تىكىلمەيتتى. موڭغۇلىيىدىن كەلگەن قەبىلىلەرنىڭ ئولتۇراق ھاياتقا ئۆتۈشى ئىلگىرى — كېيىن بولغان.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى 10، 20 يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ دىنلىرىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. قاغان، ئەمەلدارلار ۋە قاغان ئەتراپىدىكى نۇرغۇنلىغان ئادەم مانى دىنى-

غا ئىشىنەتتى. مەسىلەن: قوچو بېگىنىڭ سارىيى ئالدىدا «ھەر-
كۈنى مانى دىنى ئېتىقاتچىلىرىدىن 300 ـ 400 ئادەم توپلى-
نىپ، مانى دىنى ئەسەرلىرىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇيتتى».
ئەينى ۋاقىتتا شەھەر ۋە ۋىلايەت دائىرىسىدە خرىستىئان، زورو
ئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغۇ-
چىلارمۇ بار ئىدى ۋە ئۇلارمۇ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ باراتتى.
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قوچودا يۈرگۈزۈلىۋاتقان ئىدارە
قىلىش سىستېمىسى تامامەن ئوخشاش ئىدى. بۇ يەردىكى «ئىد-
دىقۇت» ئالىي ھۆكۈمران بولۇپ، ئالىي سوت ۋە باش قوماندان-
لىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ھەربىي يۈرۈشلەردە ئىدىقۇت يې-
نىدا ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر تۈمەن كىشىلىك
قوشۇن بولاتتى[①]. ئىدىقۇتنىڭ ئوبرازى ئىلاھلاشتۇرۇلغان بولسا
كېرەك. چۈنكى ئىدىقۇت خەلققە ئاز كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ئەترا-
پىدا دائىم ئوبدان تاللانغان، چىرايلىق كىيىنگەن قوغدىغۇ-
چىلار بولاتتى، كىيىملىرى تاۋار ـ دۇردۇنلاردىن تىكىلگەن بو-
لۇپ، بېلىدە ئالتۇن كەمەر، بېشىدا ئالتۇندىن ياسالغان مەخ-
سۇس باش كىيىملىرى بولاتتى، خەلق ئىدىقۇت چىققاندا تىز-
لىنىپ ئولتۇراتتى ۋە ئىدىقۇت مىنگەن ئات ئالدىدىمۇ تىزلىن-
رىنى پۈكەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگىنى
«توققۇز ۋەزىر» نىڭ كېڭىشى ئىدى. بۇ مەلۇماتلار ئەڭ قەدىمكى
تارىخىي مەنبەلەردە سۆزلىنىدۇ. «تاڭ نامە» دە ئۇيغۇر قاغانلى-
رىنىڭ «ئالتە تاشقى ۋەزىرى ۋە ئۈچ ئىچكى ۋەزىرى» بولغانلى-
قى بايان قىلىنىدۇ. بۇ بەلگىلىمىنىڭ تېخىمۇ ئېنىقراق تەس-
ۋىرىنى تېرخىن مەڭگۈ تېشىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يادىكار-
لىققا قارىغاندا قاغان ئەتراپىدا توققۇز «ئۇلۇغ بۇيرۇق» مەنسەپ-
لىرى بولغان. بۇلار «ئىچكى» ۋە «تاشقى» ۋەزىرلەر دەپ بۆلۈن-
گەن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا «باشلىقلىرى»

① تېرخىن مەڭگۈ تېشىدا ئۇلار «تۇرغاق» دەپ ئاتالغان. س. گ. كلياشتورنىي: «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان، 82 ـ 85 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

بولغان. بۇيرۇقلار (ۋەزىرلەر) ئەينى ۋاقىتتا قاغان ئەسكەرلىرى-نىڭ قوماندانلىرى ھېسابلانغان. ئەمەلىيەتتە ھاكىمىيەت مۇشۇ «توققۇز ئۇلۇغ بۇيرۇق»نىڭ بىر سىنىپنىڭ قولىغا تولۇق ئۆتۈپ قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. 780 ـ ۋە 795 ـ يىللاردا مۇشۇ بۇيرۇقلار قاغاننى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلىغان ۋە ئۆزلىرى ھا-كىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان. 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردە ياغلاقار خانلىرىنىڭ نوپۇزى بەك كۈچلۈك بولغان. قاغاننىڭ ئورنىنى تارتىۋالغان ئادەم باشقا قەبىلىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئۇ ھاكى-مىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن شۇ كونا ھۆكۈمران ئۇرۇق-نىڭ سۇلالە نامىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلغان.

بەزىبىر ئۇيغۇرچە مانى ۋە بۇددا تېكىستلىرىنىڭ پارچى-لىرىدىن شۇنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولىدىكى، قوچونىڭ ھۆ-كۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى «قاغان» ياكى «خان» دەپ ئاتاشنى توخ-تىتىپ قويغان (قارىغاندا ئۇيغۇرلار بۇ يەرلەرنى ئىگىلەپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك). ئۇلارنىڭ ئەمەلناملىرىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرگەندە تۆۋەن-دىكىچە بولغان: «ئارسلان بىلگە تەڭرى ئىلىگ ئىدىقۇت». «ئارسلان بىلگە تەڭرى ئىلىگ ئىدىقۇت». «ئارسلان» سۆزى كې-يىنچىرەك ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خان جەمەتى نامى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان، دەپ قارىلىدۇ. ياغلاقار دېگەن نام پەقەت گەن-جۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى نامىدا ئۇچرايدۇ. بۇ ناممۇ 1000 ـ يىللار ئەتراپىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ پادىشاھلىق ئۇنۋانى قىسقارتىلىپ «ئى-دىقۇت» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ۋە ئىدىقۇتنىڭ ئوبرازى تولۇق ئىلاھلاشتۇرۇلغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، موڭغۇللارغا بېقىنغاندىن كېيىنمۇ قارام ئەل سۈپى-تىدە ساقلىنىپ قالغان. تۇرپاننىڭ «ئىدىقۇت» ئۇنۋانىنى قوللانغان ئاخىرقى ھۆكۈمرانى تۇغلۇق تۆمۈر (1347 ـ 1353 ـ يىللار)دۇر.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 965 ـ

يىلى «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى» ئۆز ھۆكۈمرانىنى «قاغان» دەپ ئاتىغان ئىكەن. شۇ چاغدا سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتىلـ- گەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بىر بۇددا راھىبى بولۇپ، ئوردىغا سوۋغا قاتارىدا بۇددانىڭ بىر چىشىنى تەقدىم قىلغان. مانا بۇ قوچو دۆلىتىدە مانى دىنىنىڭ ئورنىنى بۇددا دىنىنىڭ ئىگىلىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مەلۇماتتۇر.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې قوچو دۆلىتىنى ناھايىتى باياشات، تەرەققىي قىلغان بىر ئەل قاتارىدا تەسۋىر- لەيدۇ. ئۇنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ئىدىقۇت خانلىقىدىكى كەم- بەغەللەرمۇ ھەر كۈنى گۆش يەيدىكەن، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ يىلقى تۇپىنىڭ سانىنى بىلمەيدىكەن، ئىگىلىكتە سۇنئىي ئۇسۇل بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان دېھقانچىلىق ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن، مېتال تاۋلاش ۋە باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغانىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ زاپاس ھەربىي كۈچلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار يوق. ئەمما ئۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ ئات مىنىش، ئوۋ - ئوۋلاش ۋە ئوقيا ئېتىشتا ماھىرلىقى مەلۇم. دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بەكمۇ تەرتىپلىك بولۇپ، دۆلەت نامىدىن يۈرگۈزۈلگەن ئالاقە ۋە دۆلەت نامىغا كەلگەن خەت - چەك، ئالاقىلەر مەخسۇس ياسالغان دۆلەتلىك ئارخىپ بىناسىدا ساقلىنىدىكەن. خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ۋە خان پايى- تەختتە بولمىغان چاغلاردا خان نامىدا ئىش باشقۇرغۇچى ئادەم خاننىڭ تاغىسى بولۇپ «باش ۋەزىر» (ئاغا ئۆگە)لىك ۋەزىپىسى- نى ئۆتەيدىكەن. ماتېرىياللاردا يەنە بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقى، مانى دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقى ۋە مانى دىنىنىڭ پەقەت پارس راھىبلىرىغىلا خاس بولۇپ قال- غانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن[1].

ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخى توغرىسىدىكى مە- لۇماتلار ۋاڭ يەندې كۆرسەتكەن ئەھۋاللار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

---

[1] ئا.گ. مالياۋكىن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 88 -، 89 - بەتلەر.

ئەمما ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى ئۈزلۈك-سىز تەرەققىي قىلىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ تەرەققىيات تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغارىيىدىكى شەھەر دۆ-لەتلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى.

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **ئۇيغۇر سايرانى**

## ئاتالمىش «تۈركىستان» ھەققىدە

### ۋاڭ جىلەي

### 1

تۈرك دېگەن بۇ نام جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇم-كىن. بىراق، بۇ نامنىڭ بىر ئىرق ياكى بىر مىللەت نامى بولۇپ شەكىللىنىشى كېيىنكى ئىش. تۈركلەرنىڭ بىر ئىرق ياكى بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىگە زادى قانداق ئامىلنىڭ سەۋەب بولغانلىقى مۇنازىرە ۋە تەتقىق قىلىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسى-لە، قانداشلىق نەزەرىيىسى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر ئىرق ياكى بىر مىللەتنىڭ ساپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەبىلە، ئۇلۇس، ئىرق ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىڭىشىش — قارشى تۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان ھادىسە. ئىقتىسادىي ئامىلنى ئېلىپ ئېيتساق، بىر مىللەت چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ مۇم-كىن، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ مۇمكىن، كاپىتالىس-تىك ئىگىلىك باسقۇچىغا كىرىپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مىللەتلەر شەكىل-لەنمىگەن دېيىش ئەقىلغا سىغمايدۇ. تىلنى مىللەت ياكى ئىرق ئايرىشنىڭ ئامىلى دەپ ھېسابلاشتىمۇ بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. بۇ ھەقتە ستالىنمۇ توختىلىپ ئۆتكەن. مەدەنىيەت ئېڭى ۋە پىسخىكىسى بولسا دەۋرنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرغان، مەسىلەن: ئوخشاش بىر ئۇيغۇر مىللىتى بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئوخشىمىغان مەز-گىللەردە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئاڭ فورماتسىيىسىمۇ

ئوخشاش بولمىغان. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئامىللار ئىچىدە پەقەت تىل ۋە قان سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئامىل بىر قەدەر مۇقىمدەك تۇرىدۇ. ئەگەر بۇنى ئاساسىي ئامىل دەپ ھېسابلىساق تۈرك سىستېمىسىدىكى ئۇلۇس ياكى مىللەتلەرنى تۈركىي ئۇلۇس ياكى مىللەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. مەسىلەن: تۈركلەردىن سەل بۇرۇن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا مەيدانغا كەلگەن قاڭقىلار، تېلېلارنى كۆپچىلىك تۈرك ئۇلۇسلىرى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ جەھەتتە مەسىلە يوق، ئەلۋەتتە چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ھۇنلارمۇ ئىلىم ساھەسىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن تۈركلەرگە مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ، تۈركلەر بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ياشىغان كۆپلىگەن ئۇلۇسلار مەسىلەن: سىرتاردۇش، ئۇيغۇر، قىرغىز، قارلۇق، تۈركەش قاتارلىقلارغا تېخىمۇ قىل سىغمايدۇ.

تۈركلەر 6 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتىكىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، شۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كۈچىيىشكە باشلاپ ھازىرقى شەنشىنىڭ شەرقىي قىسمىغا بېسىپ كىرگەن. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى يۈۋېنچىن بىلەن تۈركلەر ئۆزى مىللىي قەھرىمانىمىز دەپ ئاتايدىغان بۇمىن قاغان ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشكەن. 6 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە تۈركلەر تەرەققىي قىلىپ «شەرقتە لياۋ خەينىڭ غەربىدىن غەربتە بالقاش كۆلىگىچە 10 مىڭ چاقىرىم، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن، شىمالىي دېڭىزغىچە 5000 ـ 6000 چاقىرىم كېلىدىغان تېررىتورىيىگە ئىگە چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. مەيلى سۇي سۇلالىسىنىڭ ياكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بولسۇن، تۈركلەر جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بىر كۈچ ئىدى. ئەمما، تاڭ تەيزۇڭ ۋە تاڭ گاۋزۇڭ (7 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە) دەۋرىدە شەرقىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈركلەر ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ تاڭ

سۆلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، تالىڭ سۆلالىسىنىڭ پۇقرالىرىدىن بولۇپ قالدى. كېيىنچە تۈركلەر تارىخىي ماتېرىياللاردا ئانچە تىلغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالدى.

سۇڭ سۆلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە پەقەت ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدىلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا جەنۇبىي تۈركلەر، شىمالىي تۈركلەر، چوڭ چۇمۇل، كىچىك چۇمۇل، ياغما، قارلۇق، قىرغىز قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركلەرنىڭ ئىسمى ئانچە بەك تىلغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنداق بولسا تۈركلەر نەگە كەتتى؟ تۈركلەر نەدە؟

ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىن تېپىلغان جۇغراپىيىگە ئائىت پارسچە ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم» دە خاتىرىلىنىشىچە، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى كەڭ رايونلارغا نۇرغۇن ئۇلۇسلار تارقالغان بولۇپ، ئۇلار گەرچە تۈرك دەپ ئاتالمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇلۇسلارنىڭ بىرى ئوغۇزلار بولۇپ، ئۇلار شەرقتە ئېرتىش دەرياسىدىن غەربتە ۋولگا دەرياسى بويلىرىغىچە، جەنۇبتا كاسپىي دېڭىز بىلەن ماۋەرائۇننەھىر ئەتراپىدىكى زېمىنغا تارقالغانىكەن. قالغانلىرى قىماقلار، پەچەنەكلەر، قىپچاقلار، ماجارىيلار بولۇپ، ئۇلار رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلارغا تارقالغان. كېيىن ئوغۇزلار تەدرىجىي ھالدا غەربكە كۆچكەنلىكتىن قاسار، تۈركمەن، سالجۇق، ئوسمانىيلار قاتارلىق ناملار ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيالاردا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردە ئۆز ئەجدادىنىڭ نامىنى قەبىلە نامى قىلىپ قوللىنىدىغان بىر ئادەت بار ئىدى. شۇڭا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار قەبىلە نامىنىلا قوللىنىپ كەلدى. شۇڭا تۈرك دېگەن بۇ نام ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

## 2

ئەگەر بىز مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە مۇشۇنداق

قارايدىغان بولساق، تۈركىي مىللەتلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقال-
غانلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق تەت-
قىقاتىدا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، قاراقالپاق قاتارلىقلار-
دىن باشقا جۇڭگودا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار،
سالار، يۇغۇر (سېرىق ئۇيغۇر) لار، سىبىرىيىدە ياقۇت، ئالتاي،
خاكاسلار؛ ۋولگا دەرياسى بويىدا تاتار، باشقىرت، چۇۋاشلار؛ كاۋ-
كاز رايونىدا ئەزەر، قۇمىق، قاراچاي، بالقار، قارا پاپاق، ئەزەربەي-
جانلار؛ تۈركىيىدە تۈركلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا باشقا ئۇششاق
تۈركىي مىللەتلەر بار. دۇنيادىكى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان
مىللەتلەر ئاساسلىقى ئاسىيا قىتئەسىدە ئولتۇراقلاشقان دەپ قا-
رىلىدۇ.

تۈركلەر تارقالغان جايلارنىڭ يەر ناملىرى يەنىلا بۇرۇنقى
كونا ناملاردىن ئىبارەت. چۈنكى تۈركلەرنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى
6 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئىش بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى-
لەر ئەڭ بۇرۇنقى ئاھالە ھېسابلانمايتتى. شۇڭا ھازىر «تۈركىس-
تان» دېگەن ئىسمىنىلا ئىزاھلاپ ئۆتسەك كۇپايە. بۇ يەر نامىنى
«突厥斯坦» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇزۇن
ۋاقىتلاردىن بۇيان نېمە ئۈچۈندۇر كىشىلەر ئۇنى «土耳其斯坦»
دەپ يېزىپ كەلدى. مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى سەۋەب پانتۈركىزم ئى-
دىيىسىدىن بولسا كېرەك، چۈنكى پانتۈركىزمنىڭ مەركىزى
تۈركىيە. تۈركىيىلىكلەر تۈركىيە چېگراسىنىڭ سىرتىدىكى
دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان تۈركىي تىللىق
مىللەتلەرنى تاشقى تۈركلەر دەپ ئاتايدۇ. قەدىمكى تۈركلەرنىڭ
گۈللەنگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بۇرۇن نۇرغۇن كىتابلاردا تۈر-
كىي تىل تۈرك تىلى دەپ، تۈركىي مىللەتلەر تۈرك مىللىتى دەپ
يېزىلىپ كەلگەنىدى. بەزى تەرجىمە ئەسەرلىرىدىمۇ چەت ئەل تى-
لىدىكى تۈركىي مىللەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان TurKS دېگەن
خەت تۈرك دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كەتكەنىدى، بۇ تۈركىي مىل-
لەتلەر ۋە تۈركلەرنىڭ تارىخىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ

چىققان. بۇ پارسچە ئاتىلىپ قالغان يەر نامى بولۇپ، دەۋرنىڭ تە-
رەققىياتى ۋە تۈركلەرنىڭ كۆچۈپ يۈرۈشى تۈپەيلىدىن بۇ نام بى-
لەن ئاتىلىدىغان جايلار ئۆزگىرىپ تۇرغان، دەسلەپتە تۈركلەر
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئوتلاقلاردا ياشىغان بو-
لۇپ، ئۇ چاغلاردا ھازىرقى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى
ئوتتۇرىسىدىكى جايلار ئارىئانلارنىڭ يېرى بولغانىدى. شۇڭا بۇ
جايلارنى «تۈركىستان» دەپ ئاتاش ئەقىلگە سىغمايدۇ. تۈركلەرنىڭ
ماۋەرائۇننەھىرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋاقتى 6 - ئەسىردىن
كېيىن يەنى پارسلارنىڭ ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا
كېلىدۇ. ئەرەب تارىخچىسى تەبەرىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، قە-
دىمكى زاماندا ئارىئانلاردىن بولغان ئارىش ئىسىملىك بىر مەرگەن
پادىشاھ مەنۇچېھرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئوقيا ئاتقان بولۇپ، ئوق
نەگە چۈشسە شۇ يەر چېگرا قىلىپ بېكىتىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا
شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئايرىلغان تۈركىستان بىلەن پارس چېگرا-
سى ھازىرقى ئامۇ دەرياسى ئىدى. كېيىن ئەرەبلەر ساسانىيلار
سۇلالىسىنى يوقىتىپ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلىگەندىن كېيىن،
تۈركلەرنىڭ كۆچىنى تەدرىجىي ھالدا ماۋەرائۇننەھىردىن سىقىپ
چىقاردى. نەتىجىدە بۇ يەر ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى
بولۇپ قالدى. شۇڭا 9 ~ 11 - ئەسىرلەردىكى ئەرەب جۇغراپىد-
ئونلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان تۈركىستاننىڭ ئورنى
شىمال ۋە شەرق تەرەپلەرگە سۈرۈلۈپ كەتكەن. قىسقىسى، ئەڭ
دەسلەپكى مەزگىللەردىكى «تۈركىستان» نىڭ مەنىسى ئۆزگى-
رىشچان بولۇپ ھازىرقى بىلەن ئوخشىمايتتى.

## 3

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ئەمەلىيەتتە 10 - ئەسىردە
سامانىيلار خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن باشلانغان. ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى قاراخانىيلار خانلىقى، غەزنەۋىيلەر خانلىقى، سالجۇ-
قىيلار خانلىقى، خارەزىم خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ھەم-

مىسىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر قۇرغان. بۇ دەۋردە تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن قەبىلىلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ كۆچمەنلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ھەمدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن تويى قىلغان. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر تىل ـ مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت، تەن قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تەدرىجىي ھالدا تۈركلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەتكەن.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن بىرى بولغان ئۆزبېكلەر جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ماۋەرائۇننەھىر ۋە خۇراساندىكى تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنى يوقىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر قانچە ئۆزبېك خانلىقىنى قۇرغان، نەتىجىدە ئافغانىستاننىڭ شىمالى قىسمىدىمۇ نۇرغۇن ئۆزبېك ئاھالىسى پەيدا بولۇپ يېڭى بىر يەر نامى — ئافغانىستان تۈركىستانى دېگەن نام مەيدانغا چىقتى.

بۇ ۋاقىتتا تۈركلىشىش قەدىمى گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولسىمۇ، ئىرانلىقلار ۋە پارس تىلىنىڭ كەڭ تارقىلىشىنى يوققا چىقىرالمىغاندى. سىكرەيىن بىلەن رۇس بىرلىشىپ يازغان «ئاسىيانىڭ كىندىكى» ناملىق كىتابىتا بەزى كىشىلەرنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان سۆزلەر نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، تۇزلەڭلىك رايونلاردىكى ئىران ئىرقىدىكىلەر تاجىكلار، پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئىران ئىرقىدىكىلەر قۇلچاقلار دەپ ئاتالغانىدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى: 1) باكتىرىيە ۋە سوغدىيانىدىكى يەرلىك ئىران ئىرقىدىكىلەرنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. 2) خارەزىمدىن كۆچۈپ كەلگەن بۇخارالىق كۆچمەنلەر بولۇشى مۇمكىن. 3) تارىختا تۈركلەر ئېلىپ كەلگەن پارس قۇللار بىلەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ نىكاھلىنىشىدىن تۇغۇلغانلارنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىران ئىرقىدىكىلەر قەدىمدىن تارتىپلا سودىغا ما-

ھەر بولۇپ، رۇسلار ئۇلارنى بۇخارالىقلار دەپ ئاتىغان. ھەر يىلى ماۋەرا ئۇننەھر ياكى شىنجاڭنىڭ قەشقەر، قومۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلىرىدىن (رۇسلار ئۇلارنى كىچىك بۇخارالىقلار دەپ ئاتىغان) كەلگەن نۇرغۇن سودىگەرلەر (ئاتالمىش بۇخارالىقلار) تارا، ئومسكى ۋە غەربىي سىبىرىيىنىڭ باشقا جايلىرىغا بېرىپ رۇسلار بىلەن سودا سېتىق قىلغان. 1805 ـ يىلى رۇسىيە تىمكوۋسكىنى جۇڭگوغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «جۇڭگوغا ئەلچىلىككە بېرىشقا دائىر ئەھۋاللار» دېگەن كىتابنى يازغان، ئۇ بۇ كىتابىدا: «شەرقىي تۈركىستان دېگەن بۇ نام ياۋروپادا كىچىك بۇخارا دېگەن نام بىلەن داڭلىنىدۇ، ...بۇ جاي 1758 ـ يىلى چيەنلۇڭ خانغا بويسۇنۇپ شىنجاڭ دەپ ئاتالغان» دېگەن. ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇلارنىڭ كىچىك بۇخارا توغرىسىدىكى پىكىرلىرى سېلىشتۇرۇلغان، مېنىڭچە بۇ رايوننى «جۇڭگو تۈركىستانى» دەپ ئاتاش پۈتۈنلەي توغرا. تىمكوۋسكى ئۆز كىتابىدا يەنە 1757 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان چيەنلۇڭ خان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ دەپ ئاتالغان دەپ يازغان.

جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى (ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ) «جۇڭگو تۈركىستانى» دەپ ئاتالغاندىن باشقا يەنە غەرب ئالىملىرى تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان» دەپمۇ ئاتالغان. مەسىلەن: گېرمانىيىلىك جۇغراپىيىشۇناس رىت «شەرقىي تۈركىستان» ناملىق بىر كىتاب يازغان. شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى رايونلار «روسىيە تۈركىستانى» دەپ ئاتالغان. چارروسىيە زامانىدا يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۈچ تۈركىستان ئىچىدە پەقەت رۇسىيە تۈركىستانىلا مەمۇرىي تېررىتورىيىلىك مەنىگە ئىگە ئىدى. مەسىلەن: 1867 ـ يىلى روسىيە تاشكەنتنى مەركەز قىلغان تۈركىستان ۋىلايىتىنى قۇرغان. 1898 ـ يىلى يەنە تاشقى كاسپىي دېڭىز رايونى بولغان تۈركمەنىيەنى تۈركىستان ۋىلايىتىگە قوشۇۋەتكەن. بىراق رۇسىيە ئالىمى مۇشكېتوف تۈركىستان رايونىغا ئافغانىستان تۈركىستانىنىمۇ قوشۇۋېلىش غەرىزىدە بولغان. ئۇنىڭچە بولغاندا،

كەلگۈسىدە رۇسىيە چېگراسى ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە كېڭىيەر ـ مىش، ئۇنداقتا ھازىر قانداق بولدى؟ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پار ـ چىلىنىشىغا ئەگىشىپ رۇسىيە چېگراسى ئافغانىستانغىچە كې ـ ڭىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرقانچە مۇستەقىل دۆلەتلەر مەيدانغا كەلدى. قانداقمۇ ھەممىنى قوشۇپ «تۈركىستان» دەپ ئاتىغىلى بولسۇن؟ ئاتالمىش «شەرقىي تۈر ـ كىستان» غا كەلسەك، جۇڭگو ئۇنى ئەزەلدىن قوبۇل قىلغان ئە ـ مەس. ئۇنىڭ بىر مەمۇرىي بىرلىكنىڭ نامى بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە چارروسىيە دەۋرىدىكى مەمۇرىي تېررىتورىيە نامى بولغان «تۈركىستان» دېگەن بۇ نام سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىگە كەلگەندە بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. بىراق «تۈركىستان» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئورنىنى 1924 ـ يىلى مىللىي چېگرالارنى ئايرىش يولغا قويۇلغاندا مەيدانغا كەلگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا» ۋە «قازاقىستان» دېگەن چوڭ دائىرىنى بىلدۈ ـ رىدىغان ناملار ئىگىلىدى.

خوش، ئۇنداق بولسا 30 ـ يىللاردا بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەر «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆ ـ تۈرۈپ چىقتى؟ بۇنىڭدا ئويۇن بار، بىرىنچىدىن، ئۇلار مىللەت ۋە تېررىتورىيىدىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇۋالغان. ئىككىنچىدىن: بۇ نامنىڭ مەزمۇنىغا سىياسىي تۈس بەرگەن. مىللەت ۋە تېررىتورىيە ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، نۇرغۇن مىللەتلەر ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ـ لەردە ياشاپ كەلمەكتە. يەنە كېلىپ كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، قانچە مىللەت بولسا، شۇنچە دۆلەت بو ـ لۇشى مۇمكىن ئەمەس. دۆلەت زېمىنىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى قايسى بىر مىللەتكە ئەمەس بەلكى دۆلەتكە تەۋە، دۆلەت ئۆزى باشقۇرىدىغان يەرلەرنى رايونلارغا ئايرىش، ئەمەلدار تەيىنلەپ ئاي ـ رىپ ئىدارە قىلىش، ئاھالە كۆچۈرۈش، قۇرۇلۇش قىلىشقا ھو ـ

قۇقلۇق، ھەرقانداق مىللەتنىڭ مەلۇم يەرنى ئۆز يېرىمىز دەپ دۆلەتنىڭ يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ھوقۇقى يوق. بەزى كىشىلەر مىللەت بىلەن تېررىتورىيىنى بىر ـ بىرىگە چېتىۋېلىپ، مەلۇم بىر يەرنى مەلۇم بىر مىللەتكە تەئەللۇق دەپ ھېسابلاپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇ يەرگە كىرىشىنى تاجاۋۇزچىلىق قىلغانلىق دەپ قارايدۇ. ھازىر دۇنيادىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاراشلار بار. بىراق مۇشۇ خىلدىكى كۆز قاراشتا بولۇۋاتقان مىللەت ياكى شەخس ئەگەر شۇ جاينىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولسا بۇ بىرگەپ، ئەگەر شۇ جاينىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولمىسا، شۇ مىللەت ياكى شەخسمۇ تاجاۋۇزچى بولۇپ قالامدۇ؟ مەسىلەن: ئېلىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىدە بىر قىسىم كىشىلەر چوڭ قۇرۇقلۇقتىن تەيۋەنگە ئۆزىدىن كېيىن بارغانلارنى يات ئۆلكىلىكلەر دەپ ئاتايدۇ. ئۆزىنى بولسا تەيۋەنلىك ھېسابلايدۇ. ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تەيۋەنگە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن بارغانلىقىنى يادىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئۇنداقتا تەيۋەندە ئەسلىدىن بار بولغان گاۋشەن مىللىتى ئۇلارنى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟! شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىمۇ بىر قىسىم كىشىلەر شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاپ، شىنجاڭ جۇڭگوغا تەۋە ئەمەس، بەلكى تۈركىي مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارغا تەۋە دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە «شىنجاڭ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى (يېڭى ئېچىلغان زېمىن) ياكى (يېڭىدىن بەلگىلەنگەن چېگرا) دېگەندىن ئىبارەت» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتىكى سەۋەبى.

تۈركىي مىللەتلەر جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئاھالىمۇ، ئەمەسمۇ؟ بۇ ئىنقىلاپ چىقىشقا تېگىشلىك مەسىلە. يېقىنقى زاماندىكى تارىخشۇناسلىق ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئارقىلىق ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىدىكى ئارىئانلارنىڭ بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالە ئىكەنلىكى بېكىتىلدى. ئۇنداق بولسا ئارىئانلاردىن كېيىن شىنجاڭغا ھەممىدىن بۇرۇن

كىم كىرگەن؟ مىنىڭچە خەنزۇلار. چۈنكى خەن دەۋرىدىلا نۇرغۇن خەنزۇلار بۇ يەرگە چىققان. تۈركلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى 6 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئىش، ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭغا زور تۈركۈمدە كۆچۈپ كەلگەن ۋاقتىمۇ 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. خەن دەۋرىدە ئىچكىرىدىكى خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭغا چىقىشىدا مىنىڭچە مۇنداق ئالتە تۈرلۈك سەۋەب بولۇشى مۇمكىن: 1) بوز يەر ئېچىش. 2) ئەلچىلىككە چىقىش. 3) ئەسكەر بولۇش. 4) تىجارەت قىلىش. 5) قېچىپ چىقىش. 6) باشقا سەۋەبلەر. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە، تېخىمۇ كۆپ خەنزۇلار ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن قېچىپ شىنجاڭغا چىققان. كېيىن تۈركلەرنىڭ كۆچىيىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر زېمىنى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى تۈركلەرنىڭلا زېمىنى دەپ قاراش توغرا ئەمەس. گەرچە تۈركىي مىللەتلەر سان جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، يەر نامىنى مەلۇم بىر سىياسىي مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىش — «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىدە ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەندى. بۇرۇن پانتۈركىستلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۈركلەر دۆلىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئىشقا ئاشمايدۇ. چۈنكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئوخشىمىغان دۆلەتلەرگە تارقالغانلىقتىن ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى پانتۈركىستلارنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. بەزىلەر پانتۈركىزمنى دەستەك قىلىپ جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان» جۇمھۇرىيىتى قۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا لايىق زېمىن بولۇشى كېرەككۇ؟ بۇ زېمىن قەيەردە؟ شىنجاڭدىمۇ؟ بىراق، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى تۇرسا؟ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا قورۇقچىبەگ تۇرغۇزغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ شىنجاڭ جۇڭگوغا تەۋە بولغىنىغا 2000

يىلدىن ئاشقان بولىدۇ. 1882 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز زېمىنى بولغان شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلدى. بۇ جەھەتتىمۇ شىنجاڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشاش، يەنە كېلىپ شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ يېرىمى خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان كۆپ مىللەتلىك رايون. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پانتۈركىستلارنىڭ بۇ سۇيىقەستى دەۋر ئېقىمىغا خىلاپ، ئەمەلىيەتتىن ھالقىغان، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھەرىكەت، بۇ ھەرگىزمۇ ئىشقا ئاشمايدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز تۆۋەندىكىدەك كۆز قاراشقا ئىگە بولىمىز: ھازىر «تۈركىي» دېگەن سۆز بىر تىل گۇرۇپپىسىنىڭ نامى بولۇپ قالدى، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى بار. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزلىرىنى «تۈرك» دەپ ئاتىمايدۇ. ئۇلار ھازىر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ مىللەتچىلىك ۋە مىللىي ئايرىمچىلىق قىلىش ئەمەس. پانتۈركىزم ئۇچىغا چىققان مىللەتچىلىكتۇر. «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش تەشەببۇسى ۋەتەننى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى پارچىلاش تەشەببۇسى بولۇپ، ئۇنى جەزمەن پاش قىلىشىمىز ۋە تەنقىد قىلىشىمىز كېرەك.

خەنزۇچە «جۇڭگو چېگرا رايون تارىخ ـ جۇغراپىيە تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇرېھىم ياقۇپ**

# تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئەچىلىككە قوشقان مۇھىم تۆھپىسى

شى جىنبو، ياسىن ھوشۇر

«نۇر گېزىتى»نىڭ تەھرىر ئىلاۋىسى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە سۇڭ سۇلالىسى بىلەن زامانداش تاڭغۇت خانلىقىنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللانغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى، شۇ دەۋردە دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن 800 يىل بۇرۇنقى قىممەتلىك مىخ مەتبەئە بۇيۇملىرى نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ بالدۇر كەشىپ قىلىنغان مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ماددىي پاكىتى بولۇپ، ئۇنىڭ غايەت زور ئىلمىي ۋە ئاسار ئەتىقىلىك قىممىتى بار. بۇ ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىدۇر.

تارىخىي مەنبەلەردە «خۇيگۇ 回(鹘)» دەپ ئاتالغان قەۋملەر بۇگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى، 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇپ چىققان ھەمدە پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ، مول تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرغان. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، بىر مەزگىل مانى دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغانىدى، دۇنخۇاڭ بىلەن تۇرپان شەرق، غەرب مەدەنىيىتى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان مۇھىم يولغا جايلاشقان. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈز-

لەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن ھىندىستان ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا مەدە-نىيىتىنى قاراقويۇق قوبۇل قىلىۋەرگەن ھەم تەدرىجىي يوسۇندا ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن، بۇددا نوملىرى، بۇددا شەرىئىتى، بۇددىزم نەزەرىيىسىگە ئائىت كلاسسىك ئەسەر-لەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار دەسلەپتە تۈرك رۇنىك يېزىقىنى قوللانغان. كې-يىنچە تەدرىجىي ھالدا سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزى-قىغا كۆچكەن. بۇ يېزىق تاكى 15 ـ ئەسىرگىچە قوللىنىلغان. بۇ، ئۇيغۇرلار ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشتىن بۇرۇن ئەڭ كەڭ قوللانغان، يازما يادىكارلىقلار ئەڭ كۆپ ساقلىنىپ قالغان يې-زىق، ئۇ چاغدىكى ئۇيغۇر يېزىقى 19 دىن 20 گىچە ھەرپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېلىپبەلىك يېزىق ئىدى. بۇ يېزىقنىڭ باش، ئوتتۇرا، ئاخىر شەكىللىرى بار ئىدى. ئۇزاق مەزگىللەردىن بېرى ئۇيغۇرلار مۇشۇ يېزىق ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن.

شۇ دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۇددا نوملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر خان جەمەتى ۋە راھىبلار زور مىقداردىكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىنى كۆچۈردى ۋە بېسىپ تارقاتتى. مەتبەئە تېخنىكىسى شەرقتىن غەربكە تارقىلىش جەريا-نىدا، ئۇيغۇرلار خېلى بالدۇرلا ئۆز يېزىقىغا ماسلاشقان ياغاچ ئويما ھەرپلەرنى ئىجاد قىلدى ھەمدە ئاشۇ ھەرپلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىنى بېسىپ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى داۋاملىق تۆردە غەربكە كېڭەيتتى.

1908 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پائۇل پېللىئوت باشچىلىقىدىكى فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش ئەترىتى دۇنخۇاڭدى-كى بۇددا مىڭئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە نوم ساقلانغان غاردىن زور مىقداردىكى قىممەتلىك ھۆججەتلەر، يازما يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە موگاۋ غارىنىڭ شىمالىي رايونى 181 ـ غارى (ھازىرقى نومۇرى 464 ـ غار)دىن زور مىقداردىكى ئۇيغۇرچە، تاڭغۇتچە، تىبەتچە ۋەسىقىلەرنى ھەمدە

ئىلىم ساھەسى ئۇزۇندىن بېرى كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان ئۇيۇ-
غۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى بايقىدى. ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە
ھەرپلىرى كېيىنچە پارىژدىكى «گۇيمېت» ئاسىيا سەنئەت مۇزېـ-
يىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ قېتىم بايقالغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتـ-
بەئە ھەرپلىرى ئايرىم ئالىملار تەرىپىدىن ئاددىيلا خەۋەر قىلىنـ-
غاندىن باشقا، 90 يىلدىن بېرى تېخىچە سىستېمىلىق ۋە ئومۇ-
يۈزلۈك تەتقىق قىلىنمىدى، شۇڭا بۇ ھەرپلەرنىڭ مەتبەئەچىلىك
تارىخىدىكى مۇھىم ئورنىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىدى،
ھەتتا بىر مەزگىل بۇ ئۇيغۇرچە ھەرپلەر يوقاپ كەتتى، دېگەن
خاتا خەۋەر تارقالدى، بۇ ھەقتە ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئالىم جو-
سېف لي (Joseph Lee) تۈزگەن «جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا تارى-
خى»نىڭ 5 ـ توم 1 ـ كىتابىدىكى «قەغەز ۋە مەتبەئە» دېگەن
بابتا: «يېقىنقى خەۋەرلەردە دېيىلگەن، ئاشۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلە-
رىنى تېپىشقا ئىمكان بولمىدى»، دەپ يازدى. مۇشۇ ماقالىنىڭ
ئاپتورى ياسىن ھوشۇر ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشـ-
كىلاتىنىڭ يىپەك يولى تەتقىقاتى بويىچە خىراياما ئوقۇش مۇكاپا-
تىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، 1995 ـ يىلى ئەنگلىيىگە دۇنخۇاڭدىن
تېپىلغان ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغىلى بارغاندا ئالاھىدە پارىژغا
بېرىپ، پارىژ «گۇيمېت» ئاسىيا سەنئەت مۇزېيىدىن 800 يىلدەك
تارىخقا ئىگە بۇ ئۇيغۇرچە ياغاچ ئويما ھەرپلەرنى تاپتى ھەمدە
960 تال ياغاچ ئويما ھەرپنى يوغان بەش ۋاراق قەغەزگە بېسىپ
كۆرگەندە مۇشۇ ھەرپلەر ۋەكىللىك قىلغان يېزىق ۋە تىنىش
بەلگىلەر قايتا ناھايىتى ئېنىق زاھىر بولدى.
بۇ ھەرپلەر قاپارتما شەكىلدە تەتۈر ئويۇلغان. مۇتلەق كۆپ-
لىرىنىڭ كەڭلىكى 1.3 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 2.2 سانتىمې-
تىر بولۇپ، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئىپادىلەيدىغان بەلگىنىڭ چوڭ ـ
كىچىكلىكىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن. بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى-
نىڭ ماتېرىياللىرى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، چىلان ياكى نەشپۈت
ياغىچىدىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. گەرچە ئۇزاق مۇددەتلىك
داۋالغۇشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ خەتلەر يەنىلا ناھا-

يىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئوقۇ-لۇپ، تۇرگە ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاشۇ ھەرپ ئىپادىلىگەن يېزىق بەلگىلىرىنىڭ ئالتە خىلغا بۆلۈنىدىغانلىقى بايقالدى.

1) ھەرپنى بىرلىك قىلغان مەتبەئە ھەرپى بولۇپ، بۇ ھەرپ-لەر ئۇيغۇر تىلى فونېمىسىكى بارلىق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدۇ، بىراق بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەرپلەرنىڭ باش ـ ئوتتۇرا، ئاخىر-قى شەكىللىرىدىن ئىبارەت، يەنە بىر قىسمى مەنا ئۇقتۇرمايدىغان فونېتىكىلىق بىرىكمىلەردۇر.

2) يەنە بىر قىسمى ئىككىدىن ئارتۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بىرىكمە ئويما ھەرپلەر، بۇنىڭ ئىچىدە سۆز تومۇرى ۋە سۆز ياسىغۇچى تەركىبلەرمۇ ۋە گراماتىكىلىق مەنا بېرىدىغان بىرىككەن سۆزلەرمۇ بار.

3) سۆزنى بىرلىك قىلغان مەتبەئە ھەرپلىرى، بۇلار ئاساسەن بۇددىزمغا خاس ئىسىم ۋە ئاتالغۇلاردىن ئىبارەت.

4) پېئىل تومۇرىنى بىرلىك قىلغان ھەرپلەر، بۇلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

5) بەتتىكى ئىستون، رامكا سىزىقلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر، بۇلارنىڭ ئىچىدە تاق ئىستون ۋە قوش ئىستون بەلگى-لىرىمۇ بار.

6) تىنىش بەلگىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر بولۇپ، بۇ-نىڭ ئىچىدە تۆت چېكىتلىكلىرى، ئىككى چېكىتلىكلىرى بار، بۇنىڭدىن سىرت يەنە بەت ياسىغاندا ئىشلىتىلىدىغان شىنا، شى-پونلارمۇ بار، بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە تاغلۇقلار رايونىدىكى بىر بەلگە بىر مەنا (بىر بوغۇم)نى ئىپادىلەيدىغان خەتلەر ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن، ھەرپ، بوغۇم ۋە سۆزنى بىرلىك قىلغان ئارىلاشما مەتبەئە ھەرپلىرىدۇر. بۇ مەتبەئە تېخنىكىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان ھالدا شەكىللەنگەن. بۇ غايەت زور ئىلگىرىلەش مەتبەئەچىلىك تارىخىدا مۇھىم ئەھ-مىيەتكە ئىگە، ھالبۇكى، بەزى ئالىملار بۇ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق تەتقىق قىلماي تۇرۇپلا خاتا يەكۈن

چىقاردى. ئامېرىكىلىق ئالىم كارتېر (Carter) ئۆزىنىڭ زور تەسىر قوزغىغان «جۇڭگو مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى» ناملىق كىتابىدا: «ئۇلار (ئۇيغۇرلار)نىڭ بەلكىم ھەقىقەتەن ھەرپلىك مەتبەئەسى بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىزدە بۇ پاكىتقا ئالاقىدار خاتىرىلەر يوق، ھازىرغا قەدەر ھەرپلىك مەتبەئەنىڭ ماددىي پاكىتلىرىمۇ تېپىلغىنى يوق. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مەتبەئە ھەرپلىرى يەنىلا پۈتۈنلەي جۇڭگوچە ئۇسۇلدا ياسالغان بولۇپ، ھەرگىز ھەرپلىك مەتبەئە ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويۇلغان سۆزلەر-دۇر»، دەپ يازدى. شۇنىڭدىن كېيىن كارتېرنىڭ بۇ سۆزى نۇرغۇن ئەسەرلەردە نەقىل قىلىنىپ، كىشىلەردە ئۇيغۇر مەتبەئەچىلىكى ھەرپنى بىرلىك قىلغان ئەمەس، بەلكى سۆزنى بىرلىك قىلغان مەتبەئەچىلىكتۇر، دېگەن خاتا ئۇقۇمنى پەيدا قىلدى.

تىلشۇناسلارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسى-نىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇپ، يېپىشقاق تىللار تىپىغا مەن-سۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى — سۆز تومۇرىغا مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە قوشۇلىدىغان ئوخشاشمىغان گراماتىكىلىق قو-شۇمچىلار ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئوخشىمىغان مەنا ياكى گراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداقچە ئېيت-قاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەردە بىر سۆز ئوخشىمىغان گراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىگەندە ئاشۇ سۆز تومۇرىغا ئوخشاشمىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلانغان بولىدۇ. بۇ ھال خەنزۇ ـ تىبەت تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ خەنزۇ، تاڭغۇت تىللىرىدا جۈملىلەردىكى سۆز (خەت)لەر ئۆزگەرمەيدىغان ئەھۋال بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى پۈ-تۈنلەي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ ياكى تاڭغۇتچە مىخ مەتبە-ئە بويىچە بىر خەت (بىر سۆز) بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان قىلىپ ياسالسا، ئوخشاشمىغان گراماتىكىلىق مەنالارنى ئىپادىلەش ئۇ-چۈن نۇرغۇن ئوخشىمىغان شەكىللەر كېرەك بولغان بولاتتى،

بىر سۆز ئۇچۇن نۇرغۇن ئوخشىمىغان ھەرپلەرنى ئويۇپ چىقى-رىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ مىخ مەتبەئەچىلىك ئۇچۇن ئىنتايىن ھۆددىسىدىن چىقىش تەس بىر ئىش ئىدى. ئەقىللىق ئۇيغۇرلار مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى ئەپچىللىك بىلەن قوللىنىش ئۇ-چۇن، كۆڭۈل قويۇپ، مۇستەقىل ئىزدىنىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تومۇرى ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنى بىرمۇبىر ئايرىپ چىقىپ، ئازراق مەتبەئە ھەرپىدە مۇتلەق كۆپ گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى گۇرۇپپىلاپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن باشقا تىللاردىمۇ مىخ مەتبەئەنى قوللىنىش مەسىلىسى ئو-ڭۇشلۇق ھەل قىلىنغان ھەم ۋاقىت ۋە كۈچ تېجەپ قېلىنغان. ئۇيغۇرلار يەنە دائىم ئىشلىتىلمەيدىغان سۆز ۋە قوشۇمچىلار ئۇ-چۇن تاق ھەرپلىك مەتبەئە ھەرپىنىمۇ ياساپ، ھەرقانداق سۆز — جۈملىلەرنى بېسىش مەسىلىسىنىمۇ ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغان.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، دۈنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنى يېقىنقى يىللاردا دۈنخۇاڭ مۇگاۋ غارىنىڭ شىما-لىدىكى غاردىن نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنى بايقىغان، بۇ فرانسىيىلىكلەر ئېلىپ كەتكەن ھەرپلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇيغۇرچە ياغاچ ئويما ھەرپلەرنىڭ سانى 1000 دانىگە يەتكەن.

دۈنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى 12 — ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە، ئەڭ كېچىككەندە 13 — ئەسىر-نىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىگە مەنسۇپتۇر. چۈنكى 13 — ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۈنخۇاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار زاۋاللىققا يۈز-لەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەھۋالى ئۇلارنىڭ ئۇ جايلاردا مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياسىشى ۋە ئۇي-غۇرچە بۇددا نوملىرىنى بېسىشىغا يار بەرمەيتتى. بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ھازىر دۇنيادا ساقلىنىۋاتقان ئەڭ دەس-لەپكى ياغاچ مەتبەئە ماتېرىيالىدۇر. مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە گېرمانىيە، ياپونىيە تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى تۇرپاندىكى ئىدىقۇت خارابىسى، سىڭگىم ئېغىزىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى-

دىن ئۇيغۇرچە نۇرغۇنلىغان باسما بۇيۇملارنى تاپتى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان.

تاڭغۇتچە ۋە ئۇيغۇرچە ئەڭ بالدۇرقى مىخ مەتبەئەگە ئائىت ماددىي پاكىتنىڭ بايقىلىشى ئېلىمىز، شۇنداقلا دۇنيا مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى تارىخىدىمۇ ئالاھىدە ئورۇنغا ۋە مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

(1) بۇ ماتېرىياللار بىزنى ئەڭ دەسلەپكى مىخ مەتبەئەگە دائىر ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلىدى

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بى شېڭنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغانلىقى جۇڭگو تارىخ مەنبەلىرىدە يازما ماتېرىيال قىلىپ قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ دەۋردىن قالغان مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئائىت ماددىي ئىسپات بولمىغانلىقتىن، چەت ئەللەردىكى بەزى ئالىملار جۇڭگونىڭ تۇنجى قېتىم مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ كەلگەنىدى، ھەتتا لاي مىخ مەتبەئەنى تارىختا بولمىغان ئىش، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. تاڭغۇتچە ۋە ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئەگە دائىر ماددىي پاكىتلارنىڭ تېپىلىشى بىزنى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەتبەئەدە بېسىلغان بۇيۇملارنى، يەنى دۇنيا بويىچە ئەڭ بالدۇرقى مەتبەئە بۇيۇمىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئەڭ بالدۇرقى مەتبەئە تېخنىكىسى تارىخىغا بولغان گۇمان ۋە مۇجمەل قاراشلار ئايدىڭلىشىپ، ئېلىمىزنىڭ دۇنيادا تۇنجى بولۇپ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغانلىق ئورنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

(2) ئېلىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مىخ مەتبەئەنى قوللىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى

ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى قوللىنىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي غەربتىكى تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تەسىرىدە ئارقا ــ ئارقىدىن مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى

قوللاندى، تاغغۇت خانلىقىنىڭ جۇڭشىڭ ۋىلايىتى (بوگوڭكى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى يىنچۇەن شەھىرى) ئەتراپىدا لياڭجۇ (بوگوڭكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي شەھىرى)، شاجۇ (بوگوڭكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرى)، قاراسۇ قەلئەسى (خېيشۇيچېڭ)، تۇرپان قاتارلىق رايونلارنىڭ ھەممىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى مىخ مەتبەئە بويۇملىرى تېپىلدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەتبەئەچىلىك مەدەنىيىتى ئاددىيلىقتىن چوڭقۇرلاشقان، ئىشلىتىلىش دائىرىسىمۇ كەڭ بولغان.

(3) ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىغا ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى ئىسپاتلاندى

تاغغۇت ۋە ئۇيغۇر رايونلىرى قەدىمكى زاماندا ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشىغان، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان رايونلار ئىدى. يەرلىك مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغانىدى. تاغغۇت يېزىقىمۇ خەنزۇ يېزىقىغا ئوخشاش چاسا خەتلىك يېزىق ئىدى، شۇڭا تاغغۇتلار خەنزۇچە مەتبەئە تېخنىكىسىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ئۆز تىل ـ يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى باسقان ھەمدە لاي مىخ مەتبەئەنى ياغاچ مىخ مەتبەئەگە تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇيغۇرلار بولسا چاسا خەتلىك مەتبەئە تېخنىكىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىپ ئۆز تىل ـ يېزىقىغا ماس كېلىدىغان مەتبەئە تېخنىكىسىنى ياراتقان، بۇ ئەمەلىيەتتە ھەرپلىك مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تۇنجى ئۆلگىسىنى ياراتقانلىق ئىدى. دېمەك، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلار كەشىپ قىلغان مەتبەئە تېخنىكىسىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، مەتبەئە تېخنىكىسى تارىخىدا يېڭىلىق يارىتىپ دۇنيا مەتبەئەچىلىكىدە شانلىق سەھىپە ئاچتى. ئېلىمىزدىكى خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-

تا بىر ـ بىرىگە ئۆگىتىپ، بەس ـ بەستە يېڭىلىق يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۇ مۇھىم پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە بارلىققا كەلتۈرگەن تەڭداشسىز تۆھپىسىنى تولۇق نامايان قىلدى.

(4) مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىنى ماددىي ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى

بى شېڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنى 11 ـ ئەسىردە كەشىپ قىلغان، ياۋروپادا بولسا مەتبەئە تېخنىكىسى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوللىنىلغان. بۇ ئىككى رايوننىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللىنىش جەھەتتىكى زامان پەرقى ناھايىتى ئۇزۇن، شۇنداقلا بۇ ئىككى رايوننىڭ ئارىلىقمۇ ناھايىتى يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە مەتبەئە چاسا خەتلىك مەتبەئە، ياۋروپالىقلارنىڭ مەتبەئەسى ھەرپلىك مەتبەئەدۇر. ئىلگىرى ياۋروپا ئالىملىرى ئېلىمىزدە كەشىپ قىلىنغان مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپاغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىنكار قىلاتتى، ئېلىمىز ئالىملىرى ۋە ياۋروپادىكى جۇڭگو مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپاغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئالىملار جۇڭگو مەتبەئەچىلىكىنىڭ قانداق يوللار بىلەن غەربكە تارقالغانلىقىنى قانائەتلىنەرلىك چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنىدى. تاڭغۇتچە، ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ تېپىلىشى، زامان جەھەتتە غەربكە تارقىلىشتىكى ئىككى ئەسىرلىك ئۆتكۈنچى مەزگىلىنى تولۇقلىدى، ماكان جەھەتتە مىخ مەتبەئە تارقالغان يەرنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق غەربكە سۈردى. ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ئېلىمىزنىڭ مەتبەئەچىلىك ئىدىيىسى ۋە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدا ۋاستە بولدى. چۈنكى ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە غەربچە ھەرپلىك مىخ مەتبەئەنىڭ شەكىللىنىش پرىنسىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنىڭدىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ گۈللىنىشى 13 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە ئېلىمىزنىڭ غەرب بىلەن بولغان تۈرلۈك ئالاقىسىنىڭ كۆپىيىشىگە بىۋاستە تۈرتكە بولدى، بۇ ئېلىمىز مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ غەربـ

كه تارقىلىشىنى ئىنتايىن مۇھىم شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.
قىسقىسى، تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئەنى قوللاز-غانلىقى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى، قىممەتلىك مىخ مەتبەئە بۇ-يۇملىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى ئېلىمىز، جۇملىدىن دۇنيا مەتبەئەچىلىكىگە قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە، بۇ مەتبەئەچىلىك تا-رىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە!

(«نۇر گېزىتى»نىڭ 1997 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى ساندىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى).

تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرغۇن ئابدۇلئەزىز**

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆچ قېتىملىق چوڭ يۇغۇرۇلۇش دولقۇنى

ئەسەت سۇلايمان

ئوخشاشمىغان ئىرقلار ۋە مىللىي تۈركۈملەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا ئۈزلۈكسىز ئۆچرىشىپ تۇرۇشى بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت ۋە ئانتروپولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۆتۈشۈش قانىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئاق ۋە سېرىق تەنلىك ئىرقىي تىپلارنىڭمۇ ئۆز ئارا قوشۇلۇش بەلۋېغى بولغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي تەرىپى، يەنى كەڭ كەتكەن يىراق شەرق رايونى تىپىك سېرىق تەنلىك موڭغۇللوئىد تىپىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي - جەنۇبىي تەرىپى، يەنى ئىران ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق، كاۋكاز ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى تىپىك ياۋروپا ئىرقىدىكى ئىنسانلار تۈركۈمىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭلاشقا بىز تەكىتلەۋاتقان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇچرىشىشى، ئەمەلىيەتتە ئوخشاشمىغان ئىككى خىل تىپقا مەنسۇپ بولغان ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشى ئىدى.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا تارىخنىڭ تاڭ نۇرى پارلاپ، مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى باشلىنىشتىن ئاۋۋاللا ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ئوخشاشمىغان ئىرقىي تىپلارنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشى باشلانغانىدى. بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىللار ئىلگىرى، يەر شارىدا مۇز دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى ئىنسانىيەت

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى غايەت زور ۋەقە بولدى. ئۇ يەر شارىنىڭ سۇبتروپىك رايونلىرىدىكى يېڭى تاش قورال ئىنقىلابى (Revolution Neolithic) نىڭ باشلىنىشىغا تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپلا قالماستىن، بەلكى چوڭ ـ كىچىك ھىنگان تاغلىرىدىن ئۇرالغىچە بولغان بىپايان ۋادىدىكى كۆچ- مەن ئاھالىلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىنى تېزلەتتى. شىمالىي ئاسىيا كىلىماتىنىڭ تەدرىجىي ئىسسىشىغا ئەگىشىپ، زور تېپتىكى مۇز قاتلىمى ئېرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈپ، ئاسىيا قىتئەسى بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بېرىنگى بوغۇزىدىكى تەبىئىي مۇز كۆۋرۈكى غايىپ بولدى. نەتىجىدە پۈتكۈل كونا تاش قوراللار دەۋرىدە شىمالىي ئاسىيا رايونىدىن ئامېرىكا قىت- ئەسىگە توختاۋسىز كۆچۈپ تۇرغان موڭغۇل ئىرقىدىكى ئاھا- لىلەرنىڭ يولى ئېتىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇز دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، شىمالىي ئاسىيا كىلىماتىنىڭ تەدرىجىي ئىس- سىشى بۇ رايوندا نوپۇسنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندىكى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئىنسانلار تەدرىجىي ھالدا غەربكە قاراپ سۈرۈلدى. بۇ دەل ئۇرال تېغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ شەرققە قاراپ سىلجىۋاتقان دەۋرى ئىدى. نەتىجىدە ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئوخشاشمىغان ئىرقىي تىپلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى زور دەرىجىدىكى قوشۇلۇشى باشلاندى. بۇ قېتىمقى قوشۇلۇش ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قەدىمكى ئاھا- لىلەرنىڭ قان تىپى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا غايەت زور تە- سىر كۆرسەتتى. تارىختىكى مەشھۇر قاراسۇق مەدەنىيىتى ئاشۇ قېتىمقى چوڭ قوشۇلۇشنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

لېكىن، مۇشۇ قېتىملىق چوڭ قوشۇلۇش قەدىمكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ئالا- ھىدىلىكى ۋە ئىرقىي تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ھادىسە بولالمىدى، بەلكى بۇ رايوننىڭ ئۇزاققا سوزۇل-

غان، ئۆزلۈكسىز داۋاملاشقان ئىرقىي ۋە مىللىيەتلىك تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى ۋە تاكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ تاڭ نۇرى پارلىغان دەۋرلەرگە قەدەر، بۇ رايوننىڭ ئىرقىي تەركىبىدە ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ ئارىئانلار ئىزچىل ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ كەلدى. شەرقتىكى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئىنسان تۇركۇملىرى ئەڭ غەربكە سۇرۇلگەندىمۇ ئىلى دەرياسىنىڭ ئېرىقى قېتىغا ياكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە ئۆتەلمىدى. غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ياپونىيەلىك خانىدا تورو ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا «ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاساسەن ئارىئان ئىرقىنىڭ ياشىغانلىقىدا شەك يوق»[①] دەيدۇ. يۇتەيشەن ئەپەندىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «غەربىي يۇرتنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى ئىرقىي تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ يەردە ياۋروپا ئىرقىمۇ، موڭغۇل ئىرقىمۇ مەۋجۇت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ياۋروپا ۋە موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن شالغۇت تىپىمۇ مەۋجۇت. لېكىن ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاندرونوف تىپى، ئالدى ئاسىيا تىپى، پامىر ـ پەرغانە تىپى ۋە ھىندى ـ ئافغان تىپلىرىنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ياۋروپا ئىرقى ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدۇ»[②].

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ تارىختىن بۇرۇنقى چوڭ تىپتىكى ئىرقىي قوشۇلۇشى ياۋروپا تىپىدىكى ئارىئان ئىرقىنىڭ ئۇستۇنلۇكى بىلەن ئاخىرلاشتى. كاسپىي ۋە ئارال دېڭىزى ئارىلىقىدىكى ۋادىلارنى بازا قىلىپ ھەرىكەتچان ياشايدىغان ئارىئان قەۋملىرىنىڭ غەربتە ئىران ئېگىزلىكىگە، جەنۇبتا ھىندىستانغا، شەرقتە تارىم ئويمانلىقىغا باستۇرۇپ كىرىشى، بۇ رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى ئىرقىي ئالاھىدىلىكىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەدەنىيەت گۈللىنىشىگىمۇ غايەت زور قوزغات-

قۇچ كۈچ بولدى. ئىنسانىيەت، تارىخ يېزىق ئارقىلىق خاتىرد-لىنىدىغان دەۋرگە كىرگەن چاغدا، مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈش-لىرى ۋە ئۆز ئارا قوشۇلۇشلىرىدىن زىلزىلە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تارىخنىڭ تاڭ نۇرى پارلىدى. بۇ رايوننىڭ ناھا-يىتى ئۇزاقتا سوزۇلغان ئىرقىي جەھەتتىكى شەكىللىنىش، تە-رەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانى باشلاندى. «دەۋرلەر ئۆتد-كەنسېرى ئىرقلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش دەرىجىسىمۇ بارغاند-سېرى ئېغىرلاشتى، ئەمدى ئومۇمەن بۇ رايوندا ساپ ئىرقىي تىپلار قالمىدى»[3]. شىمالىي ئاسىيا رايونىدا هۇن ئىتتىپاقى گەۋدىسىگە ئۇيۇشقان موڭغۇل ۋە يېرىم موڭغۇل ئىرقىدىكى قەۋملەرنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى شەرقتە تاكى خېشى كارىدورىغىچە يېتىپ بارغان ياۋروپا ئىرقىدىكى توخرىلارنىڭ كەڭ كۆلەملىكى غەربكە كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يەنە بىر قېد-تىملىق زور داۋالغۇش پەيدا بولدى. توخرىلار ئاستا ـ ئاستا غەربكە سۈرۈلۈپ، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، باكتىرسىيە (Bachtria) گىچە يېتىپ باردى ۋە شۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن ئۇچرىشىپ چوڭ تىپتىكى يۇغۇرۇلۇشنى ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە، نۇرغۇنلىغان گىرېكلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ يەرلىك ئاھالە بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ رايوننىڭ ئىرقىي تەركىبد-نى يەنىمۇ مۇرەككەپلەشتۈردى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ مۇرەككەپ ۋە كۆپ مەنبەلىك ئىرقىي تۈزۈلمىسىنى باشقا ھەر قانداق بىر رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى بىد-لەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا مىلد-لەتلىرىنىڭ ئېتنىك تەرەققىياتى ۋە ئىرقىي تۈزۈلۈش تارىخىغا مۇئەييەن بىر قانۇنىيەت بېكىتىشمۇ ئىنتايىن تەس. چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى باشقا جۇغراپىيىلىك رايونلارغا ئوخشد-مىغان ھالدا ئۆز تارىخىدا ئۇچ باسقۇچلۇق غايەت زور ئىرقىي

ۋە ئېتنىك قوشۇلۇش دولقۇنىنى بېشىدىن كۆچۈردى. يەر شا-رىدا مۇز دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى تەد-رىجىي ھالدا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان ۋە ئارىئانلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ تاڭ نۇرى پارلىغان ھەمدە ھۇنلار تارىخ سەھنىسىگە چىقمىشقا باشلىغان مەزگىللەر-گىچە بولغان جەريان بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئىرقىي يۇغۇرۇ-لۇش دولقۇنى ئىدى. بۇ قېتىمقى چەكسىز ئۇزاققا سوزۇلغان دولقۇن جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىرقىي تۈزۈلمىسىدە موڭغۇللوئىد تىپىنىڭ ئالامەتلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس دەرد-جىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى قاڭشارلىق، ئورا كۆز، بۇرۇت - ساقاللىرى قويۇق كەلگەن ئارىئان ئىرقىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئا-خىرلاشتى. بىز تاكى ھازىرغا قەدەر تارىم ۋادىسى، پەرغانە ئوي-مانلىقى، ماۋارا ئۇننەھر ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن تېپىلغان تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردىن مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىگىچە بولغان مەزگىللەرگە مەنسۇپ بولغان قە-دىمكى جەسەتلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. مانا مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋردە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان ئارىئان ئىرقىد-دىكى خەلقلەر ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن تاشقىرى يەنە پايانسىز چۆللۈكلەردىكى دەريا - ئېقىنلارغا ئەگەشكەن بوستانلىق مەدەنىيىتىنىمۇ بەرپا قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۆللۈك رايونلىرى، جۇملىدىن تۇران تۈزلەڭلىكى ۋە تارىم ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ياۋروپا تىپىدىكى ساك - ماسساگېت - ئىسكىف - سىكتاي، توخرى - يۇرچى، سوغدى قاتارلىق خەلقلەر نوقۇل چارۋىچىلىق بىلەنلا شوغۇللىنىپ قالماي، يۇلتۇزدەك تارالغان بوستانلىقلاردا ئۆزىگە خاس دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىمۇ ياراتقانىدى. چۈنكى، ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەندەك پەقەت

ئۇۋچىلىق بىلەنلا شۇغۇللانغۇچى خەلقلەر... ھېچقاچان مەۋجۇت
بولمىغان»[4]. ھايۋانلارنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ۋە دەسلەپكى تېرىم
ئىگىلىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي
شەرت ـ شارائىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئېنگېلس «ئائىلە،
خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن
ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «بەزى ئىلغار قەبىلىلەر — ئارد-
ئانلار، سېمىتلەر شۇنىڭدەك يەنە تۇرانلارنىڭ ئاساسىي ئەمگەك
تارماقلىرى دەسلەپتە ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش، ئاندىن نەسىل
قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى بىلگەن بولسا
كېرەك... تۇران تۆزلەڭلىكىدىكى كىلىمات شارائىتىدا، ئۇزۇنغا
سوزۇلىدىغان قىش پەسلى ئۈچۈن ئوت ـ چۆپ ۋە يەم ـ خەـ
شەك تەييارلىماي تۇرۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن ياشاش مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. شۇڭا چارۋا ماللار ئۈچۈن ئوت ـ چۆپ ئۆستۈ-
رۈش ۋە دانلىق زىرائەت تېرىش بۇ يەردە زۆرۈر شەرت بولۇپ
قالغانىدى»[5]. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ كەت-
كەن ئويمانلىق ۋادىلىرىدا چارۋىچىلىقتىن سىرت، نىسبەتەن
ئىلغار بولغان بوستانلىق مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلدى. يەنە كې-
لىپ بۇ مەدەنىيەتنى ئارىئان ئىرقىغا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالە
ياراتتى.

ئىچكى ئاسىيا رايونىدا، موڭغۇل ئېگىزلىكى ئاسىيا تارى-
خىنىڭ پەۋقۇلئاددە سەزگۈر بەلۋېغىغا ئايلانغاندىن كېيىن،
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىرقىي قۇرۇلمىسى ۋە ئېتنىك تەركىبىدە
ئىككىنچى قېتىملىق زور دولقۇن قوزغالدى. ئوخشاشمىغان
مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى ۋە ئۆز ئارا قوشۇ-
لۇشلىرىدىن خاراكتېرلەنگەن بۇ دولقۇن ناھايىتى ئۇزاق تارى-
خىي دەۋرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا
تۈركىي تىپنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇ ۋاقىت
جەھەتتىن ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن تارتىپ چىڭگىزخان
ئىستىلاسىغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى ئۆز ئىچىگە
ئالاتتى. مۇشۇ تارىخىي جەريان ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىل-

گىرىكى مۇرەككەپ ئىرقىي تەركىبى تەدرىجىي تۈركلىشىش
جەريانىنى بېشىدىن كۆچۈردى ۋە بارلىق ئىرقىي ۋە ئېتنىك
تەركىبلەرنى ئۆز قوينىغا سىڭدۈرۈپ «تۈركىي» نامى ئاستىغا
ئۇيۇشتۇردى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى مۇشۇ ئىككىنـ
چى قېتىملىق زور قوشۇلۇش دولقۇنى بۇ رايوننىڭ كېيىنكى
ئېتنىك تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئاساس
ياراتتى.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئوتتۇرا ئاـ
سىيانىڭ تۈركلىشىشى، جۈملىدىن تارىم ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغ
ئېتەكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى ئۈستىدە ئىلىم ساھەسىدە تا
ھازىرغىچە تالاش ـ تارتىش بولۇپ كەلدى. مانا مۇشۇ مۇرەككەپ
مەسىلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆپلىگەن يەكۈن خاراكتېرلىك
قاراشلاردا ياكى ئۇنداق ـ مۇنداق خاتالىقلار ھامان ساقلىنىپ
كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۆز تاـ
رىخى ھەققىدىكى يازما مەنبەلىرىنىڭ كەمچىلىكى بۇ مەسىلىگە
تېخىمۇ زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. بىزنى چوڭقۇر ئويلىـ
نىشقا مەجبۇر قىلىدىغان نۇرغۇن سىرلىق ھادىسىلەر تېخىچە
مۇكەممەل دەلىل ـ پاكىتلار ئارقىلىق ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ
بېرىلمىدى. مەسىلەن، تۈركلەر بىلەن قەدىمكى ئىران مەنبەلىـ
رىدىكى تۇرانىيلارنىڭ قانداق باغلىنىشى بار؛ قەدىمكى تۈرك ۋە
ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى ئىرقىي تۈزۈلۈشى
ۋە ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى قانداق ئىدى؛ ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ناھايىتى چوڭ نىسبەتتە شەرقىي
ئىران تىپىدىكى خەلقلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشى قانداق ھادىسە؛
موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچكەن، چارۋىچىلىقنى ئۆزىـ
نىڭ ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تاـ
رىم ۋادىسىدىكى نىسبەتەن يۇقىرى شەھەر ۋە تېرىم مەدەنىيىتى
ياراتقان ياۋروپا ئىرقىدىكى يەرلىك خەلقلەرنى قانداقلارچە ئۆـ
زىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە سىڭدۈرۈپ تاشلىدى؛ ياكى تارىم

ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار يەرلىك ئاھالە تەرىپىدىن
ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ خاتا ھالدا «ئۇيغۇر» نامى بىلەن ئاتى-
لىپ قالغانمۇ؛ خەنزۇ تارىخىي مەنبەلىرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان
ئۇيغۇرلارنىڭ 840 ـ يىلىدىكى غەربكە كۆچۈشىدەك غايەت زور
ۋەقە نېمە ئۈچۈن باشقا ئەل ۋە خەلقلەرنىڭ مەنبەلىرىدە زادىلا
ئۇچرىمايدۇ؛ ھەتتا مۇشۇ ۋەقەدىن 200 يىل كېيىن ياشىغان
قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ئىككى بۈيۈك شەخس — مەھمۇد
قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرلىرىدە ياكى قو-
چو خانلىقى دەۋرىدىكى قانچىلىغان ھۆججەتلەردە بۇ ۋەقە نېمە
ئۈچۈن بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىنمايدۇ؟

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇزاق
مۇددەتلىك تارىخىي جەريان ئۆزىنىڭ ھەربىر قەدىمىگە ناھايىتى
زور سىرلارنى يوشۇرۇپ كەلدى. گەرچە 6 ـ ئەسىردىن ئاۋۋال
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بوستانلىق ۋادىلىرىدا تۈركىي قەۋملەرنىڭ
پائالىيىتىگە دائىر يازما خاتىرىلەرنى ئۇچراتقىلى بولمىسىمۇ،
لېكىن 552 ـ يىلى قۇرۇلغان تۈرك خانلىقىنىڭ تېررىتورى-
يىسى غەربتە تاكى ئامۇ دەرياسى بىلەن كاسپىي دېڭىزىغىچە يې-
تىپ بارغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونىغا بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ
باردى. ئەمما ئۇلارنىڭ بوستانلىق ۋادىلىرىدا ئولتۇراق تۇرمۇش-
قا كۆچۈشى كېيىنكى ۋەقە ئىدى. بارتولد بۇ ھەقتە توختىلىپ
مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەرنىڭ ئولتۇراق تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى جاۋاب بېرىش ئەڭ قىيىن بولغان مەسىلە
ئىدى. ناھايىتى روشەنكى، تۈركلەرنىڭ ھەممىسى ياكى مۇتلەق
كۆپ قىسمى بۇ مەزگىللەردە تېخى چارۋىچىلىق ھاياتىنى بې-
شىدىن كۆچۈرۈۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار جۇڭ-
گونىڭ تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن،
بەلكى يەنە غەربتىكى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ سوغدىلارنىڭ تە-
سىرىگە ئۇچراپ تۇراتتى»[6]. شۇڭلاشقا، كۆك تۈركلەرنىڭ ئوت-
تۇرا ئاسىياغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تەدرىجىي ئولتۇراق تۇر-

مۇشقا كۆچۈشى ۋە ئاھالىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىشى ئۇزاق بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. ئۇلار بۇ جەرياندا، مۇشۇ يەردە ياشىغۇچى ئىران تىپىدىكى خەلقلەرنىڭ نۇرغۇن مەدەنىيەتلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ، تۈركىي مەدەنىيەتكە يۇغۇرۇپ تاشلىدى. تەدرىجىي يەرلىشىشكە باشلىغان تۈركلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى پۈتۈن تارىخىنى بىراقلا تاشلاپ قويۇپ، ئۆز ئۆتمۈشىنى ئىران مەنبەلىرى تەمىنلىگەن شەرقىي ئىران تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپ تۇرانىيلارغا باغلاپ قويىدى. تۈركلەر بىلەن تۇرانىيلار بىر قەۋم دەپ قارايدىغان بۇ خىل قاراش شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا كەڭ ئومۇملاشتى. تۈركلەر بىلەن تۇرانلىقلار گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى بىلەن ئورتاق بىر گەۋدىگە ئۇيۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەسلىدە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئېتنىك تۈركۈم ئىدى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن ئىرانلىقلارنىڭ دۈشمىنى بولغان تۇرانلىقلار ئەسلىدە ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق ئىراندىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان تۇران تۈزلەڭلىكىدە چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىدى. «شاھنامە» دىكى تۇرانلىقلارنىڭ خاقانى ئەفراسىياب ۋە ئۇنىڭ ئوبرازى ئەمەلىيەتتە زەردۇشت دىنىنىڭ دەستۇرى «ئاۋېستا» دىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا ئەفراسىياب ئوبرازى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى تۈركلىشىشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا شەرقىي ئىران مەنبەلىرىدە مەۋجۇت بولغان. «كېمبرىج ئىران تارىخى» مۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ: «تۇران بىلەن تۈركلەر ئەسلىدە مۇناسىۋەتسىز ئىدى. لېكىن مىلادىيە VI ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەر پارس تىلى مىللەتلىرى ئارىسىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، شۇنىڭ بىلەن تۇران دېگەن سۆز ئاستا ـ ئاستا كىشىلەرنىڭ يادىغا كېلىدىغان بولۇپ قېلىپ، يېڭى كەلگەن بۇ مىللەتنى خاتالىشىپ ئاشۇنداق ئاتايدىغان بولۇپ قالغان»[7]. شۇنىڭدىن كېيىن، تۈركىي خەلق-

لەرنىڭ يازما مەنبەلىرىدە «تۇران» بىلەن «تۈرك» ئۇقۇملىرى ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كەتتى. ھەتتا ئۆز دەۋرىدىكى يېتۈك ئەدىب ۋە ئالىملىرىمىزمۇ تۈركىي قەۋملەرنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنى بىۋاسىتە ئىسلام مەنبەلىرىدىكى نوھنىڭ ئوغلى يافەسكە ياكى ئىران مەنبەلىرىدىكى فەرىدۇن ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئوتتۇرانچىسى بولغان «تۇر» غا باغلىدى. ئەمەلىيەتتە «تۇران» سۆزى «تۇر» سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان باغلىنىشى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىش ئىدى. فرانسىيە تەۋەلىكىدىكى ئىران ئالىمى ئەلى مازاھىرى ئەپەندىمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ: «تۇران يىپەك يولى ئۈستىدىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن يىراق شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق رايوننى كۆرسىتىدۇ. خېلى ئىلگىرىلا بەزى كىشىلەر بۇ سۆزنىڭ بىرلىك شەكلى Tour ۋە Tuiriu دەپ پەرەز قىلىشقان. ئۇلار توخرىلار بىلەن باغلىنىدۇ»[8]. ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەۋرىدىكى تارىخنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىران مەنبەلىرىدىكى تۇرانلىقلارنىڭ پادىشاھى ئەفراسىيابقا باغلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئالپ ئەر تۇڭا دېگەن ئەپسانىۋى قەھرىمانى بىلەن ئىران مەنبەلىرىدىكى ئەفراسىيابنى ئۆزئارا يۇغۇرۇۋەتتى. قاراخانىيلار خانلىرى ئۆزلىرىنى «ئەفراسىياب جەمەتى» دەپ پەخىرلەندى. مەھمۇت قەشقەرى ئەفراسىياب ھەققىدە كۆپ قېتىم توختالدى: «تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى ئەفراسىياب تۇڭا ئالپ ئەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى قاپلاندەك باتۇر ئەر دېگەنلىك بولىدۇ»[9]، «خاقان ـــ ئەفراسىيابتۇر. بۇنى بۇنداق ئاتاشتا ئۇزۇن بىر قىسسە بار»[10]، «قەشقەر ئوردۇكەند دېيىلىدۇ، بۇخان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئەفراسىياب شۇ يەردە تۇرغان»[11]. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق قۇرلارنى يازدى:

277. بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئىتى بەلگۈلۈك،
توڭا ئالپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.
280. تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئەفراسىياب،
بۇ ئەفراسىياب تۇتتى ئەللەر تالاپ.
282. تاجىكلار كىتابتا پۈتۈپتۇ بۇنى،
كىتابقا پۈتمىسە كىم ئۇققاي ئۇنى.

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇقىم، ئولتۇراق تۇر-مۇشقا كۆچكەن تۈركىي قەۋملەر ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىران تارىخ - يىلنامىچىلىكىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ فورمىسىنى قوبۇل قىلغان. ھەتتا 15 - ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايىمۇ تۈركلەر تارىخى ھەققىدە ئە-مەس، بەلكى ئىران تارىخى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر يازدى ۋە تۈركلەرنىڭ ئەجدادىنى ئىران تارىخىدىكى سەلبىي شەخس ئەفراسىيابقا باغلىدى. بارتولد بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ چۈشەنچە بەردى: «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۆزلىرىنى ‹ئەفراسىياب نەس-لىدىن› دەپ ئاتىغانلىقىنىڭ تارىختا ھېچقانچە ئالاھىدە ئورنى يوق. سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى ئۆزىنى دەسلەپ شاھىنشاھ دەپ ئاتىغان، كېيىنچە ئىسلامىي نام بولغان سۇلتاننى قوللانغان، خۇددى قاراخانىيلار سۇلالىسىغا ئوخشاشلا سالجۇ-قىيلار خاندانلىقىمۇ ئەفراسىيابنىڭ نەسەبى ھەققىدىكى رىۋايەت-نى ئېتىراپ قىلدى ۋە قوللاندى»[12]. بارتولد يەنە مۇنداق دەپ يازدى: «فىردەۋسىنىڭ ‹شاھنامە› سى سامانىيلار سۇلالىسى دەۋ-رىدە يېزىلدى. لېكىن ئۇ مەھمۇت غەزنەۋى ھۆكۈمرانلىق قىلى-غان مەزگىلدە ئاندىن ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا ئىران بىلەن تۇرانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش مۇھىم تېما قىلىندى. ئۇ-نىڭدا كۆرسىتىلىشىچە، 6 - ئەسىردە تۈركلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، كىشىلەر تۇران (Turan) نامى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ئەللەرنى كۆرسىتىدىغان بولغان.

گەرچە داستاندىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىسىملىرى ساپ پارسچە
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران-
لىرى دەپ كۆتۈرۈشكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ-
كى، قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىگىلا ئۇچراپ
قالماستىن، بەلكى يەنە ئىران ئېپوسلىرىنىڭمۇ كۈچلۈك تە-
سىرىگە ئۇچرىغان. تۇران رىۋايەتلىرىدە باش خاقان ئەفراسىياب
دەپ ئاتالغان. بۇ شۇبھىسىزكى، غەيرىي تۈركچە ئىسىمدۇر»[13].
ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» (ئىران پادى-
شاھلىرىنىڭ تارىخى) ناملىق ئەسىرىدە: «ئەفراسىياب — ھۇشاڭ
بىننى تۇر بىننى فەرىدۇن ئوغلىدۇر. ئەرجاسىب بىننى ئەفرا-
سىيابكىم تۈرك پادىشاھى ئەردى»[14] دەپ يازىدۇ. دېمەك، كۆرۈپ
تۇرۇپتىمىزكى، مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن
400 يىل كېيىن ياشىغان نەۋائىمۇ ئوخشاشلا تۈركىي قەۋملەر-
نىڭ يىراق ئەجدادلىرىنى ئىران مەنبەلىرىدىكى تۇر ۋە ئۇنىڭ
نەۋرىسى ئەفراسىيابقا باغلايدۇ. ئۇنداقتا، ئىسلامىيەتتىن كې-
يىن، پارس مەدەنىيىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان تۈر-
كىي قەۋملەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى يىلتىزى، مەنبەسى ۋە موڭ-
غۇل ئېگىزلىكىدە تىكلىگەن سەلتەنەتلىك تارىخىنى راستىنلا
پاك - پاكىزە ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ - قانداق؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن
ئىسلام ۋە پارس يىلنامىچىلىكى تىكلەپ بەرگەن ئەندىزىنى ئۆز
تارىخ قارىشىنىڭ بىردىنبىر فورمىسى قىلىۋالىدۇ؟ دەرۋەقە،
تۇران بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەت ئى-
لىم ساھەسى تەرىپىدىن تامامەن ئاشكارا بولغان، تۈركىي خەلق-
لەر مىڭ يىلدىن بۇيان ئۆز ئەجدادى سۈپىتىدە قاراپ، تىللاردا
داستان قىلىپ كەلگەن سىرلىق شەخس ‹ئەفراسىياب› نىڭ ھە-
قىقىي نەسەبى ئېنىقلانغان كۈنى ئاندىن مىللىي تارىخ قارىشى-
مىزدىكى بىرمۇنچە تۈگۈنلەر ھەقىقىي ئاشكارا بولىدۇ. ھەتتا
نەۋايىدەك بۈيۈك شەخسنىڭمۇ چىڭگىز ئىستىلاسىدىن ئاۋۋالقى
تۈركلەر ھەققىدە ھېچنىمە دېمەسلىكى ۋە ئىران تارىخنامىلى-
رىگە مەپتۇن بولۇشى كىشىنى تولىمۇ ئەجەبلەندۈرىدۇ. 15 -

ئەسىردىكى پارس مەدەنىيىتىنىڭ يۇرتى گۈپۈلدەپ يۇراپ تۇرغان، «پارسگۈي» لۇق ئەۋج ئالغان ھىرات شەھىرىدە، بۈيۈك نەۋايى مەردانىلىق بىلەن «پارسىي شېكەرەست»، «ئەرەبىي ھەسەلەست» كە قارشى «تۈركىي ھۈنەرەست» دېيەلىگەن ۋە «تۈركىيگۈي» لۇقنى تەشەببۇس قىلالىغان ئىدىغۇ، ئاخىر!؟... ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان بارتولد قاتتىق ئېچىنىش ئىچىدە مۇنداق دەيدۇ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى تۈركىي قەۋملەر پارس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادى بولغان تۈركلەرنى تامامەن ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. ئىران تېررىتورىيەسىدىكى تۈرك ھۆكۈمرانلار يەنىلا تۈركىيچە سۆزلىشىپ، تۈركىيچە نام ـ ئەمەللەرنى قوللاندى. تۈركىي تىل ھەتتا ئىرانلىقلار ئارىسىغىمۇ تارقالدى. لېكىن تەربىيە كۆرگەن تۈركلەرنىڭ ھەممىسى تۈرك تارىخىنىڭ ئانا مەنبەسىنى ئۇنتۇپ كېتىشتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغان بۈيۈك شائىر نەۋائىي ھەتتا موغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئاۋۋال تۈرك خانلىقىنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخ بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ سالجۇقىيلار خانى ‹سۇلتان توغرۇل› نى سارت، يەنى ئىران سۇلتانى دەپ خاتا بىلىپ قالغانىدى»[15]. ياپونىيە ئالىمى ئابې تاكېئو ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىدا، بارتولدنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «قاراخانىيلار خانلىقىدىكىلەر پارسلارنىڭ تارىخىدىكى ئادەتتە ‹ئەفراسىيابنىڭ جەمەتى› دەپ ئاتالغانلارنى تاسادىپىيلا ‹تۈركلەرنىڭ جەمەتى› دەپ ئاتىۋالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ كېيىنكى ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مۇقام بويىچە بۇغراخانلار سۇلالىسىنى ئەفراسىيابنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىغان بۇنداق كۆز قاراشلار 13 ـ ئەسىردە، يەنى بۇغراخانلار سۇلالىسى ئاللىقاچان زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ۋاقىتتا، ناھايىتى يەڭگىلتەكلىك بىلەن توقۇپ چىقىرىلغان بىر خىل ھېكايە بولۇپ، بۇنى باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق ئىس-

پاتلاش قىيىن»[16]. دېمەك، تۇران بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى
بىر قەدەر مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى
ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخ قارىشىدىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىشلەر
بىلەن ئىرانىي تەسىرلەر ئىزچىل ھالدا كېيىنكى بىرمۇنچىلىد-
غان مۇرەككەپ چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلىپ كەلگەن. شۇڭا ئىد-
مىن تۇرسۇن ئەپەندىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىز دەۋاتقان
‹تۈرك›، كەڭ مەنىدىكى ئاتالغۇ، ئۇ ھېچقاچان دىنىي رىۋايەتلەردە
ئېيتىلغاندەك، نوھنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ ئەۋلادىدىن ‹تۈرك› دەپ
ئاتالغان بىر شەخسنىڭ نەسلىدىن تارالغانمۇ ئەمەس. شۇنىڭدەك
ئىرانلىقلارنىڭ ئەپسانىسىدىكىدەك، فەرىدۇننىڭ ئۈچ ئوغلىدىن بىرى —
تۇرانىيلار، يەنى تۈركلەرنىڭ بوۋىسى ‹تۇر› دىنمۇ تارالغان ئە-
مەس»[17]. بەلكى 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدە
قۇدرەتلىك خانلىق قۇرۇپ كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا غەربكە سۇ-
رۇلگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن تۇران تۈزلەڭلىكى ئەتراپى-
دىكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى ئۆزىگە
بويسۇندۇرغان ۋە ئېتنىك تەركىبىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن قەۋملەر
ئىتتىپاقىدۇر. شۇڭلاشقا، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى
تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تەرەققىيا-
تى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىنى تەھلىل قىلى-
غاندا، ئىككى مۇھىم مەنبەنى — موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە ئالتاي
تاغلىرىدىن غەربىي ـ جەنۇبقا سۈرۈلگەن ئەسلىدىكى تۈرك
قەۋملىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھىندى ـ ياۋروپا تىل
سىستېمىسىغا مەنسۇپ يەرلىك ئىران تىپىدىكى خەلقلەرنى تەڭ
ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىر تەرەپلىمى-
لىك خاھىش شەكىللىنىپ قالىدۇ. دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
تۈركلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەر-
ياندا، تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئىرقىي تۈزۈلمىسى ۋە ئانتروپولو-
گىيىلىك خۇسۇسىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەر-
دى. ئۇلار خۇددى ئۆز مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى ئارىلاشما ئالاھى-
دىلىككە ئوخشاشلا بەدەن تۈزۈلمىسى جەھەتتىن موڭغۇل ئىر-

قىغىمۇ ياتمايدىغان، تىپىك ياۋروپا ئىرقىدىنمۇ پەرقلىنىدىغان، شالغۇت ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىنى ھاسىل قىلدى. بۇ يەردە بىزگە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى تۈركىي قەۋملەرنىڭ يەرلىك ئىران تىپىدىكى خەلقلەرنى ئۆزىگە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ، سىڭدۈرۈپ تاشلىشىمۇ ياكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تۈركىي قەۋملەرنى ئاسسى-مىلاتسىيە قىلىپ، خاتا ھالدا ‹تۈركىي› نامى بىلەن ئاتىلىپ قىلىشىمۇ؟ بەزى تەتقىقاتچىلار بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ئەمەلىيەتتە تۈركلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن بولغان. يەرلىك ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر مەدەنىيەت جەھەتتە ئىزچىل ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى-دىن ئايرىلىپ قىلىشى تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈستۈن-لۈككە ئىگە بولۇشىغا سىياسىي شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن دەپ قارايدۇ[18]. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۆز ئارا ئۇچراش-قان ئوخشاش بولمىغان ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كۈچ سىلىشتۇرمىسىدا تىل ھامان ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. تىلنىڭ غەلىبىسى ئەمەلىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ غەلىبىسىنى بەلگىلەيدۇ. پارس تىلى پارس ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمران تىلغا ئايلانغان بىر شارا-ئىتتا، تۈركىي تىلنىڭ خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئاتتەك ئەڭ ئاخىرى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى بۇ رايوننىڭ تولۇق تۈركلەش-كەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركلى-شىشنىڭ سىرى دەل تۈركىي تىلىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىدا ئى-دى. فىلىپ ھىتتى ئەرەب تىلىنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ كېڭەي-شىدە ئوينىغان رولى ئۈستىدە توختىلىپ: «بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتىكى ئورنىدىن، دىنىي جەھەتتىكى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە رازىكى، ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىشنى ئەسلا خالىمايتتى... شۇڭا ئەرەب تىلىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان

مىللەتلەرنىڭ تىللىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئەڭ ئاخىرىدا ۋە ئەڭ ئاستا سۈرئەتتە ئىشقا ئاشتى. ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسى، ئەمەلىيەتتە بىر تىلنىڭ غەلىبىسى، تېخىمۇ توغرىراقى بىر كلاسسىك دەستۇرنىڭ غەلىبىسى ئىدى»[19] دەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەگەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلەشىشىنى بىر سىر دەيدىغان بولساق، تۈركىي تىلنىڭ ئىران تىللىرى ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنى تېخىمۇ چوڭ سىر دېيىشكە ھەقلىقمىز. بارتولدمۇ بۇ ھادىسىنى ناھايىتى ھەيرانلىق بىلەن شەرھىلەيدۇ: «پارس تىلىنىڭ بىردىنبىر رىقابەتچىسى تۈرك تىلى ئىدى، پارس تىلىنىڭ ئۇشبۇ رىقابەتچىسى بىلەن بولغان كەسكىن تىركىشىشلىرىنىڭ نەتىجىسى ھامان پارس تىلىغا پايدىسىز ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى بىرقانچە ئەسىردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە مۇنداق ئىككى خىل جەريان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى، جانلىق ئىران دىئالېكتلىرى تەدرىجىي ھالدا پارس ئەدەبىي تىلى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ كەلدى؛ يەنە بىرى، پارس ئەدەبىي تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىران دىئالېكتلىرى تەدرىجىي ھالدا تۈركىي تىللار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ كەلدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تۈركىي تىللارنىڭ ئىران تەۋەسىدىكى تارقىلىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ باردى. ئەگەردە تۈركلەر بىلەن پارسلار بىر كەنتتە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولسا، ئاقىۋەتتە تۈركىي تىل ئاستا ـ ئاستا شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئورتاق تىلىغا ئايلىناتتى»[20].

ئەمدى نۆۋەتتىكى مۇلاھىزە تېمىمىز تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىغا قايتىپ كەلدى! دەرۋەقە، بۇ يەردە جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك قانچىلىغان سىرلار كۆمۈلۈپ ياتاتتى. بولۇپمۇ تارىم ۋادىسىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ تارىخىي ھادىسە ئۆزۈندىن بۇيان ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلگەنىدى. مىلادىيە 744 ـ يىلى

موڭغۇل ئىگىزلىكىدە كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى 100 يىللىق قەھرىمانلىق ھاياتىدىن قول ئۈزۈپ، 840 ـ يىلى تارىم ۋادىسىغا كەلدى، ئۇلار قانداقلارچە تارىم ۋادىسىدىكى ئاللىقاچان شەھەرلەشكەن ھىندى ـ ياۋروپا تىپىدىكى ئاھالىلەرنى ئۇيغۇرلاشتۇرالىدى، «17 خىل تىل، 24 خىل يېزىق بار قالغان»[21]غەربىي يۇرتتا ئۇيغۇر تىلى قانداق قىلىپ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلىدى؟...

شۇنىسى ئايانكى، ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئىرقىي ۋە مىللىي تەركىبكە، ئارىلاشما ھالەتتىكى مەدەنىيەت قاتلىمىغا ۋە ئۆزىگە خاس پىسخىك تىندۇرمىغا ئىگە تارىم ئويمانلىقىنىڭ تامامەن ئۇيغۇرلىشىشى ھەقىقەتەنمۇ سىرلىق ھادىسە ئىدى. چۈنكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى نىسبەتەن يۇقىرى مەدەنىي ھايات كۆچۈرۈۋاتقان تېرىم ئاھالىلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ تاشلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيان، بەزى تەتقىقاتچىلار ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى پەقەتلا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگىلا باغلاپ كەلدى ۋە 840 ـ يىلدىن بۇرۇن تارىم ۋادىسىدا يارىتىلغان بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ قويدى. چۈشەندۈرۈش تەس بولغان ھادىسىلەر كېلىپ چىقتى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ۋادىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى غەربكە كۆچۈشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا باشلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىيە 6 ـ 8 ـ ئەسىرلەردە سەلتەنەت سۈرگەن تۈرك خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرىغىچە يېتىپ بارغانىدى. ئا.ۋون گابائىن خانىممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تۈرك يايلاق ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىلا، يەنى مىلادىيە 552 ـ يىلىدىن باشلاپ، تارىم ئويمانلىقى مەزكۇر ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىسسىقكۆل بويىغا جايلاشقان سىياسىي مەركىزىگە بېقىنغانىـ

دى. شۇڭلاشقا بۇ ۋادىدىكى ئاھالىلەر تۈركلەرنىڭ ۋاسىتىسى
ئارقىلىق 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا، يىراق غەربىي ـ
جەنۇبتىن تاكى بەلخقىچە، ھەتتا ئۇنىڭمۇ نېرىسىدىكى بۇددىزم
رايونلىرى بىلەن دائىملىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنىدى. تا-
رىم ۋادىسىدىكى تۈركلەر يېرىم چارۋىچىلىق تۇرمۇش كۆچۈرەت-
تى. شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشماستىن، بەلكى دالىلاردىكى چې-
دىرلاردا تۇراتتى»[22]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈرك
خانلىقى دەۋرىدىلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرى
تۈركلىشىشكە باشلىغان. تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇيىتاڭ ئە-
پەندىمۇ بۇ نۇقتىنى قۇۋۋەتلەيدۇ: «ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقىنىڭ
ئورنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شىمالدىكى قۇدرەتلىك خانداز-
لىقتا ئايلاندى. ئۇلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئۆتۈكەن تاغلىرى
بىلەن ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىنى بازا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاي-
رىم بۆلەكلىرى كەڭسۇ (گەنسۇ)، شىنجاڭ ۋە ھەتتا پامىرنىڭ
غەربىدىكى رايونلارغىچە تارقالغانىدى... خەن سۇلالىسى دەۋرىدە
غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان 36 شەھەر دۆلىتى ئىچىدە، يەنى بۈ-
گۈنكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىزلىرى
ئاللىقاچان كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قەبىلى-
لىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇر-
غان ـ قۇرمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش تەس ئىدى. قىسقىسى،
ئۇيغۇرلارنىڭ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپ-
لىرىگە بولغان پائالىيەتلىرى خېلى بالدۇرلا باشلانغانىدى»[23].

دېمەك، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكىچە بولغان ئارىلىقتا تەڭ-
رىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلى-
شىش جەريانىنى ئاللىقاچان باشلىغان بولۇپ، 840 ـ يىلىدىن
كېيىنكى چوڭ مىللىي يۇغۇرۇلۇشقا شەرت ـ شارائىت ھازىر-
لىغانىدى. شۇڭلاشقا 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن
كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھېچقانداق
توسالغۇسىزلا تارىم ۋە تۇرپان ئويمانلىقىغا ماكانلىشىپ، ئەس-
لىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى ۋە ناھايىتى

تېزلا مەدەنىيەت جەھەتتە گۈللىنىشكە ئېرىشتى. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچۈشى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى غايەت زور ۋەقە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە خەنزۇ مەنبەلىرىدىن باشقا ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخنامىلىرىدە ئۇچۇر بېرىلمىگەن. كىشىنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، مۇشۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىك چوڭ كۆچۈشنى بېشىدىن كۆچۈرگەن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ قان - ياشلىق سەپىرىدە مۇشۇ ۋەقەنى تېما قىلغان بىرەر ئېپوس ياكى كىچىككىنە رىۋايەتمۇ قالدۇرۇپ قويمىغان. ئاشۇ ۋەقەدىن 200 يىل ئۆتمەيلا قوچۇ خانلىقىدا يارىتىلغان جىلد - جىلد يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە ئالېكساندىرنىڭ يۈرۈشلىرى، «ئىنجىل»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ پارچىلىرى، ئېزوپ مەسەللىرى بايقالدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش تارىخىغا دائىر بىرەرمۇ ھۆججەت تېپىلمىدى. تېخىمۇ ئېچىنارلىقى، 9 - ئەسىردە ياشىغان قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ئىككى نەپەر بۈيۈك شەخس — مەھمۇت قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسەرلىرىدە غەرب مەنبەلىرىدىكى نوھنىڭ ئوغلى يافەس ياكى فەرىدۇننىڭ ئوغلى تۇر ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ئەفراسىياب ھەققىدە مەلۇماتلار قالدۇردىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ 9 - ئەسىردىكى غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە ئەسلا ئۇچۇر قالدۇرمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ تارىختىن بۇيانقى سىياسىي ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلگەن ئىككى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەل — ئىران بىلەن ھىندىستاننىڭ تارىخچىلىرىمۇ بۇ ۋەقە ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمىدى. تارىخچىلار ئۇزاقتىن بۇيان «ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ زور ۋەقە» دەپ ئاتىغان بۇ قېتىمقى چوڭ كۆچۈشنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يازما ۋە ئاغزاكى مەنبەلىرىدە ئۇچرىماسلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ تەئەججۈپلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بۇ زور ۋەقەنى باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق يەنىمۇ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمدى تارىم ۋادىسىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ

ئىتنىك قاتلىمىغا كەلسەك، بۇ مەسىلە ھەققىدە ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ھەرگىزمۇ ئەڭ ئاخىر-قى يەكۈن دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ھازىرغىچە يېشىلمەي كې-لىۋاتقان بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن تۈگۈنلەر بىزنى يەنىمۇ چوڭ-قۇرراق ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلماقتا. ھازىر ئىلىم ساھەسىدە يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىد-دە بىر مەنبەلىك نۇقتىنەزەرلەرگە مايىل بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تا-رىم ئويمانلىقىدا ھىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكى نىسبەتەن تىنچ تىرىم مىللەتلىرى ياشىغان بولۇپ، ئۇلار ياراتقان پارلاق شەھەر مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئۇيغۇرلار بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ئاسسى-مىلاتسىيە بولماستىن، بەلكى يىراق ۋە چەت تاغلىق رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. ۋاڭ جىلەي ئەپەندىنىڭ قاراشلىرىمۇ مۇشۇ تەشەببۇسنى قۇۋۋەتلەيتتى: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىسى بولغان ئارىئان ئىرقىدىكى خەلقلەر، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولماستىن، بەلكى يىراق چەت رايونلارغا، جۈملىدىن پامىر ئېگىزلىكىگە ئوخشاش تاغلىق رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن»[24]. بۇ خىل بىر مەنبەچىلىك تەشەببۇسنىڭ قانچىلىك پۇت تىرەپ تۇرىدىغانلى-قىغا ھازىرچە بىر نەرسە دېيىش تەس. لېكىن شۇ نەرسە ئې-نىقكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانى بىر مەنبەگىلا ئەمەس، بەلكى كۆپ خىل ئېتنىك مەنبەلەرگە باغلىنىدۇ. گەرچە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار باشتىن - ئاخىر تارىم ۋادىسىدا ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ساقلاپ كەلگەن، ئۇيغۇر تىلىنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك-كە ئىگە قىلغان، «ئۇيغۇر» نامىنى مۇئەييەن دائىرىدە ئومۇمىي ئېتنىك نام سۈپىتىدە ئومۇملاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تارىم ۋادىسىدا بۇرۇندىن ياشاپ كەلگەن ئارىئان ئىرقىدىكى تىرىم مىللەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك قاتلىمىنى شەكىل-

لەندۇرۇشتە ئوينىغان مۇھىم رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئىرقىي تۈزۈلمىسى ۋە ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەردە تارىم ۋادىسىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالىلەر ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئىككى چوڭ يىلتىزدىن — غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا ياتىدىغان يەرلىك ئاھالىلەردىن تەڭ ئىزدەش كېرەك. چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئانتروپولوگىيىلىك ئۆزگىرىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياۋروپا ئىرقىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ھەتتا ئاساسىي ئېقىم سۈپىتىدە رول ئوينىغان. بۇ ئەھۋالنى بىز تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن تۈزۈلمىسىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. ئەمما بۇ قېتىمقى قوشۇلۇشتىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي تۈزۈلمىسىدە قانچىلىك زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر ئېتنونىمى ئاخىرقى ھېسابتا تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا تارقالغان خەلقلەرگە ئورتاقلاشتى. ئۇيغۇر تىلى ناھايىتى تېزلىكتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئەجدادلىرىنى نوقۇل ھالدا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگىلا باغلاپ قالماستىن، بەلكى تارىم ۋادىسىدىكى ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ئاق تەنلىك تېرىم ئاھالىلىرىگىمۇ باغلاش كېرەك. چۈنكى تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ئېتنونىمىغا ئۇيۇشقان بۇ مىللىي گەۋدىدە ھەم موڭغۇل ئىرقىنىڭمۇ، ھەم ياۋروپا ئىرقىنىڭمۇ ئوخشاشمىغان تەركىبلىرى بار ئىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي — جەنۇبىي گىرۋەكلىرىگە سۈرۈلگەنسېرى ئارىئان ئىرقىنىڭ قالدۇق تەركىبلىرى بارغانسېرى روشەنلىشىپ بارىدۇ. ئويمانلىقنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي گىرۋەكلىرىگە يېقىنلاشقانسېرى موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى كۈچىيىپ بارىدۇ. لېكىن پۈتكۈل ئويمانلىقتىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بۇ ئىك-

كى ئىرقىنىڭ ئوخشاشمىغان نىسبەتتىكى ئارىلاشما تەركىبلىرى تېپىلىدۇ. شۇڭلاشقا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانتروپو-لوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ياكى بۇ ئىرقتا ياكى ئۇ ئىرققا تامامەن مەنسۇپ قىلىۋېتىش ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس، چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئا-رىلاشما تېپىنى ھاسىل قىلغان. تارىم ۋادىسىنىڭ ئۇزۇنغا سو-زۇلغان ئۇيغۇرلىشىش جەريانىدا، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن باشلانغان مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تارىم ۋادىسىدىكى ياۋروپا ئىر-قىغا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ نەچچە ئونلىغان شەھەر دۆ-لەتلىرىدە مەيدانغا كەلگەن بوستانلىق مەدەنىيەتلىرىنىمۇ ئۆزد-گە ئۆزلەشتۈردى. شۇڭلاشقا شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈش-تىن ئىلگىرىكى پارلاق تارىم مەدەنىيىتى — ئۇيغۇر غول - پىشامشان - قوچۇ مەدەنىيىتى، كۇسەن - سۇلى مەدەنىيىتى، ئۇدۇن - نىيە - كروران مەدەنىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بىيىتقان ۋە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ۋارىس-لىق قىلىنغان مەدەنىيەتتۇر، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بۇ مەدە-نىيەتلەرنى ئۇيغۇر مىللىتى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە قارىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز ئىلمىي پوزىتسىيىگە زىت ئەمەستۇر.

دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى، بۇ يەردىكى ئەسلىدىكى غەيرىي تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ ئىز - تىزسىز غايىپ بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئوخشاشمىغان ئىككى خىل مەدەنى-يەتنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، يېڭى ئۇيغۇر ئېتنونىمىنى ھاسىل قىلغانلىقىدۇر. ئۇيغۇرلىشىش جەريانى ئورۇندالغاندىن كېيىنكى بەزى رايونلاردا ھەتتا ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ مەدەنىيىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ قالغان، لېكىن ئۇيغۇر نامى ئاس-تىغا ئۇيۇشقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لى يۈڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار-نىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر» ناملىق ماقالىسىدە بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسى

(ethnos) نىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا، ياكى تېخىمۇ ئامىباب
قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەركىبىنىڭ شەكىللى-
نىشىدە، ئەڭ دەسلەپكى ئارىئان قان تىپىدىكى توخرىلار بىلەن
ساكلار ئۇنىڭ تۆۋەن قاتلىمى (substrate) نى تەشكىل قىلغان.
مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يەنى ئېتنىك مەنبە ۋە مەدەنىيەت
جەھەتتىن تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق مۇنداق بىر لوگىكىلىق
خۇلاسىنى يەكۈنلەشكە بولىدۇ: تارىم دەرياسى ھاۋزىسىنى بويلاپ
ئولتۇراقلاشقان ئارىئان تىپىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر — ھا-
زىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىد-
نىڭ ئاساسلىق قىسمى ياكى چوڭ قىسمىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن
ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى، ئاساسىي جەھەتتىن
قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان تارىم ئويمانلىقىدىن قۇمۇل
بوستانلىقىغىچە بولغان رايونلاردىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ
ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ[25]. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ-
كى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە تارىم ۋادىسىدىكى
ھىندى - ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ ئاھالىلەرنىڭ رولى پەۋقۇل-
ئاددە زور بولغان. ھەتتا مەھمۇد قەشقەرى دەۋرىدىمۇ تېخى
تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىش جەريانى ئاخىرلاشمىغان خوتەن
رايونىدا، ھىندى تىپىدىكى ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ ئىر-
قىي خۇسۇسىيەتلىرى ئىزچىل ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ كەل-
گەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇر قەبى-
لىلىرى تارىم ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ
ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىگىلىك شەكلىدىن ۋاز كې-
چىپ، بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى بولغان
مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە تارىم ۋادىسىدا نەچچە مىڭ
يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى تېرىم ھاياتىنى
داۋاملاشتۇرغان. شۇڭلاشقا تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلىشىش
جەريانى ئۆزىگە نۇرغۇنلىغان سىرلارنى يوشۇرۇپ كەلگەن. يەنە
بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى شۇنچە
نۇرغۇن غەيرىي تىللارنى بىراقلا شاللاپ، مۇتلەق ھۆكۈمران

تىلغا ئايلىنىشى كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەنگلىيەلىك خ.ۋ.بەيلېي ئەپەندى رەتلىگەن ۋە ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلغان خوتەن ساك تىلىغا دائىر تېكىستلەرگە نەزەر تاشلىساق، ئۇنىڭدىن تۈركىي تىلغا خاس بىرەرمۇ سۆز ـ ئاتالغۇنى تاپقىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ بۈگۈنكى كۈندىمۇ خوتەن رايونىدىكى نۇرغۇن يەر ـ جاي ناملىرىنى تۈركولوگىيە ئىلمىغا تايىنىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. «سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇد قەشقەرى ‹دىۋان›نىڭ مۇقەددىمىسىدە: ‹خوتەنلىكلەرنىڭ بەزىلىرى ئىككى تىلدا سۆزلەيدۇ ۋە تۈركچىنى ياخشى بىلمەيدۇ› دەپ يازىدۇ. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇ ئەسلەتمىسى تۈركچىلىشىش جەريانىنىڭ تۈگەللەنمىگەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. «دىۋان» بولسا خوتەن 1006 ـ يىلى قاراخانىيلار تەۋەسىگە ئۆتۈپ 70 يىلدىن كېيىن يېزىلغانىدى. بۇ چاغلاردا، قەدىمكى خوتەن تىلىنىڭ فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىكى تەسىرى ساقلانغانىدى. بۇ سۆزدىن خوتەن قاراخانىيلار تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، تىلى تۈركچىلەشتى دېگەن مەنە چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە»[26]. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ تۈركلىشىشى جەنۇبىي قىسمىدىن خېلى بالدۇر باشلانغان. تارىم ئويمانلىقىدا بولسا ئالدى بىلەن بۇ ۋادىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي گىرۋىكىدىكى تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى، ئاندىن كۇچا بوستانلىقى ۋە شۇ ئارقىلىق تەدرىجىي غەربىي جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە پۈتكۈل قەشقەر ۋە يەركەن بوستانلىقى تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى ھاسىل قىلغان. خوتەن رايونىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى ئەڭ ئاخىرىدا ئىشقا ئاشقان. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلىشىش ھادىسىسى ھەرگىزمۇ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىدىكى ئاھالىلەرنى باشقا جايلارغا قوغلىۋېتىپ، ‹ئۇيغۇر› ئېتنونىمىنى بۇ يەرگە ئومۇملاشتۇرۇشى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە كەڭ كۆلەمدە قوشۇلۇپ، يېڭى بىر

ئېتنىك گەۋدىنى ھاسىل قىلىشى ۋە «ئۇيغۇر» نامىغا ئۇيۇشۇش جەريانىدۇر. ئەگەردە شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر ئاساسىي ئېتنىك ئېقىمى دەپ قارايدىكەنمىز، ئۇنداقتا تارىم ۋادىسىنىڭ ئەسلىدىكى ھىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلقلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يەنە بىر ئاساسىي ئېتنىك ئېقىمى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

شەرقىي پاسىلى كۆچا ۋە بۇگۇر دائىرىسىگىچە يېتىپ بارغان قاراخانىيلار خاندانلىقىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىر داۋامىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا (ئۇيغۇر) نامىنىڭ ئىستېمالدىن قېلىپ قالغانلىقى نوقۇل ھالدا ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىدىنلا بولمىسا كېرەك. چۈنكى، بۇ يەردە مۇنداق بىر ئېھتىماللىقنىمۇ نەزەردە تۇتۇشقا بولامدۇ - قانداق!؟ شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەن بىر بۆلىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي گىرۋىكىگە كىرگەندە، بۇ يەردىكى ھىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكى تېرىم ئاھالىلىرى نوپۇس جەھەتتىن خېلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا قارلۇق، ياغما، تۈركەش، چۇمۇل، باسمىل قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەر ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان ۋە تۈركىي تىلنى ئومۇملاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئارا قوشۇلۇشتىن كېيىن، يەرلىك ئارىئان تىپىدىكى ئاھالىلەر ئىرقىي تۈزۈلمە ۋە ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ئۈستۈنلۈك قازانغان، يەنى «قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، ئاستا - ئاستا «ئۇيغۇر» نامىنى ئۇنتۇپ، قەدىمكى يەرلىك ئاھالىنىڭ قوينىغا سىڭىشىپ كەتكەن»[27]. لېكىن ئۇزاققا سوزۇلغان توختاۋسىز تۈركلىشىشنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار تۈركىي - ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە تۇرۇپ كەلگەن. دەرۋەقە، بۇ بىزنىڭ گۇمانىي تەسەۋۋۇرىمىز بولۇپ، تولۇق ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشنى تەلەپ

قىلىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى نېمە ئۈچۈن قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى خەلقلەرگە «ئۇيغۇر» نامى ئىشلەتمىدى، نېمىشقا كۇچانىڭ شەرق تەرىپىدىكى قوچۇ خانلىقىنىڭ ئاھالىلىرىنى «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىدى[28]، 9 ـ ئەسىردىن تاكى موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىگىچە كۇچانى پاسىل قىلىپ ئوخشاشمىغان ئىككى خىل ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، بىر ـ بىرىگە زىت بولغان دىنىي ئىدىئولوگىيە ۋە پەرقلىق بولغان سىرتقى تەسىر ئىچىدە ياشاپ كەلگەن قوچۇ ئاھالىلىرى بىلەن قاراخانىيلار خەلقى قانداق قىلىپ، تىل، مىللىي پىسخىكا، مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە ئېتنىك خۇسۇسىيەتلەردىكى غايەت زور ئورتاقلىقلارنى ساقلاپ كەلدى؟ دەرۋەقە، بۇلار ئادەتتىكى تەسەۋۋۇر بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر سىر. ئىسلامىيەت ئېتىقادىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي گىرۋەكلىرىگە قاراپ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، «ئۇيغۇر» نامىمۇ بارغانسېرى ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىدى. 16 ـ ئەسىردە ياشىغان تارىخچى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە، ئىككى قېتىم قاراشەھەرنىڭ شەرقىدە «ئۇيغۇر»لارنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ[29]، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى يازما مەنبەلەردە تاكى مۇشۇ ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىغىچە «ئۇيغۇر» نامى ئاساسەن كۆرۈلمىدى.

ئەمما، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونى ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن باشلاپ، تاكى چىڭگىز ئىستىلاسى دەۋرىگىچە، ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇش ۋە يۇغۇرۇلۇش باسقۇچىنى بېشىدىن كۆچۈردى. بۇ دەل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھاياتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق زور دولقۇن ئىدى. بۇ قېتىمقى مىللەتلەر چوڭ دولقۇنىنىڭ نەتىجىسى تۈركىي قەۋملەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈشى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ھىندى ـ ئىران ئىرقىدىكى خەلقلەرنى ئۆز گەۋدىسىگە يۇغۇرۇشى ھەمدە تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىشنى

ئىشقا ئاشۇرۇشى بىلەن تۈگەللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت- تا، مۇشۇ قېتىمقى جەريان ئۆزىنىڭ ھەربىر قەدىمىگە نۇرغۇن قىيىن تۈگۈنلەرنى ۋە يېشىش تەس بولغان سىرلارنى يوشۇرۇپ كەلدى. شۇڭا بارتولد ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشىدىكى سىرلىق جەرياننى چۈشەندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەر ئىسلام ئاسىياسىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا زادى قانداق ئورۇننى تۇتۇپ كەلدى؟ بۇ يەنىلا بىر مۇرەككەپ مەسىلە. تۈركىي قەۋملەر مەي- لى قەيەردىلا بولمىسۇن، ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىگە تامامەن قارام بولۇپ كەتمىدى، ئۇلار مەيلى قەيەرگىلا بارمىسۇن ئۆزد- نىڭ مىللىي تىللىرىنى يوقىتىپ قويمىدى...»[30].

13 - ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈچىنچى قېتىملىق زور تىپتىكى مىللەتلەر دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى دولقۇن چىڭگىزخاننىڭ قىلىچى ئاس- تىغا ئۇيۇشقان موڭغۇل قەۋملىرىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى بويسۇندۇرۇشى داۋامىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا تۈركلىشىش جەريانى تۈگەللەنگەن بىر شارائىتتا، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن بۇ رايوننىڭ ئېتنىك تەركىبىدە يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىش يۈز بەردى. شەرقىي ئىران رايونلىرىغىچە يېتىپ بارغان بىپايان تېررىتورىيىلەر چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، تەخمىنەن 200 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان موڭغۇللارنىڭ تۈركلىشىش ۋە ئىسلاملىشىش جەريانى باشلاندى. بۇ جەرياندا گەرچە موڭغۇللار سىياسىي جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ، بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردىكى ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىل- غان بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت جەھەتتە تەدرىجىي ھالدا ئۆز- لىرى ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتتى. ئارىدىن 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ، ئەمىر تۆمۈر (1333 — 1405) دەۋرىگە كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا موڭغۇللارنىڭ قۇرۇق جازد-

سىلا قىلىپ قالدى. خۇددى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىم تەكىتلەپ ئۆتكەندەك: «1262 ـ يىلىدىن 1360 ـ يىلىغىچە بولغان 100 يىل ئىچىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە موغۇلىستان (شىنجاڭ) دىن تەركىب تاپقان ‹چاغاتاي خانلىقى›، دا 25 ھۆكۈمدار ئۆتتى. چاغاتايدىن كېيىن بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىرەر سىما مەيدانغا كەلمىدى. موڭغۇللاردىن بىر قانچە ئۇرۇق (بارلاس، جوراس، دوغلات ۋە باشقىلار) ئىلى ۋە يەتتىسۇ ۋادىسىدا ‹تۈركىي تىل›نى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ، 100 يىلغا قالمايلا تۈركلەشتى»[31].

چىڭگىز ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋاملاشمىدى، بەلكى ئىككى ئەسىرگە بارمايلا تامامەن تۈركلەشكەن مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. چىڭگىزخانىنىڭ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەن ئىش ئىزلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئەمدى ھەسرەت بىلەن ئەسكە ئالىدىغان شانلىق ئەسلىمە بولۇپ قالدى. ئاللىقاچان تۈركلىشىپ بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى موڭغۇل ئىستىلاسى ئاستىدا تۇرغان بىر ـ ئىككى يۈز يىل ئىچىدە ئىرقىي جەھەتتىن موڭغۇل تىپىنىڭ تەسىرىنى خېلى دەرىجىدە ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈپ، تۈركلىشىش جەريانىنىڭ ئاخىرىقى باسقۇچىنى تاماملىدى. لېكىن موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى تەكشىسىز ئىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭ بوستانلىقلىرى بىلەن مۇنبەت رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان، ماۋارائۇننەھر، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈركمەن قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ـ تۇران تىپىغا خاس ئىرقىي خۇسۇسىيەتلىرىنى زور دەرىجىدە ساقلاپ قالدى ھەمدە ئىرانىي تەسىرلەرگە بولغان مايىللىقنى ھەر ۋاقىت ئىپادىلەپ تۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك قۇرۇلما جەھەتتىكى تەرەققىيات تارى-

خىدا، موغۇل ئىستىلاسى ئېلىپ كەلگەن بۇ ئۈچىنچى قېتىم-لىق چوڭ دولقۇن گەرچە بۇ رايوننىڭ ياۋروپا ئىرقى بىلەن موغۇل ئىرقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن كۆچ سىلىشتۇرمىسىدا موغۇللۇئىد تىپىنىڭ تەسىر-لىرىنى كۆچەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۈپتىن ئۆزگەرتەلمىدى. بەلكى بۇ يەردىكى موغۇللار تۈركىي قەۋملەر تەرىپىدىن ئاستا-ئاستا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ، تۈركلەشكەن ئىسلام مۇخ-لىسلىرى بولۇپ كەتتى. ئىمپىراتور ئەمىر تۆمۈر دەۋرى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى تىمسالى ئىدى.

ئەمىر تۆمۈر ھەقىقەتەنمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى سىرلىق شەخس ئىدى. «ئۇ ھەددەپ ئۆز نەسەبىنىڭ چىڭگىزخان بىلەن بولغان باغلىنىشىنى تەكىتلەيتتى... ناھايىتى روشەنكى، ئەمىر تۆمۈرنىڭ 13 ـ ئەسىردىكى چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنى قايتا قۇرۇش غەرىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ دەۋردە ئاسىيانىڭ كىندىكىدە قوترا ۋاتقان ھەرقايسى قەبىلىلەردە يەنىلا چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنىڭ جانلىق ئەسلىمىلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى...»[32]. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەمىر تۆمۈرنىڭ ھاياتىغا نۇرغۇن زىددىيەتلىك نەرسىلەر مۇجەسسەم-لەشكەنىدى. خۇددى ياپونىيىلىك چىيەنداۋ شىنشى ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئەمىر تۆمۈرنى يىپەك يولىدىكى بىرىنچى قاتاردى-كى شاھ دېيىشتە، ئۇنىڭ ھاياتىغا نۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنغا-نىدى»[33]. ئۇ ئۆز يىلتىزىنى چىڭگىزخانغا باغلاشقا ھەددەپ ئۇ-رۇنسىمۇ، لېكىن سىپى ئۆزىدىن «تۈركىيپەرەست» ۋە ئىخلاس-مەن ئىسلام مۇرتى ئىدى. ئۇ «ئىران ـــ ئىسلام مەدەنىيىتى-نىڭ تۈركىي ـــ موغۇل مىللەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى-نىڭ ئۆلگىسى (دەرۋەقە، ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگى-شىپ بۇ خىل تەسىرمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى) ئىدى. شىراز، ھىرات ياكى باغدات قاتارلىق جايلاردىكى بويسۇندۇرۇل-غان خەلقلەرنىڭ نەزەرىدە بىر «ياۋايى» تاتار (بۇ يەردە موغ-ۇللارنى كۆرسىتىدۇ) ھېسابلانغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇ

بىر نەپەر سۈننىي مەزھەپىدىكى سادىق مۇسۇلمان، دىنىي داھىي، سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ پاسىبانى ھەمدە ئىران سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ھىمايىچىسى ئىدى... چىڭگىزخان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۆمۈر مەدەنىي تەربىيە كۆرگەن، لېكىن ستراتېگىيىلىك ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنرەك شەخس ئىدى»[34].

شۇ سەۋەبتىن، ئەمىر تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇ قۇرغان ئىمپېرىيە ناھايىتى تېزلا چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساس سالغان تۈركىي - موڭغۇل ۋە ئىران - ئىسلام مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مەدەنىي ھايات، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ پەردىسىنى كۆتۈردى. «مەدەنىيەت ساھەسىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ تۆھپىسى تەڭداشسىز ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغۋار دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە شارائىت ھازىرلىدى، ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان چاغاتاي تۈركچىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھىرات، مەشھەت، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردە ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر بىلەن ئىسلام مەدرىسلىرىنى بىنا قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن رەسسام ۋە خەتتاتلارنى ھىماي قىلىشى ئارقىسىدا، ھەممىگە مەشھۇر بولغان پارس ئۇسلۇبىدىكى قىستۇرما رەسىملەر ۋە قوليازمىلار دۇنياغا كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا باشقا ھېچقانداق بىر سۇلالە ئۇلارغا ئوخشاش بۇنداق كۆپ مىراسلارنى قالدۇرالمىدى»[35].

ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭدىن كېيىن گەرچە يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى تۇتۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ستراتېگىيە جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلىقىنى ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئۇلار تاشقى جەھەتتىكى كىرىزىسلارغا تاقابىل تۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ئىچىدە كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ئىختىلاپلارنىمۇ بېسىقتۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى. شۇنىڭدىن

باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى مەڭگۈ ئايغى چىقمايدىغان سىـ-
ياسىي كىرىزىس ۋە ئىچكى تەپرىقىچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ
قالدى. «پەقەت ھىندىستاندىلا ناھايىتى ئۇزۇن بىر جەريان ئۆت-
كەندىن كېيىن، ئەمىر تۆمۈر جەمەتىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش
جەھەتتىكى تالانتى كۆرۈلۈشكە باشلىدى»[36]. بابۇر ھىندىستاندا
موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، بۇ قەدىمىي مەدەنىـ-
يەتلىك ئەلنىڭ تاكى ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىگە ئايلانغىچە
بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلدى ۋە تۈركىي ـ
ھىندى مەدەنىيىتى ئۆز ئارا يۇغۇرۇلغان يېڭى سىستېما بەرپا
قىلدى. ياپونىيە ئالىمى چيەنداۋ شىنسى بابۇر ھەققىدە ھاياجان
بىلەن مۇنۇلارنى يازدى: «بابۇرنىڭ ئۆزى ئاجايىپ گۈزەل تەر-
جىمىھال قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئاجايىپ
نۇر چاچماقتا. ئۇنىڭ ئەۋلادى شاھ جاھان خانىشى ئۈچۈن گۈ-
زەل شەھەر ئاگرادا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ھەشەمەتلىك
تاج مەھەل مەقبەرىسىنى ياساتتى. ئۇنىڭ ئەۋلادى ئىمپېراتور
ئەكبەر ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تالانتى ۋە يۈكسەك قابىلىيىتى بىلەن
ھىندىستان تارىخىدىكى تەڭداشسىز ئەرباب بولۇپ قالدى. شۇ-
نىڭدىن قارىغاندا، تارىخچىلارنىڭ كۆچىنىڭ بارىچە ئەمىر تۆمۈر
ئەۋلادلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىنى
يورۇتۇپ تۇرغان مەرتىۋىلىك جەمەت دەپ مەدھىيىلىشى ئەجەب-
لىنەرلىك بولمىسا كېرەك». لېكىن تارىخنىڭ قانۇنىيىتى ئاجا-
يىپ زىددىيەتلىك بولىدۇ. بابۇر ۋە ئۇنىڭ چىۋەر سەركەردىلىرى
ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ھىندىستانغا باشلاپ بارغان، تا-
مامەن تۈركلەشكەن ئاھالە سىياسىي جەھەتتە ئىزچىل ئۈستۈن-
لۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن 300 يىلغا يەتمىگەن
ۋاقىت ئىچىدە ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ جەزبىدار قوينىغا سىڭىپ
كەتتى. نۇرغۇن مالىمانچىلىقلارنى بېشىدىن كۆچۈرگەن ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغۋار دەۋرلىرىگە
ئوخشىمىغان ھالدا، تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. چىڭگىز
ئىستىلاسىدىن كېيىنكى مىللەتلەرنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق بۇ

چوڭ قوشۇلۇش دولقۇنىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىرقىي تۈزۈلمىسى ۋە ئېتنىك تەرەققىياتى ئاخىرىقى قېتىم تولۇقلاندى. لېكىن بۇ ۋاقىت دەل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى زەئىپلىك دەۋرىگە توغرا كېلىپ قالدى. خۇددى ياپونىيەلىك يۇ تيەنخېڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «شۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جايلارنى ئۆز ئالدىغا بۆلۈشۈۋالغان، راۋاج تاپمىغان مۇسۇلمان پادىشاھلارنىڭ تەسىر - دائىرە تالىشىش سەھنىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ رايوننىڭ ھەممىلا يېرىدە بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتەك تۈرغۈن ھالەت شەكىللىنىپ، يات مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدىكى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەككە - يېگانە ھالىتىنى كۈچەيتىۋەتتى»[37]. شۇنداق قىلىپ، مۇرەككەپ ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان ئۈچ قېتىملىق مىللەتلەر قوشۇلۇش دولقۇنىنى بېشىدىن كۆچۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئېتنىك قۇرۇلما جەھەتتىكى ئاخىرىقى باسقۇچنى تاماملاپ، ھازىرقى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.

**ئىزاھات:**

① خانېدا تورۇ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 51 - بەت.

② يۇتەيشەن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىيات شىركىتى، 35 - بەت.

③ خانېدا تورۇ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 14 - بەت.

④ «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم، 18 - بەت، خەلق نەشرىياتى، 1972 - يىل نەشرى.

⑤ يۇقىرىقى ئەسەر، 4 - توم 155 — 156 - بەتلەر.

⑥ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىغا دائىر ئون ئىككى لېكسىيە»، 36 - بەت.

⑦ ئېھسان يارشاتار R./N فرېي باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن

«كېمبرىج ئىران تارىخى»، Ⅲ توم، 1 ـ كىتاب، 17 ـ باب، لوندون، 1983 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى.
⑧ ئەلى مازاھىرى: «يىپەك يولى — جۇڭگو ـ ئىران مەدەنىيەت ئالاقە تارىخى»، 140 ـ بەت، جوڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1993 ـ يىل نەشرى
⑨⑩⑪ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، Ⅲ توم، فاكسىمىل 605 ـ بەت، 513 ـ بەت. 1 ـ توم فاكسىمىل 173 ـ بەت.
⑫⑬ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىغا دائىر ئون ئىككى لېكسىيە»، 89 ـ بەتلەر.
⑭ ئەلىشىر نەۋايى: «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» — نەۋايى ئەسەرلىرى توپلىمى، 14 ـ توم، 191 ـ 195 ـ بەتلەر، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى.
⑮ «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، 2 ـ توم 2 ـ قىسىم، 203 ـ بەت — ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشى توغرىسىدا» — «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىل 4 ـ سان، 23 ـ بەت.
⑯ ئابې تاكېئو (ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 295 ـ 296 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.
⑰ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، 244 ـ 245 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى.
⑱ شۇ شۇيا: «تۈركلەرنىڭ سامانىيلار خانلىقىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولى» — «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»، 4 ـ توپلام، 177 ـ بەت. بېيجىڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى.
⑲ فىلىپ ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1 ـ توم 424 ـ، 105 ـ بەتلەر. سودا نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى.
⑳ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىغا دائىر ئون ئىككى لېكسىيە»، 44 ـ بەت.
㉑ ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، ئومۇمىي بايان قىسمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.
㉒ ئا.ۋون.گابائىن (گېرمانىيە): «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 6 ـ بەت، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى

باستۇرغان. 1989 ـ يىل خەنزۇچە ئىچكى نەشرى.

㉓ ليۇيىتاڭ (تەيۋەن): «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 207 ـ بەت، تەيۋەن جېڭجۇڭ نەشرىياتى نەشرى.

㉔ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى توغرىسىدا» ـــ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى.

㉕㉗ لى يۇڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر» ـــ «ئۇرۇمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سان.

㉖ ئىمىن تۇرسۇن: «خاقانىيە تىلى، ۋە خوتەن شېۋىسى» ـــ «تارىمدىن تامچە»، 103 ـ بەت.

㉘ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 468 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.

㉙ مىرزا ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، بىرىنچى بۆلۈم، 114 ـ 116 ـ بەتلەر، ئىككىنچى بۆلۈم، 283 ـ، 284 ـ بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ 1985 ـ يىللىرى خەنزۇچە نەشرى.

㉚ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىغا دائىر ئون ئىككى لېكسىيە»، 136 ـ بەت.

㉛ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، 231 ـ بەت.

㉜㉝㉞㉟㊱ گاۋىن ھامبىلى (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 207 ـ، 207 ـ، 208 ـ، 220 ـ بەتلەر، سودا نەشرىياتى 1994 ـ يىل نەشرى.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا

(يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايېف بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسى)

**مۇھەررىردىن:** يولداش سەيپۇللايېف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، رەئىسى بولغان، قوشۇمچە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە مۇۋەققەت ھاكىم قا- تارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

يېقىنقى كۈنلەردە يولداش سەيپۇللايېف «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تا- رىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى ئوتتۇرىغا قويغان بىرنەچچە مەسىلىگە قىسقىچە جاۋاب يازغان. بىز ئەنە شۇ جاۋابلار ئىچىدىن بىرنەچچە مەز- مۇننى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىشنى لايىق تاپتۇق. مۇشۇ مەسىلىلەر ھەققىدە تېخىمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن، تەھرىر بۆ- لۈمىمىز خادىمى ئابلىز ئورخۇن يولداش سەيپۇللايېف بىلەن بۇ ھەقتە مەخسۇس سۆھبەتلەشتى ۋە شۇ ئاساستا بۇ ماقالىنى تەييارلىدى.

**«ئازادلىق تەشكىلاتى» ھەققىدە**

ئىلىدىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلات تۆۋەندىكى 12 كىشىدىن تەشكىللەنگەن: ئېلىخان تۆرە (باشلىق)، مۇھەممەتجان مەخسۇم، رەھىمجان سابىرھاجىيېف، جانى يولداشېف، ئابدۇرەئۇپ مەخ- سۇم، سالجانباي، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، زۇنۇن تېيىپوف، مويدىن ئەخمىدى، ئۆمەرجان، نۇردۇنبەگ. بۇلاردىن باشقا بۇ تەشكىلاتنىڭ تۆۋەندە ئەزالىرى يوق ئىدى. «ئازادلىق تەشكىلاتى» شەھەر خەلقىنى گومىنداڭغا قارشى قوز- غاشنى مەقسەت قىلغان. بولۇپمۇ ئېلىخان تۆرە غۇلجا شەھىرى- دىكى مەسچىتلەردە دىننى تەشۋىق قىلىش ۋاستىسى بىلەن خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا

چاقىرغان. «ئازادلىق تەشكىلاتى» ۋە «ئازادلىق جەمئىيىتى» دې-
گەندەك ناملاردا ئالتاي، قەشقەر، تاشقورغانلاردىمۇ بىر نەچچە
تەشكىلات تەشكىللەنگەن. گومىنداڭغا قارشى مەخپىي ھەرىكەت-
لەر 1943 ـ يىلى يازدا بىر نەچچە جايدا باشلانغان بولسىمۇ، لې-
كىن مەغلۇب بولغان. پەقەت ئىلىدا 1944 ـ يىلى كۈزدە قوز-
غالغان قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئۈچۈن، خەلق بۇ ئىنقىلابنى
«ئىلى ئىنقىلابى» دەپ ئاتىغان. بۇ ئىنقىلاب ئۈچ ۋىلايەت دائى-
رىسىدە تولۇق غەلىبە قىلغانلىقى ۋە گومىنداڭ تەرەپ بىلەن
تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىغانلىقى ئۈچۈن، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئىنقىلاب شىنجاڭدىكى توققۇز ۋىلايەت، 42
ناھىيىدە تۈرلۈك دەرىجىدە ئىنقىلاب ئوتىنى تۇتاشتۇرغان. شۇ-
ڭا، ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بولۇپ، رەئىس
ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك «جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ
بىر قىسمى».

**غۇلجا شەھرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى**

1944 ـ يىل 8 ـ ئايدا نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تاغ-
لىرىدا پەيدا بولغان قوراللىق گۇرۇپپىنىڭ كېڭىيىشى، بولۇپمۇ
چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن ئىككى ئايدىن ئارتۇق
ۋاقىت ئىچىدە چوڭ بىر پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىل بولدى.
بۇلار 6 ـ نويابىر كۈنى غۇلجا شەھرىگە ھۇجۇم قىلدى. نىلقا
پارتىزانلىرىنىڭ ھەرىكىتى باشلىنىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە
غۇلجا شەھرىدىن بىر مۇنچە كىشىلەر سابىق سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ قورغاس چېگرىسىغا قېچىپ بارغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى
مەقسەتلىك قېچىپ بارغانلار بولسا، بىر قىسمى گومىنداڭنىڭ
قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ قېچىپ بارغانلار ئىدى. بۇلار
ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئالېكساندروف (يەرلىكلەشكەن رۇس)
لارنىڭ قوماندانلىقىدا بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلغان، بۇلارمۇ 6 ـ
نويابىردا غۇلجا شەھرىگە ھۇجۇم قىلدى. شەھەر خەلقى «ئازاد-

لىق تەشكىلاتى»، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىشى بىلەن پارتىزانلارغا ئاۋاز قوشۇپ كەڭ تۇردە قوزغالدى.

**ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىل قىلىنىشى**

غۇلجا شەھىرى گومىنداڭدىن ئاساسىي جەھەتتىن تازىلاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭدا:

رەئىس ـ ئېلىخان تۆرە.

مۇئاۋىن رەئىس ـ ھاكىم بەگ غوجا

مالىيە نازىرى ـ ئەنۋەر مۇسابايېف، مۇئاۋىن نازىرى گېرىدېنكو (مەسلىھەتچى)

مائارىپ نازىرى ـ ھەبىب يۇنىچى (2 ـ ئايدىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى)

سەھىيە نازىرى ـ مويدىن ئەخمىدى

تەپتىش نازىرى ـ جانى يولداشېف

تەمىرات نازىرى ـ سالجانباي

باش كاتىپ ـ ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم

ئىچكى ئىشلار نازىرى ـ رەھىمجان سابىرھاجىيېف، مۇئاۋىن نازىر ـ ماسكالىيوف

سوت باشلىقى ـ مۇھەممەتجان مەخسۇم

تەشۋىقات مەسئۇلى ـ ئابدۇكېرىم ئابباسوف

ھەربىي قوماندان ـ دەسلەپكى كۈندە ئالېكساندروف، كېيىن پالىنوف، ئاخىرىدا ئىسھاقبېك مۇنۇنوف

مۇھىم مەمۇرىي ئورۇنلارغا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كىشىلىرىدىن مەسلىھەتچى تەيىنلەندى. ئۇلار:

ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىسى (ئېلىخان تۆرىنىڭ) ـ مۇھسىن ئەپەندى

ساقچى مەسلىھەتچىسى ـ ئېلى ئەپەندى (تاتار)

تەپتىش مەسلىھەتچىسى ـ سۇلايمان روزىيېف

مائارىپ مەسلىھەتچىسى ـ ئابدۇللايېف، كېيىن خېلىم خۇدابەردىيېف

تەمىرات مەسلىھەتچىسى ـ ئۆمەر ئەپەندى
دىنىي نازارەت مەسلىھەتچىسى ـ جەپەر داموللا

**ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدىكى دىنىي مەسلە**

ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئىلىخان تۆرىنىڭ دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلىرى كۈچەيگەن. ئىلىخان تۆرە ھاكىمىيەت تۇتقان كۈنلەردە دىنىي ئىبارىلەر بىلەن خەلقنى سەپەرۋەر قىلىشقا، دىنىي تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشكە تىرىشقان. ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدە «كىنو ـ تىياتىرلاردا ئەر ـ ئاياللار ئايرىم ئولتۇرۇشى لازىم»، «ئاياللار يۈزىنى يېپىشى لازىم»، دېگەن گەپ ـ سۆزلەرمۇ تارقالغان. بىراق 1940 ـ يىللاردىن بۇرۇنمۇ ئىلىدا يۈزىنى ياپمايدىغان ئاياللار خېلى بار بولغاچقا، ئۇنى چەكلەش قىيىن، ئەلۋەتتە. دىنىي نازارەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلەردە شۆبە بۆلۈملىرى قۇرۇلغان. ئاخۇنلار نىكاھ، مىراس ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بۇنداق ئىش ئىنقىلابتىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلاب مەزگىلىدە بەزى يەرلەردە كۈچىيىپ قالغانىدى. بىراق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋەرگەن.

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىيلەر ئىچىدە پولكتا ئاخۇن، روتىدا ئىمام تەيىنلەنگەن. ئۇلار ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش، تىنچ ۋاقىتلاردا ناماز ئۆتەلگۈچىلەرگە ئىمامەتچىلىك قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. كوماندىرلار بىر مەزگىل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كىشىلىرى، كېيىن زىيالىيلاردىن بولغاچقا، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىدا ئىختىيارىيلىق ئاساس ئىدى.

قىسقىسى، شۇ چاغدىكى دىنىي تەشۋىقات ئىلىخان تۆرىنىڭ شەخسىي ئىمتىيازى ۋە خاھىشى بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. باشقا دىندارلار ھەرقانچە سۆزلىسىمۇ، ئىلىخان تۆرىدەك سۆزلىيەلمەيتتى ھەمدە سۆزلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتلىرىدە بېسىلمايتتى. ئىلىخان تۆرە ۋە باشقا دىنىي ساھەدىكىلەر دىنىي

ئېتىقادنى كۆچەيتىشكە ۋە كېڭەيتىشكە ھەرقانچە ئىنتىلسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتلەرنىڭ، ئىلغار كۈچلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاشقا بولمايتتى.

**ئۈچ ۋىلايەتتە پانتۈركىزم ھەرىكىتى بولغانمۇ؟**

بەزى ماقالىلەردە، ئۈچ ۋىلايەتتە پانتۈركىزمچىلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان، XX يىلى پانتۈركىزمچىلارنىڭ ھەرىكىتى كۈچەيگەن، ئېلىخان تۆرە پانتۈركىست ئىدى، دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغان. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى پانتۈركىزمغا ۋە پانتۈركىستلارغا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن، ھەتتا گۇمانلىق كىشىلەر نازارەت قىلىنغان. 1947 ـ يىلى مەسئۇد ئىلىغا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بېرىپ، يېقىنلىرىغا ئىلىدا بىر ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ «پانتۈركىزم ھەرىكىتىنى باشلىماقچى بولغانلىق» دەپ قارىلىپ دەرھال چەكلەندى ۋە مەسئۇدقا قارشى مەخپىي تەشۋىق ۋارىقى تارقىتىلىپ، مەسئۇد ئىلىدىن قوغلاندى.

1948 ـ يىلى ماناس دەرياسى بويىدىكى مىللىي ئارمىيە ئىدىچىدىن ساۋۇت ئابدۇراخمان قاتارلىق ئون نەچچە كىشى ۋە غۇلجىدىن ئىككى ـ ئۈچ كىشى پانتۈركىزملىق تەشكىلات قۇرغان، دەپ قارىلىپ قولغا ئېلىندى. شۇ چاغدا ئۇلار قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن «تۆۋەنامە» يازدۇرۇپ گېزىتتە ئېلان قىلغان. ئۇقۇشىمىزچە، ئەسلىدە، ئۇلار بەزى رۇس ياشلىرىنى دوراپ «ئاغىنە بولۇش» دېيىش بىلەن بىر نەچچە ياش بەدەنلىرىگە گۈل چېكىۋالغانىكەن. ئۇ خاتا ھالدا مەجبۇرلاش ئارقىسىدا «پانتۈركىزملىق تەشكىلات» بولۇپ قالغان. بۇلارنىڭ ئارخىپى بار، تارىخچىلار ئېنىقلاپ كۆرسە بولىدۇ.

1950 ـ يىلى ئىلىدا «راخمانوفنىڭ پانتۈركىزملىق تەشكىلاتى» پاش قىلىندى، دەپ ئېلان قىلىنىپ، راخمانوف ئۈستىدىن سوت ھۆكۈم چىقارغان. ئەمەلىيەتتە، راخمانوف كاپىتان ئابدۇكېرىم (شەھەر كومېندانتىنىڭ كومىسسارى) نى ئۆلتۈرگەن

قاتىل ئىدى. ئۇنىڭغا سوتنىڭ ھۆكۈم چىقىرىپ جازالىشى باشقا گەپ. لېكىن ئۇنى «پانتۈركىزملىق تەشكىلات» قۇرغان دېيىشكە پاكىت يوق، دەپ قارايمەن. بۇنىڭ ئارخىپى بار، بۇنىمۇ ئېنىقلاپ كۆرۈش لازىم.

1952 ـ يىلى ئىلىدا رەھىمجان سابىر ھاجىيېۋ قاتارلىق بىر مۇنچە كىشىلەر «پانتۈركىست»، «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېيىلىپ، ساقچى ئورۇنلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. چۆچەكتىمۇ مەمەتنىياز قارىغا ئوخشاش كىشىلەر «پانتۈركىست» دەپ قارىلىپ قولغا ئېلىنغان. لېكىن بۇ ئىشلار ئۆز ۋاقتىدا خاتا دېلو دەپ ئاقلىنىپ، ھەممىسىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئېلىخان تۆرە بەزى ماقالىلەردە «پانتۈركىست»، «پان ئىسلامىست» دېيىلدى. بۇنداق دېيىش ئۈچۈن چوقۇم قايىل قىلارلىق پاكىت بولۇشى كېرەك. ئېلىخان تۆرىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە پانتۈركىزملىق ھەرىكەت ئېلىپ بارغان» لىقىغا پاكىت تېپىش قىيىن، ئېلىخان تۆرە كىچىكىدىن دىنىي تەلىم ئالغان دىنىي ئۆلىما، تەقۋاردا مۇسۇلمان، كەسپىي تېۋىپ ئىدى. ھەر بىر تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ پان ئىسلامىست بولۇشى ناتايىن.

مېنىڭ بىلىشىمچە، 1933 ـ، 1936 ـ يىللاردا قەشقەردە تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن بەش ـ ئالتە كىشى بار بولۇپ، بۇلاردىن قەشقەردىكى نوبېشى باشلانغۇچ مەكتەپتە يۈسۈپ ئەپەندى، سىبۇ مەكتەپتە ئابدۇرېھىم ھاجى، ئاتۇشتا مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىقلار تۈنجى قېتىم ئېچىلغان يەنىي باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مۇدىر بولغان ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1936 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى يوقاتتى. 1930 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن خەلقلەر ئىچىدە ئاز سانلىق كىشىلەر شېڭ شىسەي دەۋرىدە «پانتۈركىست»، «پان ئىسلامىست» ھېسابلىنىپ قولغا ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى ھەمدە شۇ كۈنلەردە پانتۈركىزمغا قارشى تەشۋىقاتلار قانات يايدۇرۇلدى.

بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئوت-تۇرا ئاسىيادا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق ئىسيان كۆ-تۈرۈلگەندە، چەت ئەلدىكى بىر قىسىم سوۋېتكە قارشى كۈچلەرمۇ ئۇلارغا قورال ـ ياراغ ۋە ئادەم كۈچى ياردەم قىلغان، ھەتتا تۈر-كىيىلىك ئەنۋەر پاشا دېگەن كىشى كېلىپ ئىسيانچىلارغا قو-ماندانلىق قىلغان.

شۇڭا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قوراللىق ئىس-يانچىلارنى مەغلۇب قىلىش بىلەن ئۇلارغا قوشۇلغان ۋە ھېسداش-لىق قىلغانلارنى «خەلق دۈشمەنلىرى» («ئەكسىلئىنقىلابچىلار») دەپ قاتتىق باستۇرغان. شۇ ۋەجىدىن 1930 ـ يىللاردا شىنجاڭدا ئىشلىگەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ساقچى خادىملىرى شىنجاڭ-دىمۇ پانتۈركىست، پانئىسلامىستلارنى «دۈشمەن» ھېسابلاپ قات-تىق باستۇرغان.

ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىمۇ ھەممە ساھەلەردە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش تەبىئىي ئىدى.

بەزى ماقالىلەردە، ئېلىخان تۆرە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقىت (1944 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1946 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە) بىلەن بىتىمدىن كېيىنكى (1946 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە) ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىك قىلغان ۋاقىت ھەققىدە توختالغاندا، ئۇ ئىنقىلابنىڭ ئىككى باسقۇچى بولسىمۇ، ئۇنى ئىككى دەۋر قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئەھۋال كۆ-رۈندى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئېلى-خان تۆرە رەئىس بولسىمۇ، لېكىن باش قوماندانىدىن تارتىپ روتا كوماندىرلىرىغىچە بىر نەچچە يۈز سابىق سوۋېت ئىتتىپاقلىق كوماندىرلار ئىشلىگەن. ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچىلەر بار ئىدى. غۇلجا نوۋىيگوردتىكى رۇس چېركاۋىنىڭ باش پوپىمۇ موسكۋادىن ئەۋە-تىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۆز

ۋەتىنىگە قايتقان. بۇنداق بولغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىتىم ئىمزالىنىشتىن ئىلگىرى، يەنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرى بار چاغدا خاتا يولغا كىرگەن، بىتىم ئىمزالىنىپ ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئىنقىلاب توغرا يولغا چۈشكەن، دېگەن مەنە چىقىپ قالامدۇ؟ ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەلىلقان سۇگۇربايېف قاتارلىق كىشىلەر- مۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ياكى ئۇ يەردىن پاناھلىق تىلەپ بېرىپ قايتقان كىشىلەر. بۇلار بىتىم ئالدىدىمۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىدى. بىتىمدىن بۇرۇن يا- كى كېيىنمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەتنى ئوخشاشلا ھەممە جەھەتتىن قوللاپ كەلگەن. ئەمما بىتىمدىن كېيىنكى سىياسەت، تەدبىرلەردە پەرق بولغانلىقى ئېنىق. ئېلىخان تۆرە شۇ دەۋرنىڭ ئادىمى ۋە دىنىي زات بولۇشى سەۋەبلىك ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدە بەزى سەلبىي تەسىرلەرنى قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بىر ئېلىخان تۆرىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئوخشىمىغان ئىككى دەۋرگە ئايرىش رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىسا كېرەك.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئېلىخان تۆرىنى «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ ۋە ۋاقىتلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى قىلىشقا ماقۇل بولسىمۇ، لېكىن ئۇ- نىڭدىن گۇمانلىناتتى. ئۇنىڭ شىنجاڭدا داۋاملىق خىزمەت ئىش- لىشىنى ياقتۇرمايتتى. بىتىم ئىمزالىنىش ئالدىدا ئېلىخان تۆ- رىنىڭ ئىستىپا بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ، مەخپىي خەت يېزىش ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئېلىخان تۆرە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا (ئۆزبېكىستاندا) بىر مەزگىل دىنىي خىزمەت ئىش- لەپ، كېيىنكى يىللاردا ۋاپات بولغان. ئېلىخان تۆرە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەلۇم رول ئوينىغان تارىخىي شەخس.

«خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى»گە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھۋاللار

1946 ـ يىلى بىتىم ئىمزالىنىش ئالدىدا ئىلىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە مەخپىي تەشكىلات «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» (خ ئى پ) تەشكىل قىلىنغان. ئەزالىرى ئاساسىي جەھەتتە، ئۈچ ۋىلايەتتە خىزمەت قىلىۋاتقان ياشلار، زىيالىيلار ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر، خوتەنلەردىمۇ گۇرۇپپىلار تەشكىل قىلىنغان. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئېيتىماقچىمەن: پارتىيىنىڭ قۇرۇلغانلىق ئىشىنى غۇلجىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىغا خەۋەر قىلىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، بۇ ئىشنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈستىگە ئالغانىدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ماڭا: «مەن ئېيتقىچە كونسۇلخانا بىلىپ بوپتۇ، بۇنى كىم خەۋەر قىلغاندۇ؟» دېدى. ئېنىق بىر يەرگە كېلەلمىدۇق. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف يەنە شۇ ھەقتە سۆز ئېچىپ «كونسۇلخانا خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى موسكۋا ئارقىلىق ئۇققان بولسا كېرەك. ئارىمىزدىن XX قورغاس چېگرىسىغا خەۋەر بەرگەن، موسكۋا بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، غۇلجا كونسۇلخانىسىدىن ئۇقۇشقاندا، ئۇلار بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بولغاچقا، «پارتىيە قۇرۇلغان ئىش يوق» دەپ جاۋاب بېرىپ، موسكۋانىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان. شۇڭا كونسۇلخانىنىڭ بىزگە بولغان مۇئامىلىسى قوپال بولغان»، دېدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق كىشىلەر ئۈرۈمچىگە خىزمەتكە كەلگەچكە، پارتىيىنىڭ ئىش ئورنىمۇ ئۈرۈمچىدە بولغان. يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە موسكۋادىن كەلگەن بىر مەسئۇل كىشى بىلەن خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى ھەققىدە سۆزلەشكەندە، ئۇ كىشى ھېچقانداق باشقىچە پىكىردە بولمىغان.

1947 ـ يىلى بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن ئى-

لىغا قېچىپ بارغان بىر تۇركۇم ئىلغار زىيالىيلار بۇ پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. شۇ كۈنلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى مۇئاۋىن كونسۇلى xx گە: «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىگە كىردىڭمۇ... ئۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلات» دېگەنىكەن. بۇ گەپ 1957 ـ يىلىدىكى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش ۋاقتىدا چوڭ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان (ئۆز ۋاقتىدا ئۇ گەپكە ھېچكىم ئىشەنمىگەن). بۇ يەردە ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرى، موسكۋا راستىنلا خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنى «ئەكسىيەتچى تەشكىلات» دەپ قارىغان بولسا، پارتىيە قۇرۇلغان چاغدىلا توزۇپ كېتەتتى. ھەتتا ئۇيۇشتۇرغۇچىلارمۇ قاتتىق جازالىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە بىرى، 1948 ـ يىلى يازدا موسكۋادىن بىر كىشى كېلىپ پارتىيىدىن ئىككى ۋەكىل كۆرسىتىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلار خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى يېڭىدىن تەشكىل بولىدىغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» غا قوشۇشنى تەكلىپ قىلدى، بۇ مەسىلىدە بىر قىسىم يولداشلاردا ئوخشىمىغان پىكىر بولسىمۇ، موسكۋانىڭ تەكلىپى بولغاچقا، ئۇ تەكلىپكە قوشۇلغان.

**«ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» توغرىسىدا**

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى 1945 ـ يىل 11 ـ ئايدا تەشكىل قىلىنغان. 1946 ـ يىلى خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياشلار تەشكىلاتى ئىچكى جەھەتتە پارتىيىنىڭ ياشلار بۆلۈمى بولۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 1948 ـ يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا، ئىتتىپاقنىڭ ياشلار بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ياشلارنى تەشكىللەپ ۋە تەربىيىلەپ، گومىنداڭغا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە غەلىبە مېۋىسىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىدى. ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈچ ۋىلا-

يەت دائىرىسىدىكى بارلىق ۋىلايەت، ناھىيە ۋە مەكتەپ، كان ـ كارخانا، ھەربىي قىسىملاردا ھەر دەرىجىلىك تەشكىلىي ئاپپاراتـ لىرى بار بولۇپ، ئومۇمىي ئەزاسى 14 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. نىزامنامىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى ئېسىمدە يوق. لېكىن تەشـ كىلاتنىڭ مەسئۇللىرى ئىلغار ئىدىيىدىكى ياشلار بولغاچقا، نىزامنامىگىمۇ ئۆز ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەن. ھەتتا نىزامنامىدە «مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش تەشكىلاتنىڭ ئۆز ۋەزىپىسى» دەپ يېزىلغان. ياشلار تەشكىلاتى يەنە خىزمەت نىشانىنى بېكىتكەندە، «خەلقنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈـ رەش قىلىش»، «ئىلمىي ئاساستا كۈرەش ئېلىپ بېرىش»، «دۇنـ ياۋى خەلقچىل كۈچلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىش» دېگەندەك سۆزـ لەرنى يازغان. نىزامنامىگە «ماركسىزم ـ لېنىنىزم»، «سوتسىياـ لىزم» دېگەندەك ئىبارىلەرنى يېزىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى سوتسىيالىزم شوئارىنى ئۇچۇق تەشۋىق قىلىش شۇ شاراـ ئىتتا «سولچىللىق» دەپ قارىلىپ، خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭغا قارشى كەڭ تۈردە قوزغاشقا پايدىلىق ئەمەس، دەپ ھېسابلىغان. نىزامنامىدىكى بەزى مەزمۇنلارغا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ قوـ شۇلماسلىقى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا ئوچۇق قارـ شىلىق بىلدۈرەلمەيتتى.

ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى ھەپتىلىك ئۆگىنىش، تۇرمۇش يىغىنلىرىغا قاتنىشاتتى. قەرەللىك ھالدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ۋەـ زىيەت توغرىسىدا دوكلات بېرىلەتتى. ياشلار تەشكىلاتىنىڭ يەنە ئورگان ژۇرنىلى بولغان ئايلىق «كۈرەش» ژۇرنىلى نەشىر قىلىـ نىپ تۇراتتى، ژۇرنال تىنچلىق بىتىمىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ماسلاشتى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت سايلام ئېلىپ بارغاندا ۋە گومىنداڭ ئوسـ مان، قالىبېكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قوزغىغاندا، ياشلار تەشكىلاتى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. بوـ

لۇپمۇ تارباغاتاي ياشلار تەشكىلاتى تـەشكىلات ئـەزالىرىدىـن 600 ياشنى تەشكىللەپ ئوسمان بىلەن گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمىغا قـار-شى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغان.

**ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن تىنچلىق بىتىمى ئىمزا-لىغان؟**

بۇ مەسىلىدە ھەر خىل سۆزلەر بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن: بـەزى-لەر ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇمچىنى ئېلىشقا كۈچى يەت-مەيدىغان بولغاچقا، تىنچلىق بىتىمى تۈزدى، دېسە، بەزىلەر: ئەس-لى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەتنى قوللاپ، شىنجاڭنى مۇستە-قىل قىلماقچى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنـى ئۆزىگە قـو-شۇۋالماقچى بولغان، لېكىن خەلقئارا ۋەزىيەت يول قويمىغانلىـق-تىن، تىنچلىق بىتىمى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان، دېگەندەك سۆز-لەرنى قىلىپ يۈرگەن. بۇ گەپلەرنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. بـۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىمەن:

1) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەسلىدە باشلىنىشىدىنلا مۇستـە-قىل بولۇشنى ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنـى نەزەربەنت قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئـۇرۇشىغا مـەدەت بېرىشنى مەقسەت قىلغان.

2) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىـلابىدىن كېـ-يىن، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ جۇڭگـونىڭ بىـر ئۆلكىسى بولـۇشىنى ئـىزچىل قـوللاپ كەلدى. سـابىق سوۋېـت ئىتتىپاقىنىڭ مەقسىتى شىنجاڭدا سابىق سوۋېت ئىتتـىپاقىغـا قارشى كۈچلەرنىڭ ئورۇنلىـشىشـنى توسۇش ۋە سـابىق سوۋېـت ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت.

3) تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاش يالغۇز شىنجاڭدىكى يەككە ـ يېگانە ئىش ئەمەس. شۇ كۈنلەردە دۇنيا ۋەزىيىتىـدىكى چاۋشيـەن، ۋېيتـنام، گېرمـانىيە قـاتارلىق دۆلـەتلەردە ئـىمزالانغان ئـۇرۇش توختىتىش توغرىسىدىكى تىنچلىق كېلىشىملىرى بـىلەن بىـر-لەشتۈرۈپ قارىغاندا، بۇ مەسىلىنى ئېـنىقراق چـۈشىنىـۋالغىلى

بولىدۇ.

ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە مۇستەقىللىق شوئارىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن خەلق ئىچىدىمۇ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىمىز، دەيدىغان تونۇشنىڭ ئومۇملاشقان تەرىپىمۇ بار. لېكىن تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ شوئاردىن ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىلغان، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

**تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن مۇناسىۋىتى بولغانمۇ؟**

ھازىر بەزى ماتېرىياللاردا (سۇڭ شىليەن ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسىدە)، تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت قوزغىغان، تۇرپانغا ئۈچ ۋىلايەت ياشلار تەشكىلاتى كادىرلىرى ئەۋەتىلگەن، دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغان. تۇرپان خەلقىنىڭ قوزغىلىشىغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق. ئەمما قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي سەۋەبى گومىنداڭنىڭ تۇرپان خەلقىگە سالغان زۇلۇمىدىن بولغان. سۇڭ شىليەن ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسىدە، ھەتتا «ئۈچ ۋىلايەت ئەۋەتكەن پالانى — پوكۇنلار ئەسىرگە چۈشتى»، دەپ يېزىلغان. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تۇرپان خەلقىگە قوزغىلىش بۇيرۇقى قىلغانلىق ۋە ئادەم ئەۋەتكەنلىك مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقىنىڭ ھەرىكىتى ئىنقىلابىي ھەرىكەت. ئەمما ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ قوزغىلاڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىتىمگە خىلاپ ھەرقانداق ھەرىكەتلەرنى توسقان. شۇڭا تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «قوزغىلاڭ قىلمىز» دېگۈچىلەرنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ھەرىكەتلىرىنى توسۇپ قالغان. جۈملىدىن غېنى، مۇسا (قاقۋاش) قاتارلىق ئون نەچچە كىشى قوراللىنىپ تۇرپان تاغلىرىغا كېلىپ، «بىز ئۈرۈمچىدىن ئىنقىلاب قىلىشقا كەلدۇق، بىزنى ئەخمەتجان ئەپەندى ئەۋەتتى» دەپ داۋراڭ سالغاندا، ھاكىم ئابدۇراخمان بىر بەن ساقچى ئەۋە-

تىپ، ئۇلارنى توسقان، لېكىن ئارىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، غىپ-
نى، مۇسا قاتارلىق توت كىشىگە ئوق تېگىپ ئۆلگەن. گومىنداڭ
تەرەپ ئەھۋالنى بىلمىگەن ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، مۇشۇ ئىشنى
باھانە قىلىپ، خەلقنى «ئىنقىلابىي ياشلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىللار-
نى يوقىتايلى!» دەپ جەسەتنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىشقا قۇتىرد-
تىپ، ئىلغار كوچىلەرگە زەربە بېرىشكە ئۇرۇنغان. بەزىلەرنىڭ
ئۈچ ۋىلايەت ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە
ئەۋەتتى، دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. تۇرپان
قوزغىلىڭىغا قاتنىشىمىز، دەپ ئۈرۈمچىدىن بارغان ياشلار ئىچىد-
ده ئۆزلىرىنى ئۈرۈمچىدىكى دېموكراتىك ياشلار تەشكىلاتىنىڭ
ئەزاسى دەپ بارغانلاردىن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىند-
قىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلار دېموكراتىك
ياشلار تەشكىلاتى ئەۋەتكەن بولماستىن، ئۆز ئالدىغا قىزىپ كېد-
تىش بىلەن بارغان بالىلار بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن.

**ئىلىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يولغا قويغان مىللىي سىياسەتلەر**

1. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش سىياسىتىنى ئېلان قىلغان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەركىبىگە ھەر مىللەتتىن بولغان ياشلار ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىپ، مىللەت تەۋەلىكى بويىچە ئايرىم - ئايرىم موڭغۇل پولكى، خۇيزۇ پولكى ۋە شىبە ئىسكادرونى تەشكىل قىلىنغان ۋە شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىدىن كو-ماندىرلار قويۇلغانىدى.

بەزى شەھەرلەر ئىشغال قىلىنغان كۈنلىرى ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا قەستەن خەنزۇلارنى ئۆلتۈرگەن، بولغان لۈكچەك ئۇنسۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش قارار قىلىنغان. ئەمەلىيەتتىد-مۇ، غۇلجا، سۈيدۇڭ، چۆچەك، شىخولاردا بىر نەچچە جەڭچىگە ئۆز ۋاقتىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. خەنزۇلار ئۈچۈن مەخسۇس جەمئىيەت تەشكىل قىلىنىپ، نورمال تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە

قىلىنغان. خەنزۇ مەكتەپلىرى ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق پۇقرا سۈپىتىدە ئۆز تىل ـ يېزىقىدا تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى يولغا قويۇلغان، خەنزۇچە گېزىت چىقىرىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قانداقتۇر بىرەر مىللەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب بولماستىن، بەلكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تەڭلىك، باراۋەرلىك، ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب ئىدى.

2) ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە ئەينى دەۋردىكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، موڭغۇل بالىلىرى ئۈچۈن غۇلجا ۋە چۆچەك شەھىرىدە ھۆكۈمەت ھېسابىغا ياتاقلىق مەكتەپ ئاچقان.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 391 ـ نومۇرلۇق ھۆكۈمەت قارارىنى ئېلان قىلىپ، باجنى 50% كېمەيتىش، باج تۆلەشكە قۇربى يەتمىگەن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى بەلگىلىگەن.

ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت دېھقانلارغا دېھقانچىلىق قورال ـ سايمانلىرى، ئات ـ كالا ۋە ئۇرۇق تارقىتىپ بەرگەن.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇپ (بۇ شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان بانكا بولسا كېرەك)، بانكا ئارقىلىق دېھقانلارغا قەرز پۇل تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا يار ـ يۆلەك بولغان، جازانىخورلارغا زەربە بەرگەن.

يېتىم بالىلار يىغىۋېلىنىپ، دۆلەت تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن، ھۆكۈمەت يەنە ئىگە ـ چاقىسىز بوۋاي ـ مومايلار ۋە نامراتلارغا مەلۇم مىقداردا قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى تارقىتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارىي قىلدۇرغان.

# ئاق گۋاردىيىچى گېنېرال دۇتوفنى كىم ئۆلتۈرگەن؟

هۇسەيىن ئەبەيدۇللا

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنـ ـقىلابى ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، چار پادىشاھقا سادىق گېنېراللار يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرمەي، چېگرا جايلاردا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن جاھىللىق بىلەن قار ـ شىلىق كۆرسەتتى. سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ شەرقىي (قازاقىسـ ـتان) رايونلىرىغا توپلانغان ئاق گۋاردىيىچى دۇتوف باشچىلىقىـ ـدىكى چارروسىيە ئەسكەرلىرى قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ سۈيدۇڭ ناھىيىسى (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى)گە ئورۇنلاشتى. بۇ يەردە ئاتامان دۇتوف بىر تەرەپتىن قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلانسا، يەنە بىر تەرەپـ ـتىن چېگرا ئەتراپىدا قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ، خەلقنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا چوڭ زىيانلارنى كەلتۈرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاق گۋاردىيىچى گېنېرال دۇتوفنىڭ مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەقـ ـقىدە خەۋەر تارقالغان. ئۇنىڭ سۈيدۈڭدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئەينى ۋاقىتتا ئىلى ۋىلايىتى، غۇلجا شەھىرى ۋە ئۇرۇمچىدە كىشىلەر ـ نىڭ دىققىتىنى تارتقان چوڭ بىر ۋەقە ھېسابلانغان. سۈيدۈڭدە گېنېرال دۇتوفنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۇزاقتىن بېرى سىر بولۇپ كەلگەنىدى.

يېقىنقى يىللاردا ئالمۇتىدا تاتار تىلىدا چىقىدىغان «ئۈمىد» ناملىق گېزىتتە، مەزكۇر گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ئەنۋەر لوقمان يازغان بىر پارچە ماقالە بېسىلغان. بۇ ماقالىدە 20 ـ يىللاردا بىزنىڭ تېررىتورىيىمىز ئىچىدە يۈز بەرگەن دۇتوفنى

ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنىڭ سىرى ئېچىلغان.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى قازاقىستاندا بىر كىنو فىلىم ئىشلىنىپ، ئۇنىڭدا ئاق گۋاردىيچىلەرنىڭ قوماندانى دۇتوفنى قازاق يىگىتى شادىياروفنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ قەھرىمان، تالانتلىق بىر رازۋېدچىك ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

بولشېۋىكلار پارتىيىسى 1917 ـ يىلى چارپادىشاھ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، تۇنجى سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيىلەر ۋە چارروسىيىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئاق گۋاردىيىچى گېنېراللاردىن ۋىرانگىل، كولچاك، دۇتوفلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى. جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي چېگرا رايونى بولغان يەتتىسۇدا باندىتلار باشلىقى دۇتوفنى قوللاپ، شەرق تەرەپتىن سوۋېت ھاكىمىيىتىگە زەربە بەرمەكچى بولىدۇ. دۇتوف بۇ رايوندىكى ئاق گۋاردىيىچى قوشۇنلار ۋە پومېشچىك، كۇلاكلارنى قۇترىتىپ، چېگرا رايوندا چوڭ مالىمانچىلىق چىقىرىشقا ئۇرۇندۇ. لېكىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ۋە سوۋېت خەلقى دۇتوفنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۆچ ئېلىشىغا قارشى كەسكىن كۈرەش قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا دۇتوف قوشۇنى ۋە ئۆزىگە ئەگەشكەن ئازغۇن پۇقرالار ۋە باشقا ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن ئېلىمىز چېگرىسىغا قاراملىق بىلەن بېسىپ كىرىپ، سۈيدۈڭگە ئورۇنلىشىدۇ ھەمدە بۇ يەردە سوۋېتكە قارشى قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرىدە بولىدۇ. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي دۇتوفنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى تارقىلىدۇ. دۇتوف ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر ئىككىلا مەملىكەتتە ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا تۈرلۈك گەپ ـ سۆزلەر تارقىلىدۇ.

«ئۇمىد» گېزىتىدە بېسىلغان ماقالىدە بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرىلگەن. تۆۋەندە بۇ ماقالىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى تو-

نۇشتۇرىمەن.

«ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، يەنى 1921 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ئىمپېرىيالىستلىرى ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىنى تۇنجۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلابتا مەغلۇب بولغان چارروسىيىنىڭ قېچىپ يۈرگەن گېنېراللىرىغا كۈچلۈك مەدەت ۋە ياردەم بەردى. جۈملىدىن سوۋېت زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگرىسى ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان باندىتلار باشلىقى دۇتوفقا قورال - ياراق بېرىشنى داۋاملاشتۇردى، ئۇنىڭدىن پۇلىنى ئايىمىدى، شۇڭا ئاق گۋاردىيىچى گېنېرال دۇتوف ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىدىن ئۆچ ئېلىش مۇمكىنلىكىگە ئىشەندى. ئۇ زوراۋانلىق بىلەن ئىلى ۋىلايىتى دائىرىسىگە كىرىپ - چىقىپ يۈردى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سۈيدۈڭ شەھىرىدە ئەسكەرلەرنى توپلاپ، قوشۇننى تەرتىپكە سالدى. دەل شۇ چاغدا، ئىنقىلابىي سوت تەرىپىدىن ئېتىشقا ھۆكۈم قىلىنغان دۇتوف 1921 - يىلى 6 - فېۋرال كۈنى سۈيدۈڭدىكى ئۆز ئىشتابىدا ئۆلتۈرۈلدى. ‹ئىزۋېستىيە› گېزىتى بۇ خەۋەرنى مۇنداق يازدى: باتۇر ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۈشمىنى، جاھانگىرلارنىڭ يالاقچىسى، يەتتىسۇ بايلىرىنىڭ دوستى، گېنېرال دۇتوف غەربىي جۇڭگودا ئۆلتۈرۈلدى».

دۇتوف كىم؟

دۇتوف رۇسىيىدىكى ئورىنبۇرگ كازاكلىرىنىڭ ئاتامانى شۇنداقلا چارپادىشاھ دەۋرىدىكى 11 ئاتامانىنىڭ بىرى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا يۈز بەرگەن قانلىق ئىچكى ئۇرۇشنى تۇنجى بولۇپ باشلىغان ئادەم. تۈركىستان فرونتى ئىنقىلابىي سوۋېتىنىڭ ژۇرنىلى «ھەربىي پىكىر»دە يېزىلىشىچە، دۇتوفنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكىتى 1921 - يىلى يانۋاردا يۇقىرى پەللىگە چىققان. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا چېگرىدىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى سۈيدۈڭ شەھىرىگە جايلاشقان دۇتوف شتابىغا پۈتۈن يەتتىسۇدىن تۈرلۈك ئاق گۋاردىيىچى تەشكىلاتلار-

نىڭ ۋەكىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ، سوۋېت شەرقىنىڭ ھەممە يېرىدە سوۋېتكە قارشى ھەرىكەتنىڭ تەييار بولغانلىقى، ئىشلارنىڭ پەقەت دۇتوفقا قاراشلىق بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتـ. قان. 1921 ـ يىلىنىڭ يانۋار ئېيى دۇتوف ئۇچۇن ئىلى ۋىلايىتىدىمۇ، يەتتىسۇدىمۇ، ئاقلار ئىچىدىمۇ يۇكسەك ئابرۇي قازانغان بىر مەزگىل بولدى.

1921 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا دۇتوف جۇڭگودىكى قالدۇق گۋاردىيىچىلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتى. سوۋېت قىزىل ئار ـ مىيىسى تەرىپىدىن بىر نەچچە قېتىم تارمار قىلىنغان دۇتوف، كولچاك، ۋىرانگىل باندىتلىرى چەت ئەللەردىكى سوۋېتكە قارشى كۈچلەر بىلەن يېقىندىن ئالاقىلىشىپ تۇردى.

بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يەتتىسۇ رايونىدا باند ـ دىتلارنى تازىلاش كۈرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئورگىنى دۇ ـ توفنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىش كۈرىشىنى پىلانلايدۇ ھەمدە بۇ زور ۋەزىپىنى چېگرا ساقچىلىرىغا تاپشۇرىدۇ. نەتىجىدە يەرلىك باي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان 23 ياشلىق تاتار يىگىتى قاسىمـ. خان چانىشېف باشچىلىقىدا بىر جەڭگىۋار ھۇجۇمچى ئەترەت تەشكىللىنىدۇ. قاسىمخان چانىشېف ئۆز ۋاقتىدا ناھىيىلىك پار ـ تىيە تەشكىلاتىنىڭ چاقىرىقى بويىچە ئارمىيىدىن بوشىتىلىپ، رايونلۇق ساقچى باشلىقى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەنىدى. ئۇنىڭ غۇلجا شەھىرىدە تۇغقانلىرى بار ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ دۇشمەندە گۇمان تۇغدۇرماي چېگرىدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

ھۇجۇمچى گۇرۇپپىغا نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ئاقلارغا قارشى ئۇرۇشتا پارتىزانلىق ئۇرۇش قىلىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن، چېگرا ساقچىسى 20 ياشلىق ئۇيغۇر ئوغلى مەھمۇت غوجامياروف قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ گۇرۇپپىغا يەنە ئۇيغۇر يىگىتلىرىدىن ھوشۇر باقىيېف، يۇسۇپ قادىروف، قازاق يىگىتلىرىدىن مۇقاي جىگىتكوف، كۆردىكباي مىساقوفلار بولۇپ

يەتتە كىشى قوبۇل قىلىندى.

سوۋېت چېگرا ساقچىلىرى دۇتوفنى سۇيدۇڭدىن ھىيلە ياكى قورال كۈچى بىلەن سوۋېت زېمىنىغا ئېلىپ چىقىپ جىنايەتلىرى ئۈچۈن ھېساب ئېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇ-توف بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش لازىم ئىدى. قاسىمخان شۇ مەقسەتتە غۇلجىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، دۇتوفنىڭ تەرجىمانى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بالىلىق چاغلىرىدىكى دوستى ئابلايخانوف بىلەن كۆرۈشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق دۇتوف بىلەن ئۇچرىشىدۇ. قاسىمخان چانىشېف بىردىنلا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە نارازى ئادەم رولىنى ئويناپ، ئۆزىنىڭ سوۋېت يېرىدە تۇرۇپ دۇتوف ئۈچۈن ئىشلەش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئادەتتە كىشلەرگە ئاسانلىقچە ئىشەنمەيدىغان دۇتوف قاسىمخانغا ئىشىنىپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ياركەنتكە قايتىپ، خەلقنى سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈ-رۈشكە تەشكىللەش، ئۇ ياقتىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا مەلۇمات يوللاپ تۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ چېگرا ساقچىلىرى بىلەن دۇتوف ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچىلىككە كۆزگە كۆرۈنگەن چېگرا ساقچىسى مەھمۇت غوجامياروف بەلگىلىنىدۇ. مەھمۇت غوجامياروف سوۋېت تەرەپتىن دۇتوفقا كېرەكلىك «مە-لۇمات» لارنى ئەكېلىپ تاپشۇرۇپ تۇرىدۇ. دۇتوفنىڭ تولۇق ئى-شەنچىسىگە ئېرىشكەن ھۇجۇمچى ئەترەت دۇتوفقا قىلىنىدىغان ئوپېراتسىيىنى 1921 ـ يىلى 6 ـ فېۋرال كۈنىگە بېكىتىدۇ. «ئويۇن» يېقىنلىشىشقا ئاز قالغاندا، چانىشېف، مەھمۇت غوجام-ياروفلارنىڭ تۇرمىگە قامالغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئۆت-مەيلا تۇرمىدىن قاچقانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. بۇ ھىيلە دۇتوف رازۋېدچىكلىرىنى بىخۇتلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇتوف ئۆز ئىشخانىسىدا قاسىمخان چانىشېف ۋە مەھمۇت غوجامياروفلار تە-رىپىدىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

دۇتوفنى ئۆلتۈرۈش ئىشى قاسىمخان تەرىپىدىن ناھايىتى
ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تېز بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىش
دۇتوفنىڭ ئىشخانىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. گورۇپپا ئەزالىرى جاي
جايلارغا پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھەرىكەت خېلى كەچتە باشلى-
نىدۇ. مەھمۇت غوجامياروف دۇتوفقا تۆۋەندىكى مەزمۇندىكى خەت-
نى تاپشۇرىدۇ: «ئاتامان جانابلىرى كۈتۈپ تۇرۇش يېتەرلىك بول-
دى، ئىشنى باشلايدىغان پەيت يېتىپ كەلدى، بىز ئىشلەشكە تې-
گىشلىك ئىشنىڭ باشلىنىشى ئۈچۈن بىر پاي ئوقنىڭ ئېتىلى-
شىنىلا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز... سىزنىڭ چانشىپ». دۇتوف خەتنى
ئوقۇۋاتقان پەيتتە مەھمۇت غوجامياروف ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق
ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزىۋېتىدۇ، شۇ پەيتتە دېرىزە كەينىدە مۆ-
كۈپ تۇرغان قاسىمخان دەرھال دۇتوفقا قارىتىپ ئوق ئاتىدۇ، ھا-
يال ئۆتمەي دۇتوفنىڭ مۇھاپىزەتچىسى يۈگۈرۈپ كىرىدۇ، مەھ-
مۇت غوجامياروف ئۇنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ئىشىك سىرتىدا يوشۇ-
رۇنۇپ تۇرغان ھوشۇر باقىيېۋ بىلەن كۆردىكباي مىساقوفلار
جەسەتنى دەرھال تاغارغا قاچىلاپ، سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا ئات
تەييارلاپ تۇرغان قالغان ساقچىلار جەسەتنى ئاتقا ئارتىپ، ھەم-
مەيلەن بىرلىكتە شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. بۇ ۋاقىت-
تا شەھەر دەرۋازىسىنىڭ تاقىلىشىغا ئازلا ۋاقىت قالغانىدى، لې-
كىن دەرۋازىدىن قايسى ۋاقىتتا، قانداق چىقىپ كېتىش كېرەك-
لىكى ئاللىقاچان قاسىمخان تەرىپىدىن ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ
قويۇلغانىدى. بۇ ئىشقا يەرلىك خەلقتىنمۇ بىر مۇنچە كىشى
دوستانە ھەمكارلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى پەۋقۇلئاددە
ھەرىكەتكە قاتناشقان چېگرا ساقچىلىرى قاسىمخان بىلەن مەھ-
مۇت غوجامياروفنىڭ باشچىلىقىدا دۇتوفنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ
چېگرىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

1921 ـ يىلى سېنتەبىردە قاسىمخان چانشىپ بىلەن مەھ-
مۇت غوجامياروفلار موسكۋاغا چاقىرتىلىدۇ. پۈتكۈل ئىتتىپاق

ئالاھىدە كومىتېتى بۇ ئىككەيلەنگە «ئاق گۋاردىيىچىلەر ئۇۋۇسى-نى بىتچىت قىلىشتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرى ئۈچۈن» دېگەن ئالىي مۇكاپات (ئالتۇن سائەت)نى بېرىدۇ.

تاتار، ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرىنىڭ ياش سوۋېت ھاكىمىيە-تىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن 70 يىل ئىلگىرى كۆر-سەتكەن بۇ ئۇلۇغ تۆھپىسى سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخى سەھىپى-سىدە مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ.

# جان تىكىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈش

— يىپەك يولىغا مەخپىي ساياھەت

قەدىمدە جۇڭگودىن رىم ئىمپېرىيىسىگىچە قىممەتلىك، ئېسىل يىپەك ماللىرى توشۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيا بەلۋېغى يىپەك يولى دەپ ئاتالغان. يىپەك يولى ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرغان مۇھىم بەلۋاغ بولۇپ، تارىختا سودا، مەدەنىيەت راسا گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. جۇڭگو تۇپرىقى ئارقىلىق يىپەك يولىنى بويلاپ سەپەر قىلىش ئۈچۈن، گوبى چۆلى، تەكلىماكان چۆلى قاتارلىق چەكسىز قۇملۇقلارنى، تەڭرىتاغ، قاراقۇرۇم قاتارلىق ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنى ۋە جاپالىق ئۆتەكلەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ دىياردا قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئاز ساندىكى ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئىچىدە خىنو تىسۇتومونىڭ نامى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. خىنو 1866 ــ يىلى ھازىرقى ئېھىمې ۋىلايىتىنىڭ كۇماسى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىغان خىنو پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە مەلۇم ۋاقىت ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. 1886 ــ يىلى ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە كىرىدۇ ۋە 1889 ــ يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە شتابىدا تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئەينى چاغدا ياپونىيە ھۆكۈمىتى روسىيە ۋە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇرەككەپ باغلىنىشتا بولغان چاۋشەن يېرىم ئارىلى بىلەن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ھەمدە جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى كۆزىتىش ــ

تەكشۇرۇشنى كۆڭۈلگە پۈككەندى.

خىنو خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىدۇ، شۇڭا جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىش بىلەن ھەربىيلەر ئىچىدە ئالاھىدە تو-نۇلىدۇ. 1906 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ھەربىي قىسىمنىڭ مەسلىھەتچى-لەر شتابى ئۇنىڭ ئىلى رايونىنى مەركەز قىلىپ، تەكشۇرۇش ئې-لىپ بېرىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. خىنونىڭ ۋەزىپىسى شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈش ھەمدە چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن رۇسىيىنىڭ چېگرا رايوندىكى پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىدى.

## جان تىكىپ گوبى چۆلىنى كېسىپ ئۆتۈش

خىنو بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن دەرھال شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. ئۇ چاغدا ياپونىيىدىن شىن-جاڭغا ساياھەتكە كېلىدىغانلارمۇ، شىنجاڭغا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاۋۋال جۇڭگوغا بېرىپ ئاند-دىن پىلان تۈزمەكچى بولىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى توكيودىن يولغا چىقىپ 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ بارىدۇ. بېيجىڭدىكى شىنجاڭنى تەكشۈرگەن نىشى خون گان دىنى مەز-ھىپىدىكى خورى يوشىئولاردىن ئاخبارات ئىگىلەيدۇ ۋە باۋدىڭدا 24 ياشلىق ئۇئې خاراتايىچى دېگەن يىگىتنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىنى ئايلىنىشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇئې خارا ئىسمىنى يۈەن شاڭجى دەپ ئۆزگەرتىپ، چېچىنىمۇ بەئەينى جۇڭگولۇقلاردەك ياستىپ، تامامەن جۇڭگولۇق سىياقىدا باۋدىڭ-غا سىڭىپ كەتكەنىدى. شۇڭا خىنونىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىدا ئۇئې ئەڭ ياخشى سەپەرداش بولالايتتى. باشقىلارغا ئۇنى جۇڭگو-لۇق دەپ تونۇشتۇراتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ شى چياڭ دەپ ئۆزگەرتىپ جۇڭگولۇق ساياھەتچى قىياپىتىگە كىرىۋالغانىدى.

ئۇلار خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شەنجۇ دېگەن يېرىدە نىشى خون گان مەزھىپىدىكى ئوتانى (大谷) بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. يىپەك يولى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنىڭ باشلامچىسى ئوتانى خىنوغا قىممەتلىك كۆرسەتمىلەرنى بېرىپلا قالماستىن، فوتو ئاپارات ۋە سائەتنى ئارىيەتكە بېرىدۇ ھەم ئۇنى قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلى ماكارتنىيغا تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بېرىدۇ.

ئۇلار لەنجۇغا كېلىپ، ئات، هارۋا تەييارلاپ، 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يولغا چىقىدۇ، ئۇلار ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئەنئەنىسۇۋى بايرىمى يېڭى يىلنى دۇڭلىپچېڭ دېگەن غېرىبانە يېزىدا كۈتۈۋالىدۇ. 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن باشلاپ كۈندۈزى دەم ئېلىپ كېچىسى سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: 1) كېچىسى يول يۈرسە ئادەممۇ، ئاتمۇ ئۇسساپ كەتمەيدۇ، سۇنى تېجىگىلى بولىدۇ؛ 2) كېچىسى قۇملۇقتا شامال كۈچى ئاجىز بولىدۇ؛ 3) كېچىسى يول يۈرسە كۆپ تەرلەپ كەتمەيدۇ. بۇ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئاڭلاپ ئۆگەنگەنىدى. ئۇلار شۇنداق يول يۈرۈپ 18 ـ كۈنى ئەنشىگە يېتىپ بارىدۇ. ئەنشىدىن ئۆتۈپ گوبى چۆلىنى كېسىپ شىنجاڭغا بارغىلى بولاتتى. قۇملۇق دېگىنى گوبى چۆللۈكىنىڭ قۇملىرىلا بولۇپ قالماستىن، سېرىق توپا، ئۇششاق شېغىل تاشلارنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى پۇرقىراپ تۇرغان قاقاسلىق ئىدى. بۇ يوللاردا سۇ تېپىشمۇ تەس، تاپقاندىمۇ تۇزلۇق بولۇپ، ئادەم ۋە ئاتلار ئىچەلمەيتتى. ئۇلار قار ـ شىۋىرغانلارغا يولۇقۇپ بەش ئېشىكى ئۆلگەن بولسىمۇ، بۇ يولنىڭ يەنىلا سوزۇلۇپ تۈگىمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇھ تارتىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇلار چۆل سەپىرىنىڭ دەھشىتى ۋە جاپاسىنى راسا تېتىيدۇ. ئاخىرى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى گوبى چۆلىنى ئامان ـ ئېسەن كېسىپ قومۇلغا چۈشۈپ ئارام ئالىدۇ. پايانسىز قۇم دېڭىزىدا مېڭىۋېتىپ ئوخشاش مەنزىرىدىن زېرىككەن ئادەمنىڭ بىر يۇرتقا كەلگەن چاغدىكى ھېسسىياتىغا، ئۇلارنىڭ خۇشال كەيپىياتىغا نېمىمۇ تەڭ كېلەلىسۇن. شىنجاڭغا

كىرىش ئېغىزى بولغان قومۇلنىڭ قوغۇن بىلەن نامى چىققان. ئۇلار قومۇلدا ئاراممۇ ئالماي 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كۆزلىگەن نىشان تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن باشلاپ كۈندۈزى سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، چۈنكى گوبى چۆلىنىڭ قىيىن ئۆتكىلىدىن ئۆ-تۈپ بولغانىدى. نېمە دېگەن بىلەن كۈندۈزدىكى سەپەر كىشىگە ئېتىكلىك بېغىشلايدۇ. روھلانغان خىنو ئېتىغا قامچا سېلىپ تولۇپ تاشقان كەيپىياتتا سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغان تۇرپاننىڭ يەر شەكلى كىشىنى ئەجەپ-لەندۈرىدۇ. ئايدىڭكۆل دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن. بۇ ئوي-مانلىق شىنجاڭنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار تۇرپانغا 17ـ كۈنى يېتىپ كېلىپ تۈزۈكرەك دەممۇ ئال-مايلا، 20 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

## تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئارىسىدا ياپونىيىلىك يۈرتدىشى بىلەن ئۇچرىشىش

تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە بېرىش ئۈچۈن تەڭرىتاغ تىزمىلىرى-دىن ئۆتۈش كېرەك. بۇ تاغ تىزمىلىرى قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولىدىكى ئەڭ مۇشەققەتلىك قىيىن ئۆتكەل بولۇپ كەلگەنىدى. تەڭرىتاغدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ـــ بوغدا چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7439 مېتىر. ياپونىيىدىن يولغا چىققان چاغدىلا خىنو تەڭرىتاغدىن ئېشىپ، گوبى چۆلىنى كېسىپ ئۆ-تۈشتەك جاپا ـ مۇشەققەتنى ئويلاپ يەتكەن ۋە بارچە قىيىنچى-لىقلارنى كۆزدە تۇتقانىدى.

بەكمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىش، ئۇلار تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ ماڭسىمۇ داۋانلار ئۇچرىمايدىكەن. تۇرپاندىن چىقىپ كەڭ-رى كەتكەن تۈزلەڭلىكتە كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا چوڭقۇر تاغ

ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولىدۇ. كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئارال دۆلىتى ياپونىيىگە ئەسلا ئوخشىمايدىغان-لىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.

ئاشۇ سەپىرىدە خىنو 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئارىسىدا ياپونىيىلىك خاياشىدې كېنجىرو بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. 24 ياشلىق خاياشىدې 1905 - يىلى شىن-جاڭغا كەلگەنىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قاراپ كې-تىۋاتقانىدى. تۈرلۈك تەھدىتلەرگە ئۇچراپ كۆپ تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە بولغان خاياشىدې خىنو ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى-نىڭ يېنىدىن توختىماي تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن بىرسى ئۇنى قوغلاپ كېلىپ قولىغا بىر پارچە خەتنى مۇلايىملىق بىلەن تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. خەتتە «قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرى خىنو سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى» دېيىلگەنىدى. خەتنى بەرگەن كىشى باۋدىڭدىن بىللە سەپەرگە چىققان ئۇئىپ خارا ئىدى. خەت ياپونچە باسما ھەرپ بىلەن يېزىلغانىدى. چۈنكى خەنزۇچە يازسا جوڭگولۇق بولسا بىلىپ قالىدۇ دەپ ئېھتىيات قىلىغانىدى.

ياپونىيىدىن ناھايىتى يىراقلاردىكى تەڭرىتاغ ئارىسىدا ياپو-نىيىلىك يۇرتدىشىنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىش ھەر ئىككىلىسىد-نى تولىمۇ خۇش قىلىۋەتكەنىدى. بۇ ئۇچرىشىش ئۇلاردا چوڭقۇر يېقىنچىلىق ھېسسىياتىنى تۇغدۇرغانىدى. كېيىن خاياشىدې خىنونىڭ 2 - قىزى بىلەن تويلىشىدۇ. خىنو 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ.

خاياشىدېنىڭ ياردىمىدە خىنونىڭ ئۈرۈمچىدىكى پائالىيىتى تولىمۇ ئوڭۇشلۇق ۋە مەزمۇنلۇق ئۆتىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە رۇسىيە ۋەكىللىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىش-لىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىد-رىغىچە، روسىيىنىڭ جەنۇبقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك سىياستى دۆلەتلەر ئارىسىدا توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى يەنى

جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى، چاۋشەن يېرىم ئارىلىدا ياپونىيە بىلەن توقۇنۇشۇپ، رۇسىيە ـ ياپونىيە ئۇرۇشى پارتلىغانىدى. رۇسىيە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىلى رايونىنى قانۇنسىز ئىگىلەپ، خەلقئارالىق باش قېتىمچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. چىڭ ئەمەلدارلىرى رۇسىيىگە بولغان دۈشمەنلىك، قارشىلىق كەيپىياتى سەۋەبىدىن خىنونى دوستانە، قىزغىن كۈتۈۋالغان ۋە ئات ـ ھارۋا تەييارلاش، يول باشلىغۇچى تېپىپ بېرىش ئىشلىرىدا ياردەم قىلىپ خىنونىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە، سەپىرىگە نۇرغۇن قولايلىقلارنى يارىتىپ بەرگەنىدى.

خىنو ئۈرۈمچىدە گېنېرال چاڭگېڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە رۇسىيە كونسۇلى كىروتكوف خىنو سالامغا بارغاندا ئۇنى مەنسىتمىگەندەك:

— سىزنىڭ سەپىرىڭىز ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈنمۇ ياكى چىڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈنمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

خىنو خاتىرجەم ھالدا:

— شەخسىي ساياھەتكە كەلدىم، — دەيدۇ.

كونسۇل ئۇنىڭ جاۋابىغا رازى بولمايدۇ ۋە:

— چېگرىدىكى شەھەر چۆچەككە بېرىش پىلانىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە!

— ئۇ يەرنىڭ ساياھەتچىنى قىزىقتۇرغۇدەك يېرى يوق، قاقاس جەزىرە، جاپا تارتىپ قالىسىز.

— ئاگاھلاندۇرغانلىقىڭىزغا رەھمەت. قاقاس، جاپالىق دېگەن سۆزلىرىڭىزدىن، ئۇ يەرگە بەكمۇ قىزىقىۋاتىمەن.

خىنو چۆچەكتىن رۇسىيە ئارقىلىق غۇلجىغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ئىلتىماسى قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. خىنو شۇ سەۋەبتىن ئۈرۈمچىدە 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە تۇرۇپ قالىدۇ.

چىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇزىتىشقا كېلىپ، ئۇنىڭ چۆچەككە قىنالماي يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن، ئۇلار چۈشۈپ كەلگەن ئىككى چاقلىق ئات هارۋىنىڭ ئورنىغا رۇسىيە پاسونىدىكى تۆت چاقلىق ئەپچىل ئات هارۋىسىدىن بىرنى تەييارلاپ بېرىدۇ.

## كۆزلىگەن نىشان ـــ ئىلىغا بېرىش

ئۇرۇمچىدىن چىقىپ 30 ـ كۈنى كەڭرى كەتكەن قومۇشلۇق، سازلىقتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، يەنە يولۋاسقا ئوخشاش يىرتقۇچ هايۋانلار بار جايلاردىنمۇ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. 4 ـ ئاي كىرىپ يوللار بارغانسېرى يامانلىشىپ، ئېرىگەن قار سۇلىرى يوللارنى پاتقاق قىلىۋەتكەچكە، مېڭىش تولىمۇ تەسكە توختايدۇ، ئۇلار تىزغىچە پاتقاق كېچىپ ئۈچ سائەتتەك يول مېڭىپمۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. كۇرمىڭ جاپالارنى چېكىپ ئاخىرى 4- ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۆچەككە يېتىپ بېرىپ، 21 ـ كۈنگىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يەردىكى رۇسىيە كونسۇلى سوكوفنى زىيارەت قىلىدۇ. كونسۇل يول خېتى بەرمىگەچكە، خىنو كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە يېنىپ ئىلىغا بېرىشنى پىلانلايدۇ. بۇ قېتىمقى سەپەر جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولىدۇ. 5 ـ ئاي كىرگەن بولسىمۇ، سايرام كۆلىنى مۇز قاپلاپ تۇراتتى. سايرام كۆلى ۋە جىددىي دوقال، ئەگرى ـ بۈگرى داۋانلاردىن ئېشىپ، ئالۇچا چېچەكلىگەن توقايلىقتىن ئۆتۈپ، قىشى باهارغا ئالماشقان يىپەك يولىدىكى تەبىئىي غارايىباتلىقنى كۆرۈپ هەيران قالىدۇ ۋە زوقلىنىپ كېتىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئارزۇ قىلغان ئىلى دىيارىغا قەدەم تاشلاپ 13 ـ كۈنى شەهەر مەركىزىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئۆتكەن يىلى 9 ـ ئايدا ياپونىيىدىن يولغا چىققاندىن بېرى سەككىز ئاي ئۆتكەنلىكى ۋە سەپەر هاردۇقى يەتكەنلىكىنى هېس قىلىشىدۇ.

هازىرقى غۇلجىنى مەركەز قىلغان ئىلى ۋىلايىتى يىپەك يو-

لىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسىدىن چەتنىگەن جاي بولۇپ، سۇيى، يېرى مول، شىنجاڭدا سۇيى، يېرى مول، باياشات، مۇنبەتلىكى بىلەن تونۇلغان.

ئۇلار ئىلىدا ئالدى بىلەن چىڭ ئەمەلدارلىرىغا سالامغا بېرىپ، ئاندىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلايدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭغا يەنە ئۇرۇمچىدە خوشلاشقان گېنېرال چاڭگېن بىلەن كۆرۈشۈش نېسىپ بولىدۇ. خىنونىڭ ھەمراھلىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان گېنېرال چاڭگېن ئۇلارنى ئىلى ياشلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە ياردەمدە بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. خىنو ئۇئي خارانى قالدۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە گېنېرال ئۇنىڭغا توختى ئىسىملىك ئەمەلدارنى ۋە ئېسىل ئىلى ئېتىنى قوشۇپ بېرىدۇ. بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار توختىنىڭ بىللە بولۇشى سەپەرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خىنو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىلىدىن يولغا چىققاندا، چىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى داغدۇغىلىق ئۇزىتىپ قويىدۇ ۋە تۈرلۈك تەييارلىقلارنى پۇختا قىلىپ، تەرجىمانىنىمۇ سەپلەپ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق سەپەر شارائىتى يارىتىپ بېرىدۇ. خىنو ھىندىستان ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا بارغىچە توختى بىلەن بىللە بولىدۇ. خىنو بىلەن توختى چاڭجياڭ دەرياسى ئېغىزىدىكى چوڭ شەھەر — شاڭخەيدە ئايرىلىدۇ.

## دۇنيانىڭ ئۆگزىسىگە سەپەر

ئىلىدىن چىقىپ قاراشەھەرگە بارغىچە 2 - قېتىم تەڭرىتاغدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم ئۇلار يەر تۈزۈلۈشى، ئالاقە - ئۇچۇر، تاماق قاتارلىق جەھەتلەردىن ئانچە قىينالمايدۇ. گېنېرالنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەر بىر ئۆتەڭدە چارۋىچىلار يول باشلاپ، قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. خىنو

ياردەمدە بولغانلارغا بېرىدىغان سوۋغات بولمىغاچقا، ناھايىتى تەڭلىكتە قالىدۇ.

ئۇ قاراشەھەردىن تارتىپ كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەرنى، تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تەكلىماكان چۆلىنى بويلاپ قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ يول يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي بەلۋېغى بولۇپ، بۇددا دىنى خارابىلىرى - ئىزنالىرى نۇرغۇن ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇ سەپىرى 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ئەڭ ئىسسىق ۋاقىتتا توغرا كەلگەچكە، ماغ- دۇرسىزلىنىش، پاشا - كۇمۇتىلارغا يەم بولۇش، سۇدىن قىسىلىش قاتارلىق جاپا - مۇشەققەتلەرگە يولۇقىدۇ. كۈندۈزى ئات، هارۋا بىلەن يۈرۈشكە بولمىغاچقا، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن باشلاپ يەنە بىر نۆۋەت كۈندۈزى ئارام ئېلىپ كەچتە هاۋا سالقىنلاشقاندا مېڭىشنى قارار قىلىدۇ. مارالبېشىغا يېتىپ كەلگەندە بىر يەرلىك ئەمەلدار، سىلەرگە قىممەتلىك سوۋغا كەلتۈردۈم، دەپ 40 كىلومېتىر يىراقتىكى ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ كېلىدۇ. سۇنى ئىچىپ راھەتلەنگەن سەپەرداشلار «بۇنىڭدىنمۇ ئار- تۇقراق تەملىك سۇ دۇنيادا يوقتۇر» دېيىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تەڭرىتاغ جەنۇبىي يولىنىڭ ئاخىر- قى بېكىتى قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ.

شىنجاڭنىڭ چەت - ياقىسى، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ كىرىش ئېغىزى بولغان قەشقەر چىڭ هۆكۈمىتى، روسىيە، هىندىستان ئۈچ دۆلەتنىڭ چېگرا بەلۋېغى بولۇپ، بۇ يەردە چىڭ هۆكۈمىتى ۋە روسىيە ئەمەلدارلىرىدىن باشقا، ئەينى چاغدا هىندىستاننى مۇستەملىكە قىلغان ئەنگلىيە هۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ بار ئىدى. قەشقەرگە يېتىپ بېرىپلا خىنو ئۈچ دۆلەتنىڭ ئەمەلدار- لىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. 11 - كۈنى ياپونىيىدىكى ئائىلە تاۋابى- ئاتلىرىغا خەت - چەك ئەۋەتىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ ھەم جۇڭگو تۇپرىقىدا ئۇچراشقان ئوتانىغا ئامان - ئېسەن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە تېلېگرامما بېرىدۇ.

قەشقەردىن باشلانغان پامىر ئېگىزلىكى دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان ئېگىز تاغ بەلۋېغى بولۇپ، ياپونىيىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 3776 مېتىر ئېگىز بولغان فۇجى تېغىدىنمۇ 4000 مېتىر ئېگىز ئىدى. قەشقەردىن ھىندىستانغا ئۆتۈش ئۈچۈن قانداقلا بولمىسۇن قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتمەي بولمايدۇ. بۇ تاغ تىزمىلىرى دۇنيادا 2 ـ نومۇرلۇق ئېگىز چوققا — چوگىر چوققىسى (ئېگىزلىكى 8611 مېتىر) بىلەن تونۇشاتتى. شۇڭا خىنو بۇ قېتىم بۇ تاغ تىزمىلىرىدىن ئۇنداق ئاسانلىقچە ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

خىنو دەسلەپتە ئوتانى ھىندىستاندىن شىنجاڭغا كىرگەندە ئۆتكەن غەربىي يول — گىلگىت ئارقىلىق مېڭىشنى پىلانلايدۇ. بىراق ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىن رۇخسەت ئالمىغاچقا، ئامالسىز شەرقىي يول — قاراقۇرۇم چوققىلىرىدىن ئۆتۈشنى قارار قىلىدۇ. قاراقۇرۇم چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 5575 مېتىر ئېگىز بولۇپ، شۇ چاغقىچە ياپونىيىلىكلەردىن ھېچكىم بۇ يولدىن مېڭىپ باقمىغانىدى. 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قەشقەردىن يولغا چىققاندا يەكەننى نىشان قىلىپ، شۇ يەردە قاراقۇرۇمدىن ئۆتۈش تەييارلىقىنى قىلىدۇ.

ئالدى بىلەن ھاۋانىڭ شالاڭلىقى ھەققىدە ئىدىيىدە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشقا، مۇشەققەتلىك تاغ يولىنى بېسىپ ئۆتۈشكە بىر يېرىم ئاي ۋاقىت كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن يۈكلەرنى ئىلاجىنىڭ بارىچە يېنىكلىتىشكە، ئازلىتىشقا توغرا كېلەتتى. يولغا چىققاندىن كېيىن بىرەر زۆرۈر نەرسە ئۇنتۇلۇپ قالسا، سەپەر داۋامىدا ئۇ نەرسىنى تولۇقلاش، تېپىش ئىمكانىيىتى زادىلا يوق ئىدى.

ئاتلارنىڭ سەپەر داۋامىدا ھېرىپ ـ چارچاپ ماغدۇرسىزلىنىشى ياكى قېلىپ قېلىشى ئېھتىماللىقى بار ئىدى، شۇڭا زۆرۈر ئاتلاردىن ئارتۇقراق ئات تەييارلاش كېرەك ئىدى. ئاتنىڭ يەم ـ خەشىكى ئورۇن ئىگىلەيدىغان بولغاچقا، سەپەر ئۈستىدە يول ئۈستىدىكى ئوت ـ چۆپلەرگە تايىنىش كېرەك ئىدى.

يېقىلغۇ مەسىلىسىدە يولدا ئۇچرىغان دەل ـ دەرەخ شاخلىرى ۋە ئات تېزىكىنى قالاشقا توغرا كېلەتتى.

سۇنى ئۇچرىغان ئېرىق ـ ئۆستەڭدىن توشۇپ ئىچىش ياكى تاغ ئارىسىدىكى مۇزلارنى ئېرىتىپ ئىچىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

خىنو قاراقۇرۇمدىن ئېشىپ ئۆتۈشكە 12 ئات تەييارلايدۇ. ئات باقار، يول باشلىغۇچىلار قوشۇلۇپ بىر چوڭ ئەترەت بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يەكەندىن يولغا چىقىدۇ.

## ھىندىستانغا قاراپ ئاتلىنىش

21 ـ كۈنى ئۇلار قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ دەسلەپكى چوققىلىرىغا دۇچ كېلىدۇ. داۋان ئەگرى ـ توقاي بولغاچقا ئاتلىق مېڭىش تەسكە توختايدۇ. ئاتتىن چۈشۈپ، يۈكلەرنى ئاتلارغا بۆلۈپ ئارتىپ ئىككى سائەتتەك ھەپىلىشىپ ئاران داۋاندىن ئاشىدۇ. ئۇزۇن يۈرمەيلا بىر ئۆستەڭگە يولۇقىدۇ. سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئاتنىڭ قورسىقىغا كېلەتتى. 22 ـ كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە تەۋە ئاخىرقى قونالغۇدىن ئۆتۈپ 23 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىنسى جىن يوق تاغ يولىغا كىرىدۇ. 28 ـ كۈنى ئېگىز تاغ ئۈستىدە ھاۋا شالاڭ بولغاچقا، ئۇماچ قاينىتىشقىمۇ ئىمكان بولماي قالىدۇ. 29 ـ كۈنى ئېگىز تاغدا كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتنىڭ، ئادەملەرنىڭ يېمەكلىكىنى كېمەيتىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئادەملەرمۇ، ئاتلارمۇ قىينىلىپ بۇرنىدىن قان كېتىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار شۇ ھالدا قاراقۇرۇم چوققىلىرىغا چىقىدۇ. چوققىنىڭ ئۈستىدە شامال كۈچلۈك بولۇپ، قار ـ مۇز كۆرۈنمەيتتى.

چوققىدىن ئېشىپ ھىندىستان زېمىنىغا كىرگەندە، ئۇلار تامامەن باشقا دۇنياغا يەنى مۇزلۇق دەرياغا يولۇقىدۇ. تېيىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئاتتىن چۈشۈپ ھاسا ياساپ، بىر قەدەم ـ

بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەيدۇ. بارا ـ بارا ھالىدىن كېتىپ ماڭالـ ماي قالىدۇ. يول باشلىغۇچى ئۇلارنى ھاپاش قىلىپ مۇز ئۇستىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا قاراقۇرۇم يولىنىڭ ھىندىستانغا تۇتىشىدىغان ئاخىرقى بېكىتىگە يېتىدۇ.

ئۇلار كېلىشىگە ياپونىيە ئارمىيىسى ئوفىتسېرى يىناگاكى كىخىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. خەتتە، سىرىناگاردا ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن، كەلگەن ھامان خەۋەر بېرىڭلار، دېيىلگەندى.

ئۇلار مۇشەققەتلىك تەكشۈرۈش سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ياپونىيە بىلەن ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتى بار يەرگىمۇ يېتىپ كەلگەندى. خىنو قاراقۇرۇمدىن ئۆتۈشكە ياللانغان يول باشلىغۇچى ۋە ئاتلارنى جۆڭگو تەرەپكە قايتۇرغاندىن كېيىن، 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سىرىناگارغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. يول ئۇستىدە ئىناگارلار ياسىغان، لاگىرغا لايىقلاشتۇرۇلغان چاققان تاغ كەپىلىرى بولغاچقا، سەپەر قىيىنچىلىقلىرى قالمىغانىدى. 27 ـ كۈنى سىرىناگارغا يېتىپ بارىدۇ.

## 474 كۈن ئايرىلغان ياپونىيىگە قايتىش

سىرىناگاردا داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچى ياڭ خازبەندنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، خىنونى قارشى ئېلىشقا كەلگەن يىناگاكى بىلەن بىللە ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئېكسكۇرسىيە ۋە تاماشا قىلغاچ كالكۇتتاغا قاراپ ماڭىدۇ.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كالكۇتتا پورتىدىن يولغا چىقىپ، يول ئۇستىدە سىنگاپور، شاڭخەيلەرگە چۈشۈپ، 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ياپونىيىنىڭ كوبې پورتىغا، 25ـ كۈنى توكيوغا قايتىپ بارىدۇ.

دېمەك، خىنو 1906 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياپونىيىدىن يولغا چىققاندىن باشلاپ توپتوغرا 474 كۈندە سەپىرىنى

ئوگۇشلۇق ئاياغلاشتۇرۇپ ياپونىيىگە قايتىپ كېلىدۇ.

خىنو ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان قىدىرىپ تەكشۈرۈش سە-پىرىنى ئەسلەپ خەنزۇ تىلىدا مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالى،
پەرىشتىلەر ماكانى ئىكەن.
مەن زىيارەت قىلدىم،
قارا قۇرۇمدىن ئېشىپ،
بۇددا قوۋۇقىنى چەكتىم،
ئاددىي ئادەممەنغۇ، دەپ،
كۈلدۈم ئۆزۈمچە،
تاشپاقىنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ،
قايتتىم ئېلىمگە.

خىنو تەكشۈرۈش سەپىرىنى يەكۈنلەپ، ئىككى توملۇق «ئىلى خاتىرىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ. كىتابتا شىنجاڭنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى، دىنى، ئىرقى، ئۆرپ- ئادىتى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي مەن-بە ھېسابلىنىدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە خىنونىڭ بۇ كىتابى ئەڭ ياخشى پايدىلى-نىش ماتېرىيالى بولۇپ قالدى. چۈنكى كىتابتىكى مەزمۇنلار ھاۋا، تۇپراق، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە ياپونىيىگە تا-مامەن ئوخشىمايدىغان شىنجاڭدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك، قىزىـ-قارلىق، جەلپكار، ئاجايىپ ـ غارايىپ ھادىسىلەر ھەققىدىكى با-يانلار ئىدى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسى باھالىنىپ خىنونىڭ كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەربىي ئەمەلىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

1913 ـ يىلى ھەربىي ئەمەلى يەنە كۆتۈرۈلگەندە، ھەربىيدىن چېكىنىدۇ ۋە جۇڭگونىڭ چىڭداۋ شەھىرىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلى-

دۇ، بۇ يەردە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1920 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 54 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

بۇ ماقالە خىنو تىسوتومونىڭ «ئىلى خاتىرىسى» ۋە كانېئو تامىئونىڭ 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان ياپونىيىلىكلەر» دېگەن كىتابىدىن پايدىلىنىپ رەتلەپ چىقىلغان.

تەرجىمە قىلغۇچى: **مەريەم ساقىم**

# ئەلەمنىڭ ئورنىغا قەلەم كەتتى

ماموت غازى

چىڭ سۇلالىسى 1759 ـ يىلى پۈتكۈل شىنجاڭنى بويسۇن‌دۇرغاندىن كېيىن، يەرلىك ئەمەلدارلارغا دۆلەتتىن مائاش بېرىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ۋىلايەت ـ ناھىيە دەرىجىلىك ھاكىم‌بەگلەرگە تېرىلغۇ يەر ۋە ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىپ بەردى. تۆۋەندە خىزمەت قىلىۋاتقان بەگ، يۈزبېشى، ئونبېشى، قورۇبېشى، مىرابېگ، پاششاپبەگ، شاڭيو، بازاربېگى قاتارلىق ئەمەلدارلار‌نىڭ مائاشى بولمىغاچقا، پۇقرالارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ جان باقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدارلار ھەممە ئىشنى قول ئاستىدىكى يەرلىك بەگلەرگە قويۇپ بېرىپ، ئۆزلى‌رى ئۆيدىن چىقماي ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئەيشى ـ ئىشرەت ۋە كەيپ ـ ساپا بىلەن كۈننى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان ما‌ئاشى يوق ئەمەلدارلار تىل بىرىكتۈرۈپ، پۇقرىدىن چۈشكەن ئالۋان ـ سېلىقنى خالىغانچە كۆپەيتىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەچكە، زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق ۋەكىل سايلاپ، ناھىيىنىڭ ئامباللىرى ئۈستىدىن يۇقىرى‌غا ئەرز ـ شىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

1818 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىگە قاراشلىق ھەرقايسى يې‌زىلارنىڭ يۇرت كاتتىلىرى ناھىيىگە يىغىلىپ، ئۈچ ئاي يېڭى‌سارنى، ئۈچ ئاي قەشقەر كوناشەھەرنى سورايدىغان جاڭ ئامبال ئۈستىدىن جاڭجۇنگە ئەرز قىلماقچى بولدى. يېڭىسارغا كېتىپ بارغان ۋەكىللەر چاغىرا دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، قەشقەرگە

ماڭغان ئامبال بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئامبال مەيدىن بېشىدىنى چىقىرىپ يېنىدىكى تەرجىمانىدىن «بۇ نېمە ئادەملەر» دەپ سورايدۇ، تەرجىمان «يېڭىسارغا يىغىلىپ سىزنىڭ ئۇستىڭىزدىن جاڭجۇڭگە ئەرز قىلىشقا كېتىپ بارغان ئۆكتىچىلەر» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئامبال مەيىنى دەررۇ كەينىگە ياندۇرۇپ، يېڭىسارغا قايتىپ كېلىپ يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئىشقا سېلىپ بىر زىياپەت تەييارلايدۇ. ئۆكتىچىلەر ئىشنىڭ تېگىنى بىلمەي زىياپەتكە كىرىپ تاماق يەۋاتقاندا، چېرىكلەرگە تون ـ سەرپاي كۆتەرتكۈزۈپ ئامبال كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆكتىچىلەرگە تازىم قىلىپ سۆزلەشكە باشلىغاندا، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان دەۋاگەرلەرنىڭ باشلىقلىرى ئامبالنى تىللايدۇ. نەيرىڭنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى پەملىگەن ئامبال دەرھال چاپاننى تەتۈر كىيىپ، 120 دىن ئارتۇق دەۋاگەرنى تۇتۇپ قاماپ قويىدۇ. 10 كۈنچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن 12 كىشىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. بۇلاردىن سەككىز كىشىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۆت كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىجرا قىلماقچى بولىدۇ. بۇ تۆت كىشىنىڭ بىرى ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئەلەم ھاجى دېگەن باي كىشى ئىدى. ئاخشىمى گۇندىپاي ئەلەم ھاجىنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرىدۇ. ئاندىن «مېنى تونۇدۇڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ.

— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ قورقۇپ كەتكەن ئەلەم ھاجى.

گۇندىپاي:

— سەن مېنى تونۇمىدىڭ، ئەمما مەن سېنى تونۇيمەن، پىلالدىكى دۈشەنبە بازىرىدا گۆرۈخانا ئاچقان خەنزۇنىڭ بالىسى بولىمەن، سېنىڭ داداڭ بىزگە ئولتۇرۇدىغان ئۆي، گۆرۈخانا ئاچىدىغان دۇكان بەرگەنىدى. مەن پىلالدا چوڭ بولغان، كىچىكىمدە ئۇيغۇر باللار بىلەن ئويناپ، سىلەرنىڭ تىلىڭلارنى ئۆگىنىۋالغان، ئۆزۈڭگە بېرىلگەن جازانى ئاڭلىدىڭ، قانداق قىلاي

دەيسەن؟ — دېيىشىگە، ئەلەم ھاجى يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ تەي-يارلاپ قويغان 25 سەر تەڭگىنى گۈندىپاينىڭ ئالدىغا قويۇپ:
— بۇ مېنىڭ ئالدىن بەرگەن كاپالىتىم بولسۇن، مېنىڭ جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسىلا پۈتۈن مال - دۇنيايىمنى ئۆزلىرىدىن ئايىمايمەن، ماڭا رەھىم قىلسىلا غوجام - دەپ يالۋۇرۇشقا باشلايدۇ. گۈندىپاي:
— پىلالدا ئىسمى سىڭىڭگە ئوخشايدىغان ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورايدۇ. ئەلەم ھاجى:
— ئۇنداق ئادەم يوق، لېكىن بىزنىڭ مەھەللىگە تۇتاش چوقۇر ھويلا دېگەن يەردە قەلەم ئىسىملىك بوي - تۇرقى ماڭا ئوخشاپ كېتىدىغان، مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر ئادەم بار، — دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.
گۈندىپاي تاڭ ئاتقىچە قەلەم ئاكىنى يېڭىسارغا ئېلىپ كېلىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئورنىغا ئەلەم ھاجىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ «ئەلەم دەپ سورىسا ‹مەن شۇ› دەپ جاۋاب بېرىسەن» دەپ ئۆگىتىپ سولاپ قويىدۇ. ئەلەم ھاجىغا قەلەم ئاكىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ «سەن بىر نەچچە ئايغىچە پىلالغا كەلمەي، باشقا يەردە جان ساقلا» دەپ ئۇنى سولاقتىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئەلەم ھاجى تونۇش - بىلىشلىرىدىن پۇل قەرز ئېلىپ، ئۆزىنى بىللە ئېلىپ چىققان ئىككى چېرىككە بىرمۇنچە پارا بېرىپ، يەنە 20 سەر تەڭگىنى گۈندىپايغا بېرىپ قويۇشنى تاپىلاپ يېڭىساردىن قېچىپ كېتىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىگۇناھ دېھقان قەلەم ئاكا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان تۆت كىشى قاتارىدا ئەلەم ھاجىنىڭ ئورنىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. جازا مەيدانىغا يىغىلغانلار ئىچىدە ئەلەم ھاجىنى تونۇيدىغانلار ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنىڭ ئېتىلغانلىقىنى كۆرۈپ غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. كېيىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئامبال قەلەمنىڭ ئايالى سوپىيەخاننى چاقىرتىدۇ. سوپىيەخان يېتىم قالغان ئۈچ بالىسىنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىپ ئامبال بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئامبال سوپىيە خانغا پۇل ۋە

كىيىم ـ كېچەك بېرىپ:

– بۇندىن كېيىن سەندىن ھېچقانداق ئالۋان ـ سېلىق ئېـ-لىنمايدۇ، خاتىرجەم بول ـ دەپ قايتۇرۇۋېتىدۇ. بىراق بۇ غـۇل-غۇلا بارغانسېرى ئەۋج ئېلىدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ ئاقىۋىتىدىن چـۆ-چۈگەن ئامبال خاتىرجەم بولالماي، ئاۋۋال پارىخور گۇندىپاينى ئېتىۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىمۇ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ.

ئەنە شۇندىن بېرى خەلق ئارىسىدا «ئەلەمنىڭ ئورنىغا قەلەم كەتتى» دېگەن ئىبارە تارقىلىپ يۈرمەكتە.

# قاراقاشتا 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان ئەنئەنىۋى مائارىپ

مەتتىمىن نۇرى

مەن ئەقلىمگە كىلىپ بىلىشىمچە، ناھىيىمىز قاراقاش بازار ئىچى، بازار ئەتراپى ۋە يېقىن ـ يىراق يېزا ـ كەنتلەردە بولۇپ، تەخمىنەن 30دەك چوڭ ـ كىچىك مەدرىسە ـ مەكتەپلەر بار ئىدى. بۇ مەدرىسە ـ مەكتەپلەر ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە، مۇئەييەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئايرىم مەشھۇر شەخىسلەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان بولۇپ، كۆرۈنىشىدىن خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، پەقەت ناھىيە بازىرى ئىچىدىلا 20دىن ئارتۇق مەدرىسە جايلاشقان. بۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشى ھەر خىل، ھەر شەكىلدە بولۇپ، تولاراقى ئۇيغۇر قەدىمىي مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچە گۈزەل ئۇسلۇبىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى. ئېگىز تاملىرى كۆك خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئاسمانغا سوزۇلغان ھەيۋەتلىك پەشتاق مۇنارلىرى ئۈستىگە قوندۇرۇلغان ئىسلامىيەت سىمۋولى ـــ ساپ كۈمۈشتىن ياسالغان ئاي ـ يۇلتۇز قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا پارقىراپ ـ جۇلالىنىپ يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

مەدرىسىنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشى ـــ ئازادە سېلىنغان بىر قانچە يۇرۇشلۇك ئاخۇنلۇق (مۇدەررىسكە مەخسۇس) ئۆي، تالىپلار يېتىپ ـ قوپىدىغان بىر قانچە ئېغىزلىق قاتار ھۇجرىلار، مەدرىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان مەسچىد، مەسچىدكە يانداشتۇرۇپ سېلىنغان چادىر (دەرسخانا)، ئۆز زامانىسىنىڭ ياش تا-

لىپلىرى بىلەن جانلانغان قاينام ـ تاشقىن ئىلمىي مۇھىت كى-
شىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئىختىيارسىز قوزغايتتى.

مۇدەررىسلەر مەدرىسىنىڭ ئەسلى بىنا قىلغۇچىلىرى تەرى-
پىدىن ۋەخپە قىلىنغان نۇرغۇن يەر ـ زېمىن، بىرنەچچە تاش ـ
تۈگمەن (ئۇ زامانلاردا تۈگمەن ناھايىتى ئاز بولۇپ، سۇنىڭ كۈچى
بىلەن ئىشلەيتتى ۋە ناھايىتى قىممەت باھالىق ئىقتىسادىي ئەس-
لىھە ھېسابلىناتتى) ۋە باشقا ماددىي ئەشيالاردىن كەلگەن كى-
رىمدىن تەمىنلىنەتتى. شۇنىڭدەك مەدرىسىنىڭ بىنا قىلغۇچى-
لىرى ۋە باشقا مەرىپەتپەرۋەر ساخاۋەتلىك بايلارنىڭ خالىسانە
ھىممىتى بىلەن ۋەقپە قىلىنغان بىر قىسىم يەر ـ زېمىن ۋە
باشقا ماددىي ئەشيالار بولۇپ، بۇ «خانەندىلىك ۋەخپە» دەپ ئاتى-
لىدۇ. بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، «ئوقۇش ئۈچۈن» دېگەن مەنىگە
ئىگە، كۆچمە مەنىسى: تۇرمۇشتا تايانچىسىز نامرات تالىپلارنىڭ
تەمىناتى ئۈچۈن قىلىنغان ۋەخپە دېگەندىن ئىبارەت.

بۇ خىل ۋەخپە يەرلەر يېزا ـ كەنتلەردىكى يېرى يوق ياكى
يېرى ئاز دېھقانلار يىللىق ئىجارىگە ئېلىپ، ھەر خىل زىرائەت-
لەرنى تېرىپ پايدىلىناتتى. مۇدەررىس ئالىم ـ ئۆلىمالارمۇ ئۆزى-
گە تەئەللۇق ۋەخپە يەرلەرنى دېھقانلارغا ناھايىتى ئەرزان باھادا
سېتىپ بېرەتتى. دېھقانلارمۇ ئىجارە ھەققىنى يىلمۇ يىل ئۆز
قەرەلىدە مۇدەررىس ئاخۇنۇملارغا تۆلەپ تۇراتتى. مۇتەۋەللىلەر
(مەدرىسىنىڭ بىنا قىلغۇچىلىرىنىڭ ۋارىسلىرى)دىن بىر ياكى
ئىككى كىشى ۋاكالىتەن خانەندىلىك ۋەخپە يەرلەرنى باشقۇرۇپ،
ئۇنىڭدىن كەلگەن تەڭگە (كۇمۇش پۇل) ۋە ئاشلىقلارنى ۋاقتى ـ
ۋاقتىدا نامرات تالىپلارغا مۇۋاپىق تەقسىملەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ
خاتىرجەم ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھا-
زىرلاپ بېرەتتى.

قاراقاش بازار ئىچىدە ئوقۇغۇچى ـ تالىپلارنىڭ نىسبەتەن
كۆپلىكى، دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە ئىلىم
تەھسىلاتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە روناق تېپىشتەك ئەۋزەللىكى

بىلەن شۆھرەت قازىنىپ، يۇرت ـ جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت نە-زىرىنى ئۆزىگە خۇددى ماگنىتتەك تارتىۋالغان نۇقتىلىق مەدر-رىسلەر بار ئىدى. بۇ مەدرىسلەرنى تۆۋەندە قىسقىچە تونۇشتۇ-رىمەن:

بىرىنچى، ئويباغ مەدرىسە. بۇ قوش مەدرىسە بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە دەرۋازىلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك مەدرىسلەر ئىدى. مەدرىسنىڭ مۇدەررىسى ئەللامە ھەزرەت ـــ نىسارى مەسۇتخان داموللا ھەزرەت ئەينى زامانلاردا بۇخارايى شېرىپتىكى ئاتاقلىق ئۆلىمايى ئەزەملەردە تەھسىلىنى كامالىغا يەتكۈزۈپ، ئالىي سەنەد (دىپلوم) بىلەن ۋە-تەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرس ئۆگىتىشكە باشلىغان.

ئۇ زامانلاردا (1910 ـ يىللاردا) ئويباغ مەدرىسىسى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئوچىقىغا ئايلىنىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىلا ئەمەس شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ تالىپلار كېلىپ بەس ـ بەستە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىغان. داموللا ھەزرەت كۆزىنىڭ ئەمالىقىغا قارىماي، پۈتۈن ھاياتىنى دەرس ئۆ-تۈشكە بېغىشلاپ، سانسىزلىغان ئالىم ـ ئۆلىمالارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، يۇرتىنىڭ باغرىغا ئېرپان نۇرىنى چاچتى.

مۇھەممەتئىمىن بۇغرامۇ مانا مۇشۇ ئويباغ مەدرىسىسىدە، داموللا ھەزرەتنىڭ ئۇستازلىقى ئاستىدا ئوقۇپ تەربىيىلىنىپ تەھسىلاتىنى كامالىغا يەتكۈزگەن.

مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ ئانىسى سەكىينە بانۇ خېنىم خو-تەن شەھەر ئىچى خەلىپىلىك ھويلا دىگەن مەھەللىدە مەرىپەت-پەرۋەر بىرھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاشتىكى ئېگىز ئېرىق قازانچى مەھەل-لىسىدىكى بىر ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئىلىم ۋە ئەخلاق جەھەتتە تەربىيە كۆرگەن پراۋىردىن ئاخۇن خەلىپىتىم (كېيىن ھەج تاۋاپ قىلغان) بىلەن نىكاھلىنىپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان. بۇلار بەش پەرزەنت (تۆت ئوغۇل، بىر قىز) كۆرگەن،

پەرزەنتلەرنىڭ ئەڭ چوڭى مۇھەممەتئىمىن ئاخۇن، ئىككىنچىسى بۇۋى مەريەمخان (ئابدۇلئەھەت مەقسۇم ھاجىمنىڭ ئانىسى)، ئۈچىنچىسى مۇھەممەت شېرىپ ئاخۇن (كەسپىي تېۋىپ)، تۆتىنچى ئابدۇللا ئاخۇن (شاھ مەنسۇر)، ئەڭ كىچىكى نۇرەھمەد ئاخۇن (ئىمىر ساھىپ) لار ئىدى. بۇۋى مەريەمخان ئاكىسى مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن بىلەن بىللە ئويباغ مەدرىسىسىدە بىلىم ئالغان، «قۇرئان كەرىم»گە بىمالال تەپسىر قىلالايدىغان، ئۆز زامانىسىغا يارىشا زىيالى ئايال ئىدى. مۇھەممەت شېرىپ ئاخۇن بولسا خېلى بۇرۇنلا تېبابەتچىلىك كەسپى بىلەن كورلىغا بېرىپ يەرلىشىپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن 1915 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلغىچە ئويباغدا ئوقۇپ، ئوقۇشنى خەتمە (پۈتتۈرگەندىن) قىلغاندىن كېيىن، قولىغا «سەنەد» (دىپلوم) ئالىدۇ ۋە خوتەن شەھەر ئىچى خەلىپىلىك ھويلىدىكى مەدرىسىگە مۇدەررىس بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. بۇ چاغدا مۇھەممەت ئىمىن داموللام بىر قانچە ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش جەھەتتىكى قالاق ـ قاتمال ئۇسۇلنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇتۇشتا تالىپلارغا پايدىلىق ۋە قولاي بولغان يېڭىچە تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا باشلايدۇ، ئىسلاھات يولىدا قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ قاتتىق تۇرۇپ چېلىشقانلىقتىن، بىر گۇرۇھ مۇتەئەسسىپ موللىلار قارشى چىقىپ، مۇھەممەت ئىمىن داموللام ئۈستىدە ھەر خىل بولمىغۇر ئۆسەك ـ ئىغۋالارنى تارقىتىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن داموللام كېيىن مۇھەممەتنىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قاراقاشقا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئاۋال داۋا كۆلبېشى مەدرىسىگە، كېيىن كونا ئۆتەڭ بازىرى مەدرىسىگە مۇدەررىس بولىدۇ.

ئىككىنچى، كونا ئۆتەڭ بازىرىدىكى مەدرىسە. مۇھەممەت ئىمىن داموللام بۇ مەدرىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، تالىپلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا يېڭى، ياخشى نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلايدۇ.

1930 ـ يىللاردىكى ئەكسىيەتچىل جىن شۇرېن ھاكىمىيىد ـ
ـتى ۋە چەت ئەل زوراۋانلىرىغا قارشى قوزغالغان قاراقاش دېھ ـ
قانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى مانا مۇشۇ مەدرىسە ئىدى.
ئۈچىنچى، «ئاق مەدرىسە». بۇ مەدرىسە شىنجاڭ يېقىنقى
زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخس ــ ئەپرۇزخان گوڭ
(ۋاڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن) نىڭ تەشەببۇسى ۋە خىراجىتى بىلەن
بىنا قىلىنغان بولۇپ، 1930 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن تاكى 1949 ـ
يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دادام نۇراخۇنۇم مەزكۇر گوڭ ـ خوجىلارنىڭ
تەكلىپىگە ئاساسەن مۇدەررىسلىك قىلىپ كەلگەن، يۇقىرىقى
ئىككى مەدرىسىدىن قالسا، مەزكۇر مەدرىسىدە ياش ۋە ئوتتۇرا
ياشلىق تالىپلار كۆپ ئىدى. دادام نۇراخۇنمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئې ـ
لىپ ئۆتكەن ئويباغ مەدرىسىسىنىڭ ئىككىنچى قارار تالىپلىرى ـ
دىن ئىكەن. داموللا ھەزرەت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىك ـ
كىنچى ۋە ئۈچىنچى قارار تالىپلار ئۇستاز داموللا ھەزرەتنىڭ
ۋەسىيىتىگە بىنائەن مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن داموللامدا تەھسى ـ
لىنى داۋاملاشتۇرۇپ ھەمدە خەتمە قىلىپ (ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ)
سەنەد (سەنەد ــ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «يۆلەنچۈك» دېگەن مەناغا
ئىگە بۇ يەردە «گۇۋاھنامە، دىپلوم» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ) ئال ـ
غان ئىكەن.
تۆتىنچى ، جۇۋا مەدرىسە. بۇ مەدرىسىمۇ گوڭ، خوجىلارنىڭ
ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئەينى يىللاردا بۇخارايى شېرىپتىكى
ئوقتىلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ
كەلگەن (ئەسلى قاراقاشلىق) مۇنەۋۋەر ئۆلىما ئالىم داموللام
مەزكۇر مەدرىسىگە باش مۇدەررىس، قاراقاش ناھىيىسىگە ئەلەم
ئىدى (ئەلەم ـ دىنىي مەمۇرىي ئۇنۋان، ھوقۇق.)
ھەر قايسى مەدرىسىلەردىكى تەھسىلاتى يۇقىرى، پېشقەدەم
تالىپلار ئۆز ئۇستازىدىن دەرس ئۆگەنگەندىن سىرت، ئالىم
داموللامنى پەخرىي ئۇستاز دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىمۇ قوشۇمچە دەرس
ئاڭلايتتى. بۇنىڭغا ئۆز ئۇستازلىرىمۇ ئىجازەت بېرەتتى.

بەشىنچى، يېڭى مەدرىسە ياكى ئەھمەد ھاجىم بايۋەچچىنىڭ مەدرىسىسى. بۇ مەدرىسە زامانغا خاس ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان بولۇپ، ئاخۇنلۇق (مۇدەررىسلىك) ئۆي، مەسچىد، چا-دىر (دەرسخانا)، ھوجرىلىرى ئازادە ھەم مەدەنىي ئىدى.

مەزكۇر مەدرىسلەرنىڭ بىرىگە ئابدۇللا داموللام (ھاجىم)، يەنە بىرىگە سەدىردىن ئاخۇنۇم (دادامنىڭ ئويباغ مەدرىسىسىدىكى چاغدىكى يېقىن ساۋاقدىشى) مۇدەررىسلىك قىلاتتى، 40 - يىللاردىن بۇرۇن كىملەرنىڭ مۇدەررىس بولغانلىقىنى بىلمەيمەن.

يۇقىرىقى مەدرىسلەر سەۋىيە ھەم دەرىجە جەھەتتە ھازىرقى ئالىي تېخنىكۇمغا تەڭ.

خەتمە تويى (ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى)

مەدرىسلەردە (كىچىك ۋاقتىمدا دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە)، 1930 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە تەھسىلاتى (ھاسىل قىلغان بىلىمى) مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەن بەشتىن ئون، يىگىرمە، ئوتتۇز ھەتتا 40 نەپەرگە قەدەر تالىپنىڭ يۇرتنىڭ زۆرۈر ئېھتىياج ھەمدە ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ناھايىتى داغدۇغىلىق ھالدا خەتمە تويى، يەنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. مۇراسىم باھار ياكى ياز پەسلىنىڭ مەمۇرچىلىق ۋاقتىغا توغرىلىنىپ، شەھەر ئىچى ياكى سىرتىدىكى ساپ ھاۋالىق، كاتتا، گۈزەل باغلاردا تولۇق بىر كۈن مۇدەررىس - ئۇستازلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىپ، شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلاردىن ئۆلىمالار، مەھكىمە شەرئىيە ئاخۇنلىرى (ئەلەم، مۇپتى، قازى كالانلار)، يۇرت چوڭلىرى، مۆتىۋەر زاتلار، خەتمەكەردە (ئوقۇش پۈتتۈرگۈچى) تالىپلارنىڭ ئاتا - ئانا، جەددى - جەمەتلىرى، خولۇم - قوشنىلىرى ئەھۋالىغا يارىشا، تاپقانلىرىچە سوۋغا — سالاملارنى ئېلىپ كېلىپ مۇراسىمغا قاتنىشاتتى، يىراق — يېقىندىن ئۆزلۈكىدىن كەلگەن دېھقانلارمۇ قىزغىن مۇلازىمەت قىلاتتى. ھەر خىل مېۋە كۆچەتلىرى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان كەڭ - ئازادە پاكىزە سەيناغا يېيىلغان رەڭدار زىلچا - گىلەم،

گۈللۈك كېگىزلەر ئۈستىگە سېلىنغان كەڭ داستىخان خىلمۇ-خىل لەززەتلىك ئېسىل تائاملار ۋە تاتلىق - چۈچۈك مېۋىلەر بىلەن تولغان، بەرىكەت، توقچىلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ھەممە كىشىگە خۇشاللىق ئاتا قىلغان.

مۇراسىمنىڭ ئاخىرىدا مەھكىمە شەرئىيە ۋە مۇدەررىس تەرىپىدىن «خەتمە كەردە» (ئوقۇش پۈتتۈرگۈچى) تالىپلار (خەلپىتىملەر)غا سەنەد تارقىتىلاتتى. ئاندىن يۇرت چوڭلىرى ئەدەب بىلەن پەگاغا چۈشۈپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان ھالدا: «بىز پالانى خەلپىتىمنى يۇرتىمىزنىڭ جامائەتلىرىگە ۋاكالىتەن تىلەيمىز، ئىلتىجايىمىزنى قوبۇل قىلغايلا» دەپ تەلەپ قىلاتتى، ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن، ئېلىپ كەلگەن مەخسۇس سەللە، ئېسىل تون، مەسە - كالاچلار كىيگۈزۈلەتتى ۋە ئېگەر - جابدۇقلۇق ياخشى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۇستازلىرى، يارانلىرى ھەمدە مۇراسىم ئەھلى بىلەن خوشلىشىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قاراپ يولغا راۋان بولۇشاتتى. گۇرۇھ - گۇرۇھ جامائەت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن داغدۇغا، چۇقان - سۈرەن بىلەن ئەگىشىپ ماڭاتتى، تاكى مەنزىلگاھى - يۇرتىغا يېتىپ بارغانغا قەدەر ھاپىزلار نۆۋەتلىشىپ مۇڭلۇق ئاھاڭدا تەلقىن - ھۆكمەت ئېيتاتتى، ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ رەققاسلار ساما سالاتتى. مانا مۇشۇنداق پەيزى - پۈتۈھات ئىچىدە خەتمەكەردە خەلپىتىمنى تولۇپ تاشقان ئىززەت - ئىكرام بىلەن يۇرتقا ئېلىپ چىقاتتى...

«سەنەد» تېكىستى ئاشۇ زامانلاردا خوتەن قەغىزىگە خۇش خەت بىلەن يېزىلىپ، مەھكىمە شەرئىيە ئاخۇنلىرىنىڭ كۈمۈش مۆھۈرلىرى بېسىلاتتى.

مېنىڭ دادام نۇراخۇنمۇ ئەينى زاماندا 40 نەچچە نەپەر ساۋاقدىشى بىلەن بىللە مۇھەممەت ئىمىن داموللامنىڭ قولىدا تەھسىلاتىنى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە خەتمە قىلغانىكەن.

# تۇتقىلى كېلىپ تۇتۇلۇپ قېلىش

## مامۇت غازى

پىچان بىلەن مورى ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمىي يولنىڭ پىچان تەرەپكە 72 كىلومېتىر كېلىدىغان بۆلىكىدە كەرچى دەپ ئاتىلىدىغان بىر قونالغۇ بار. بۇ يەرگە ئىككى ئەۋلاد ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن تۆمۈرخان مېھماندوست، كۆكسى - قارنى كەڭ ئادەم بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلارغا ئاۋۋال نان، چاي بېرىپ، ئاندىن گەپ سورايتتى. 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى چاغلاردا، ئوسمان باندىت ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھەمدە گومىنداڭنىڭ ئاز سانلىق قاچاق ئەسكەرلىرى تاغلارغا قېچىپ بېرىۋېلىپ، قورال-لىق ئىغۋاگەرچىلىك قىلغان ۋاقىتتا، تاغ يوللىرىنى ۋە قازاق تىلىنى پۇختا بىلىدىغان تۆمۈرخان پىچاننىڭ چىقتىم رايونىدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تاغ باندىتلىرىنى تازىلاش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، يول باشلاش، تەرجىمانلىق قىلىش ۋە تاماق، ياتاقلارنى ھەل قىلىش جەھەتلەردە خىزمەت كۆرسىتىپ، بىرنەچچە قېتىم تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلىنىدۇ. بۇ خەۋەرنى مورى تاغلىرىدا تۇرۇپ ئاڭلاپ تۇرغان ئوسماننىڭ قىزى باشچىلىقىدىكى قوراللىق باندىتلار ئۆزلىرىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىگە تەن بەرمەي، تۆمۈرخاننى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولىدۇ.

1951 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئوسماننىڭ قىزى ئىككى قوراللىق ئەر (قازاق) كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا كەرچىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا تۆمۈرخان مورىغا ئۆرۈك ئېلىپ ماڭغان

ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشەكلىرىنى تاقىلاۋاتاتتى. ئايال باندىت ئىتنى دېۋەيلىتىپ كېلىپ، قامچىنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇنىڭ پىشانىسىگە نوقۇپ تۇرۇپ:

— تۆمۈرخان دېگەن يەكچەشمە سەنمۇ؟ ئوسمان باتۇرنىڭ 36 ياشلىق قىزىنىڭ قولىغا چۈشىدىغانلىقىڭنى ئويلىمىغان بولغىيتتىڭ، ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ — دەيدۇ. تۆمۈرخان بولىقىنى تاشلاپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ قازاق تىلىدا:

— يوقسۇ، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، ماڭا خەۋەر بەرگەن بولساڭلار ئۆزۈم بېرىپ سىلەرنى باشلاپ كەلمەمتىم، قېنى ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىڭلار، — دەيدۇ. ئايال:

— ئۆيۈڭدە نېمە قىلىمىز ، — دېسە، ئۇ:

— سىلەر دېگەن ئەزىز مېھمان، ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچىپ، تاماق يەڭلار، ئاندىن قانداق بۇيرۇقىڭلار بولسا مانا مەن قوبۇل قىلىمەن ، — دەپ تازىم قىلىدۇ.

ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ نان، چاي، ئۆرۈك بىلەن كۈتىدۇ، ئۇلار سۇيۇقئاش ئىچىمىز دېگەچكە، ئايالى ئاشقا تۇتۇش قىلىۋاتقاندا تۆمۈرخان ئاتلارغا بوغۇز بېرىپ قويۇپ كىرەي دەپ تالاغا چىقىپ، ھېلىقى مورىغا بارىدىغان ئۈچ كىشىگە: بۈگۈن بىز بۇ ئۈچ باندىتنى تۇتۇپ باغلىۋالمىساق، ئۇلار ھەممىمىزنى تۇتۇپ كېتىپ قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاش پىشقاندا سىلەرمۇ ئۆيگە كىرىپ تەييارلىنىپ تۇرۇڭلار، ئۇلار بىر چىنە ئاشنى ئىچىپ بولۇپ، ئىككىنچىسىنى قولىغا ئالغاندا، مەن چۆمۈچنى قازانغا ئۈچ قېتىم ئۇرۇپ بەلگە بېرىمەن، ئۇلار تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەر ئىككىڭلار ئەرنى تۇتۇپ باغلايسىلەر، مەن ئايالنى تۇتۇپ باغلايمەن، دەيدۇ. ئۇلار شۇ پىلان بويىچە قورallىق باندىتلار بىلەن خېلى ئۇزۇن ئېلىشىپ، ئىككى ئەرنى قورالسىزلاندۇرۇپ باغلىۋالىدۇ، بىراق تۆمۈرخان ئايال بىلەن ئېلىشىپ كۈچى يەتمەي ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. بىرەيلەن كې-

لىپ ياردەملىشىپ ئايالنىمۇ قورالسىزلاندۇرۇپ باغلايدۇ.

ئۇلارنى تالاغا ئېلىپ چىقىپ، ئاتقا مىندۇرۇپ ئېلىپ ماڭ-ماقچى بولغاندا ئايال:

— بىز سىنى تۇتقىلى كېلىپ تۇتۇلۇپ قالدۇق، ئەمدى بىز-نى نەگە ئاپىرىسەن، دەپ سورايدۇ. تۆمۈرخان:

— سىلەرنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرد-مەن، يۇۋاش بولۇش، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورال- ياراغ، ئاتلىرى بىلەن قوشۇپ، بۇ يەرگە بەش كىلومېتىر كېلىدىغان تۆۋەن كەرچىدە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيە-سىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

مەن 1978 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پىچان ناھىيىسىنىڭ كۆكيار سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇش يېتەكچىلىك ئورنىدىن خىزمەت مۇناسى-ۋىتى بىلەن كەرچىگە كېلىپ تۇرغان چېغىمدا، مەرھۇم تۆمۈر-خاننىڭ ماڭا ئەينى چاغدىكى نەق مەيداننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن ئوسماننىڭ قىزىغا ئائىت قىسمىنى رەت-لەپ چىقتىم.

# دىۋانىلەر ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم

## مامۇت غازى

مەن ئاقتۇدا تۇغۇلغان، ئېسىمنى بىلسەم مەھەللىمىزدە تىلەمچىلىكنى ئادەت قىلغان ئابداللار دەيدىغان بىر تائىپە بارئىكەن. بۇلار توغرىلىق ھازىرغا قەدەر بەزى ماقالىلەر يېزىلدى، ئۇلارنىڭ تارىخى، تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈشلەرمۇ ئېلىپ بېرىلدى. بەزى ياش زىيالىيلار ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ سىگانلىرى دەپ قارىماقتا. ئۇلار كىملەر، ئۇلار نېمە ئۈچۈن «دىۋانە» دەپ ئاتىلىپ قالغان، شىنجاڭغا قاچان كەلگەن، قايسى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار نېمە ئۈچۈن تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلغان، ئۇلارنىڭ توپلىشىپ تىلەمچىلىك قىلىش ئادىتى قاچان باشلىنىپ، قاچان ئاخىرلاشقان، تىل ـ يېزىقى بارمۇ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قانداق؟ بۇ ھەقتە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىم ۋە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەھۋال ئىگىلەپ يازغان بەزى خاتىرىلىرىمگە ئاساسەن، بىلىدىغانلىرىمنى يېزىپ كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم.

### شۆتاڭدا يېقىلغان گۈلخان

مەن قەلەندەر شاھىمەن،
ئالەم ماڭا ۋەيرانىدۇر.
پايتەختىم گۈلخانىم،
ئوردام قەلەندەرخانىدۇر.
—— مەشرەپ

ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى پىلال يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى قەدىمىي كۆلنىڭ شەرق تەرىپىدە 1914 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، 1931 ـ يىل 3 ـ ئايدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئوقۇش توختاپ قالغان شۆتاڭ دەرۋازىسىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا قوش قاناتلىق ئىشىكى شەرققە قاراپ تۇرىدىغان چوڭ زال ئەينى ۋاقىتتا تۈپلىشىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان دىۋانىلەرنىڭ چۈشكۈنخانىسى ئىدى. دىۋانىلەر بۇ يەرگە 30 — 20 دىن بولۇپ بىر كەلسە، ئون نەچچە كۈنلەپ تۇراتتى. بىر توپ دىۋانىلەر كەتسە، باشقا بىر توپ دىۋانىلەر كېلەتتى. ئۇلار ھەر ئاخشىمى زالنىڭ تۈڭلۈكىنىڭ ئودۇلىغا گۈلخان يېقىپ، كورىلىرىدا چاي قاينىتىپ، تىلىگەن نازلىرى بىلەن قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، يېتەكچى ئاشىقنىڭ باشچىلىقىدا نەچچە نۆۋەت «ياھۇدوست» دەپ ۋارقىرىشىپ، زىكرى ـ سۆھبەت باشلايتتى. ھەر قېتىمقى زىكرى ـ سۆھبەت تەخمىنەن بىر يېرىم سائەتتىن ئىككى سائەتكىچە داۋاملىشاتتى. ھەممىسى ساپايە چېلىپ گۈلخاننى چۆرىدەپ زىكرى قىلىپ ئالدىغا سىلجىپ، زالنىڭ ئىچىنى قىزىتىۋېتەتتى. بارغانسېرى ئالدىغا سۈرۈلۈپ، «ھۇ» دېگىنىچە تورۇسقا قاراپ خۇددى دەم تارتقان كەپتەردەك بۇقۇلداپ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ كېتەتتى. بىر ھازادىن كېيىن، بىر قولىدا ساپايىنى، بىر قولىدا قۇلىقىنى تۇتۇپ قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى ئېچىپ، كىشىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغىدەك زىل ئاۋازدا تارىختا ئۆتكەن پىرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ «يا ھۇ ـ يا پىرىم» دېگىنىچە تەرلىرىنى ئېرتىپ توختىشاتتى. بۇنداق چاغدا زالنىڭ ئىچى ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئادەملەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى.

ئۇيغۇرلاردا «دىۋانىنى دىۋانە قىلغان خەير بەرگۈچى» دېگەن سۆز بار. بۇ يەرگە كەلگەنلەر قۇرۇق كەلمەيتتى، بولۇپمۇ ئاياللار پۇل، نان، بۇغداي ـ قوناق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ،

ئۆزى خالىغان دىۋانىلەرگە بېرەتتى. ئەرلەر ئوتۇن يەتكۈزۈپ بې-
رەتتى.

شۆتاڭدىكى گۈلخان يېقىش 1935 - يىلى شۆتاڭنىڭ ئورنى-
غا پەننىي مەكتەپ سېلىنغىچە داۋاملاشتى.

## كېپىنەك تونلۇق بوۋا

1936 - يىل 8 - ئاينىڭ مەلۇم بىر جۈمە كۈنى ئاقتۇ
مەدرىسىنىڭ ئالدىدىكى دۆڭگە جايلاشقان خوجاپېقىرخوجا مازى-
رىدا شەيخ (مازارنىڭ ئىگىدارى)، مۇتىۋەللى (ئىقتىساد باشقۇر-
غۇچى)، جارۇبكەش (تازىلىق قىلغۇچى)، بۆكۈل (مال ئۆلتۈرگۈ-
چى)، قوۋۇقچى، چىراغچى قاتارلىقلار ناھايىتى ئالدىراش بىر كا-
لىنى سويۇپ، جۈمە نامىزىدىن يېنىشقا ئۆلگۈرتۈپ داش قاينى-
تىش بىلەن بولۇۋاتاتتى. مازار قورۇسىنىڭ شەرق تەرىپىدە يى-
گىرمىدىن كۆپرەك دىۋانە ئىشىك تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. بىر
چاغدا ئۇلار مازارنىڭ ئىشىكىدىن ئاپئاق ساقاللىق بىر ئادەمنى
ئېلىپ كىردى. بۇ زامانلاردا دىۋانىلەرنى مانا مۇشۇنداق بوۋا
(دىۋانىلەرنىڭ باشلىقى) باشقۇراتتى. بېشىغا بىر غۇلاچ كېلىدى-
غان كۇلا، ئۇچىسىغا كېپىنەك تون كىيىپ، بېلىگە قوش رومال
باغلاپ تەسۋى ئېسىۋالغان، ئوڭ قولىدا سوتا تۇتۇپ تۇرغان قا-
مەتلىك بۇ كىشى يېڭىسار تەۋەسىدىكى دىۋانىلەرنى باشقۇرىدىغان
65 ياشلىق سەلىم بوۋا ئىدى. ئۇ ئازراق چاي ئىچىۋالغاندىن كې-
يىن، ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى: «سىلەر يەتتە كەنتىپاراچ
تەۋەسىدىكى دىۋانە ئاشىقلار ئارىسىدىن كەلدىڭلار، دىيارىمىزدا
يېڭى ھۆكۈمەت (شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى دېمەكچى — ئاپ-
تور) قۇرۇلۇپ، ناشايان ئىشلار تۈگەپ، ھەممە ئادەم خاتىرجەم
ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولماقتا. ئاۋۋالقى ۋەخپە يەرلەر ئۇ-
يۇشمىغا قايتۇرۇلۇپ، مەكتەپلەر ئۇچۇن سەرپ قىلىنماقتا. ئەم-
دىلىكتە دىۋانىلەرنىڭ كۇدە - كۆرپىلىرىنى سۆرەپ يۇرۇپ تى-

لەمچىلىك قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ھەممە دىۋانە ـ ئا ـ شىقلار دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىپ جېنىنى بېقىشى لازىم. 50 ياشتىن ئاشقان قېرى ئاجىزلارنىڭ بىر ھەپتىدە ئۈچ كۈن (دۈشەنبە، پەيشەنبە، شەنبە) خەير ـ ئېھسان تىلەپ جېنىنى بېقىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. تىلەمچىلىك ئۆز تەۋەيىڭلاردا بولـ ـسۇن، خەير تىلەش ئەتىگەندە بولسۇن، ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمىسۇن، خەير بەرگۈچىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىماڭلار، ھويلا ـ ئاراملاردا تۇرغان نەرسىلەرگە قەتئىي چېقىلماڭلار. مېـ ـنىڭ دېگەنلىرىمنى بارلىق دىۋانە ـ ئاشىقلارغا يەتكۈزۈڭلار. ھەممىڭلارغا پىر ـ ئۇستازلارنىڭ روھى مەدەتكار بولغاي»، دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. دىۋانىلەر ئۇنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزىگە «يا ھەق، ھەق راست» دېيىشىپ تۇردى. بوۋا ئىككى كىشىگە بىردىن كۆلا، بەش كىشىگە بىردىن كاشا (يۇڭ يىپتا توقۇلغان بەلۋاغ) تارقىتىپ بەردى.

## رەخىم ئاكا بىلەن سۆھبەت

1972 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاقتۇغا تۇغقان يوقلاپ كەلگەندە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزا سوقابېشى كەنتـ ـدىكى ئىنىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، رەخىم ئىسىملىك بىر بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن بوۋاينى ئىككى قېتىم تاماققا تەكلىپ قىلىپ، دىۋانىلەرنىڭ ئۆتمىشى ھەققىدە سۆھبەتلەشتىم.

— رەخىم ئاكا، سىلى كۆپنى كۆرگەن ئادەم، دىۋانىلەر توغـ ـرىلىق بىرئاز سۆزلەپ بەرسىلە بوپتىكەن؟

— مەن ئەسلىمدىن دىۋانە ئەمەس، كىچىك چېغىمدا قەشـ ـقەردە تۇرسام، بىر توپ دىۋانىلەر، ھەققۇلىبەگ (ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى) كورلىغا لەشكەر تارتىدىكەن، بىزمۇ ئارقىسىدىن ماڭـ ـمىز دەپ تۇرۇپتۇ، مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلدۇم. بىز پەيزاۋاتقا كەلـ ـگەندە بىر ھەربىي چىقىپ بىزنى تىزىلدۇرۇپ سانىغانىدى، بىز

78 ئادەم چىقتۇق. ئاراڭلاردا خەت بىلىدىغانلار بارمۇ دەپ سورىدى.
غانىدى، بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ھەر كۈنى لەشكەرلەرگە ئۈچ ۋاق
تاماق بەرگەندە بىزگىمۇ تاماق بەردى. ئاخشاملىرى قونغان جايدا
دىۋانىلەر ساپايە چېلىپ، زىكرى ـ سۆھبەت قىلىپ، چۈشكۈن
قىلغان يەرنى قىزىتىۋېتەتتى، بۇنى كۆرگەن بايلار مال ئۆلتۈ-
رۈپ، دىۋانىلەرنى مېھمان قىلاتتى، بەزى سودىگەرلەر زاكات تار-
قىتىپ بېرەتتى. لەشكەرلەر ئاقسۇنىڭ ئايكۆل دېگەن يېرىگە
كەلگەندە توختاپ قالدى. دىۋانىلەر ئۆز توپى بويىچە مېڭىپ كونا
تۇرپانغا كەلدى. مەنمۇ دىۋانىلەر بىلەن بىللە تۇرپانغىچە بېرىپ
ئاندىن قايتىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ماڭا «رەخىم دىۋا-
نە» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالدى. ھازىر 112 ياشقا كىردىم، بىر
ئوغلۇم، بىر قىزىم بار. ھېلىمۇ ئىچىم پۇشسا، بەشتاش تۇگمەن-
گە بېرىپ بىر ـ ئىككى شىڭ ئۇن تېپىپ كېلىمەن، — دېدى.
مەن گەپنى دىۋانىلەر تەرەپكە بۇراپ:
— دىۋانىلەرنىڭ توپلىشىپ تىلەمچىلىك قىلىشى قاچان
باشلانغان؟ — دەپ سورىدىم.
— بۇ ناھايىتى ئېنىق ئىش، — دېدى بوۋاي، — سىلىگە
دەپ كەلسەم، ھەر يىلى ھوشۇر ئاي (ھىجرىيە 1 ـ ئاي)نىڭ 10 ـ
كۈنى قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق تەۋەسىدىكى دىۋانىلەرنىڭ ھەمە-
مىسى يېڭىسارنىڭ 40 كىلومېتىرچە شەرقىدىكى سەسقۇمدىكى
ئوردىخان مازىرىغا يىغىلىدۇ. باشقا ئادەملەر تۇغ باغلاش ئا-
خىرلاشقان كۈنىلا قايتىپ كېتىدۇ، ئەمما دىۋانىلەر بۇ قاقاسلىق-
تا قۇمغا كۆمۈلۈپ تاكى شەيخلەر خانىقانى تاقىۋەتكىچە تۇرىدۇ.
ھەر يىلى ئۆرۈك پىشقاندا ئاپپاق خوجا مازىرىدا ئۆرۈك سەيلىسى
بولىدۇ. سەيلە بىر ئايدىن ئارتۇق داۋام قىلىدۇ، بۇ سەيلىگە دىۋا-
نىلەر تېخىمۇ كۆپ يىغىلىدۇ، ياشلىرى ھەلقۇم (يۇمىلاق) بولۇپ
ئولتۇرۇپ، ساپايە چېلىپ، زىكرى ـ سۆھبەت قىلىشىدۇ. قېر-
رىلار، ئايالىلار ۋە بالىلار شەربەتكۆلنىڭ بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ
سايىسىدە كۆدە ـ كۆرپىلىرىنى يېيىشىپ، داشقازاننىڭ ئېشىنى

يەپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئەنجۇر پىشقاندا ئاتۇشتا ھەزىسۇلتانىم سەيـ-
لىسى بولىدۇ. بۇ سەيلىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇنراق، كۆلىمى چوڭراق
بولىدۇ. سەيلىگە قەشقەر، يەكەن، خوتەن تەۋەسىدىكى دىۋانىلەر
توپلىنىدۇ. دىۋانىلەرنىڭ قەشقەر تەۋەسىدىكى توپلىنىپ تىلەمـ-
چىلىك قىلىشى مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغان، — دېدى.

ئەينى چاغلاردا ئۇلاردا يەر - زېمىن، ئۆي - مۈلۈك بولمىـ-
غانلىقى ئۈچۈن، جاي - جايلاردىكى نەچچە يۈز مو، ھەتتا نەچچە
مىڭ مو ۋەخپە يەرلىرى، شەھەرلەردە ۋەخپە دۇكانلىرى بولغان
مەشھۇر مازارلار ئۇلارنىڭ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنـ-
لىكى، مۇشۇنداق مازارلار ۋە يېزا - قىشلاقلاردىكى مەسچىت -
خانىقالاردا قايناپ تۇرىدىغان داش قازانلار ئۇلارنى تاماق بىلەن
تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا تەركىي دۇنيا بولۇپ كۆچمەن
ھالەتتە ماكانسىزلارچە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادىتى شەكىللەنگەنـ-
لىكى مەلۇم بولدى.

## دىۋانىلەرنىڭ كەلگەن ۋاقتى

ئىلگىرىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدە بۇ ھەقتە ئانچە - مۇنچە
مەلۇمات بېرىلگەن. مەن تۆۋەندە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشتىن ئىلـ-
گىرى ئىككى كىشىنىڭ دىۋانىلەر ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىنى
تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي:

بىرى، ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزىسىنىڭ شەرقىگە، ئاقتۇ كەنـ-
تىنىڭ غەربىگە جايلاشقان دۆۋەشور مەھەللىسىدە ئىسمىنىڭ ئاـ-
خىرىغا «شىر» نى قوشۇپ ئاتايدىغان ئوقەشىر، خوجەشىر، مۇـ-
ھەممەت شىر دېگەنگە ئوخشاش كىشىلەر بار ئىدى. بۇلارنى ئاقـ-
تۇدىكى دىنىي تارىخچىلار ئىران پادىشاھىنىڭ ئەۋلادلىرى دەيدـ-
تى. ئۇلاردىن مۇھەممەت شىر ئاكا مەھەللىنىڭ شىمالىي تەردـ-
پىدىكى پىلالنىڭ سۈيى كېلىدىغان دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتـ-
تى. بۇ دۆڭدە بىزنىڭمۇ يەرلىرىمىز بار ئىدى. 1942 - يىل 5 -

ئايدا بەشىمىز كېۋەز ئوتاشقا كەلگەنىدۇق. چۈشتە ئۇ كىشى بىزگە چاي ئېلىپ چىقتى. چاي ئىچىۋاتقان چاغدا، بۇ يەرگە ئار-قا ـ ئارقىدىن ئۈچ دىۋانە كېلىپ، بۇ جايدىكى ئۆيلەرنى ئايلىنىپ يۇرۇپ نان تىلەپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن بىلەن بىللە كەلگەن ياسىن موللا ئاكامۇ دىنىي مەكتەپتە ئۇزۇن ئوقۇغان كىشى ئىدى. شۇ-نىڭ بىلەن قىشلاقتىكى دىۋانىلەر ئۈستىدە گەپ باشلىدى. پاراڭ بىر يەرگە كەلگەندە ياسىن موللا مۇھەممەت شىر ئاكىدىن:

— قىشلاقتىكى دىۋانىلەرنىڭ قاچان كەلگەنلىكىنى سىلى بىلىلا، بىزگە ئېيتىپ بەرگەن بولسىلا؟ — دېدى.

— سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا، نۇر باقى خەلپە تاغىمىزنىڭ دېگەنلىرىگە قارىغاندا، توققۇزاق، خانئېرىق، ئاقتۇ تەۋەسىدىكى دىۋانىلەر بۇنىڭدىن 150 يىللار ئىلگىرى ئافغانىستان، پاكىس-تان، كەشمىر، بەدەخشان دېگەن جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەنىكەن. مەن ياش چاغلىرىمدا ھەر يىلى نوپۇس خەتلەنگەندە قىشلاقتىكى دىۋانىلەرنىڭ سانى ئايرىم خەتلىنىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىناتتى. كېيىنچە بۇ ئىشلارمۇ يوق بولدى، — دېدى.

يەنە بىرى، مۇشۇ قىشلاقتا پولات دىۋانە دەيدىغان بىر كىشى بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنى ساراڭ دەپ ئاتايتتى. ئۇ يېرى كۆپ بىرنەچچە ياش دىۋانىنى ئايلىققا ئېلىپ تىلەمچىلىككە سالاتتى. كىشىلەر ئۇنى دىۋانىلەر تىلىنى كۆپ بىلىدۇ دەپ قارايتتى. 1943 يىل 4 ـ ئايدا ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە ئورۇقلۇق قوناق ئۇقۇش-قىلى كەلگەنىكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بار-دىم. ئۇ ماڭا چاي قۇيغاچ مېنىڭ پىلالدىكى توغقانلىرىمنى سو-رىدى. مەن گەپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن:

— پولات ئاكا ھەممە نەرسەڭ تەل، 4 ـ ئايدا ئەسكى پاختىـ-لىق چاپان كىيىپ ئولتۇرغىچە يېڭى كۆڭلەك ـ ئىشتان، بې-شىڭغا يېڭى دوپپا كىيىپ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ؟ — دېۋىدىم، ئۇ-نىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— باياتىن بىرى ماڭا 60 ياشلىق بوۋايدەك نەسىھەت قىلىپ

كەتتىڭ ئۇكام. مەن تاۋار ـ دۇردۇنغا ئورنىمۇالسامۇ، خەقلەر مېنى پولات ئاخۇن، پولات ئاكا دېمەيدۇ، يەنىلا پولات دىۋانە، پولات ساراڭ دەيدۇ. مېنىڭ مۇشۇنداق يۇرگىنىم ئۆزۈمگە ياخشى. مېنى خەقلەر دىۋانىنى ئۇرىدۇ، دەيدۇ. بىكاردىن ئادەم ئۇرىدىغان ساراڭ ئەمەسمەن. بۇ دىۋانىلەرنى ئىشقا سالمايمەن دېسەممۇ ئۆزى كېلىۋالىدۇ، ئايلىق پۇلىنى تولۇق ئالىدۇ، كۈندە تۆت ۋاق تاماق يەيدۇ. تىلەمچىلىككە چىققاندا چۈشكەن نەق پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ قىمار ئوينايدۇ. كىيىمى يىرتىلسا ياماپ كىيىشنى بىلمەيدۇ. ئېتىزدا قىر چاپسا سۇ توختىمايدۇ. يەر ھەيدە دېسەڭ بوقۇسا تۇتالمايدۇ. شۇڭا بەزى ئالدىراش چاغلاردا ئاچچىقىم كېلىپ بىرەر كاچات ئۇرۇپ تاشلايمەن شۇ، — دېدى.

— سىنى دىۋانىلەرنىڭ تىلىنى كۆپ بىلىدۇ دەيدۇ، سۆزلەپ بەرسەڭ يېزىۋالاي.

— باققالنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېرىم كۈن سۆزلىسە بىر سىدىقىم جىگدە سېتىۋېلىشقا يارىمايدىغان دىۋانىلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىمەن دەپ ئاۋارە بولما ئۇكام.

مەن يەنە باشقا پاراڭ سېلىشقاچ دىۋانىلەرنىڭ قىشلاققا قاچان كەلگەنلىكىنى سورىغىنىمدا ئۇ مۇنداق دېدى:

— چوڭ دادامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، قىشلاق دېگەن يەر شورلۇق، تىكەنلىك، ياۋا جىگدىلىك ئىكەن. بۇ يەرنى ھازىرقىدەك ئاۋات قىلىش ئۈچۈن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن تارتقان جەبرى ـ جاپالىرىنى ئويلىسام، بۇنى سورىغان كىشىگە گەپ قىلغۇمۇ كەلمەيدۇ، ئەمما سەن ئوقۇغان بالا ئىكەنسەن، ئۆيىمىزگە بىرىنچى قېتىم كېلىشىڭ، ساڭا بىر گەپنى دەپ بېرەي. قىشلاقتىكى دىۋانىلەرنىڭ كەلگىنىگە ئىككى كەم 150 يىل بولدى. باشقىنى بىلمەيمەن.

## دىۋانىلەر تارقالغان جايلار

دىۋانىلەر قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىگە تارقالغان. جۇمھۇرىـ

يەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا يەر، ئۆي، مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا يۈزلەندى. مەن تۆۋەندە 1947 ـ يىلدىن ئىلگىرى قەشقەر تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقانلىرىدىن بىلىدىغانلىرىمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ توقۇزاق يېزىسىدىكى ئوغۇساق، كۆكئېرىق، زەمىن دائىرىسىدە؛ بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ سوقابېشىدىكى ئاقمەسچىت، يوغانتېرەك دېگەن يەرلىرىدە؛ تاشمىلىقنىڭ كونابازار، سېرىقئاتا كەنتلىرىدە؛ قوغان يېزىسىدىكى ۋاپ (يېڭى مەھەللە)تا.

يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تازغۇن يېزىسىدىكى جانتۆمۈر (تاشئېرىق)دە؛ خانئېرىق يېزىسىدىكى پايناپتا.

يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ يەكەن يولىدىكى قوشگۈمبەزدە.

ئاقتۇ ـ يېڭىسار كونا يولىدىكى سايلىق كەنتىدە؛ ئاقتۇ كەنتىنىڭ غەربىدىكى قىشلاق دېگەن مەھەللىدە؛ ئايدۆڭ دېگەن بوز يەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى جاڭگال دۆڭلۈكتە؛ پاراچ ئۆستەڭدىن سۇ بۆلىدىغان توما بېشىدا.

يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى كونابازار (ئاچچىق)تا.

پايناپتىن كېلىپ ئاتلىق، ئېشەكلىك يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار ئۆزلىرىنى ئابداللارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ مەغرۇرلىنىدۇ. توما بېشىدىكىلەر ئۆزلىرىنى شاھگۇلىنىڭ ئەۋلادلىرى دېيىشىدۇ؛ ئاچچىقتىكىلىرى ئۆزلىرىنى قاراپاچاقلار دەپ ئاتايدۇ.

## تۇرمۇش ئادەتلىرى

بۇلار تىلەمچىلىكنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ساتىراشلىق ئومۇملاشقان، ئايرىملىرى خەتنە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. خانئېرىق پايناپتىكى دىۋانىلەر ئارىسىدا پال باقىدىغانلارمۇ بار. دىۋانىلەرنىڭ تىلەمچىلىك

خۇمارى تۇتقاندا ھېچنېمىگە قارىماي، بالا ـ چاقىسىنى ئېلىپ بېشى قايغان تەرەپكە كېتىۋېرىدۇ.

دىۋانىلەر تىلىگەن ناننى سېتىشنى يامان كۆرىدۇ. تىلەپ كەلگەن قوناقنى بىر ئۆيگە تۆكۈپ سېتىپ پۇلىنى بۆلۈشىدۇ.

ئاقئۇششاق ۋە ماش، پۇرچاقلار بىلەن ھەر خىل ئۇنلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇماچقا ئوخشاش بىرخىل تاماق ئېتىپ يەيدۇ. ناننى چامغۇر توغراپ قايناتقان سۇغا سېلىپ نانقايناق قىلىپ ئىچىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا زاراخەتمە (نورۇز)دا تىلىگەن پولۇنى تاغاردا ئېلىپ كېلىپ قۇرۇتۇپ ساقلاپ، ئۇدۇللۇق قايناقسۇ قۇيۇپ ئىچىدۇ.

ئەرلەر سالام قىلىشقاندا يانتۇ سالاملىشىدۇ؛ ئاياللىرىدا چۇمبەل تارتىدىغان ئادەت يوق. سەدىقە ئالغان ۋە دۇئا قىلغان چاغدىكى ھەرىكىتى ئىنتايىن سىپايە بولىدۇ. باشقا دىنىي ئادەتلىرى يەرلىك كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

## دىۋانىلەرنىڭ تىلى

مەن ئاقتۇدىكى تۇغقانلىرىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاچامنىڭ قېشىغا كېلىشتىن ئىلگىرى دىۋانىلەرنىڭ ئۆز تىلى بارلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدىم. ئاقتۇغا كېلىپ يېڭىدىن ئاشلىق ئېلىپ سېتىشقا كىرىشكەن ۋاقتىم ئىدى. بىر بازار كۈنى جوۋا (ئاشلىق بازىرى)دا قوناقنىڭ باھاسىنى سوراپ تۇرسام، ئاچامنىڭ يولدىشى ياسىن ئاكام قېشىمغا بىر كىشىنى باشلاپ كېلىپ، «ماۋۇ ئادەم بىزگە تونۇش، قوناققا پۇل ئالمەن دېسە بەرسىڭىز بولىدۇ» دەپ كېتىپ قالدى. بۇ بەش يىل ئىلگىرى خوجاپېقىر مازىرىدا سەلىم بوۋا كۇلا تەقدىم قىلغان ئىككى دىۋانىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسمى ھەسەن ئاشىق ئىكەن. مەن بەش چارەك قوناققا پۇل بەردىم. لېكىن ئىچىمدە، بۇ دىۋانىلەر يەر تېرىمىسا قوناقنى نەدىن تېپىپ بېرىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. كې-

يىنكى چارشەنبە كۈنى ئۆيدە ئىشلەيدىغان بالا مېنى ئايدۆڭ دېگەن بوزيەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى دىۋانە مەھەللىسىگە باشلاپ باردى. تاملىرى چىم بىلەن قوپۇرۇلغان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھېلىقى ئادەم چىقىپ بىزنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى ۋە بورا ئۈستىگە تۆكۈپ قويغان بەش چارەك قوناقنى تارتىپ بەردى. بۇنىڭغا ئارپا، تېرىق، بۇغداي، ئاق قوناق ئارىلاش ئىدى. بىز تاشقىرىغا مېڭىش ئالدىدا يان تەرەپتىكى ئىشىكتىن بىر قېرى دىۋانە چىقىپ:

— بۇق سۇرۇق (كەپتەر قونىقىچۇ؟)، — دەپ ئاچچىقلاپ كەتتى.

— سۇرۇق دەخ (قوناق بار)، — دەپ جاۋاب بەردى ھەسەن ئاكا.

مەن يولدا كېتىۋېتىپ يېنىمدىكى بالىدىن:

— باياتىن دىۋانىلەر مەن ئاڭلاپ باقمىغان بىر گەپنى قىلىدىغۇ؟ — دېسەم، ئۇ بالا:

— ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى بار، قېرىلىرى كۆپرەك بىلىدۇ، ئەمما يەرلىك كىشىلەر بار جايدا سۆزلىمەيدۇ، ياشلىرى ئانچە بىلمەيدۇ، — دېدى.

بۇ ئىش مەن 1944 - يىلى 4 - ئايدا ئاقتۇدىن ئايرىلغىچە دىۋانىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىپ ئۇلارنىڭ تىلى، تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ ئاز - تولا خاتىرە قالدۇرۇشۇمغا تۈرتكە بولغانىدى. ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن بىرنەچچە مىسال كەلتۈرەي:

يودۇ — يەرلىك كىشى

داغا — ياقا يۇرتلۇق يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزى

سۇرۇق — قوناق

گەندۇم — بۇغداي

سىيىت — گۈرۈچ

ھەس — نان

دوھوت — گۆش

سوۋۇ — پۇل

دەخ — بار
نەدەخ — يوق
سەپچى — قوغۇن
خاپخاپ — تاۋۇز
سەبزەسپىت — پولۇ

## نامەلۇم بىر چوكاننىڭ شكايىتى

پىچاندا يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. 1985 - يىلىنىڭ بىر ئارام كۈنى خىزمەت ئىشى بىلەن بىرنەچچە كىشى ئۆيگە كەلدى. ياز كۈنلىرى بولغاچقا، هويلىدا ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا قوغۇن - تاۋۇز يېگەچ پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. دەرۋازا قىيا ئوچۇق ئىدى. تۇيۇقسىزلا «ئەسسالام» دېگىنىچە بىر چوكان كىرىپ كەلدى ۋە:
— چاي بارمۇ؟— دېدى.
مەن ئۇنىڭغا ئايرىم شىرە قويۇپ نان - چاي قويۇپ بەردىم. بۇ چوكان «ئۆهۆ» دەپ بىرنى يۆتىلىۋىدى، ئاسماندىن چۈشكەندەك ئىككى ئوغۇل بالا پەيدا بولدى. بۇ بالىلار ئەسلى دەرۋازىنىڭ تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئانا - بالا ئۈچەيلەن ئىشتىها بىلەن يېگىلى تۇردى. بىز مېهمانلار پارىڭىمىزنى قىلىشىۋەردۇق. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار نانلارنى پاك - پاكىز يەپ بولدى. مەن يەنە مېهمانلاردىن ئېشىپ قالغان نان، قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈملەرنى ئەكىلىپ بەردىم. ئۇلار ئۇنىمۇ پاكىزلىۋەتتى ۋە چوڭقۇر رازىمەنلىك بىلەن «رەهمەت» دەپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەن ئىككى بالىسىغا بىر يۈەندىن پۇل بەردىم ۋە سەل گۇمانلىنىپ:
— توختا، — دېدىم ۋە: — سەن دىۋانىمۇ؟— دەپ سورىدىم.
— مەن دىۋانە ئەمەس، ئېرىم دىۋانە. كوپېراتسىيە ۋاقتىدا مېنى ئالماقچى بولغانىدى، مەن دىۋانىگە تەگمەيمەن دەپ تۇرۇۋالدىم، ئانامىمۇ قوشۇلمىدى. دادام: هازىر ئىشلىگەن چىشلەي-

دۇ، باي، دىۋانە دېگەن گەپ يوق، ئەترەتنىڭ كادىرى، ئوقۇغان بالا، ئۇنىڭغا تەگمەي كىمگە تېگىسەن؟ ــ دېدى. ئاخىرى بىز توي قىلدۇق. 1981 ـ يىلى يەرلەرنى ھۆددىگە بەرگەندە بىزگە ئالتە مو تۆت پۇڭ باغ، تۆت ئېغىز ئۆي، بىر ئات ھارۋىسى تەگدى. كۆ ـ نىمىز ياخشى ئۆتۈۋاتاتتى، ئىككى بالىلىق بولۇپ قالدۇق. بۇ يىل بۇغداي پىشقاندا، بىر كۈنى يولدىشىم: كېچە دادام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئەمگەك قىلىپ جاپا تارتىـ ـدىغان ئىشنى قىلمايمەن، ئاتا كەسپىمنى قىلىپ جان باقىمەن. مەن بىلەن بىللە ماڭىمەن دېسەڭ ماڭ، خالىمىساڭ قال، دېدى. دادام: بىر ئەر كىشى بولغاندىكىن سېنى باقالايدۇ، بىللە بار، دې ـ دى. بىز بۇ يەرگە كەلگىلى 15 كۈن بولدى. ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆزى تىلەمچىلىككە چىقماي باشقىلار بىلەن قارتا ئويناپ، ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ، مېنى ئىككى بالام بىلەن تىلەمچىلىك قىلىشقا زورلىدى. مەن تىلەمچىلىك قىلىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي بۇ ھويلىغا كىرىپ قالدىم. ئەمدى مەن دادامغا خەت يېزىپ، بۇ يەردىن مېنى ئېلىپ كېتىشىنى تە ـ لەپ قىلىمەن، ــ دەپ يىغلىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

## خاتىمە ئورنىدا

يۇقىرىقىلار ئاساسەن ئىلگىرىكى ئىشلار. ئازادلىقتىن كې ـ يىن، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە دىۋانىلەرمۇ يېڭى سى ـ ياسەتتىن بەھرىمەن بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن زىچ ئىت ـ تىپاقلىشىپ، ئىلىم ـ پەنگە يۈزلىنىپ قىلىپ، ھەرقايسى ساھە ـ لەردە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشماقتا. ئەمما ئاز ساندىكى كىشىلەر يەر ـ زېمىنىنى تاشلاپ، يەنىلا تىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇنداق كىشى ـ لەرنىڭ ئۆز جايىغا قايتىپ، ھالال ئەجرى بىلەن تۇرمۇش كەچۈ ـ رۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# تازغۇنغا ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىش ۋەقەسى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىم

## ئوسمان مۇھەممىدى قاراقۇتلۇق

تۆڭگان يېغىلىقى يىللىرىدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تازغۇن يېزىسىدىكى يالغۇز ئۈجمە جاڭگىلى دەپ ئاتىلىدىغان جاڭگالغا بىر ئايروپىلان چۈشۈپ كەتكەن. بۇ ۋەقە تازغۇن خەلقىگە خېلى تونۇشلۇق بولۇپ، كونىلار: «مەن شۇ يىلى قۇچاقتا ئىكەنمەن»، «مەن شۇ يىلى توققۇز ياشتا ئىدىم» دېيىشىپ، تۇغۇلغان ۋاقىتلىرىنى شۇ ئارقىلىق ھېسابلىشىدۇ.

ئايروپىلان چۈشۈپ كەتكەن ۋاقىتنى خەلق ئارىسىدىكى تارىخچىلارنىڭ بەزىلىرى 1934 ـ يىلى، يەنە بەزىلىرى 1937 ـ يىلى دەپ قارايدۇ.

قەشقەردە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىككى قېتىم تۇڭگان يىغىلىقى بولغان. 1 ـ قېتىملىقى 1934 ـ يىلى ما جۇڭيىڭ 2 ـ قېتىم قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە كەلگەن ۋاقىت، 2 ـ قېتىملىقى 1937 ـ يىلى مەھمۇت مۇھىتى چەتئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال بىلەن ما خۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى يېغىلىق.

بۇ توغرىسىدا ماتېرىياللاردا مۇنداق دېيىلگەن:

«1937 ـ يىل 4 ـ ئايدا مەھمۇت مۇھىتى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ... مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزلاردىن تەشكىل قىلغان ئۈچ پولكنى، ماتورلاشقان رۇس پولكىنى ئاتۇش چېگرىسى ئارقى-

لىق مارالبېشىغا كىرگۈزۈپ، شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى، ئۇلارغا 40 ئايروپىلان، 20 تانكا ماسلاشقاندى». [1]

«1937 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ماشىنىلاشقان قىسمىنىڭ بىر پولكىنى ئەۋەتتى، ئۇلار 40 ئايروپىلان، 20 تانكىنىڭ ماس ـ لىششى ئارقىسىدا تورغات ئېغىزىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كى ـ رىپ، ما خۇسەننىڭ 36 ـ شىسىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. 10 ـ ئايدا ما خۇسەن بىرمۇنچە ئالتۇننى ئېلىپ، ئاز ساندىكى يېقىن ـ لىرىنى باشلاپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى» [2].

«بىز يەكەندىن چىقىپ يېڭىسارنىڭ سېدە دېگەن يېرىگە كەلگەندە شېڭ شىسەي ئارمىيىسىنىڭ بىر ئايروپىلانىنى سوقۇ ـ ۋەتتۇق، ئايروپىلان يېڭىشەھەرنىڭ تازغۇن يېزىسىدىكى يالغۇز ئۈجمە دېگەن جاڭگالغا چۈشۈپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئايروپىلاننى كۆرۈش ئۈچۈن يىراق ـ يېقىندىن كېلىدىغان ئا ـ دەملەرنىڭ ھەپتىگىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي، قىزىق بازارغا ئايلانغا ـ نىكەن» [3].

دېمەك، تازغۇن يېزىسىغا ئايروپىلان چۈشۈپ كەتكەن ۋاقىت 1937 ـ يىل 9 ـ ئاي ئىدى. ئايروپىلان چۈشۈپ كەتكەن ۋەقەنى ئەسلەپ ئاتام مۇھەممەد سەيپۇللا (1921 ـــ 1985) مۇنداق سۆز ـ لەپ بەرگەنىدى:

«جاڭگالغا ئايروپىلان چۈشۈپ كەتكەندە مەن 15 ـــ 16 ياشلاردا بولۇپ تازغۇن مەدرىسىسىدە ئوقۇيتتىم، يېڭىساردا تۇڭ ـ گانلار دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ شېڭ دۇبەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئايروپىلانىنى ئاتقانىكەن، ئايروپىلان كەينى تەرىپىدىن تۈتۈن چىقىرىپ كېلىپ مۇشۇ جاڭگالغا چۈشۈپتۇ. شۇ كۈنى تەرەپ ـ تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەملەر كۆرگىلى كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتلىق، ئېشەكلىك كەلگەنلەرمۇ، پىيادە كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. قاراپ تۇرساق بىر چاغدا بىر ئورۇس ئەسكەر ئايروپىلاندىن پەس ـ كە چۈشۈپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ بىر نېمىلەرنى دېدى، كىشىلەر

ئۇنىڭ گېپىنى بىلمەي قاراپ تۇرۇۋەردى، ئاندىن بۇ ئەسكەر ئاچچىقلىنىپ قولىدىكى قورالىدىن ئاسمانغا قارىتىپ نەچچە پاي ئوق ئاتقانىدى، قاچ ـ قاچ بولۇپ، ھەممە ئادەم كەلگەن تەرەپلىرىگە قېچىشتى. مەنمۇ شۇلار بىلەن بىللە قارلۇق تەرەپكە قېچىپ، قاشقۇرا ئۆستىڭىنىڭ بويىغا كەلگەندە توختاپ ئارقامغا قارىسام، ئۇ يەردە ھېلىقى ئايروپىلان بىلەن بىر ـ ئىككى ئورۇستىن باشقا ھېچكىم قالماپتۇ. مەن بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۆستەڭنىڭ بويىدا بىردەم ئولتۇرۇپ دېمىمنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەتتىم».

بوۋام سەيپۇللا موللام (1869 ـــ 1964) ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، ياش ۋاقتىدا تازغۇن مەدرىسىسىدە ئوقۇغانىكەن، ئۇ ماڭا مۇنداق دەپ بەرگەنىدى:

«جاڭگالغا ئايروپىلان چۈشۈپ كەتكەندە بىز بېرىپ كۆرگەنىدۇق، ئۇنىڭ قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 غۇلاچ كەلگەن، ھۆكۈمەتتىن ئايروپىلاننىڭ تۆمۈر سايمانلىرىنى توشۇپ بولغۇچە كۈندە ئۇ يەردىن بىر ئادەم ئۇزۈلمىدى، كېيىن تازغۇن بازىرىدىكى تۆمۈرچىلەر قالدۇق تۆمۈرلەرنى ئېلىپ كېتىپ تاقا سوقۇپ ئىشلەتتى».

مومام ھېلىمىخان ئابدۇللا (1900 ـــ 1972)نىڭ بۇ ۋەقە توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكى ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ:

«جاڭگالغا ئايروپىلان چۈشۈپ كەتكەن كۈنى قاسساپ مەھەللىسىدىكى بىرسى بىر ئورۇسنى باشلاپ بىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەپتۇ، ئۇ:

ـــ موللام، بۇ ئورۇس يېڭىشەھەردىكى ھۆكۈمەتكە بارىدىكەن، ئات سوراپ كەپتۇ، ئاتتىن بىرنى بېرىپ تۇرسىلا، ـــ دېگەنىدى، چوڭ دادىڭىز ئاتخانىدىكى ئۆزى مىنىدىغان كۆك ئايغىرنى بەردى.

مەن بوۋىڭىزدىن ئورۇسنىڭ تىلىنى قانداق بىلگەنلىكىنى سورىسام، ئۇ:

— باشلاپ كەلگەن هامۇت ئاخۇن ئورۇسنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن، ئۇ بۇرۇن ئورۇسنىڭ شەھىرىگە بېرىپتىكەن، — دېدى».

تازغۇن يېزىسى كېرەملە كەنتىنىڭ شىمالىدا، قارلۇق كەنتىنىڭ جەنۇبىدا يالغۇز ئۈجمە دېگەن جاڭگال بار ئىدى، 1958 ـ يىلى بۇ يەر سۇ ئامبىرى قىلىنىپ قاتار سۆگەت سۇ ئامبىرى دەپ ئاتالدى. بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ بىر قېشى بىزنىڭ يۇرتىمىز قارلۇق بىلەن چېگرىلىنىدۇ، بۇ يۇرتنىڭ ئايىغىدا يەنە شەيدان دېگەن كىچىك بىر كەنت بار، بۇ ئىككى كەنت قوشۇلۇپ «شەيدان ـ قارلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1996 ـ يىلى، 40 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 145 ـ بەت.
② «شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، 71 ـ بەت.
③ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىل 4 ـ سانىغا بېسىلغان «مەھمۇت شىجاڭنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشى، ئابدۇنىياز كامالنىڭ ھەربىي يۇرۇشلىرى» ناملىق ماقالىدىن.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن
مەسئۇل كوررېكتور: ئابلىز ئابباس

ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا

**ئىككىنچى توم ئۈچىنچى كىتاب**

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى

---

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 010—64290862
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ خۇاجۇڭخۇا باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2014- يىل 1- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2014- يىل 1- ئايدا بېيجىڭدا 1- قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 16.5
باھاسى : 40.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-12717-7/K・2211 (维 105)

**图书在版编目(CIP)数据**

翻阅历史之页．下 ： 维吾尔文 / 努尔穆罕默德·多莱特选编．-- 北京 ： 民族出版社，2013.5

ISBN 978-7-105-12717-7

Ⅰ．①翻… Ⅱ．①努… Ⅲ．①新疆－地方史－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．①K294.5

**中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 077126 号**

**责任编辑：** 阿布力孜·鄂尔浑
**责任校对：** 阿布力孜·阿巴斯
**出版发行：** 民族出版社 http://www.mzcbs.com.
**社　　址：** 北京市和平里北街 14 号 **邮编：** 100013
**电　　话：** 010-64290862（维文室）
**印　　刷：** 北京画中画印刷有限公司
**版　　次：** 2014 年 1 月第 1 版 2014 年 1 月北京第 1 次印刷
**开　　本：** 850×1168 毫米 1/32
**印　　张：** 16.5
**定　　价：** 40.00 元

ISBN 978-7-105-12717-7/ K·2211（维 105）



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خېتىنى يازغۇچى: ساتتارجان ئەركىن روھلانى

ISBN 978-7-105-12717-7
9 787105 127177 >
定价：40.00 元